ئىلھام زاھىر (ئۆزبېكىستان)

# نەسىردىن ئەپەندى بۇخارادا



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئىلھام زاھىر (ئۆزبېكىستان)

# نەسىردىن ئەپەندى بۇخارادا

## — يۈز تىللا ماجىراسى

(ھەجۋىي تارىخىي رومان)



ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىلار: روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ قاشتاش
ئامىنە ئەخمەت قاشتاش

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

纳斯尔丁·阿凡提在布哈拉：维吾尔文 / 如则麦麦提·穆太力普等译 — 乌鲁木齐：新疆大学出版社，2015.7

ISBN 978-7-5631-2852-5

Ⅰ.①纳… Ⅱ.①如… Ⅲ.①维吾尔族 – 民间故事 – 中国 – 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I277.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第163343号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑：合力力·买买提
特约编辑：阿依谢姆古丽·阿卜力米提
责任校对：阿不都热依木·阿不里米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔

# 纳斯尔丁·阿凡提在布哈拉

（维吾尔文）

依里哈木·扎依尔【乌兹别克斯坦】著
如则麦麦提·穆太力普　译
阿米娜·艾合麦提　译

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路666号　邮编：830046）
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880毫米×1230毫米　1/32　12.25印张
2015年7月第1版　2015年9月第1次印刷

ISBN 978-7-5631-2852-5
定价：40.00元

# مۇندەرىجە


نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قايتىشى .................... 1
بىرىنچى باب  ناتونۇش يولۇچى ...................... 1
ئىككىنچى باب  تەنەباي ........................... 10
ئۈچىنچى باب  دەردنى سەۋر ـ تاقەت يېڭىدۇ ......... 16
تۆتىنچى باب  نائۇمىد شەيتان ..................... 25
بەشىنچى باب  مۆتتەھەم دەۋاگەر .................... 37
ئالتىنچى باب  پايدا ـ زىيانسىز بولماس ............. 50
يەتتىنچى باب  قەرزنى بەرگەن يېڭەر، يولنى يۈرگەن ...... 61
سەككىزىنچى باب  بەگنىڭ ئىنئامى .................. 73
توققۇزىنچى باب  ئېغىر ۋە خەيرلىك كۈن ............. 82
ئونىنچى باب  چايخانىدا ........................... 91
ئون بىرىنچى باب  بۆدۈنە سودىسى ................... 97
ئون ئىككىنچى باب  غەلۋە ـ غوۋغا ................. 107
ئون ئۈچىنچى باب  قارا شاھزادىنىڭ يېڭىلىشى ......... 118
ئون تۆتىنچى باب  ئۆچكىنىڭ خۇنى .................. 126
ئون بەشىنچى باب  ۋەلى مىرشاب ۋە دەلى مىرشاب ...... 134
ئون ئالتىنچى باب  ھەممە يېغىنغا تۆلىگەنمەن .......... 146
ئون يەتتىنچى باب  يالغانچى بۆدۈنە .................. 155
ئون سەككىزىنچى باب  نەسىردىن ئەپەندى پاش بولدى ... 162
ئون توققۇزىنچى باب  تالاق ماجىراسى ................ 172
يىگىرمىنچى باب  پەرپى چەپەنى .................... 188
يىگىرمە بىرىنچى باب  پىتنىنىڭ بېشى ............... 205
يىگىرمە ئىككىنچى باب  چىقىمى كەم مال ............. 220
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  مەجلىس ..................... 233

يىگىرمە تۆتىنچى باب  سوئال ئاسماندىن، جاۋاب تۇگمەندىن...248
يىگىرمە بەشىنچى باب  ئۆتمۈشتىن ھېكايەت ياكى
نەسىردىن ئەپەندى مەسىسىنى سالغاندا ................. 258
يىگىرمە ئالتىنچى باب  ھىيلەئى شەرئىي ........... 276
يىگىرمە يەتتىنچى باب  شۇمۇ ئېغىرلىق بولدىمۇ؟ ...... 294
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  توغرا ھېساب ............ 305
يىگىرمە توققۇزىنچى باب  تۇندىكى شەپىلەر ........... 315
ئوتتۇزىنچى باب  ئاچچىقنى ئاچچىق كېسىدۇ ......... 329
ئوتتۇز بىرىنچى باب  ئوڭىدا كۆرگەن چۈش .......... 340
ئوتتۇز ئىككىنچى باب  توزاق ...................... 356
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب  توي ........................ 371
خاتىمە .......................................... 385

# نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قايتىشى

نەسىردىن ئەپەندىنى كۆپلىگەن تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇخارالىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇ شەھىرىي شەرىپتە نەسىردىن ئەپەندىگە ھەيكەلمۇ ئورنىتىلغان، تېخى ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرگىنى يوق.

ئىقتىدارلىق ھەجۋىيچى يازغۇچى ئىلھام زاھىرنىڭ قولىڭىزدىكى رومانى ئەنە شۇ نەسىردىن ئەپەندىگە بېغىشلانغان. روماندا تەسۋىرلىنىشىچە، نەسىردىن ئەپەندى ئەسلىي بۇخارالىق بولۇپ، تۈركىيەنىڭ بۇرسا دېگەن يېرىدە ياشايدۇ. كېيىنچە، يۇرتىغا زىيارەتكە كېلىدۇ. جىمىكى قىزىقارلىق ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئۇنىڭ ئەنە شۇ سەپىرىدىن باشلىنىدۇ.

بىزدە ھەجۋىي رومان بار، تارىخىي رومانغۇ كۆپ يېزىلىدۇ، بىراق ئىلھام زاھىرنىڭ بۇ ئەسىرى ھەجۋىي تارىخىي رومان بولۇپ، ۋەقەلەر ئىككى ئەسىرلەر ئىلگىرىكى بۇخارادا يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پېرسوناژلار تىلىدىمۇ، بەزىدە مۇئەللىپ باياتلىرىدىمۇ ئاشۇ دەۋر روھى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا ئەپەندى دانىشمەنلىك، سۆزمەنلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادالەتپەرۋەرلىك، كۈرەشچانلىقنىڭ تىمسالىدۇر. ئاغزاكى ئەدەبىياتىمىزدىكى لەتىپىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىلھام زاھىرمۇ شۇ يۈزلىنىشنى مەھكەم تۇتقان. ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەردە ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ سىيزىلەرلىك ۋە سەمەرىلىك تەسىرلىرى بار، ھەتتا قىسمەنلىرى ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر

قاتلىمىغا قەدەر سىڭىپ كەتكەن. بىراق روماندىكى باش قەھرىمان خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ئەپەندىنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇ تامامەن مۇئەللىپ ياراتقان يېڭى تىمسال.

ئەپەندى ھەققىدە سۈرەتكە ئېلىنغان فىلىملەر خېلى بار. بۇ رومان نەشر قىلىنىشى بىلەن كومېدىيەلىك كىنو ئىشلەشنى ئويلاپ يۈرگەن ئىستېداتلىق رېژىسسورلاردىن بىرىنىڭ قولىغا چۈشسە ئەجەب ئەمەس.

ـــ سۇلتانمۇرات ئالىم

# بىرىنچى باب

## ناتونۇش يولۇچى

ناتونۇش يولۇچى بوز ئېشىكىنى يورغىلاتقىنىچە بۇخارا شەھىرى تەرەپكە كېتىپ باراتتى...

رايى كالان بىلەن مىر ئەرەب مەدرىسەسىنىڭ گۈمبىزىدىن ئاخىرقى نۇرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان قۇياش قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن، ئالەم گويا سىرلىق چۈچەك سۆزلەۋاتقاندەك جىمجىتلىققا پاتقانىدى. يول چېتىدىكى ناھايىتى گۈزەل مەجنۇنتاللارنىڭ يوپۇرماقلىرى زىلال سۇدا چايقىلىپ تۇراتتى. ئۇپۇقتا شەپەق نۇرىغا يۇغۇرۇلغان كۈمۈش رەڭ بۇلۇتلار ئاجايىپ بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن ئالەمگە كۈلكە ھەدىيە قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

ئاسماندا بىر توپ قۇشلار سايراشقانچە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قۇشلارغا قاراپ قويدى ـ دە، ئۆزى ياقتۇرىدىغان قەدىمىي ناخشىنى غىڭشىغىنىچە يولىنى داۋام قىلىۋەردى...

كائىناتنى ئالتۇن رەڭگە بويىغان قۇياش ياستۇقىغا باش قويۇۋاتقان چاغدا، شەھەر قازىسى نامازخان تۆرەنىڭ مۇلازىمى ناتونۇش يولۇچىغا يېتىشىۋالدى ۋە تورۇق قاشقىسىنىڭ تىزگىنىنى بىرئاز تارتىۋىدى، ئات قاتتىق بىر پۇشقۇرۇپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى. خىيالغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان ناتونۇش يولۇچى ئاتنىڭ پۇشقۇرۇشىدىن چۆچۈپ خىياللىرى تېرىق دانىسىدەك چېچىلىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئازراق ئېچىپ، كۆكسىگە بىر ـ ئىككىنى تۈكۈردى ـ دە، ئاتلىققا نارازىلىق بىلەن قارىدى:

— ھەي ـ ھەي، تەرىتىم بۇزۇلغىلى تاس قالدى، — دېدى ئېشىكنىڭ باشبېغىنى تارتىپ، — يۆتىلىپمۇ قويماپسىز ـ يا!
— يول بولسۇن! — ئاتلىق خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ، قامچىلىق قولىنى كۆكسىگە قويدى ۋە بېشىنى ئېگىپ سالام بەردى، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، موللا بولۇڭ، يىگىت! — دېدى يولۇ-چى يىگىتنىڭ سالىمىدىن كېيىن چېھرى ئېچىلىپ.
خۇش چىراي، چېھرى ئىسسىق يولۇچى كۈلۈمسىرىگىنىدە ئىككى كۆزىنىڭ ئەتراپى قىسىلىپ، لەۋلىرى بىلەن كۆزىمۇ بىرگە كۈلگەندەك بولاتتى، ئىككى مەڭزىدە پەيدا بولغان زىنىقى ئۇنى تېخىمۇ خۇشال كۆرسىتەتتى. مىس رەڭ ئۆچكە ساقىلى يۈز تۈزۈ-لۈشىگە ناھايىتى ماسلاشقان، دوپپىسىنىڭ ئۈستىگە ئورىۋالغان شايى سەللىسى شۇنچىلىك ياراشقان ئىدىكى، ھەر قانداق ھەمراھنى تېزلا ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك خىسلەتلەرنى بىر تەبەسسۇمغا جەملەپ قارىشى ئاتلىقنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.
— ئۆزرە، تاغا! باشبېغىنى بۇرۇنراق تارتقانىدىم، لېكىن جاھىللىق قىلدى بۇ جانىۋار، — دېدى ئاتلىق ئاستىدىكى ئېتىغا كايىغان بولۇپ، — يەنە بىر قېتىم ئۆزرە سورايمەن، تاغا!
يىگىتنىڭ ئەستايىدىل سوراۋاتقان ئۆزرىسىدىن زوقلانغان يولۇچى ياش ھەمراھىنىڭ كۆڭلىدىكى خىجالەتچىلىكنى يوقاتماقچى بولدى:
— موللا يىگىت، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىشقا خىجىل بولۇش ھاجەت ئەمەس. مەن ئىككى قات ئايالىمدىم، بىراق چۈشۈپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەيدىغان، — دېدى كۈلۈمسى-رىگەن ھالدا.
بۇ ھالەتتىن يىگىتنىڭ قەلبى قوۋۋاندى.
— ئېشىكىڭىزنىڭ يورغىسىغا قارىغاندا، ئىنتايىن يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىسىز، قەيەردىن سورايمىز، تاغا؟

— مەن ئېيتماي، سىز ئاڭلىماڭ، يىگىت. ئىنتايىن يىراقتىن كېلىۋاتىمەن. يولغا چىققان مەنزىلىم بۇ يەردىن كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى يولۇچى ۋە ئاتلىقنىڭ ئىسمىنى سورىدى، — ئىسمىڭىز نېمە؟

— زامانئەلى، — دېدى ئاتلىق ناتونۇش ھەمراھىنىڭ ئىسمىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ، — كۆرۈنمەيدىغان مەنزىلىنىڭ، ھېچبولمىسا نامى باردۇر؟

يولۇچى مىيىقىدا كۈلۈپ، يىگىتنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ تىكىلدى.

— تۈركىيەنىڭ بۇرساسىدىن كېلىۋاتىمەن. ئەسلىمىز بولسا بۇخارائى شەرىپتىن. سەپەر دەر ۋەتەن!

— ۋەتەن سېغىنچى باشلاپ كەلدى، دەڭ، تاغا؟ ئۇنداقتا شەھرى شەرىپتە قوۋم ـ قېرىنداشلار بارمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللاھ، مەرھۇمە ئاچامنىڭ يالغۇز ئوغلى پەيزاۋات خانىقاسى يېنىدىكى ساندۇقسازان مەھەللىسىدە تۇرىدۇ. ساندۇق-چىلىق ھۈنىرى بار. شۇنىڭگە بارامىز، ئىنشائاللاھ... ئۆزلىرى كىم بولىدىلا، موللا يىگىت؟ ناماز شامدا شەھەرگە مېڭىپ قاپتىد-لىغۇ؟

زامانئەلى قىزغۇچ شەپەققە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— ۋەردانزەدىن كېلىۋاتىمەن، تاغا، — دېدى ئۇ ھەمراھىغا سەل ئېگىلىپ، — پەدەر بىلەن ئانام ئاشۇ يەردە، ئۆزۈم شەھەر ئىچىدە ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرۇپ، شەھەر قازىسىغا مۇلازىملىق قىلىۋەن. پەدەر بېتاپ، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ قايتقاندىم...

— زامانئەلى ئەنسىزلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان-دەك قوشۇپ قويدى، — قۇياشمۇ يۈزىنى يوشۇردى. بۇخارا دەرۋازى-لىرىمۇ تاقىلىپ بولدى. ئەمدى تاشقىرىدا قالىدىغان بولدۇق، ھەمشەھەر.

يىگىتنىڭ «ھەمشەھەر» دەپ ئۆزىگە يېقىن تۇتۇشى، ئۇنىڭ دىيانەتلىكلىكى، مۇلايىملىقى، خۇش مۇئامىلىلىكى ناتونۇش يولۇ-

چىننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى.

— تاشقىرىدا قېلىشتىن قورقامسىز، ئىنىم؟ — دېدى ئۇمۇ يىگىتنى ئۆزىگە يېقىن بىلىپ.

— تاشقىرىدا قېلىشتىن قورقماسمەن، تاغا، ئەكسىچە، سىزدەك ئەزىز مېھماننىڭ يەنە بىر كېچە يۇرت ئۇتمدا كۆيۈشىدىن خىجالەتمەن!

— بىر كېچە مىڭ كېچە ئەمەستۇر، — دېدى يولۇچى يىگىتنى خىجىللىقتىن خالاس قىلىپ، — نەچچە يىللار ھىجراندا ياشىغان بۇ كۆڭۈلگە يەنە بىر كېچە ھېچ گەپ ئەمەس! بىرەر قىشلاقتا قونارمىز. مەسچىت باردۇر، چايخانا باردۇر. ئەگەر بۇلار بولمىسا، مېھماندوست، ساۋابخۇمار، كۆڭلى كەڭ مۇسۇلمان باردۇر. قوناق بولۇپ، تۈننى تاڭغا ئۇلارمىز، سۆھبىتى جانان قۇرۇپ، يەنە بۇرادەر بولارمىز. سىزدەك ھەمراھىي نەۋقىرانىنى تەقدىرنىڭ ئۆزى ماڭا ئۇچراشتۇردى، بۇمۇ مەندەك مۇساپىرغا تەقدىرنىڭ مۇبارەك ئىنايىتىدۇر!

قۇياش جامالىنى پەردە ئارقىسىغا ئېلىپ، تۈت ئەتراپقا زۇلمەت لەشكەرلىرى قارا چېدىرلىرىنى يايغان بولسىمۇ، ئادەمزات كۆزى تېخى ئاق يىپ بىلەن قارا يىپنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك ھالەتتە ئىدى. زامانئەلى قامچىنىڭ ئۇچى بىلەن ئالدى تەرەپتىكى لىپىلداپ كۆرۈنگەن چىراغلارنى كۆرسىتىپ:

— ئالدىمىزدىكى تەنەبايىنىڭ قىشلىقى، بۇ قىشلاقنى «كۆزدىچى» دەيدۇ، — دېدى ۋە «ئېھتىمال، مېھمان بۇ قىشلاقنى بىلسە كېرەك» دېگەن ئوي بىلەن، — كەمىنىنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز، ئۆز يۇرتىڭىزنى ئۆزىڭىزگە تونۇشتۇرماقتىمەن. بۇ قىشلاقنى ئۆزىڭىزمۇ مەندىن ئوبدان بىلىسىز بەلكى!

يولۇچى يالت قىلىپ ھەمراھىغا قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئىپادىنى ئىلغىيالمىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئىككىلەنگەن ھالدا دېدى:

— پەممىچە، «كۆزىچى» دېگىنىڭىز «جويى مۇلىيان» ئەمەسمىكىن؟

— جويى مۇلىيان؟ — ئەجەبلەندى يىگىت، — بۇخارادا شۇ نامدا ئېرىق باردۇر، لېكىن بۇنداق مەنزىل — ماكان يوقتۇر!

يولۇچى بېشىنى چايقىدى. ئۆزىنىڭ قايسى زاماندا ياشاۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىستىھزا بىلەن يېقىملىق جىلمىيىپ قويدى.

— ئۆزرە، ئىنىم. سىز جويى مۇلىياننى قانداق بىلەتتىڭىز؟ جەننەت مەقامىنى ئالغان بۇنداق مەنزىل — ماكان بۇخارادىن باشقا يۇرتتا يوق ئىدى. ئۇ ماكانىنىڭ ساراي - باغلىرى، گۈلزار - بوستانلىرى، دائىمىي ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلىرى جانىنىڭ راھىتى ئىدى. ئۇنىڭ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن گۈلزارلىرى ئارىسىدىكى ئېرىقلاردا سۇپسۈزۈك سۇلار مىڭ تەرەپكە قاراپ ئاقاتتى. شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان زىلال سۇلىرىنى تاماشا قىلغان كىشى بۇ سۇلارنىڭ قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي ھەيرەتتە ياقىسىنى تۇتۇشاتتى، — يولۇچى بىرئاز تۇرۇۋالدى، لېكىن ھەمراھىنىڭ جىم كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، گېپىنى داۋام قىلدى، — يەنە رېگىستاننىڭ دەرۋازىسىدىن تاكى دەشتكىچە بولغان يەرلەرگە نەقىشلىك تاشلار ياتقۇزۇلغان، رەتلىك، ئېگىز ئۆيلەر، تۇرلۇك سۇرەتلەر بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانىلار، چىرايلىق قەسىرلەر ۋە سۇيى كۆپكۆك كۆللەر كۆڭۈللەرنى راھەتلەندۇرەتتى. قارىياغاچلار شۇنداق چىرايلىق يېتىشتۇرۈلگەن ئىدىكى، كۆل لېۋىدىكى ئولتۇرىدىغان جايغا مەغرىب تەرىپىدىنمۇ، مەشرىق تەرىپىدىنمۇ زەررىچە ئاپتاپ چۈشمەيتتى. بۇ چاھارباغلاردا نەشپۈت، بادام، ياڭاق، گىلاس، چىلان، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر ناھايىتى ياخشى ۋە گۈزەل تەرزدە يېتىشتۈرۈلگەنىدى...

يىپقا تىزىلغان مارجاندەك دېيىلىۋاتقان بۇ ماختاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەقلى لال بولۇپ قالغان زامانئەلى بىردىن ئۆزىگە كېلىپ سورىدى:

— تاغا، سىز قايسى بۇخارا ھەققىدە سۆزلەۋاتىسىز؟
— بۇ ھاياتلىق ماكانىدا نەچچە بۇخارا بار؟
— بۇخارا دېگەن شەرىپ شەھەر يەر يۈزىدە يېگانىدۇر، تاغا!
— مەنمۇ ئاشۇ يېگانە بۇخارا ھەققىدە سۆزلەۋاتىمەن، ئىنىم. ئىمام، زاھىد، ۋائىز مۇھەممەد ئىبىن ئەلى نۇجابادىي رەھمەتلىك سەلمانى پارسىيدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭدا بۇخارا نامى «فاخىرە» بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟
— بىلمەيدىكەنمەن، تاغا، — دېدى زامانئەلى، — نېمىشقا «فاخىرە» دەپ ئاتالغان؟
— ئەرەبچىدە «فاخىرە»، پارسچىدا «بوخارە» دېيىلىدۇ، — يولۇچى ئاللىقانداق تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى، — مېنىڭ بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىنىمگە ناھايىتى ئۇزاق يىللار بولدى. ئەگەر جويى مۇلىيانىنى خەلق ئۇنتۇغان بولسا، ئۇنداقتا مېنىڭ بۇ شەھەردە ئادىششىم ئېنىق. سىز ماڭا كۆرسەت-مە بېرەرسىز، ئىنىم؟
— بۇخاراغا ئاخىرقى قېتىم قاچان كەلگەنىدىڭىز، تاغا؟
— چىڭگىزخان دېگەن بىر ئاپەت ئالەمنى تالاپ، باغۇبوس-تانلارنى خارابىگە ئايلاندۇرغان دەۋرلەردە بۇخارانى تەرك ئېتىپ، تۈركىيەگە كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا باغدادتا ياشىدىم، ئىراندا بولدۇم، ئەزەربەيجاننى كەزدىم. يىغىپ ئېيتقاندا، يەر يۈزىدە مەن بارمىغان شەھەر، مەن مېھمان بولمىغان ئائىلە قالمىدى. بۇ شەھەرگە ئاخىرقى قېتىم مانغىت دانىيالبىي ئاتىلىق بۇخارانى سوراپ تۇرغان، كالانخوجا تورپچى ۋابكەند بېگى بولغان دەۋرلەردە كەلگەنىدىم. رەھمەتلىك قولى ئوچۇق بەگلەردىن ئىدى.
ھەمراھىنىڭ گەپلىرىدىن ھەيرانلىقتا قالغان زامانئەلىنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنى خىزىرغا ياكى پوچىغا يولۇقتۇم، دەپ ھېس قىلىۋاتاتتى.

— ئوهوي! — دېدى زامانئەلى ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي، — سىز چىڭگىزخان باسقۇنى دەۋرىدىكى بۇخارانى كۆرگەن بولسىڭىز، ھازىر يېشىڭىز نەچچىدە، تاغا؟

— مېنىڭ يېشىم ئىنسانىيەتنىڭ يېشى بىلەن باراۋەردۇر، — دېدى يولۇچى ۋە قانداقتۇر سىرنى ئاشكارا قىلىپ قويغاندەك دەررۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاققا ئايلاندۇردى، — چاقچاق. مەن كوزىچى قىشلىقى ھەققىدە بۇرۇنلا ئاڭلىغانمەن، كېيىن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغان بولسام كېرەك. بەلكىم، ھاۋاساي ناھايىتى ياخشى بولسا كېرەك، يېقىنلاشقانسېرى كۆڭۈللەر ئارام تېپىپ، روھىمىز يېنىكلەۋاتىدۇ.

يولۇچىنىڭ راست سۆزىنى «چاقچاق» دەپ قويۇشى زامانئەلىنىڭ ئەجەبلىنىشىنى بىردىنلا غايىب قىلىۋەتتى. ئۇ كوزىچى قىشلىقىغا قاراپ:

— ئىقلىمى مۆتىدىل بۇ قىشلاق ساپ ھاۋالىقى بىلەن بۇخاراغا مەشھۇر. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە تاشقىرىغا گۆش ئېلىپ قويسىڭىز، ئۇ جۈمەدىن بۇ جۈمەگىچە پۇرىمايدۇ. ئەمىرىمىز شاھمۇرادمۇ شۇ مەنزىلدىن بىر باغ ھويلا بەرپا قىلىش نىيىتىدىدۇر. شاھمۇراد ئىبن دانىيالبىي تەقۋادار، رەئىيەتپەرۋەر، ئادالەتلىك ئەمىرلەردىن بولۇپ، زاھىدانە ھاياتنى ئىختىيار قىلغان، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا بىنائەن ئىش كۆرىدۇ، رەئىيەتكە بىھۇدە زۇلۇم قىلغان مەنسەپدارلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ قالسا، ئۇلارنى جازالايدۇ، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ ياكى بۇخارادىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. دائىم ئاۋام - پۇقرانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. ھەتتا پەدەرلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئەرزىيەت چەككەن ئاۋامدىن كەچۈرۈم سوراپ، يىغلاپ تۇرغانلىرىنىمۇ ئاڭلىغانمىز. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەمىرىمىزنىڭ نىيەتلىرى ئۇلۇغ!

— نىيەتلىرىگە يەتسۇن! — دېدى يولۇچى ئەمىرنى غايىبانە قۇتلۇقلاپ، — بۇنداق ئادالەتپەرۋەر ئەمىرنىڭ تەزىرى چۈشكەن

ساپ ھاۋالىق قىشلاقتا چايخانا باردۇ؟ قورساقنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاش ۋاقتىمۇ كەلدى. ئەمدى ئاش ـ تاماق تېپىپ، ئۇنىڭ ئەرز ـ دادىنى قاندۇرايلى، قانداق دەيسىز؟ قورساق توق بولسا، ئادەم ئۆزىنى خاتىرجەم سېزىدۇ. يول ئازابىمۇ چىقىدۇ.

زامانئەلى ھەمراھىنىڭ گېپىنى دەرھال ئىلىك ئالدى:

ـــ بۇخارا قىشلاقلىرى چايخانىسىز بولماس، تاغا. بۇ يەرنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولغاچقا، قويۇق ـ سۇيۇق بىلەن تەشنالىقنى قاندۇرۇپ، ئۆزىگە دەم بەرمىسە، تېنىدىكى ياغلار ئېرىپ كېتىدۇ. شۇنداق پەيتتە چايخانا ھۇزۇرى جانغا ئارام ئەمەسمۇ؟ يۇرەكلەر دەردكە تولغاندا، قەيەرگە بارسىز، چوقۇم چايخانىغا! يارۇ ـ دوستلارنى سېغىنسىڭىز قەيەرگە بارسىز؟ يەنە شۇ چايخانىغا.

ـــ ئادەم ئادەمنىڭ تەپتىنى ئالىدۇ، دېگەنىكەن ماشايىخلار. كوزىچىدا بىر قەدىردان بۇرادىرىم بار. ئېتى مۇستاپا، ئۆزى دېھقان. ھەر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتكىنىمدە بىر كاسا ئابى كەۋسەرىنى ئىچمۇرمىسە ئۇنىمايدۇ. ئەھۋالى نورمال بولسىمۇ، باغرى كەڭ، قولى ئوچۇق ئىنسان. ھەممىگە ياخشىلىق تىلەيدۇ. ئاتىسىدىن قالغان ئازراق يېرىدىن ئالغان دارامىتى بىلەن ئائىلىسىنى قامدايدۇ. قىشلاق بېگى تەنەباي سۇدىن قىسمىغان يىللاردا يېرىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، كۆكرىكىگە شامال تېگىدۇ.

يولۇچى ئۇنىڭغا قارىدى:

ـــ تەنەباي دېگىنىڭىز كىم ئۆزى؟ نېمىشقا خۇدانىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدۇ؟ دېھقانغا ھوسۇلنى خۇدا بېرىدۇ، تەنەباينىڭ بۇنىڭغا نېمە توسالغۇسى بار؟

ـــ ئۇ ئۆزى توغرا بولسىمۇ، سايىسى ئەگرى بابلاردىن. قىشلاقنىڭ سۇيى شۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. سۇ بولمىسا، ھوسۇل قەيەردىن بولسۇن! ئۆتكەن قېتىم قونغىنىمدا مۇستاپا تاغا ماڭا دەردىنى تۆكۈپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى بايغا بېرىشكە تېگىشلىك بىر قىسىم قەرزلىرى يىغىلىپ قالغا ـ

نكەن. مۇرتەد باي: «بىر ئاي ئىچىدە قەرزنى قايتۇرىسەن، بولمىسا قىزىڭنى خوتۇنلۇققا ماڭا بېرىسەن» دەپ تەلەپ قويۇپتۇ. مۇستاپا تاغىنىڭ يەككە ـ يېگانە بىرلا قىزى بار، يېقىندا ئون يەتتە ياشقا قەدەم باستى. بۇرادىرىمگە ياردەم قىلاي دېسەم، مېنىڭمۇ قولۇم قىسقا. ئەتىدىن كەچكىچە قازىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئېيىغا ئازراق ئىش ھەققى ئالىمەن. بېشىمنى ياپسام ئايىغىم، ئايىغىمنى ياپسام بېشىم چىقىپ قالىدۇ؛ ئاران قورساقنى ئالدايمەن، خالاس، تاغا. مۇستاپا تاغىغا رەھىم كېلىدۇ، لېكىن رەھىم بىلەن بىراۋنىڭ ئېغىرىنى يەڭگىللەتكىلى بولامتىمۇ؟

— بۇ ئالەمدە دەردىم يوق، دەيدىغان كىشىنى كۆرمىدىم، — دېدى يولۇچى ھەمراھىنىڭ گېپىدىن خۇلاسە چىقارغاندەك، ھەتتا ئۆرتەنگەن ھالدا ئىككى قولى بىلەن ئېشىكنىڭ ئىككى بېقىنىغا غەزەپ بىلەن نوقۇپ قويىدى، — بەزىدە ئوچۇق كۆز بىلەنمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن، ئىنىم. ئەقلىڭىز كالتە بولسىمۇ، قولىڭىز ئۇزۇن بولسۇن... ھازىرقى مېڭىشىمىزدا ئاشۇ بۇرادىرىڭىزنىڭكىگە بارىمىزمۇ؟

— ياق، چايخانىغا...

# ئىككىنچى باب

## تەنەباي

تەنەباينى تەنەباي قىلغىنى چولڭ ئۆستەڭدىن ئايرىلىپ كوزىچى قىشلىقىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئاقىدىغان شەمشاد ئېرىقىنىڭ سۈيىدۇر. يەتتە پۇشتى مىراب بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئائىلىنىڭ ھەممە دۆلىتى ئاخىرىدا مۇشۇ بايغا نېسىپ بولدى. ئېرىقتىكى سۇ يەتمىگەندەك قىشلاق تەۋەسىدىكى مۇنبەت يەرلەرنىڭ تەڭ يېرىمىمۇ تەنەباينىڭ ئىگىدارچىلىقىدا. ئۇ باش باھاردا شۇ يەرلىرىنى ئىشلەمچىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ ـ دە، ئۆزى مەستەك قورسىقىنى سىلىپ، قىشلاق بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا پەيزى قىلىپ يۈرىدۇ.

تەنەباي ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق سېرىققا مايىل ئادەم بولۇپ، سىمىز بوينى، قاپقارا بومبا ساقىلى يۈزىنى تېخىمۇ دومىلاق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان بۇ باي ئاتقا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان. پۇلى كۆپەيسە ئات ياكى ياش خوتۇن ئالىدۇ. خوتۇنى تۆتتىن ئاشسا، بىرىنى چوقۇم تالاق قىلىدۇ.

ئۇ يېقىندا قارىكۆلنىڭ پەيشەنبە بازىرىغا بېرىپ، ئات بەيگىسىدە تۈركمەن تونۇشىدىن تالىشىپ يۈرۈپ نەق يۈز تىللاغا يالىلىرى يالتىراپ تۇرغان قارا ئايغىر سېتىۋالدى. ئاتنى بىر ـ ئىككى قېتىم مىنىپ بېرىپ، شەھەردىكى دوستلىرىغا ماختىنىپمۇ كەلدى.

— بۇ قېتىم ئات ئېلىپسىز ـ دە، تەنەباي، — دەپ كۈلگەن دوستلىرىغا:

— شۇنداق بولدى، ئەمدىكى نۆۋەت خوتۇنغا، — دەپ بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى، — كېلىنىمۇ تەييار، كۆزىمىزنى سېلىپ قويغانمىز.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ، بۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ. ئۆزىمۇ قايماقتەك يېتىلىۋاتىدۇ.

— ئىشىڭىز يەڭ ئىچىدە پۈتىدىكەن ـ دە؟

— ئەخمەقلىق قىلىۋاتقاندىمۇ ئەقىلنى ئىشلىتىش كېرەك! بىزنى بىلىسىزغۇ، يولنى يېقىن قىلىپ يۈرىمىز.

تەنەباينىڭ دوستلىرىغا ئېغىزىنىڭ سۆيىنى ئاققۇزۇپ ماختىنىپ يۈرگىنى قوشنىسى مۇستاپا دېھقاننىڭ قىزى — زۇلپىزەر. باي مۇستاپانىڭ دېھقانلىقى، كەمبەغەللىكىدىن نومۇس قىلمايدۇ، ئۇ كېلىنىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولىدۇ.

مۇستاپانىڭ بايغا بېرىشكە تېگىشلىك ئازراق قەرزى بار. باي قوشنىسى مۇستاپانىڭ بۇ قەرزىنى مىڭ يىلدىمۇ ئائىلىسىدىن ئېشىنىپ تۆلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. قەرز بولسا يىلدىن ـ يىلغا تۇغۇپ بېرىۋېرىدۇ. چۈنكى يەرگە سۇ كېرەك، سۇسىز ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ. شۇلارنى ئويلاپ، مۇستاپاغا بىر ئايدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن شەرتىنى تەپ تارتماي ئېيتتى. تەپ تارتماي ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى، مۇستاپا ئېيتقان شەرتىمگە قوشۇلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

— مۇستاپا، — دېدى باي ئۆتكەن ھەپتىنىڭ بېشىدا قوغۇزلۇقتىن بېغىدىن قايتىۋېتىپ، قوشنىسىنى ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ، — ماقۇل كۆرسەڭ، ساڭا بىر مەسلىھەتلىك ئىشىم بار.

بىراۋدىن مەسلىھەت سورىمايدىغان بۇ كىشىنىڭ تۇيۇقسىز مەسلىھەت سورىشى، يەنە كېلىپ ئاددىي دېھقاندىن سورىغىنىغا مۇستاپانىڭ ھەيرىتى مىڭ ھەسسە ئاشتى، بىر ئاز ئاچچىقى كەلگەندەكمۇ بولدى. خالار ـ خالىماي يەلكىسىدىكى كەتمىنىنى يەرگە قويۇپ، «قۇلىقىم سىزدە» دېگەندەك بايغا قاراپ دېدى:

— ئاڭلايمەن، باي ئاتا!

باشقىلارنىڭ «باي ئاتا» دەپ مۇراجىئەت قىلىشى تەنەباينى ھەر دائىم سۆيۈندۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى شۇ قىشلاقنىڭ ئاتىسى دەپ

بىلىدۇ، ئۆزى بولسا قىشلاقنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنى بىردەك «سەن» لەپ گەپ قىلىدۇ.

ــ ئاكا، ــ دېدى باي مۇستاپا بىلەن ياش جەھەتتە تەڭتۇش بولسىمۇ، لېۋىنىڭ ئىككى چېتىنى بارمىقى بىلەن سىيرىپ تۇرۇپ، ــ قەرزىمۇ بېلىڭنى خېلى پۈكۈپ قويىدى ـ ھە؟

مۇستاپا بىردىن قەددىنى رۇسلاپ، تىك بولدى. گەپ قەرزدىن ئېچىلغىنى ئۈچۈن پەيلىرى بوشاشقان بولسىمۇ، پۈكۈلگەن قەددىنى رۇسلاپ:

ــ باي ئاتا، ئەگەر بۇ يىل ياخشى ھوسۇل ئالسام، ئەلھەمدۇلىللاھ، قەرزىڭىزنى ئۈزۈشكە باشلايمەن! ــ دېدى كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي، ــ قوشنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ يەنە بىر ـ ئىككى يىل قىستىماي تۇرسىڭىز، ھەممىمىز سىز ئۈچۈن دۇئا قىلاتتۇق.

ــ بۇ ھالىتىڭدە سەن يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ قەرزىڭنى ئۈزەلمەيسەن! ــ گەپنىڭ دەل ئۆزىگە كۆچتى باي ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ــ ئائىلەڭدە ئاشلىقىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ ياتقان بولسىغۇ كاشكى، سېتىپ قەرزىڭنى تۆلىسەڭ! ھازىر قىزىڭمۇ بويىغا يېتىپ قالدى، ئەمدى ئەلچىلەر كېلىشكە باشلايدۇ. قىز ئۈزىتىش ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىغانسەن؟ مۇشۇ ھالىڭ بىلەن قىزىڭنى چىقىرامسەن ياكى مېنىڭ قەرزىمنى ئۈزەمسەن؟

ــ باي ئاتا، قىزىم تېخى كىچىك، توي ھەققىدە ئويلاشمىدى...

ــ ئون يەتتىگە كىرگەن قىز كىچىك بولامدۇ؟

ــ ئەمدى، باي ئاتا...

تەنباي يۈزىگە جىددىيلىك يۈگۈرتتى:

ــ تولا ئىنجىقلاپ گەپنى چاينىما، ئۇكا! ساڭا بېرىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار، كېلىشىم دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، كېلىشىمنى سېنىڭ پايداڭنى كۆزلەپ تۈزمەكچىمەن. بۇنىڭ بىلەن سەنمۇ قىز

چىقىرىش تەشۋىشىدىن ھەم ھەممە قەرزىگىدىن قۇتۇلىسەن...

راستىنى ئېيتقاندا، مۇستاپا كېلىشىم ـ پىلىشىم دېگەن گەپلەرنى چۈشەنمىدى. خۇددى گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماي قالغان كىشىدەك بىر كۆزىنى قىسىپ، ئاغزىنى يېرىم ئاچقانچە ھاڭۋېقىپ باينىڭ يۈزىگە قارىدى.

ـــ باي ئاتا، بىز قارىتورۇك ئادەممىز، ياپتا گەپلەرنىڭ مەنىسىنى ئاسانلىقچە بىلەلمەيمىز. ئەگەر مالال كەلمىسە، گەپنى ئوچۇقراق قىلىپ دېسىڭىز.

بايمۇ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتى:

ـــ گەپنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتىسەن ـ ھە! ـــ دېدى مۇغەمبىرانە ئاھاڭدا، ـــ مەن قىزىڭنى قەرزىڭ ئورنىغا ماڭا خوتۇنلۇققا بەر، دېمەكچى! ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

مۇستاپا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. خىيالىدا كەتمىنىنىڭ دەستىسىگە دېيىنىپ چۈش كۆرۈۋاتقاندا بېشىغا كۈن نۇرى چۈشۈپ، ئويغىنىپ كەتكەندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. باي قىزىنى خوتۇنلۇققا سوراۋېتىپتىمۇ؟

ـــ باي ئاتا، بۇ قانداق بولىدۇ؟ ـــ دېدى مۇستاپا ۋە بىرئاز ئىككىلەندى، ـــ قىزىم ئۇنارمىكىن؟

ـــ سەن دادىغۇ، قايىل قىلىسەن! ـــ ئەقىل ئۆگەتتى تەنباي، ـــ ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى ئادا قىلىشقا يارىمىغان پەرزەنت پەرزەنتمۇ؟

ـــ لېكىن، سىزنىڭ خوتۇنلىرىڭىز...

ـــ خوتۇنلىرىم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! كېرەك بولسا چوڭىنى تالاق قىلىمەن. قىزىڭ زەردار خوتۇن بولۇپ ياخشى كۈن كۆرسە يامانمۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ پېشانىسىگە بايغا قېيىنئاتا بولۇش يېزىلمىغان!

ـــ ئۇنداقتا، مەنمۇ ئانىسى بىلەن مەسلىھەت قىلاي، قېنى ئۇ نېمە دەيدۇ.

باي ئەمدى ئاچچىقلانمىدى. گەپ ئايلىنىپ خوتۇنغا بېرىپ

توختىدىمۇ، دېمەك، بۇ ئىش ئەمدى تېز پىشىدۇ، خوتۇن ئەرنىڭ گېپىنى يىرالامتى؟

— ياخشى، مەسلىھەتچىلار پىشقاندىن كېيىن ئاستاغىنا ماڭا شەپە بەر، ئەلچى ئەۋەتىمەن!...

كوچىدىكى گەپ ئۆيگە توغرا كەلمەي قالدى. مۇستاپانىڭ كۆڭلى قاپقاراڭغۇ ئۆيدەك بوش ئىدى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بىر ئاز جىددىيلەشتى، كېيىن ھەممىنى تۆكتى. خوتۇنى ئۇلىبىبى بولسا ئېرىگە «ئاغزىڭىزدىن چىققان گەپ ياقىڭىزغا ئېسىلسۇن! ئاشۇ تاپقان كويۇئوغلىڭىزنى يەر يۇتسۇن! ئۆيلەنگىلى ئۆز تەڭتۇشى تېپىلماپتىمۇ ئۇنىڭغا؟» دەپ يىغىنى باشلىدى. ئۇيالماي شۇ گەپنى ئېيتقىنى ئۇچۇن بايىنى گۆردىن ئېلىپ، گۆرگە تىقتى. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى يۇيغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، سۇنى ئۆزى قۇيىدىغان بولۇپ قارغىدى.

— يالغۇز قىزىمنى باينىڭ خوتۇنلىرىغا چۆرە بولسۇن، دەپ تۇغقان ئىكەنمەن ـ دە! تەنەببىيىڭىز ئۇخلىماي چۇش كۆرۈپتۇ! ئۇنىڭغا بېرىدىغان قىزىم يوق مېنىڭ!

مۇستاپانىڭ ئۆزىنىڭمۇ قىزىنى بايغا بەرگۈسى يوق ئىدى. ئەمما قەرز يۈكى ئېغىر كېلىپ، قەددى پۈكۈلۈپ «خوتۇنۇم بىلەن مەسلىھەت قىلىپ كۆرەي» دەپ بايىنى ئۈمىدۋار قىلىپ قويغانىدى. ئاشۇ گەپنى ئېيتمىسا بوپتىكەن ئەسلى.

— باي بىلەن باي قۇدا بولسا، ئوتتۇرىدا يورغا يۈرۈيدۇ، باي بىلەن كەمبەغەل قۇدا بولسا، ئوتتۇرىدا تورۋا يۈرىدۇ، بىلدىڭىزمۇ؟! — دېدى ئۇلىبىبى قارغاشتىن توختاپ، — ئادەمگە ئار كېرەك، نومۇس كېرەك!

مۇستاپا قەرز يۈكى ئېغىر قىلغان يەلكىسىنى قىستى.

— نېمە قىل دەيسەن، ئانىسى؟

— «ياق» دەڭ! زوراۋانلىق قىلساڭ، قازىغا ئەرز قىلىمەن. دەپ قورقۇتۇڭ! — ئۇلىبىبى كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ

قويدى، — بۇ گەپنى زۇلپىزەر ئاڭلاپ قالمىسۇن، بولمىسا ئىپسىد-لىپ ئۆلىۋالىدۇ! قايسى قىز خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن بولۇشنى خالايدۇ؟

— قىزنىڭ گەپنى قىلمىسەن - ھە، ئانىسى، — مەجبۇرىي ھىجايدى مۇستاپا، — باي ئادەمنى قازى بىلەن قورقۇتقىلى بولاتتىمۇ؟ بۇ خۇددى بالىنى «بۆ - بۆ كەلدى» دەپ قورقۇتقاندەك گەپتە. ئەگەر باي قەرزنى قىستاپ قالسا، قانداق قىلىسەن؟

— قەرز ئورنىغا باغ - ھويلىمىزنىڭ يېرىمىنى بېرىۋېتىڭ! — دېدى قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن پۈتۈن بىساتىدىن كېچىشكە تەييار تۇرغان ئۆلىيىبى.

مۇستاپا ئۈچۈن يەر بېرىش جان بېرىش بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدى. بىرەر ئاكا - ئۇكىسى، قول - ئىلكىدە بار ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان بولسىغۇ پۇل ئېلىپ، قەرزنى تۆلىۋەتكىلى بولاتتى...

بىر قوشنىنىڭ ئۆيىدىكى ماجىرا يەنە بىر قوشنىغىمۇ ئاڭلىنىدۇ. باينىڭ يەنە خوتۇنغا ئىشقى چۈشۈپ، قوشنىسىنىڭ قىزىغا ئېغىز ئاچقانلىقى چوڭ خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇنىڭ پىغانى پەلەككە يەتتى. چۈنكى، ئۇ باي يەنە خوتۇن ئالسا، ئۆزىنىڭ سىرتتا قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت تېپىپ، قوشنىسى ئۆلىيىبىنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ باققانىدى، ئىككىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى.

— قىزىڭىزنى بايغا بەرمەسلىك نىيىتىڭىز بولسا، ئۇنى يىراقلاردىكى قېرىنداشلىرىڭىزدىن بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە قاچۇرۇ-ۋېتىڭ! — دېدى باينىڭ چوڭ خوتۇنى گۈلسۇم، — ئاچ كۆز باي ئۆرتىنىپ ئۆلسۇن!

# ئۈچىنچى باب

## دەردى سەۋر ـ تاقەت يېگىدۇ

زامانىئەلى قىشلاققا كىرىش ئېغىزىدىن ئۈچ ـ تۆت ھويلا تاشلاپ، ئېتىنىڭ باشبېغىنى تار كوچىغا تارتقانىدى، ئېشەكمۇ ئاتقا ئەگەشتى. كوچا خېلى كەڭ بولۇپ، ئىككى ھارۋا ئۇدۇل كەلسە بىمالال ئۆتەلەيتتى. كوچا بويىدىكى پەس ئۆيلەرنىڭ خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان تاملىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. كوچا بويلاپ تىكىلگەن تېرەكلەرنىڭ بەرگىلىرى كېچىنىڭ سالقىن شامىلى بىلەن ئوينىشىپ، يېقىملىق شىلدىرلايتتى. ھويلىنى قورشاپ ئېتىلگەن تاملار پەس بولغانلىقى ئۈچۈن يولدىن ئۆتىدىغان يولۇچىغا، جۇملىدىن، ئات ـ ئېشەككە مىنىپ ئۆتىدىغانلارغا ھويلىنىڭ سەھنىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھازىر ھويلىلاردىكى دەل ـ دەرەخلەر قارا كۆلەڭگىدەك كۆزگە تاشلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ مېۋىلىك ياكى مېۋىسىزلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھويلىدىكى قايسىدۇر بىر تۈۋرۈككە ئېسىلغان جىنچىراغلار سۇپىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى، خالاس.

كوچىنىڭ بېشىدا كۆزگە تاشلىنىدىغان ئورغاق ئاي مېھمانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچا ئاخىرىغا يېتەي دەپ قالغاندا، چايخانىدا ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ گۇڭگۇرلاشلىرى ئاڭلاندى.

— چايخانىغا يېتىپ كەلدۇق، تاغا، — دېدى زامانىئەلى ھەمراھىغا ئېگىلىپ، — ئەنە، لامپا چىراغلار كۆرۈندى. ھېلىمۇ ئادەملەر ئولتۇرۇشۇۋاتقان چېغى.

چايخانىنىڭ ئالدى گۈلزارلىق، ھويلىسىدا تۆت ـ بەش تۈپ

ئۇجمە يىتىشتۇرۇلگەنىدى. ئۇجمىلەر ئاستىغا ياغاچ كارىۋاتلار قويۇلغان بولۇپ، بىر كارىۋاتتا تۆت، يەنە بىرىدە ئۈچ كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىرىدە بولسا يالغۇز بىر ئادەم مۈكچەيگىنىچە تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. چايخانا ئالدىغا كەلگەندە، زامانىئەلىنىڭ ئىتى «مېھمان كەلدى» دېگەندەك ھۈشقۇرۇپ قويدى، كارىۋاتتا ئولتۇرغانلاردىن بىرى:

— پەرمان ئاكا، قاراڭ، مېھمان كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ خەۋەر بەردى.

ئىچكىرىدىن ئاۋۋال «مانا، ھازىر» دېگەن ئاۋاز كەلدى، كېيىن قولىدا جىنچىراغ كۆتۈرگەن ئاق يەكتەكلىك بىر كىشى پەيدا بولۇپ، مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىرىدى. ئۇ كېلىۋېتىپ: «كېلىڭلار، كېلىڭلار!» دېدى ۋە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، قولىدىكى چىراغنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاتلىقنىڭ يۈزىگە قارىدى - يۇ، ئالدىراشلىق ئىچىدە ئىشتانبېغىنى چاڭگاللاپ كۆتۈردى:

— تۆرەمغۇ بۇ! — دېدى ئۇ ئالدىراپ ئاتنىڭ باشبېغىنى تۇتۇپ، — خۇش كۆردۇق، قېنى - قېنى، ئاتتىن چۈشسىلە!

چايخانىچى ئاتنىڭ ئارقىسىدىكى ئېشەكلىك كىشىنى كۆرۈپ، يەنە ئالدىراپ قالدى:

— ئۆزرە، ئۆزرە، ھەمراھىڭىزمۇ بار ئىكەن - دە، قېنى - قېنى، بۇرادەر، ئېشەكتىن چۈشۈڭ! مەرھەمەت، ئىچكىرىگە... ھەي، مىرزارەھىم، يۈگۈر ئوغلۇم، ئات بىلەن ئېشەكنى ئال!

ئىچكىرىدىن ياش بىر بالا چالا سېپىلغان كېپىشنى سۆرىگەن پېتى يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، مېھمانلارغا سالام بېرىپ، ئات بىلەن ئېشەكنى ئوچاقبېشى تەرىپىدىكى چەللە ئاستىغا يېتىلىدى. مېھمانلار بولسا چايخانىچىغا ئەگەشتى.

— ئىچكىرىگە ئورۇن ھازىرلايمۇ ياكى تاشقىرىغىمۇ؟ — دېدى چايخانىچى يولۇچىلاردىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، — ھە راست، بۇرادىرىڭىز مۇستاپا قۇلمۇ مۇشۇ يەردە. ئەنە، ئۆزى يالغۇز

ئولتۇرىدۇ. ئاشۇنىڭ يېنىغا ئورۇن ھازىرلايمۇ؟

ئۆز ئىسمىنى ئاڭلىغان مۇستاپا يالت قىلىپ مېھمانلار تەرەپ-كە قارىدى ۋە سۇپىدا ئىستىقلىق جىنچىراغ يورۇقىغا كېلىپ قالغان زامانئەلىنى تونۇپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ياخشى كەلدىڭىز، ئىنىم، — دېدى مۇستاپا ئاۋۋال زاماد-ئەلى بىلەن قۇچاقلىشىپ. كېيىن ناتونۇش مېھماننىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆزى ئولتۇرغان كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۆزى كارىۋات لېۋىدە يېرىم چازا قورۇپ ئولتۇرۇپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى، — ئامىن، سىلەر كەلدىڭلار، بالا كەلمىسۇن، ئاللاھۇ ئەكبەر! قانداقراق، ئىنىم، چوڭلار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ پەدەرنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قالدىمۇ؟ مەن ئىيتقان داۋانى قىلىپ كۆردى-ڭىزمۇ؟ مۇچ تالقىنىنى ئاپتاپپەرەسنىڭ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغرىق جايغا سۈركەپ، كېيىن ياخشى ئۇۋۇلاپ بەرسە، پۇت ئۇيۇ-شۇش تۇمتاق توختايدۇ ئۆزى.

— قىلىپ كۆردۇق، ئاز - پاز پايدىسى بولدى دېدىغۇ، دادام، — دېدى زامانئەلى مىننەتدار قىياپەتتە، — ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ھېلى ئۇ يېرىم، ھېلى بۇ يېرىم ئاغرىيدۇ، دەپ قاقشاۋېرىدىكەن ئادەم. ئەمدى شىپاسى ئاللادىن. دەردنى بەرگەن ئاللا شىپاسىنىمۇ ئۆزى بېرەر.

— ياخشى، ياخشى، ئاللا شىپالىق بەرسۇن، — دېدى مۇستاپا، كېيىن بۇرادىرىنىڭ ھەمراھىغا يۈزلەندى، — سىز ياخشى تۇردى-ڭىزمۇ، بۇرادەر؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟

— رەھمەت، رەھمەت، مۇستاپا تاغا، — دېدى يولۇچى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ. ئاندىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى ئاستا ئەگدى، — ئۆزىڭىزمۇ سالامەتمۇ؟

مۇستاپا ناتونۇش كىشىنىڭ ئاغزىدىن ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ،

ھەم ھەيران، ھەم خۇرسەن بولدى.

— مېھرىڭىز ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئىسىم قۇرۇسۇن، ھېچ ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. ئىسىم - شەرىپلىرىنى ئېيتسىلا. قەيەرلىك بولىدىلا؟

يولۇچى زامانئەلىدىن سىر ساقلىغان ئىسمىنى مۇستاپادىنمۇ سىر تۇتقۇسى كەلدىمۇ، بېشىنى ئېگىپ جىلمىيىپ قويدى، خالاس. زامانئەلى بولسا ھەمراھىغا بىر قارىۋالدى - دە:

— بۇ بۇرادىرىمىز ئەسلىي مۇشۇ يەرلىك، يۇرتنى سېغىنىپ كېلىۋاتقانىكەن، يولدا ھەمراھ بولۇپ قالدۇق. ھېلى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تىلغا ئالغانىدىم.

— مېھماننى باشلاپ كېلىپ، كۆڭۈلنىڭ ئىشىنى قىلىپسىز، ئىنىم، — دېدى مۇستاپا ئورنىدىن قوزغالغاچ، — بېشىم ئاسمانغا يەتتى. قېنى، ئەمدى تۇرۇڭلار، ئۆيگە بارىمىز.

— ھە، ئەمدى... — لەۋ جۇپلىگەن زامانئەلىنىڭ گېپى ئېغىزىدا قالدى.

— خۇش كۆردۇق، خۇش كۆردۇق، قەدەملىرىگە مەرھابا، — دېگىنىچە پەرمان ئاكا مىس لېگەندە بىر جۈپ پېتىر قاتلىما، ئۈزۈم ۋە پەشمەك ھالۋا ئەكېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن يەنە بىر قېتىم «خۇش كۆردۇق» دېگىنىچە قايتىپ كەتتى. ئۇ ھايال ئۆتمەي مىس چۆگۈن بىلەن ئىككى - ئۈچ ساپال پىيالە كۆتۈرۈپ كېلىپ، دۇغ سۇغا ئالما قېقىنى سېلىپ، بىر - ئىككى قېتىم پىيالىغا قۇيۇپ، چەينەككە تۆكۈپ، رەڭگى چىققىچە دەملىدى. ئاندىن لېگەندىكى پېتىر قاتلىمىنى ئوشتۇپ، مېھمانلارنى «ئېلىڭ، ئېلىڭ» دەپ تەكلىپ قىلدى. ئالما چېيىنىڭ تۇنجى پىيالىسىنى ئۆزى قۇيۇپ، مېھمانلارغا ئۇزىتىۋېتىپ، قازانبېشىغا قاراپ بۇيرۇق بەردى، — ھوي، مىرزارەھىم بالام، قازاننىڭ تېگىگە بىر - ئىككى تال ئوتۇن تاشلا، شورپا ئىسسىسۇن، — ئۇ كېيىن مېھمانلارغا ئۆرۈلۈپ قوشۇپ قويدى، — بۈگۈن قوي گۆشىدىن شورپا سالغانىدىم،

رىزقىڭلار قوشۇلغانىكەن، ھازىر شۇنى ئېلىپ كېلىمەن.
مېھمانلارنى ئېلىپ كېتىشكە تەل بولۇپ تۇرغان مۇستاپا:
— مېھمانلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئېلىپ كېتىددىكەنمىز ـ دە، — دېگىنىچە زامانئەلىگە مەنىلىك قاراپ قويدى.
— مېھمان ئاش دەپ كەلمەس، — دېدى پەرمان ئاكا كۈلۈپ، — قورسىقىنى بۇ يەردە ئالداپ، ئۆيگە بېرىپ پارىڭىنى ئاڭلايسىلەر ـ دە!
— شۇنداق ئوخشايدۇ، — دېدى مۇستاپا قولىدىكى پىيالىنى ئويناپ تۇرۇپ، — بوپتۇ، ئەتە ئۆز قولۇم بىلەن دۇملىگەن پولۇنى يېگۈزۈپ، ئاندىن يولغا سالارمەن...
پەرمان ئاكا ئۈچ ساپال كاسىدا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شورپىنى ئەكىلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. زامانئەلى شورپىدىن بىر ھۇپلەپ، كاسىنى داستىخانغا قويغاندىن كېيىن:
— پەرمان ئاكىنىڭ بۈگۈن سالغان شورپىسىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىچسەڭمىزمۇ مەززىسى ئاغزىڭىزدا قالىدۇ، بۇ يەرگە ئاكىمىزنىڭ شورپىسىنى سېغىنىپ كېلىدىغانلار كۆپ. گېپىم توغرىمۇ، پەرمان ئاكا؟
— ئاچ قورساققا ئۇماچمۇ ھەسەل بولۇپ كىرىدۇ ـ دە، — دېدى خېلىدىن بېرى ئۈندىمەي ئولتۇرغان ھەمراھ شورپىغا نان توگۇرگەچ، — شورپا ئىنتايىن مەززىلىك بوپتۇ، قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن، بۇرادەر!
شورپا ئىشتىھا بىلەن ئىچىلگەندىن كېيىن، پەرمان ئاكا بوش كاسىلارنى تەقلەپ مىرزارەھىمگە بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا چۆگۈندىكى دۇغ سۇنى يىغىلاپ كېلىشنى بۇيرۇپ مېھمانلارغا بۇرۇلدى:
— ئۇزاق يول بېسىپ كەلدىڭلار، بىر ئاز پۇت ـ قولۇڭلارنى سۇنۇپ، يانپاشلاپ دەم ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ۋە باياتىن بېرى «تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار» دەپ ئولتۇرغان مۇستاپاغا قاراپ قوشۇپ قويدى، — بىرئاز گۇڭۇر ـ مۇڭۇر قىلىپ ئولتۇرۇڭلار، ئاندىن ئۆيىڭىزگە

ئېلىپ چىقارسىز. بولمىسا بۇ يەردە تۇنىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ھـۇۋلاپ تۇرغان ئۆيىڭىزدە نېمە بار؟ خوتۇن، بالا ـ چـاقىڭىـزنى كەتكـۈزۈ ـ ۋەتكەن تۇرسـىڭىز. جـاي راستلاپ بېـرىمەن، مەززە قـىلىپ پـاراڭ ـ لىشىپ ئولتۇرىسىلەر. قانداق دېدىم، مۇستاپاقۇل؟

زامانئەلىمۇ «مۇشۇ يـەردە تۇنەيلـى، ئاۋارە بولمـاڭ» دېمەكچـى ئىدى. ئەمما چايخانچىنـىڭ گېپىـدىن كېيىـن بۇرادىـرى مۇستاپـا دېھقانـىنىڭ ئۆيـىدە قانداقـتۇر بىـر ئىشنىـڭ بولغانـلىقىنى كۆڭلـى سەزدى.

ـــ مۇستاپا تاغا، يەڭگىمىز بىلەن جىيەننى قـەيەرگە جۆنـەت ـ تىڭىز؟ ئالدىمىغانسىز ـ ھە؟

مۇستاپا بوينىنى ئېگىپ جىمىپ قـالدى، پەرمان ئـاكا ئۇنـىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، يوتىسىغا شاپىلاقلاپ قـويدى. زامانئـەلى مۇستـا ـ پانىڭ كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ:

ـــ يەنە ئاشۇ گەپمۇ؟ـــ دەپ سورىدى.

مۇستاپا «ھەئە» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىـپ قويدى. ئـۇ گەپ قىلمىشنى، كۆڭلىدىكىنى تۆكۈۋېتىشنى بەك خالاپ تۇرسىمـۇ، ناتونۇش مېھماندىـن تارتىنىـپ، ئېغىـز ئاچالـمايۋاتاتـتى، ھاياجـان ـ لىنىش سەۋەبـلىك بىـر قېتىـم سوقىدىـغان يۈرىكـى بىراقلا ئـون قېتىم گۈپۈلدىدى. كۇتۇلمىگەندە پەرمان ئاكا گەپ قاتتى:

ـــ تەنەباي يەنە قىستاۋېتىپتۇ، ـــ دېدى مۇستاپانىڭ تەڭلىك ـ نە قـالغانلـىقىنـى سېزىپ، ـــ قـەرزىڭنى ئـۈزەلمىسـەڭ، ئورنىغـا قىزىڭنى بېرىسەن، دەپ قـىيناۋېتـىپتۇ، بـەچچىغـەر! شۇڭـا، ئاكـام يەڭگەم بـىلەن جـىيەننى رامـىتەنگـە ـــ ۋەھمكـاردىكى يـىراقـراق قېرىنداشلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىۋەتتى. شۇ، بـايىنىڭ كـۆزىدىن نېـرى بولسۇن، دەپ بولمامدۇ...

بۇ خەۋەردىن زامانئەلىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، يـۈرىكىگـە يىڭنـە سانچىلغاندەك كۆكسىنى سىلـىدى. بۇ غەزەپ يـىڭنىسـى ئىدى. ئـۇ چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ:

— ھۇ، ئۇياتسىز! — دەپ تىللىدى پۈتۈن نەپسىنى، غەزىپىنى شۇ بىر سۆزگە جەملەپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئىغىزىدىن ئەدەپكە خىلاپ سۆزلەرمۇ چىقىپ كەتتى، — ئەمدى شۇ دەرىجىگە باردىمۇ، يۈزسىز! ھۇ، سېنى تۇغقان... ئەگەر زامان كۆتۈرسە، بۇنداقلارنىڭ بۇرنىنى يەرگە پاتۇرۇپ، ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتسەڭ! بايلىقىم بار دەپ خالىغىنىنى قىلىۋېرەمدۇ؟! دىن ـ دىيانەت بارمۇ بۇلاردا؟ قىزىڭىزنى قاچانغىچە يوشۇرۇپ يۈرىسىز؟

پەرمان ئاكا گەپنى تېشىپ قويغىنىدىن ئۇيالدى. بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، لېۋىنى چىشلەپ، جېدەلنى باشلاپ قويۇپ قاچقان كىشىدەك، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاستا ـ غىنە ئوچاق بېشىغا كەتتى.

— راستىنى ئېيتقاندا، مۇستاپاغا قىيىن بولدى، — دېدى ياندىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغانلاردىن بىرى. بەلكىم، ئۇ باياتىن بېرى بولۇۋنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، — تەنەبايمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. قىشلاقتىكى ھەممىمىزنىڭ مۇستاپانىڭ قەرزىنى تۆلەش ئارزۇيىمىز بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىمىزمۇ قەرزگە پېتىپ كەتكەنمىز، ئۇكا. بوينۇڭدا قەرزىڭ بولسا، تىلىڭمۇ قىسقا بولىدىكەن. بايغا نەسىھەت قىلغىلى بولمىسا ـ يا... نېمىلا دېگەن بىلەن كەمبەغەل كەمبەغەلگە يۆلەك بولالمايدىكەن. تەنەباي ئىككى يىلدىن بېرى سۇنىڭ نەرخىنى ئاشۇرۇپ، بەش بارمىقىنى بىراقلا ئېغىزىغا تىقتى، ئۇياتنى بىلمەي قويدى. ئالغان ھوسۇلىمىز سۇ پۇلى بىلەن باراۋەر بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. تاپقان ـ تەرگىنىمىزنى بايغا بەرسەك، بالا ـ چاقىمىزغا نېمە قالىدۇ، ھەيرانمىز.

زامانئەلى «بۇ گەپ قىلىۋاتقان مەرد كىم بولغىيتتى؟» دېگەن ئوي بىلەن ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، بېشى تاقىر قىلىنغان كىشىگە لىڭشىتىپ يېنىدىكى ئىككى شېرىكىمۇ سالام بەردى. زامانئەلىمۇ بېشىنى قىمىرلىتىپ ئىلىك ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدى:

— باي بولسا ئۆزىگە! ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىنى قىشلاقنىڭ مىڭبېشىغا ئېيتىماسىلەر بىرىپ؟ — دېدى تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — مىڭبېشى ئۇنى ئىنساپ قىلىشقا ئۈندەر بولغىيتتى!

— ھەي! — دېدى گەپكە قوشۇلغۇچىنىڭ يېنىدىكى يېشى چوڭراق ساقاللىق بىرى بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ ئاچچىق بىلەن ئالىقىنىغا ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ غەزەپتىن يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى، — مىڭبېشى بىلەن تەنەباينىڭ ھەر ئىككىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى! ئەرز قىلساق، يەنە ئۆزىمىزگە يانىدۇ. بىر ھەزىلەك مىرشابىمىز بار، قويۇپ بەرسەڭ، باينىڭ ئايىغىنى يالايدۇ. كەمبەغەللىنىڭ بېشىدا تاياق سۇندۇرىدىغان زامان بولدى بۇ. تاۋۇقنىڭ كىچىك بولسىمۇ، قوشۇقۇڭ چوڭ بولۇشى كېرەككەن!

قارىغاندا، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچىدىكى دەردلىرىنى تۆكۈۋەتكۈسى باردەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچىدە ئېغىر تاش بار، شۇ تاشنى كىمگە ئېيتىشنى بىلىشمەيدۇ. بۇ تاش گەپ بىلەن ئېرىمەيدۇ. بۇنداقلارنى تالايلاپ كۆرگەن زامانئەلى تۇرۇپلا چىشلىرىنى ئەلەم بىلەن غۇچۇرلاتقىنىچە گەپ مېغىزىغا كۆچتى:

— ھەي، ئەڭ ياخشىسى ھەممىمىز بىر ئىش قىلايلى، — دېدى ئۇ «سىز نېمە دەيسىز» دېگەندەك يېنىدىكى ھەمراھىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — باي شۇنچە نائىنساب بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئەددىپىنى ئۆزىمىز بېرەيلى! مەن شەھەر قازىسىنىڭ مۇلازىمى، ئىسمىم زامانئەلى، يۇرتۇم ۋەردانزى، سىلەرگە ياردەم بېرىشكە تەييارمەن، — بۇ يىگىتنىڭ خەلققە بۇنچىلىك كۆيۈمچانلىقىنى كۆرگەن ناتونۇش ھەمراھى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويغانىدى، ئۇنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، گەپلىرىمۇ كەسكىنلەشتى، — سىلەرنىڭ نامىڭلاردىن ئەرز خېتى يازاي، سىلەر بارماق بېسىپ بېرىڭلار، ئۇنى قازى ئارقىلىق قازىكالانغا يەتكۈزەي، قانداق دەيسىلەر؟

ھازىرلا قايناپ - تېشىپ، تەقدىرنىڭ ھۆكمىدىن نالە قىلىپ

ئولتۇرغانلار بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ، يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزلىرىچە بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى:

— قويۇڭ، بېشىمىزغا بالا تېرىۋالمايلى! سەۋر قىلساق، دەردنى سەۋرچانلىق ئالىدۇ!

زامانئەلى بۇلارنىڭ گېپىگە، هالىتىگە ئىستېهزا بىلەن كۈلدى. «مەيدانىڭلار تار، مەردلىكىڭلارمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئىكەن!»

— جەبىرنى ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار سېتىۋالغان ئىكەنسىلەر. مانا بۇنداق بولۇڭ ـ بولۇڭدا نالە قىلىشنى بىلىسىلەرۇ، بىراۋغا ئەرز قىلىشتىن قورقىسىلەر. يەنە بۇ ئىشىڭلارنى ئەندىشىگە بۇراپ، بېشىڭلارنى ئىچىڭلارغا تىقىسىلەر. «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دەيسىلەر. ئەمما سىلەر سەۋر قىلىپ ئولتۇرغاندا، ئالتۇنلارنى ئاللىقاچان باي ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. بېشىڭلارغا بالانى ئارتىپ بولغان تۇرۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق بالانى ئويلايسىلەر؟ هېچبولمىغاندا، هەر بىر قىشلاقنىڭ ئۆزىگە يارىشا جانپىدا دىۋانىسى بولۇشى، هەزىل ـ كۈلكە بىلەن بولسىمۇ پات ـ پات هەقىقەتنى ئېيتىپ تۇرۇشى كېرەك!

تاقىر باش كىشى بېشىنى سىلىپ، چوڭقۇر ئويلانغان هالدا دېدى:

— هەي تۆرەم، نەسىردىن ئەپەندىدەك دىۋانە راستگويلار نەدە هازىر؟ نەسىردىن ئەپەندى هايات بولغان بولسا، بۇنداق ئۇياتسىزلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن بولار ئىدى! ئۇ كىشىنىڭ كۈلكىلىرى بىزگە ئوخشاشلارنىڭ دەردىگە مەلهەم، كاززاپلارنىڭ دىلىغا نەشتەر ئىدى.

زامانئەلىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان مېهمان سۆزلەۋاتقان كىشىگە ئىتتىكلا قارىدى ۋە دەرهال كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

## توققۇزىنچى باب

## نائۇمىد شەيتان

مۇستاپا مېھمانلارنى باشلاپ كەلگەندە، ھويلا ئىچى قاراڭغۇ ـ لۇققا پاتقانىدى. چۈنكى، قىزلارنىڭ قېشىدەك سوزۇلۇپ تۇرغان ئاي ئاللىقاچان ئېغىپ، شولىسىنى يىغىشتۇرۇۋالغانىدى. ھويلىغا كىرىۋېتىپ مۇستاپا كۆنچىقىش تەرەپنى ئىما قىلىپ، «باينىڭ بالىخانىسى» دەپ قويدى.

مېھمان سەھەردە ئويغىنىپ، ئۆيدە ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى سەزدى. ھويلىغا چىقتى، جىمجىت. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى چەللە ئاستىغا قاراپ، قەدىردان ئېشىكىنىڭ سامان يەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئات كۆرۈنمەيدۇ، دېمەك، زامانئەلى تاڭ ئاتماستىنلا شەھەرگە ئاتلىنىپ بولغان.

— ھو... و... مۇستاپا ئاكا! — دەپ چاقىردى مېھمان بىلىنى تۇتۇپ، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. «سەھەردىكى سالقىندا ئېتىزلىقتا كېتىپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ كۆڭلىرىلىك بالىخانىنىڭ نەقىشكار، يىپەك پەردە تارتىلغان دېرىزىسىنى كۆردى. بۇ بالىخانا ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن قۇياش نۇرىنى توسۇپ، مۇستاپانىڭ ھويلىسىدىكى كېگىز ئورنىدەك يەرگە تىكىلگەن رەيھان، نەشپۈت دېگەندەك بىر نەچچە تۈپ دەرەخكە سايە تاشلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھويلىدىكى مېۋىلىك ھەم مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى قۇياش نۇرىغا تەشنا ئىگىسىگە ئوخشاش ئۆسمىگەنىدى.

ھەقىقەتەنمۇ زامانئەلى تاڭ سەھەر ئويغاندى، تەرەت ئېلىپ،

بامدات ئوقۇدى ـ دە:

ــ مۇستاپا تاغا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، مېھمان ئۇزاق يول بېسىپ چارچىغان، قېنىپراق ئۇخلىۋالسۇن، كېيىنرەك ئويغىتىپ، كۈتەرسىز، ــ دەپ قويۇپ يولغا چىققانىدى. مۇستاپا بۇرادىرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، تاڭ سەھەردە ئازراق ئىشلىۋېلىش ئۈچۈن بېغى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

مېھمان سايىدا سارغايغان رەيھانۇ نەشپۈتلەردىن كۆزىنى ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم بالىخانىنىڭ دېرىزىسىگە قارىدى ۋە كىمنىڭدۇر ئاشۇ دېرىزىدىن ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. كۆزەتكۈچى كۆزلەرنىڭ ئۇچرىشىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، تېزلا پەردىنى تاشلاپ، ئۆزىنى يانغا ئالدى. مېھمانمۇ كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئاشۇ تەرەپكە قارىدى. ئەمما كۆزلەرنىڭ ئۇچرىشىشى تەكرارلانغاندىن كېيىن، دېرىزىدىن قاراۋاتقان كىشىنىڭ تەنەباي ئىكەنلىكى مېھمانغا مەلۇم بولدى ۋە سەگەكلىشىپ، مېيىقىدا كۈلدى. كۈلۈش بىلەن تەڭ كۆڭلىدىن بىر «شۇملۇق» نىڭ پىلانى ئۆتتى. ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى غۇژمەك ئۆسكەن ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ياغاچ كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى. شۇملۇقنى خىيالىدا پىشۇرغاندىن كېيىن، ئاستىرتىن بالىخانا دېرىزىسىگە قارىۋالدى، كۆزەتكۈچىمۇ نېپىز پەردىنى ئازراق قايرىپ، ماراۋاتاتتى. مېھمان خۇددى ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەندەك قوللىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ دۇئاسىنى باشلىدى:

ــ ئەي بەندىلىرىگە رەھىم قىلغۇچى رەھىمدىل ئاللا! سەن جىمىكى بەندىلىرىڭنى تەڭ كۆرگۈچىسەن! دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە شىپا بەرگۈچى، ئامەتسىزگە ئامەت ھەدىيە قىلغۇچى، مۇساپىرلىقتا قىينىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلغۇچىسەن! مەن بۇ يۇرتقا مۇساپىر، لېكىن قولۇم ئىنتايىن قىسقا. ھەتتا مېنى مېھمان قىلغان مانا شۇ ئۆي ئىگىسىنى رازى قىلىشقىمۇ قۇربىم يەتمەي تۇرۇپتۇ. ئەگەر سەن رەھىم ئەيلەپ، مەن بىچارىگە يۈز تىللا ھەدىيە

قىلساڭ، مېنى بۇ مالامەتلەردىن خالاس قىلىپ، كۆن ـ تۈنلەپ ساڭا دۇئا قىلغان بۇ بەندەڭنى خورسەن قىلالايتتىڭ! ئۈمىدسىزلىك ــ شەيتان، دەيدۇ. مەن ساڭا يۆكۈندۈم ۋە سەندىن سورىدىم. ماڭا نەق يۈز تىللا خۇددى سۇ بىلەن ھاۋادەكلا زۆرۈر. توقسان توققۇز تىللا تاشلىساڭ ئىللا ـ بىللا ئالمايمەن، چۈنكى قالغان بىر تىللانىمۇ تېپىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. ماڭا يۈز تىللا تاشلا!

مېھمان تەكرار ـ تەكرار خۇدانى ئېغىزىغا ئېلىپ، ئىلتىجا قىلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاۋازىنى بارغانسېرى مىسكىن چىقىـ ـرىشقا باشلىدى، مۇڭلۇق نالە قىلدى، ئۆزى بىچارە بولسىمۇ ئىنسابلىق، دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى پات ـ پات ئەسلىتىپ ئۆتتى، ئېھتىياجى پەقەت يۈز تىللا تەڭگە بىلەن پۈتىدىغانلىقىنى، توقسان توققۇز تىللا تەڭگىنىڭ ھەرگىز كېرەك ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيتتى.

ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆزىگە يات بىر ھويلىدا تۇرۇپ، ئۆزىچە خۇداغا يالۋۇرۇشى بالىخانا دېرىزىسىدىن كۆزىتىپ تۇرغان تەنەبايدا قاتتىق قىزىقىش ئويغاتتى. ئۆزىنى دىيانەتلىك ساناپ تۇرغان مۇساپىرنىڭ ئىمانىنى سىناش نىيىتىدە بالىخانىدىكى باغداد ئۈجمىسىدىن ياسالغان ساندۇقتىن توقسان توققۇز تىللا تەڭگە ساناپ ئېلىپ، ئۇنى گۈل چېكىلگەن مەخمەل ھەميانغا سالدى، ھەميانىنىڭ ئۆزىنى تۈگۈپ، دېرىزىدىن ئاستاغىنا قوشنىسىنىڭ سۇپىسىغا ــ مۇساپىرنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى. تىللانىڭ يېقىملىق جاراڭلىشىنى ئاڭلىغان مېھمان كۆزىنى ئاچتى ۋە ئايىغى ئاستىدا ياتقان ھەميانىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى. ئەتراپىغا، ئاسمانغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى، كېيىن «شۈكۈر، شۈكۈر» دەپ كىمگىدۇر قۇللۇق قىلدى. ئېگىلىپ ھەميانىنى يەردىن ئالدى. ئاۋۋال قولىدا ئۆلچىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، تەڭگىـ ـلەرنى ئاۋاز چىقىرىپ سانىدى:

ــ بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت... توقسان توققۇز!

كېيىن ئۇ تىللالارنى قايتىدىن ھەميانغا سېلىپ، ئاغزىنى

چىگدى ۋە بىر قولىدا ھەميان بىلەن يەنە قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈ-رۈپ، ھەمدۇ سانانى باشلىدى:

— ئەي، ئاللا! مەرھەمىتىڭگە شۈكۈر! مەندەك بىر بىچارە بەندەڭنىڭ نالە - ئىلتىجاسى ساڭا يېتىپتۇ! سەندىن مىڭلارچە رازىمەن!

مېھمان كۆزلىرىنى ياشلاپ، ھەميانىنى قوينىغا سالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بالىخانىدا تۇرۇپ كۆزىتىۋاتقان تەنەباينىڭ كەيپى ئۇچۇپ، ئالدى بىلەن قولىدىكى تەسۋىسى چۇشۇپ كەتتى، كېيىن، كاللىسىدىكى ئويلىرى قالايمىغان بولدى.

— ھۇ، ئۇياتسىز، مۇتتەھەم! — دېدى ئۇ ۋە ئالدىراپ - تېنەپ يەكتىكىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، پەسكە قاراپ چاپتى. ئالدىراشچىلىقتا بالىخانا پەشتىقىدا پۇتلىرى چېلىشىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن پەرۋاسىز غودۇڭشىيتتى، — توقسان توققۇز تىللانى ئالمايمەن، دېگەن ئىدىغۇ! ئاخىر، مەن تاشلىغان ھەمياندا بىرى كەم يۈز تىللا بار ئىدى، ئۇيالماي ئالدى - يا، ھارامزادە! ھازىر شەرمەندىسىنى چىقىرىمەن! ھازىرقىلاردا ئىنساب - دىيانەت قالمىغان زادى! ئېغىزىدىن چىقىدىغان گېپى باشقا، قىلىدىغان ئىشلىرى باشقا!

تەنەباي كوچا تەرەپتىن مۇستاپانىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. ئۇنىڭ دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچىنى ئۇرغان قوللىرى تىترەيتتى، قوللىرى مۇشتلىغاندا چىققان تاقىلدىغان ئاۋاز قۇلىقىغا كىرمەيتتى، دەقىقە ئىچىدە كور ۋە گاسقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىچكىرىدىن «كىم؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندىمۇ، ئۇ تىنىمسىز دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچىنى تاقىلدىتىشنى توختاتمىدى.

— ھەي، كىم، مانا، كېلىۋاتىمەن! — دېگەن ئاۋاز كەلدى ئىچكىرىدىن.

— دەرۋازىنى تېز ئاچ، مەن، تەنەباي! تېز ئاچ! — تەنەباينىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغانىدى، دەرۋازا يەنە بىردەمگىچە

ئېچىلمىسا، جېنى ئېغىزىدىن چىقىپ، تېنىنى تەرك قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ھە، كېلىڭ ـ كېلىڭ، قېنى، ئىچكىرىگە مەرھەمەت! قەدەملىرىگە مەرھابا! — ناتونۇش مېھمان چوڭقۇر ھۆرمەت كۆرسە-تىپ ئۇنى ئىچكىرىگە كىرىشكە ئۈندىدى.

باي بوسۇغىدىن ئاتلىدى-يۇ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆي ئىگە-سىنى سورىدى:

— مۇستاپا ئۆيدە يوقمۇ؟ — كېيىن مېھمانغا زەردە بىلەن تىكىلدى، — سەن كىم بولىسەن؟

مېھمان ئۆزىنى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك تۇتتى.

— مۇساپىرمەن، باي ئاتا، مۇستاپا تاغىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولىمەن. ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟

— مەن... مەن، قوشنىسى...

— قوشنا كەلدى — ياردەم كەلدى، گۆش كەلدى، سۆڭەك كەلدى! — دېدى مېھمان چاققان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، — قېنى كىرىڭ تەخسىر!

تەنەباي ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋالدى، چوڭ ـ چوڭ تىنىپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، كۆرۈمسىز سۇپىدىكى كارىۋاتقا چىقتى، چادىر قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، مۇسۇلمانچىلىق يۈزىسىدىن قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئايى پاتىھە ئوقۇدى.

— مېھمانمەن دېگىن! ئاتاڭغا رەھمەت! — دېدى ئۇ پەتەك ساقىلىنى سىلاپ. ئەمما گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي بىرئاز ئىككىلەندى. لېكىن مال قايغۇسى كۆچلۈك كەلدىمۇ، دەرھال مۇددىئاغا كۆچتى، — باياتىن خۇداغا دۇئا قىلىپ تۇرغان كىشى سەنمۇ؟

ئۆزگىنىڭ ئۆيىدە ساھىبخانلىق قىلىۋاتقان مېھمان خىجا-لەتتىن ئەيمىنىپ تۇرغانىدى، باينىڭ بۇ سوئالى ئۇنى يالغاندىن ھەيرەتكە سالدى.

— شۇنداق، تەخسىر، ئول بەندەئى مۆمىن مەن بولىمەن! «ئەقلىڭنىڭ بارىدا ئۇنى ـ بۇنى يىغىۋال، ئەقىلسىز بولغىنىڭدا بىمالال ئىشلىتىپ يۈرسەن» دېگەنىدى ئاتام بىر زامانلاردا. سىز بۇنى قانداق ئاڭلاپ قالدىڭىز، تەخسىر؟

— تۆشۈك قۇلاق ئاڭلىماي قالماس. تەنەباي يانچۇقىدىن رومال چىقىرىپ، تۇم بويىنىنى سۈرتۈپ، مېھمانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى ۋە، — سەن قانچە تىللا سورىغانىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— يۈز تىللا تەڭگە، تەخسىر، يۈز تىللا!

— توقسان توققۇز تىللانى ئالمايمەن، دېدىڭمۇ؟

— نەق راست، تەخسىر!

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن توقسان توققۇز تىللانى ئېلىپ قوينۇڭغا سالىسەن؟ دىيانىتىڭ قەيەردە قالدى؟ خۇدادىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟

مېھمان ئۇيالغاندەك بېشىنى ئېگىپ، يەرگە قارىدى.

— ھەئە، ئەمدى تەخسىر، توقسان توققۇزنى بەرگەنىكەن، ۋاقتى كەلگەندە قالغان بىرسىنىمۇ بېرەر. ئۈمىدسىزلىك — شەيتان، دېگەن گەپ بارغۇ... — مېھمان سوئالنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتكەندەك بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھەيرەت بىلەن سورىدى، — ئۆزرە تەخسىر، خۇدا بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى سۆھبەتنى قەيەردىن ئاڭلىدىلا؟

تەنەباي داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ خىيالىدا «ئۈمىدسىزلىك — شەيتان» نىڭ قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدى ۋە ئاچچىق بىلەن سۆھبەتدىشىغا دېدى:

— گېپىمنى ئاڭلا، مۇستاپاقۇلنىڭ مېھمىنى! ئەگەر بىلسەڭ، ئاشۇ توقسان توققۇز تىللانى ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرىزىدىن مەن تاشلىدىم!

— توۋا! — دەپ ياقىسىنى چىشلىدى مېھمان ئەجەبلەنگەندەك، — ئەقلىڭىز جايىدىمۇ، تەخسىر؟! ھەرقانچە ئەقىللىك بولسىڭىزمۇ،

يېنىڭىزدا ئەخمەقتىن بىرەرسى بولمىسا سىزنى ھېچكىم ئەقىللىك دېمەيدىغان ئوخشايدۇ. قايسى ئەقىل بىلەن شۇنچە بايلىقنى بىراۋ-نىڭ ئايغى ئاستىغا تاشلاپ قويىدۇ كىشى؟

— نالەڭنى ئاڭلاپ، ئىمانىڭنى سىناپ باقاي دېگەنىدىم. مانا، سىناق ئاخىرلاشتى. بۇنى چاقچاق دەپ چۈشەنسەڭمۇ بولىدۇ، قېنى ئەمدى ھەميانىنى قايتۇرۇپ بەر!

مېھمان ئولتۇرغان جايىدىن ئازراق قىمىرلاپ قويۇپ، «ئەمدى ئىشلار قىزىق بولىدۇ» دېگەندەك بايىنىڭ كۆزىگە سىنچىلاپ قارىدى. باي بولسا غەزەپلەنگەن ھالدا قولىنى سوزۇپ تۇراتتى.

— تەخسىر، — دېدى مېھمان، — ئاۋۋال بىر گەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايلى.

— خوش - خوش، — باي سوزۇلغان قولىنى يىغىۋالدى، — قانداق گەپنى؟

— ئېيتىڭچۇ، يۈز تىللانى مەن سىزدىن سورىغانمىدىم؟

— ياق، ياق.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ناچارلىق قىلىسىز؟ سىز ئېرىقتىكى سۇنى پالان تەڭگىگە ساتقىنىڭىزدا مەن بىلەن بىرەر قېتىم مەسلە-ھەتلەشكەنمۇ؟

مېھماننىڭ غەلىتە سوئالىغا تەنەبايمۇ سوئال بىلەن جاۋاب بەردى:

— سەن مېنىڭ سۇ ساتىدىغانلىقىمنى قانداق بىلىسەن؟

— سىز مېنىڭ يۈز تىللا سورىغىنىمنى ئاڭلىغىنىڭىزدەك، مەنمۇ ئاڭلىغان - دە!

— گەپنى يورغىلاتما، ئۇكا، تېزراق ھەميانىنى قايتۇر! بىراۋنىڭ قان - تەر بەدىلىگە تاپقان مېلىغا خىيانەت قىلىش مۇسۇلمانچى-لىقتىن ئەمەس!

— ئۆزىڭىز بىراۋلارنىڭ قان - تەر ھېسابىغا سەمرىپ يۈرگى-نىڭىزدىن ئۇيالمامسىز؟ — مېھمان بۇ گەپنى بىر ئاز تەنە ئارىلاش

ئېيتتى، — تەخسىر، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز، مەن خۇدادىن تىلەپ ئالغان تىللالىرىمنى سىز بىلەن بۆلۈشەلمەيمەن. ئەگەر سىز بىلەن بۆلۈشسەم ياكى ھەممىسىنى سىزگە بەرسەم، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا ماڭا: «ئەي، يالغانچى بەندەم، سورىغىنىڭنى بەرسەم، سەن ئۇنى ئۆز ھاجىتىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلماي، باشقىسىغا بېرىپ تۇرۇپسەن! يەنە كېلىپ غېرىب - مىسكىنگە ئەمەس، ئېشىپ - تېشىپ، يىگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى كەينىدە بولغان بىر بايغا بېرىپسەن! بۇ قانداق تىل ياغلىمىلىق ئەمدى؟» دېمەمدۇ؟ مەن ئىگەمنىڭ ئالدىدا يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن!

باينىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، رەڭگى داكىدەك ئاقىرىپ كەتتى. بۇ «ئالدامچى» تىللالىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى، گۇۋاھچى بولمىغاچقا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشمۇ تەس ئىدى. «ئەڭ ياخشىسى جاڭجاللاشمىسام، شۇنچە بايلىقتىن بىر دەمدىلا ئايرىلىپ قېلىشىم تۇرغان گەپ ئەمدى» دېگەن ئويغا كەلگەن باي ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

— سېنى مېھمان دەپ ھۆرمىتىڭنى قىلىپ ئولتۇرغانىدىم، ئۆزۈڭنى بىلمەي قالدىڭ! مېنى تەنەباي دەيدۇ، بۇ قىشلاقنىڭ مىڭبېشى ۋە مىرشابلىرىمۇ مېنىڭ ھۆكمىم بىلەن ئىش قىلىدۇ. شەھەردىكى قازى ھەزرەتلىرى بىلەنمۇ باردى - كەلدى قىلىپ يۈرىمىز. سېنى ئۇدۇل قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن. ئۇ كىشىدەك بىلىمدان ۋە تەدبىركار قازى بۇخارادا يوقتۇر. ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل! سەن ئەمدى شەرمەندە - شەرمىسار بولۇپ، ياساقتا تارتىلىپ، ئايىغىڭ قىزىرىپ تۇرغان ياغقا تىقىلىپ، دوزاخ ئازابىغا گىرىپتار بولىسەن! ئەل ئارىسىدا يامان نامغا قېلىشتىن قورقمامسەن؟

باينىڭ كۆچەپ جاۋىلداشلىرى مېھمانغا چىۋىن چاققانچىلىك تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئەپتىنى بۇزماي، بايغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— سىز شەھەر قازىسى بىلەن يېقىنلىقىڭىزنى پەش قىلىپ،

مېنى قورقۇتماقچىمۇ؟ بۇ ئىشقا ئۇل زاتنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىڭىزنىڭ گۇناھىڭىزغا شېرىك قىلىپ نېمە نەپ تاپىسىز؟ بىزنىڭ ماجىرايىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاھچى بولمىسا ـ يا...

قارشى تەرەپنىڭ خاتىرجەملىكى باينىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى كەلتۈردى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمىگەندەك بېشىنى چاڭگاللاپ، ۋارقىرىدى:

— ئەي، مۇسۇلمانلار، ياردەم قىلىڭلار! كۈپكۈندۈزدە بىر مۇرتەد بىر مۇسۇلماننى ئالدىدى! قېنى ئىنساب، قېنى دىيانەت؟!

باينىڭ چۇقانىنى ئاڭلاپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەم دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىدى:

— ۋوي... بۇ باي ئاتىغۇ! — دېدى ۋىجىك كەلگىنى باينىڭ ئالدىغا بېرىپ — سىزنى كىم ئالدىدى؟

— مانا بۇ كاززاپ ئالدىدى! — يۇرتلۇقلىرىنى كۆرگەن باي سەل دادىللىشىپ، مېھمانغا تاشلانغىلى تاسلا قالدى.

يېڭىدىن كىرگەن ئىككى ئادەم مەسىلىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كىمنىڭ تەرىپىنى ئېلىشنى بىلمەي بىر ـ بىرلىرىگە قاراپ يەلكىسىنى قىسىپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى باينىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى.

— باي ئاتا، بۇ مۇستاپاقۇلنىڭ ھويلىسى، مېھمانمۇ ئۇ كىشىنىڭ تۇرسا، قانداق قىلىپ سىزنى ئالدىشى مۇمكىن؟ — دەپ سورىدى باينى يۆلەپ تۇرغان ۋىجىك، — سىز بۇ ھويلىغا نېمىگە كىردىڭىز؟ ۋەقە سىزنىڭ ھويلىڭىزدا سادىر بولسا، باشقا گەپ ئىدى.

تەنەباي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى، كىرگۈچىلەرنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەقلى يەتمەي، كولۇشكەن ھالدا ھويلىدىن چىقىپ كېتىشتى. باي يەنە يالغۇز قالدى. ئاخىر، چارىسىزلىق ئىچىدە يىغلىغۇدەك بولۇپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— جېنىم ئۇكام، تىللالىرىمنى قايتۇرۇپ بەر!

— تىللالارنى مەن سىزدىن سورىمىغان، شۇنداقمۇ؟ — دېدى

مېھمان يەنە جاھىللىق بىلەن.

— ياق، ياق.

— ئۇنداقتا ماڭا نېمىشقا چاپلىشىۋالىسىز؟

— ئىنساب، ئۇكا، ئىنساب!

— ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئىنسابلىق بولۇڭ، ئاندىن مەندىن ئىنساب سوراڭ!

— قازىنىڭ ئالدىغا بارىمىز! — دېدى تاقىتى تاق بولغان باي ئاخىرقى قارارىنى جاكارلاپ.

— تەخسىر، مەن قازى ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا بېرىشتىن قورقمايمەن، — مېھمان تەزىم بىلەن ئېگىلدى، — بەجانىدىل بارىمەن. لېكىن بىر ئەندىشەم باردۇر.

— نېمىدىن ئەندىشە قىلىسەن؟

— قازى مەنسەپ جەھەتتىن ھاكىم بىلەن تەڭدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇ شەھەرنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن — ھۆرمەتلىك زات! ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا مۇشۇ سەپەر چاڭلىرى قونغان كىيىملەر بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلالمايمەن. ئەگەر، مۇشۇ ھالەتتە بارسام، بىرىنچىدىن، ئۆزۈم ئۇيۇلىمەن، ئىككىنچىدىن، بۇ ئىشىم ئۇ زاتقا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولماسمۇ، تەخسىر؟

تەنەباي رەقىبىنى مات قىلغان ئادەمدەك ئالدىراپ ئەقىل كۆرسەتتى:

— بۇنىڭدىن ھەرگىز ئەنسىرىمە، ساڭا ئۆزۈمنىڭ مېھمانغا بارغاندا كىيىدىغان كىيىملىرىمنى بېرىمەن، بولامدۇ؟

— ئېلىپ چىقىڭ! — دېدى مېھمان. باي تېزلا ئۆيگە كىرىپ، بىر يۈرۈش كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ چىقتى. مېھمان ئۇنى كىيىۋېلىپ:

— كىيىمىم ياراشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى باينىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ياراشتى، — دېدى باي زەردە بىلەن.

— ياراشقان بولسا، ئەمدى يەنە بىر مەسىلىنى ھەل قىلساق، — دېدى مېھمان، — ئېشىكىم ئۇزاق يول بېسىپ بەك چارچاپ كەتتى. شەھەرگىچە يېتىپ بارالىشى تەسرەك. يەنە بىر جەھەتتىن قازى ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېشەك بىلەن بېرىش ئەدەپسىزلىك ئەمەسمۇ؟ ئېشەكنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرىگە ناخۇش پىكىر كەلمىسۇن دەيمەن - دە. سەمەن يورغا مىنىپ بېرىلسا، بۇ — قازى جانابلىرىغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

— ساڭا سەمەن يورغامنى بېرىپ، ئۆزۈم پىيادە بارىمەنمۇ، بەچچىغەر؟

— بىرىنچىدىن، مەن سىزنى زورلىمىدىم، ئىككىنچىدىن، سىز مېنى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئالدىرىتىۋاتىسىز، ئۈچىنچىدىن، ئەگەر سىز ماڭا سەمەن يورغىڭىزنى بەرسىڭىز، بويتۇ، سىز مېنىڭ ئېشىكىمنى مىنىپ بېرىڭ. ھەر ھالدا قازى ھەزرەتلىرى بىلەن يېقىنچىلىقىڭىز بولغاچقا، ئۇيات بولماس. يېقىن - يورۇقلار بىر - بىرلىرىگە كەچۈرۈملۈك بولار. ئاتنىڭ تېپىكىنى ئات كۆتۈرىدۇ، دېگەن گەپ بارغۇ!

ئەگەر تەلەپنى رەت قىلسا، بۇ جاھىل مېھمان گېپىدىن يېنىۋالىدىغاندەك قىلىدۇ. تەنەباي نائىلاج رازى بولدى ۋە ھويلىسىغا كىرىپ، يېقىندىلا يۈز تىللاغا سېتىۋالغان سەمەن يورغىسىنى يېتىلەپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئەيىبدار ئاتتا، دەۋاگەر ئېشەكتە يولغا چىقتى. ئات ئالدىدا، ئېشەك كەينىدە، گويا ئەيىبدار دەۋاگەرنى قازىخانىغا يېتىلەپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. مېھمان دىمىقىدا قەدىمىي بىر ناخشىسىنى غىڭشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى شاكىر چولاقنىڭ ساتىراشخانىسىدا نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغانلارمۇ، چوڭ كۆل بويىدا سالقىنداۋاتقان قېرىلارمۇ كۆردى، لېكىن باينىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش ئەدەپتىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئۈندىمەي قېلىشتى.

مۇستاپا يىقىندىكى بىغىغا ئەمەس، يىراقتىكى دالاغا كەتكەن ئىكەن. ئۇ قىشلاققا كىرىش ئىغىزىدا ئەزىز مېھماننى كۆرۈپ، ھەيرەتتىن ياقىسىنى تۇتتى.

— يول بولسۇن، مېھمان! — دېدى ئۇ بىردە ئىشەك ئۈستىدە ناقولاي ئولتۇرۇۋالغان بايغا، يەنە بىردە ئاتتا كېرىلىپ ئولتۇرغان مېھمانغا قاراپ، — ئىشىكىڭىز ئاتقا ئايلىنىپ قالدىمۇ؟

— باي ئاتا ھىممەت قىلدى، — دېدى مېھمان بايغا كۆز قىسىپ قويۇپ، — سىلەر باي ئاتىدىن زارلىنىسىلەر، لېكىن بۇ كىشى قولى ئوچۇق ئادەم ئىكەن. مېنى كىيىندۈرۈپ قويغىنى يەتمىگەندەك، مىنىشىمگە سەمەن يورغىسىنى بېرىپ، شەھەر ئايلاندۇرغىلى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇستاپا تاغا، سىز كەچلىكىمىز ئۈچۈن تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېرىڭ، مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن. ئوبدان سۆھبەتلىشىمىز تېخى.

— خوپ، خوپ، — دېدى مۇستاپا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمەي، — كېلىڭ، كېلىڭ... باش ئۈستىگە... كۈتىمەن!...

# بەشىنچى باب

## مۇتتەھەم دەۋاگەر

باي ئۈچۈن قىشلاقتىن چىقىش ناھايىتى قىيىن بولدى. ئۇياتتىن يەر يېرىلمىدى، مىنگەن ئېشەك بىلەن بىرگە يەرگە كىرىپ كەتمىدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، يېنىدىكى ئاتتا گىدىيىپ كېتىۋاتقان ناتونۇش ئادەمنى قارغاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چوڭ يول بويىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەنەباينى ياخشى تونۇغاچقا، پات ـ پات ئۇنى چېقىۋېلىشتى.

— ھەي، باي ئاتا، كۈنىڭىز ئېشەككە قالدىمۇ؟ — دېدى بىر ئەپتى كۆرۈمسىز تونۇشى ياپتا گەپ قىلىپ. ئۇ ناھايىتى زوقلىنىپ كۈلۈپ قويدى، — بۇ ئېشەكنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟

بۇ گەپ باينىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتكەندەك بولدى. ئۇ لايىقىدا جاۋاب تاپالماي:

— ئىشىڭ پۈتكۈچە ئېشەك بىلەن مۇرەسسە قىلىدىغان گەپكەن، — دەپ گەپنى تۈگەتتى. ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان ئادەم گەپنىڭ بىر ئۇچىنىڭ ئۆزىگە تېگىۋاتقانلىقىنى پەملەپ:

— ھەممە ئۆز قوۋمى بىلەن تېز تىل تېپىشىدۇ ـ دە، — دېدى گەپنىڭ تېگىنى باي تەرەپكە بۇراپ، — بۇ تەخسىرىم ئېشەكنىڭ تىلىنى ياخشى چۈشىنىدىكەن، سۇلايمان پەيغەمبەردىن دەرس ئالغانمۇ ـ نېمە؟

ئەپتى كۆرۈمسىز ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. باينىڭ يۈزى «ھۆپپىدە» قىزاردى. ئەمما ئۇ غەزەپلەنسىمۇ، نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئىزادىن نەپسى قىسىلىپ، پېشانىسىدە مونچاق

ـ مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى بوشاتسىمۇ، ئەركىن نەپەس ئالالماي قالدى. بارا ـ بارا پۈتۈن بەدىنى تەرلەشكە باشلىدى.

قىشلاق ئاستا ـ ئاستا ئارقىدا قالدى. بايىنىڭ كۆكرىكىگە شامال تەگكەندەك بولغاندى، ئالدىدىن قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغان ئورۇق ئۆكۈز يېتىلىگەن تېتىككىنە چال ۋە قولىدا تالىنىڭ ئىنچىكە نوتىسى بىلەن يېتىلىگەن ئۆكۈزنىڭ ئارقىسىدىن پات ـ پات ئۇرۇپ بېرىۋاتقان يىگىت چىقتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئاتلىقنىڭ گەپخۇمارلىقى تۇتقاندەك بولدى. ئېشەك ئۇستىدىكى باي چالنى تونۇدى. بۇ قىشلاقتىكى ھالۋىپەز سالار كوسا ئىدى. سالار كوسىمۇ باينى تونۇدى ۋە سالام بەرگەچ يولىنى داۋام قىلدى. يىگىت بولسا پېتىنى بۇزماي بىر خىلدا قولىدىكى چىۋىق بىلەن ئۆكۈزنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ قوياتتى، ئۆز خىياللىرىغا بېرىلىپ كەتكەن بولغاچقا، «ئىككى ئاتلىق» قا سالاممۇ بەرمىدى. ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكى ئاتلىققا ھار كەلدى.

— ئۆكۈزنى ساتقىلى ئېلىپ ماڭدىڭىزمۇ، تاغا؟ — دەپ سورىدى ئاتلىق تۇيۇقسىز.

— نەدىكى بازار، موللا! — دېدى سالار كوسا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئاتلىققا قاراپ، — دالادا ئازراق يېرىمىز بار، شۇنى ھەيدەپ كېلەيلى، دەپ دادا ـ بالا ئاشۇ ياققا كېتىۋاتىمىز.

— مەن بازارغا ساتقىلى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن.

— بازارغا بارغان بولساق، تاڭ سەھەردە ماڭاتتۇق، موللا.

— بۇ يىگىت ئوغلىڭىزمۇ، تاغا؟

سالار كوسا ئوغلىنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقىنىنى خۇددى ئەمدىلا بايقىغاندەك ئارقىسىغا بىر قارىۋالدى ـ دە:

— ھەئە، يالغۇز ئوغلىمىز، تېخى ئەمدى يەلكەمگە چىقىپ ئوينايدىغان، بوگۇن چوپچوڭ بولۇپ قالدى. بۇنى ئۆيلۈك قىلمىد-

ساق، قولاق ـ مېڭەم تىنچىمايدىغان چېغى، ــ دېدى.
ــ خوتۇن ئېلىپ بېرىڭ، دەۋاتامدۇ؟ ــ دېدى ئاتلىق يىگىتكە قاراپ، يىگىت دومسىيىپ قويدى.
بايىنىڭ تاقىتى تۈگەپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. سالار كوسا بولسا ھېچ گەپتىن خەۋىرى يوق، ئەزمىسىنى ئېزىۋەردى:
ــ بۇ ئەمەس، ئانىسى ئالدىراۋاتىدۇ. «مەن قاچان كېلىنگە ئىش بۇيرۇيمەن؟» دەپ مېڭەمنى يەپ كەتتى. «بولدى قىل خوتۇن، ھازىر قولىمىز قىسقا. بۇ ئىشنى كېيىنكى يىلغا قالدۇرايلى» دېسەممۇ پايدىسى بولمايۋاتىدۇ. بۇ ئوغلىمىزنىڭ قولىدىمۇ ھۈنىرى يوق تېخى. خوتۇن ئېلىپ بەرسەك ئۇنى قانداق باقىدۇ، ئانىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئىشى يوق. شۇنىڭغا بېشىم قاتماقتا. ئازراق يېرىمىز بار، شۇنى ھەيدەپ، بىر سىقىم ئۇرۇق چاچسام، بۇ ئۆكۈزنىڭ ئۆزىگە يېمەك بولار، دەپ كېتىۋاتىمىز ـ دە، موللا.
ــ ئۆكۈزنىڭ بىرىنى سېتىڭ تاغا، ــ دېدى ئاتلىق، ــ پۇلىغا توي قىلىڭ! ئۆكۈز تېپىلىدۇ، ئۇنىڭغىچە ئوغۇل خوتۇنلۇق، يەڭگە كېلىنلىك بولىدۇ، سىزنىڭ بولسا قۇلىقىڭىز تىنچىيدۇ. كېيىن مال ئۇچۇن دەپ يەر ھەيدەپ يۈرمەيسىز. قانداق دەيسىز، گېپىم توغرىمۇ؟
سالار كوسا ئاتلىقنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى.
ــ گېپىڭىزدە جان بار، موللا، ــ دېدى چال ئوغلىغا بىر قارىۋېلىپ، ــ بۇنىڭ خىيالىمغا كەلمىگىنىگە قاراڭ. ئۆكۈزنى سېتىپ، «ئۆكۈز» گە خوتۇن ئېلىپ بەر، دەۋېتىپسىز ـ دە سىز؟
بۇ چاغدا يىگىت پىخىلداپ كۈلۈپ كەتكەنىدى، سالار كوسا ئۇنىڭغا ئالايدى:
ــ ھە، نېمە بولدى؟ خوتۇن دېسە، قۇلىقىڭنىڭ تۆشۈكى چوڭىيىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟
ــ بۇرادەر، ئاتنى ھەيدەڭ، بۇ مېڭىشىمىزدا مەنزىلگە قاچان يېتىپ بارىمىز؟ ــ دېدى تەنەباي ئاتلىققا قاراپ.

— بارىمىز ـ دە باي ئاتا، ئالدىراپ نېمە قىلاتتۇق؟ — دېدى ئاتلىق بىپەرۋالىق بىلەن ۋە چالدىن يەنە سوئال سورىدى، — تاغا، دېھقانچىلىقتىنمۇ باشقا كەسپىڭىز بارمۇ؟

— دېھقانىنىڭ تاپقىنى نېمە بولاتتى، قۇمدۇرا! — دېدى سالار كوسا زارلاپ، — ئالىقىنىڭغا ئالساڭ، بارمىقىڭ ئارىسىدىن سىيرىلىپ چۈشىدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ھالۋىپەزلىك قىلىپ كېلىۋاتىمەن، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ نەپ كەم. ئۇن بولسا، ماي تېپىلـ ـمايدۇ، تۇز تېپىلسا، ئۇنىڭغا شېكەر يوق...

— ئەجەبا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىر ـ ئىككى تەڭگە ئاشۇر ـ مىدىڭىزمۇ؟ ھالۋىدىن بىرەر نېمە قېلىشى كېرەككۇ؟

— نېمە قالاتتى؟ قولنىڭ مايلانغىنى قالىدۇ ـ دە.

— ئىشقىلىپ بىر نېمە قالىدىكەنغۇ، بۇرادەر.

— قالىدۇ، قالىدۇ، — دېدى چال بىر گەپنى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ، ئۇ ئوغلىغا قاراپ قويدى، — قالغىنى مانا شۇنىڭ تامدـ قىدىن ئاشمىدى. بىر چۈجىگىمۇ سۇ ھەم دان كېرەك. بەزىدە ياغمۇ، ئۇنمۇ تېپىلىپ قالغاندا، ئۆزۈم بولالماي قالىمەن. ياشىنىپ قېلىش دېگەن قۇرۇسۇن، بەزى ۋاقىتلاردا ئايلاپ كۆرپىگە مىلىنىپ ياتىمەن، موللا.

سالار كوسىنىڭ ئىچى دەرد بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن، گېپى سوزۇلۇپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ گېپىنىڭ تولىلىقى يىگىتنىڭمۇ ئىچىنى پۇشۇردىمۇ ياكى باشقا بىرەر سەۋەبى بارمۇ:

— تاغا، — دېدى ئۇ ئاتلىققا قاراپ، — ئۆكۈز ھەققىدىكى گەپتىن چەتنەپ كەتتىڭىز. ئاتامنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چاتاق، ئەگەر مالال كەلمىسە، ئۆكۈز ھەققىدىكى گەپنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىپ قويۇڭ.

— ئىبسىگە بارىكاللا! — دېدى ئاتلىق كۈلۈپ كېتىپ، — ھېلىمۇ ئۆكۈز ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمىزغۇ، يىگىت، ياكى پەمىڭ ھېلىمۇ يەتمەيۋاتامدۇ؟...

سالار كوسىنىڭ يولى ئايرىلمىغاندا، بۇ سۆھبەتنىڭ ئايىغى يوق ئىدى...

قالغان ئىككىيلەن يەنە يولنى داۋام قىلدى. ئۇلار خېلىغىچە جىم مېڭىشتى. قۇياش نۇرى ئەتراپنى قىزدۇرۇشقا باشلىدى. ئاتلىق بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاندى، تەنەباي مىت قىلمىدى.

— قۇياشنى قاراڭ، پېشىن بولماستا كۆيدۇرىمەن دەۋاتىدۇ! — دېدى ئاتلىق يەنە ئېغىز ئېچىپ، — ئۇدۇل باشقا ئۇرۇلۇۋاتىدۇ - دە، بۇ ئىسسىق...

— مېنىڭ بېشىمغا ئىسسىقلىق ئۇرۇلۇۋاتقىنى يوق، — دەپ غودۇڭشىدى تەنەباي.

— توغرا، — دېدى ئاتلىق، — قۇياش نۇرى سىزگە تېخى يېتىپ بارمىغان. لېكىن مېنى قىزدۇرۇۋاتىدۇ.

— نېمىشقا سېنى قىزدۇرىدۇ ئەمدى، ماڭا يېتىپ كەلمىگەن قۇياش نۇرى؟

— سىز ئېشەكتە — تۆۋەنرەكتە، مەن ئاتتا — قۇياشقا يېقىنراقمەن.

— گەپ ئىسسىقتىمۇ، سوغۇقتىمۇ ئەمەس، — دېدى تەنەباي ھومىيىپ، — ھەممە گەپ ئادەمنىڭ ئۆزىدە.

— نېمىشقا، تەخسىر؟

— ئادەم دېگەن قىشتا سوغۇق دەپ، يازدا ئىسسىق دەپ نالە قىلىدۇ. ئەمما نە ئىسسىققا چىدىسۇن، نە سوغۇققا...

— لېكىن يازنىڭ بىر كۈنى قىشنىڭ ئۈچ كۈنىگە تەڭ كېلىدىكەن، شۇنىڭغا ئىشىنەمسىز، تەخسىر؟

— ياقەي! — دەپ ئەجەبلەندى تەنەباي.

— ياق ئەمەس! مەن بۇنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئېيتىۋاتىمەن، — دېدى ئاتلىق ھەمراھىنى يەنە ھەيرەتكە سېلىپ، — قىشتا كىيىممنى يۆيۈپ ئېلىپ قويسام، ئۈچ كۈندە ئاران قۇرىدى. ئەمما يازدا بولسا بار - يوقى بىر نەچچە سائەتتە قۇرىدى. شۇنىڭدىن بىلدىم-

كى، قىشتىن كۆرە يازنىڭ كۈنلىرى خېلى ئۇنۇملۇك ئىكەن...

تەنەباي ھەمراھىغا نېمىدۇر دەپ جاۋاب قايتۇرماقچى ئىدى، بىردىن ئۇنىڭ ھەمراھ ئەمەس، رەقىب ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشۈپ، قاپىقىنى سىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاپىقى قايتا ئېچىلمىدى.

شەھەرگە كىرىش دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان نۆكەر ئۇلارنى توختىتىپ، شەھەرگە نېمە ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئىچكىرىگە كىرمەكچى بولسا، سېلىق تۆلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

— ئاتقا، ئېشەككە ۋە ئۆزۈڭلارغا سېلىق تۆلەيسىلەر! — دېدى دەرۋازىۋەن ئاتنىڭ باشبېغىدىن مەھكەم تۇتۇپ.

— ھېساب - كىتابنى تەخسىرىم قىلىدۇ، — دېدى ئاتلىق تەنەباينى كۆرسىتىپ، — مەندە توقسان توققۇز تىللا بار، لېكىن بۇ تىللالار ھازىرچە ئۆزۈمنىڭكى ئىكەنلىكى گۇمان بولۇپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر جەھەتتىن شەھەرگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كېلىۋاتقىنىم يوق. تەقسىرىم مېنى مەجبۇرلاپ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

تىللانىڭ گېپىنى ئاڭلىغان دەرۋازىۋەن تەمتىرەپ كەتتى:

— ئۇنداقتا شۇ تىللا ئۈچۈنمۇ سېلىق تۆلەيسىلەر!

— تەخسىرىم تۆلەيدۇ، چۈنكى تىللاغا ھازىرچە ئۇ كىشى دەۋا-گەر. ئەگەر، بۇ يەردە ئۇ دەۋاسىدىن ۋاز كەچسە، بارچە سېلىقلارنى ئۆزۈم تۆلەيمەن.

تەنەباي شۇنداق غەزەپلەندىكى، بەدىنىدىكى ھەربىر تۈك ئۆستىدىكى چاپاننى نەيزىدەك تېشىپ چىقاي دەپ قالدى. ئۇ تولغى-نىپ تۇرۇپ ھەميانىدىن تەڭگە چىقىرىپ، دەرۋازىۋەننىڭ قولىغا زەردە بىلەن تاشلىدى...

قازىخانا شەھەرنىڭ قىبلە تەرىپىدە — خۇش پۇراق ماللار سېتىلىدىغان بازارغا ئۇدۇل بىنادا ئىدى. بىنا ئالدىدا ئىككى تۈپ ئۈجمە بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئۇلاغلىرىنى شۇ دەرەخلەرگە باغلاپ، ئاندىن قازىخانىغا كىرەتتى. ئاتلىق بىلەن ئېشەكلىك

ئۇجمە دەرىخى تۈۋىدە ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈۋاتقاندا، ئۇلارنى يىراق-تىن كۆرگەن زامانئەلى دەسلەپ ئەجەبلەندى، كېيىن ئاستاغىنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى:

— خۇش كۆردۇق، تاغا! — زامانئەلى ئاۋۋال تەنەبايغا سالام بېرىپ، ئاندىن مېھمان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، — بۇ يەرگە سىزنى قانداق ئىش يېتىلەپ كەلدى؟

— ئادالەت، زامانئەلى، ئادالەت يېتىلەپ كەلدى بۇ يەرگە، — دېدى مېھمان زامانئەلىنى باغرىدىن بوشىتىپ، — باي ئاتام مېنى بۇياققا يېتىلەپ كەلدى.

— ئوغرىنىڭ ئادالەت سوراپ تۇرغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم! — باي غودۇڭشىغاچ قازىخانا ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى، — ئەگەر بۇ يالغانچى سىزگە دوست بولسا، ئابرۇيىڭىزنى تۆكۈپ يۈرگىنى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز قولىڭىز بىلەن جازالايسىز!

زامانئەلى يېرىم كۈن ئىچىدە ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە گەپ بولغانلىقىغا ئەقلى يەتمەي، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

قازىخانا سىرتىدىن قارىماققا كۆرۈمسىز كۆرۈنسىمۇ، ئىچكىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىدى. بىنا كىچىكرەك قوبۇلخانا، مۇلازىم-خانا ۋە قازى ئولتۇرىدىغان تۆردىكى خاسخانىلاردىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىلغانىدى. قازى ئولتۇرىدىغان خانىنىڭ تەڭ يېرىمى تىز بويى كۆتىرۈلۈپ سۇپا قىلىنغان، سۇپا ئۈستىگە ئىرانىي گىلەم سېلىنغان، قازى قەۋەت - قەۋەت شايى كۆرپىلەردە ئولتۇ-رۇپ، گاھ ئىككى يانپېشىدىكى ماموق تەكيىلەرگە يانپاشلاپ، گاھ ئالدىدىكى چوڭ شىرەگە باغرىنى يېقىپ، ئەرزدارلارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلايتتى.

زامانئەلى ئەرزدارلارنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرگەندە، قازى تەنەباينى تونۇپ، ئورنىدىن قوزغالماقچى بولغانىدى، باي ئىلدام بېرىپ، ئۇنى قوزغالماسلىققا ئۈندىدى ۋە يەلكىسىدىن بېسىپ،

قوش قوللاپ سالام بېرىپ:

— ئاۋارە بولمىسىلا، تەخسىر! — دېدى ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى. قازى «ئەيىبدار» نىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ، بۇمۇ شەھەر-گە تەشرىپ قىلغان بايلاردىن بىرەرى بولسا كېرەك دېگەن ئويدا، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۆرۈشتى. «ئەيىبدار» مۇ قازىنىڭ ئۇدۇ-لىدا ئولتۇردى. تەنەباي دۇئا - پاتىھەدىن كېيىن تەككەللۇپ بىلەن گەپ باشلىدى:

— قازى ھەزرەتلىرى، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز، سىزنىڭ مۇبا-رەك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويىدىغان بولدۇق...

ناھايىتى سېمىز، يۇزلىرى پارقىراپ تۇرغان، قىزىل ساقال-لىق، بېشىدا ئىراق ماتاسىدىن ئورالغان سېۋەتتەك سەللە، يەڭلىرى كەڭ زەرباب تون كىيىۋالغان قازى قېلىن قاشلىرىنى ئازراق كۆتۈرۈپ، تەنەبايغا «نېمە گەپ؟» دېگەن مەنىدە قارىدى.

تەنەباي گېپىنى «ئېيتىشقا ئەرزىمەيدۇ» دەپ باشلىغان بولسى-مۇ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى قوشۇپ - بېيىتىپ بايان قىلدى. «ئەيىبدار» ئۇنىڭ گېپىگە ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمەي، جىمجىت ئولتۇرۇۋەردى. قازى يېقىنىنىڭ ئەرزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

— گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— گۇۋاھچىم يوقتۇر، — دېدى تەنەباي، — لېكىن بالامنى شىپە كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىمەنكى، ئاشۇ توقسان توققۇز تىللا مېنىڭكىدۇر! بۇنىڭغا يالغۇز ئاللا شاھىتتۇر! ئۇ تىللالار مېنىڭ پېشانە تەرىمدۇر!

باينىڭ ئاخىرقى گېپى «ئەيىبدار» غا ياقمىدى:

— پېشانىڭىز ئاش يېگەندە تەرلىگەندۇر، لېكىن مېھنەت قىلىپ تەرلىگەندەك تۇرمايدۇ، سىز ئۆزگىلەرنىڭ پېشانە تەرىنى قۇرۇتۇشقا ئۇستا، — دېدى دىمىقىنى قېقىپ.

— مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا يامان گەپ قىلىنمىسۇن! — دېدى قازى

«ئەيىبدار» نىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — باي بولۇش ئەيىبمۇ؟

— كەمبەغەللىكمۇ ئەيىب ئەمەستۇر، تەخسىر! — دېدى «ئەيىبدار» «گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما» دېگەندەك يول تۇتۇپ، — بۇ كىشى بايمەن دەپ ئىگەمنىڭ مەرھەمىتىگە داخىل بولغان مەندەك بەندىنىڭ رىزقىنى تارتىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ، مالامەت تاشلىرىنى ئاتماقتا. بىر بەندەئى مۆمىنىنىڭ تىلەپ ئالغان تىللالىرىنى باشقا بىر بەندە مېنىڭكى دېيىشى مۇسۇلمانچىلىقمىنمۇ، تەخسىر؟

— ئەلۋەتتە مېنىڭكى ـ دە! — تەنباي ئاچچىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئادەمزات يارىتىلغاندىن بۇيان بىرەر قېتىم ئاسماندىن تىللا ياغقانلىقىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟

«ئەيىبدار» بايغا ئوخشاش تەرلەپ ـ پىشمايىتتى، ھەربىر گېپىنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن بايان قىلاتتى. بۇ ھالەتتىن باينىڭ غەزىپى تېخىمۇ قوزغىلاتتى.

— باي ئاتىغا قويۇپ بەرسىڭىز، ئۇستۇمدىكى مانا مۇشۇ كىيىم ـ كېچەكنىمۇ مېنىڭكى دېيىشتىن ئۇيالمايدۇ، — دېدى «ئەيىبدار» خاتىرجەملىك بىلەن. تەنباي بولسا تېزىغا مۇشتلىدى:

— ئەلۋەتتە، مېنىڭكى ـ دە!

— ئەنە، — دېدى «ئەيىبدار» تېخىمۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، — كۆردىڭىزمۇ، قازى جانابلىرى! ئەگەر ئۇستۇمدىكى كىيىم ـ كېچەك مۇشۇ كىشىنىڭ بولسا، مەن كوچىدا يالىڭاچ يۈرگەن دىۋانە ئىكەنمەن ـ دە؟ تېخى سەل تۇرۇپ بۇ ئادەم كوچىدىكى ئۇجمىگە باغلاپ قويۇلغان سەمەن يورغامنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىشتىن يانمايدۇ.

— ئەلۋەتتە! — دېدى باي قولىنى مۇشت قىلىپ «ئەيىبدار» غا تەڭلەپ، — مەن ئۇ سەمەن يورغىنى قارىكۆلنىڭ پەيشەنبە بازىدا بىر تۈركمەندىن يۈز تىللاغا سېتىۋالغان!

قازى قازىلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان بۇنداق

مەسىلىگە تۈنجى قېتىم دۇچ كېلىشى ئەمەسمۇ، قانداق تەدبىر قوللىنىشنى بىلمەي، ئارىسالدى بولۇپ قالدى. «ئەيىبدار» نى ئەيىبلەي دېسە، گۇۋاھچى يوق، يېقىنىغا يان باساي دېسە، تۇتامغا چىققۇدەك باھانە يوق. ئاخىر تەنەباينىڭ تىترەۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

— تەنەباي، ئاچ كۆزلۈكىڭىزنى قويمىدىڭىز- دە! — دېدى قازى قولىدىكى تەسۋىنى شاراقلىتىپ تۇرۇپ، — بىر بەندەئى مۆمىنگە شۇنچە تۆھمەت چاپلاش توغرا ئىش ئەمەس.

«ئەيىبدار» قازىنىڭ گېپىدىن روھلىنىپ:

— تاشقىرىدا تۇرغان ئاتنىڭ يېنىدا بىر ئېشەكمۇ باردۇر. باي ئاتىدىن سوراڭ، شۇ ئېشەكمۇ ئۇ كىشىنىڭمۇ؟ — دېدى تاشقىرىغا ئىما قىلىپ.

تەنەباي چۈشەندىكى، قازىنىڭ ئۇنىڭغا يان باسقۇسى يوق، قارىغاندا، ئارقىدىن ھەممە نەرسىدىن، ھەتتا ئېشەكتىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئېشەك مېنىڭكى! — دېدى تەنەباي جىددىيلىك ئىچىدە. ياندا پۇتۇكچىلىك قىلىپ تۇرغان مۇلازىم بىردىن بېشىنى كۆتۈردى:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، باي ئاتا؟ — دېدى ئۇ ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ، — ئېشەك يېنىڭىزدا ئولتۇرغان مېھمانىڭىزنىڭكىغۇ! مانا مەن گۇۋاھ، مېھمان كوزىچىغىچە شۇ ئېشەكتە كەلدى. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. گېپىمگە ئاشۇ قىشلاقتىكى چايخانىچى پەرمان ئاكىمۇ گۇۋاھ بولالايدۇ.

«نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى تەنەباي. ئۇنىڭ بېشى تۈگمەن تېشىدەك چۆرگىلەپ كەتتى. خىيا-لىدا تۈۋى يوق يالىققا غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك بولدى:

— ئەي خۇدا! — ئاھ ئۇردى ئۇ، — ئېشەكمۇ مېنىڭ بولماي قالدىمۇ ئەمدى؟ ئۇنداقتا مەن كىمنىڭكى؟

«ئەيىبدار» دەۋاگەرنىڭ تىلىدىن تۇتتى:

— مانا، قازى جانابلىرى، ئاڭلىدىڭىزمۇ! ئۆز ئىگىسىنى تونۇ-مىغان ئادەمنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر دۇنيادا ئادا-لەت بولسا، ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭ!

قازى تەنەباينى پۈتۈنلەي تەنتەككە چىقىرىپ دېدى:

— تەنەباي، سىزدە ئىنساب قالماپتۇ، خۇدانى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويۇپسىز! شەھىرىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەن بىر مۇساپىرنىڭ ئالدىدا مەندەك بىر ئابرۇيلۇق قازىنى، بولۇپمۇ ئۆزد-ڭىزنى شەرمەندە قىلدىڭىز! ئەمدى بۇ بۇرادىرىمىز شەھىرىمىزنىڭ پۇقرالىرى ھەققىدە نېمە دەپ ئويلايدۇ؟ قېنى، ئۇستىڭىزدىن ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئېتىكىڭىزنى يېپىپ، قىشلىقىڭىزغا كېتىۋېلىڭ! بۇنى مېنىڭ سىزگە كۆرسەت-كەن مۇرۇۋۋىتىم دەپ بىلگەيسىز!

كېيىن قازى «ئەيىبدار» غا قاراپ ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىدى:

— سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، مېھمان! ئويلايمەنكى، بۇ ۋەقە يۈز بەرمىدى، سىز بۇ يەرگە كەلمىدىڭىز، بىزمۇ سىزنى كۆرمىدۇق!

ئىش ئۆزىنىڭ پايدىسىغا ھەل بولغىنىدىن خۇرسەن بولغان مېھمان قازىغا تەشەككۇرىنى بىلدۈردى:

— بىر زامانلار بۇ شەھەردە ئادالەت بىلەن قازىلىق قىلغان سىببەۋەيھ ئىبن ئابدۇلئەزىز ئەل بۇخارىي ئەن نەھۋىينى ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئويلىغانىدىم. ياق، ئۇ زاتنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغانلار بار ئىكەن. بۇلارنىڭ بىرى سىز!

قازى ئۇ زاتنىڭ ئىسىم - شەرىپىنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك، «كىم بولغىيتتى ئۇ؟» دېگەندەك قېشىنى كۆتۈردى. مېھمان بۇ سوئالنى دەررۇ چۈشەندى:

— ئۇ زات بۇخارادا قازىلىق قىلغاندا خەلقنىڭ ئىككى دەرھەم ھەققىگىمۇ ئادالەتسىزلىك قىلمىغانىكەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

بۇ ماختاشتىن قازىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ:

— ئىككى دەرھەممۇ كۆپلۈك قىلىدۇ، بىز تېرىقچىلىكمۇ چەبىر قىلمايمىز، — دەپ كېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قازى بۇ كىشىنىڭ ئىلتىپاتىغا يەنە بىر قېتىم تەسەننا ئېيتىپ، مۇلازىمىغا ئۆزىتىپ قويۇشنى جېكىلىدى. مېھمان مۇلازىمغا ئەگىشىپ تاشقىرىغا چىقىپ، بۇرادىرىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى:

— زامانئەلى، ئىنىم، — دېدى ئۇنى باغرىغا قاتتىق بېسىپ، — ئەمدى قايتىدىن تونۇشتۇق،ۋالايلى، كەمىنىنىڭ ئىسمى نەسىردىن، يەنىمۇ ئېنىقراقى — نەسىردىن ئەپەندى. سەل - پەل يالغان گەپ قىلىپ تۇرمىسام بەدىنىمگە قىچىشقاق ئۆرلەپ كېتىدۇ.

— ھە! — دېدى زامانئەلى تېزلىكتە ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇپ، — ئۆزۈممۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. بۇنداق ئىشلار پەقەت سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىشى مۇمكىن. ئاھ، سىزنىڭ كۈلكىلىرىڭىزنى بۇخارا خەلقى قانچىلىك ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكىنىنى بىلسىڭىز ئىدى! كۈلكىلىرىڭىزنى سېغىنغانىمىز! شەھىرىمىزگە خۇش كېلىپسىز!

— ئىنىم، مېنى كۆپ ماختىماڭ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى زامانئەلىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي، — ھازىرچە مېنىڭ نامىمنى سىر تۇتۇپ تۇرۇڭ. چۈنكى، تەنەباي ئاسانلىقچە تىنچىمايدۇ، ئۇ ئەمدى قىساس ئېلىشقا كىرىشىدۇ. مەن بولسام ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىمەن ۋە ئۇنى يەڭگەن كۈنۈمدە خەلقنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم چىقىمەن.

— ئىشنى نېمىدىن باشلىماقچىسىز، نەسىردىن ئاكا؟

— ئىشنى ئاللىقاچان باشلىدۇق، ئىنىم. سىزگە ھازىرچە مانا بۇ سەمەن يورغىنى ئامانەت قالدۇرۇپ، قەدىردان ئېشىكىم بىلەن كوزىچىغا قايتماقچىمەن.

— ئۇ يەرگە بارسىڭىز، تەنەباينىڭ چاپارمەنلىرى سىزگە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

— ياق، ئۇنداق قىلالمايدۇ. مەن تەنەباينى قىشلاق چايخانىسىغا چاقىرىپ، قىشلاق ئەھلىنىڭ قەرزىنى ئۇنىڭغا تۆلەتكۈزىمەن. يەنە بىر جەھەتتىن مۇستاپا تاغىغا قايتىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، تائام قىلىشنى جېكىلەپ كەلگەنمەن.

— بۇ نىيىتىڭىزغۇ ياخشىكەن، لېكىن ھەيرانمەن، قانداق قىلىپ قىشلاق ئەھلىنىڭ قەرزىنى تۆلەتمەكچىسىز؟

نەسىردىن ئەپەندى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىسىپ، قۇۋلۇق بىلەن كۈلدى.

— تەنەبايدىن ئۇندۇرگەن توقسان توققۇز تىللانى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇۋېتىمەن، ئارا ئوچۇق بولىدۇ...

# ئالتىنچى باب

## پايدا ـ زىيانسىز بولماس

بۇ ئەۋلادتىن نامازخان تۆرىگە قەدەر بىرەر كىشى قازىلىق مەنسىپىگە مۇشەررەپ بولمىغانىدى. مۇھەممەد رىھىم ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىققاندا، بوۋىسىنىڭ بوۋىسى ساتىمخان تۆرە پەرۋانچى مۇقامىغا ئېرىشىپ، ياخشى خىزمىتى، سادىقلىقى، بىراۋنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىشنى نومۇس بىلىدىغانلىقى، جۈملىدىن راستچىللىقى بىلەن شاھنى سۆيۈندۈرۈپ، قازىكالانلىق لاۋازىمىغا لايىق كۆرۈلگەندە، نى ـ نى ئادەملەر ئېرىشەلمىگەن بۇ مەنسەپتىن ۋاز كېچىپ ھەممىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان، شۇ ۋاقىتتا ئادەملەر «بۇنىڭ ئەقلى جايىدىمىدۇ؟» دەپ كۈلۈشكەنىدى.

— ئەي ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، دۆلەت تۈۋرۈكى! مەندەك بىر قۇلىڭىزغا شۇنچىلىك مەرھەمەت كۆرسەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن بېشىم يەرگە تەگكىچە تەزىم قىلىمەن! — دېگەنىدى پەرۋانچى خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۆزرە سوراپ، — بېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى ماڭا قازىكالانلىق ياراشماس. ئەڭ مۇھىمى، بۇ نامۇكەممەل ئەقلىمىز بىلەن بىرەر بىچارەئى مۆمىنگە نالايىق ھۆكۈم چىقىرىپ، قېرىلىقىمىزدا ئاخىرىتىمىزنى كۆيدۈرۈپ قويارمىزمىكىن، دەپ قورقىمەن.

بۇ چاغدا مۇھەممەد رىھىم ساتىمخان تۆرە پەرۋانچىنىڭ ئېتىدىقادىغا ئاپىرىن ئېيتىپ:

— ئۇنداقتا بۇ مەنسەپكە كىمنى لايىق كۆرىسىز؟ — دەپ سورىغانىدى.

— بۇ مەنسەپكە سۇلتان ئەھمەد ئىبن زەرىف لايىقتۇرا! — دەپ تەزىم قىلغانىدى پەرۋانىچى.

پەرۋانىچىنىڭ بىر ئىغىز ھالال گېپى بىلەن سۇلتان ئەھمەد ئىبن زەرىف بۇخارانىڭ قازىكالانلىق مەنسىپىگە ئېرىشكەن ۋە پۇرسەت كەلگەندە پەرۋانىچىنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى دىلىغا پۈكۈپ قويغانىدى. «ياخشىلىق تېرىغان ئىسەنلىك ئورىدۇ» دېگەندەك، ياخشىلىق تېز پەيتتە مېۋە بەردى: يەنى قازىكالاننىڭ مۇھەممەد رېھىمگە بەرگەن مەسلىھەتى سەۋەبلىك پەرۋانىچىنىڭ ئوغلى باتۇرخان تۆرە ۋابكەند بەگلىكىگە نائىب بولۇپ كۆتۈرۈلدى. باتۇرخان تۆرەنىڭ تەبىئىتىدە ئازراق ساددىلىق، گوللۇق، ھەممە ئىشقا قارىغۇيۇق ئىشىنىدىغان ئىللەتى بولۇپ، شۇ ساددىلىقى سەۋەبلىك «بۆدۆنە» لەقىمىنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرغانىدى. نائىبنىڭ ئوغلى كازىمخان تۆرە ئەقلىنى بىلىپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولغاندا ئۆزىنى تىجارەتكە ئۇردى ۋە دانىيالبىي ئاتىلىق زامانىدا ماۋەرائۇننەھىردىكى مەشھۇر سودىگەر-لەردىن بىرىگە ئايلاندى. تۆت خوتۇندىن توققۇز قىز پەرزەنت كۆردى، ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، «شۇنچە يىغقان مال - دۆلىتىم كىمگە قالىدۇ؟» دەپ ئازابلىناتتى. ياراتقۇچىغا كۆپ - تۆنلەپ قىلغان دۇئاسى ئاخىر ئىجابەت بولۇپ، بەشىنچى خوتۇ-نىدىن، يەنى مىيانقاللىق مۆمىن تۆگىچىنىڭ قىزىدىن ئوغۇل پەرزەنت كۆردى، ئىسمىنى نامازخان تۆرە قويىدى. ئۆزى ئەزەلدىن ئاتىسىنىڭ دۆلىتىدە چوڭ بولغان ئوغۇل قازى بولىدۇ، دەپ دۇئا قىلىنغانمۇ، بۇخارا مەدرىسەلىرىدە دەرس ئالغان نامازخان تۆرە ئاخىر ئاتىسىنىڭ كۈچى بىلەن قازىلىق كۇرسىغا ئولتۇردى.

قازى ئۆزىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان، ئابرويىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىللەتنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، ھەممى-گە ئۆزۈم، ئۆز كۈچۈم بىلەن ئېرىشكەنمەن، دەپ ئۇرۇق - تۇغقان-لىرىنىڭ ياردىمى توغرىسىدا لام - جىم دېمەيتتى، ئۇنداق دېيىشنى

كۆڭلىمۇ خالىمايتتى. ئامىتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىگە بۇلۇت-لۇق كۆن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا دائىم ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك تىرىشچان، ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشقا تىرىشقانسېرى كالتا پەملىكى، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تارلىقى ھەممە خىسلەتلىرىنىڭ ساختىلىقىنى پاش قىلىپ قوياتتى.

زامانئەلى نەسىردىن ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ ئىچكىرىگە كىرگىنىدە، قازى يۈزىگە ساختا دانىشمەنلىك يوگۇرتۇپ، قىزغۇچ ساقىلىنى سىلىغىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ بېشىنى لىكىلدىتىپ ئولتۇراتتى. مۇلازىم ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ قەددىنى تىكلىدى.

— زامانئەلى، ئۇ چىرايلىق تونلۇق كىشى كىم؟ نەسىل - نەسەبىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندىنى نەزەردە تۇتۇپ.

زامانئەلى بىردەم جىم تۇردى - دە، كېيىن:

— نەسەبى غوجىلاردىن، ئۆزى مۇشۇ يەرلىك بىر سەرگەردان كىشىدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆزى سورىغان سوئالىنىڭ جاۋابىغا ئۇنچە دىققەت قىلمىغان قازى باياتىن بېرى دىلىنى چالغىتىپ تۇرغان ئويىنى شەخسىي پىكىر سۈپىتىدە مۇلازىمغا بايان قىلدى:

— ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ھەيپارلىق بارمىكىن، دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن. تەنەبايغا ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالدىمىكىن؟ بىر سەرگەردان كەلگىنىدىنى دەپ ئۆزىمىزنىڭ باغرىمىزنى يەر قىلدۇق. پىخسىق بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن قولى ئوچۇق ئىدى ئۇنىڭ. ئەسلىدە مەسىلىنى باينىڭ پايدىسىغا ھەل قىلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر ئىدى.

— شۇنداق ھۆكۈم چىقارسىڭىزمۇ بولاتتى، ئەمما... — دېدى مۇلازىم ۋە گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى.

قازى «نېمە ئەمما؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. زامانئەلى بىر يۆتىلىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئەمما، تەنەباينىڭ گۇۋاھچىسى يوقلۇقى چاتاق ـ دە!

— ئەستايىدىل ئىزدىسە...

قازىنىڭ ئەمدىلا باشلانغان گېپىنى ناھايىتى ئورۇق بىر ئادەم بىمەھەل كىرىپ ئۈزۈپ قويدى.

— ئەرز قىلىپ كەلگەنىدىم، قازى ئۇستاز، — دېدى قاتما كىشى بوسۇغىدا تۇرۇپ تەزىم قىلغاچ. قازىنىڭ چىرايى پۈرۈشتى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— ئەرزىڭىز نېمىكەن؟ — دېدى قازى ھومىيىپ، — يېزىپ كەلدىڭىزمۇ؟

ھېلىقى كىشى جاۋاب بېرىش ئورنىغا چاڭ قونۇپ كەتكەن مەسە كالىچىنى يەرگە ئىككى ئۇرۇپ توپىسىنى قاققان بولدى ـ دە، ئىچكىرىگە كىرىپ گىلەم ئۈستىگە ئولتۇردى. ئاندىن بىر ئىلىك قەغەزنى قازىنىڭ قولىغا سۇندى.

— مەھەللىمىزدىكى مىرزىغا ئازراق ئۈزۈم بىلەن ئىككى قاداقچە قاق بەرگەنىدىم، مۇشۇ خەتنى قىلىپ بەردى، — دېدى ھېلىقى كىشى تامشىنى قىرىپ قويۇپ.

ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز زامانئەلىگە كۆزى چۈشتى ۋە بۇرۇن دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى:

— سىز ياخشى تۇردىڭىزمۇ، ئىنىم؟ بۇنداق ۋاقىتتا ئادەم ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىكەن، ئەپۇ قىلىڭ، سىزنى كۆرمەي قاپتىمەن.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، تاغا، — دېدى زامانئەلىمۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، — قانداق ئەرز بىلەن كەلدىڭىز؟

— غاپپار تاغىڭىز موزىيىنى ئوغرىلىتىپ قويۇپتۇ، — دېدى قازى قولىدىكى قەغەزدىن كۆز ئۈزۈپ، — غەپلەتتە قېلىپتۇ ـ دە.

— ھەئە، شۇنداق بولدى، ئىنىم، — دېدى غاپپار تاغا زامانئە ـ

لىگە باش لىڭشىتىپ.

— ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى ياخشى ئەتمىگەن ئىكەنسىز - ھە؟ — دېدى قازى.

— ياقەي... ئىشىكى مەھكەم ئىدى، تەخسىر، — دېدى غاپپار تاغا تېپىرلاپ، — سەھەر تۇرۇپ چىقسام...

قازى ئۇنىڭ گېپىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمايلا دېدى:

— تېمىڭىز پاكار بولسا كېرەك، كوچەپ بىر سەكرەپلا تامدىن ھويلىغا چۈشكەن، كېيىن موزاينى بىمالال يېتىلەپ كېتىۋەرگەن، شۇنداقمۇ؟ تامنى ئېگىزرەك قىلىش كېرەك ئىدى!

— ئوغرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشمىگەن...

— تامدىن چۈشمىگەن بولسا، قەيەردىن چۈشكەن؟

— ئېغىلىنىڭ ئارقا تېمىنى تېشىپتۇ.

— تېشىپتۇ؟ قىزىققۇ! ھويلىدا كوچۇك - پوچۇك يوقمۇ؟ كوچۇكسىزمۇ ھويلا بولامدۇ؟

— كوچۇك يوق ئىدى، سەھەر تۇرۇپ چىقسام...

— ئۇيقۇڭىزمۇ قاتتىق ئىكەن - دە، تاراق - تۇرۇقنىمۇ ئاڭلىماپسىز، تۆت ئاياغلىق موزاينى يېتىلەپ كەتسىمۇ بىلمەپسىز! ئادەممۇ ئۆلۈكتەك ئۇخلامدۇ؟ ھەممىسىگە ئۆزىڭىز ئەيىبلىك، ئادەمگە ئوخشاش ئۇخلاش كېرەك ئىدى! سىزگە بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى قازى ۋە تېخى ئېيتىلمىغان لەتىپىگە ئالدى بىلەن ئۆزى زوق بىلەن كۈلۈۋېتىپ، ئاندىن ھېكايىسىنى باشلىدى، — بىرسى جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپ كەچ قاپتۇ. شۇڭا بىر چوپاننىڭ ئۆيىدە قونماقچى بوپتۇ. ئۇ جاڭگالدا يىلان - چايان كۆپ دەپ ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۆيدە يېتىشتىن قورقۇپ، ئۆگزىگە چىقىپ، خۇددى ئۆيدىكى سۇپىدا ياتقاندەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئۇنىڭ سىرتقا چىققۇسى كېلىپ، قەيەردە ياتقىنى ئېسىدە يوق، ئىككى قەدەم تاشلىغانىكەن، «گۈس» قىلىپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ

كايپتۇ: «ئاناڭنى! تاس قالدىم ئۆلگىلى! بۇ خەندەكنى كىم قازغان بولغىيتتى؟»

قازى ئۆزىنىڭ ھېكايىسىگە ئۆزى كۈلدى. غاپپار تاغىنىڭ خىيالى باشقا ياقتا ئىدى، قازىنىڭ تېمىدىن چەتلەپ قىلغان گېپىدىنى ئاڭلىغۇسىمۇ يوق ئىدى، پەقەت قازىنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ زورىغا كۈلدى، لېكىن زورۇقۇشتىن چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى. زامانئەلى قازىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن مۇنداقلا كۈلۈپ قويدى. ئۇ كىچىككىنە بېشىنى بۆرتۈپ چىققان يەلكىلىرى ئارىسىغا تارتىپ، مۈشتەك بولۇپ ئولتۇرغان ئەرزدارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىناتتى.

— سىزمۇ سەھەردە تۇرۇپ قارىسىڭىز، تام تېشىلگەن! — دېدى قازى گويا ھەممە ئىشنى شۇ ۋەقەگە باغلىغاندەك. لېكىن خەندەك بىلەن تامنىڭ تۆشۈكى باشقا - باشقا گەپ ئىدى، — شۇنداق، ھەممىسىگە ئۆزىڭىز ئەيىبدار!

— توغرا، — دېدى غاپپار تاغا بېشىنى ئېگىپ، — ئۆزۈم ئەيىبدارمەن! لېكىن بىر ئىشقا ئەقلىم يەتمەي تۇرىدۇ.

— نېمىگە ئەقلىڭىز يەتمەي تۇرۇپتۇ؟ — دوق قىلدى قازى.

— بۇ ئىشتا ئوغرىنىڭ ئەيىبى يوقمۇ؟ — دېدى ئەرزدار ئاۋازىنى ئاران ئاڭلانغۇدەك چىقىرىپ. ئادەم قاتتىق ھاياجانلانغاندا ياكى تۇيۇقسىز قورققاندا، ۋە ياكى ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندا ئاندىن مۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. غاپپار تاغمدا بولسا، يۇقىرىقى ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەم ئىدى.

— «يېتكۈسى كەلگەن مالغا ئىگىسى سەۋەبچى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ بۇ ئىشتا سىزمۇ، ئوغرىمۇ بىردەك ئەيىبدار! ئوغرى ئوغرىلىغان، سىز ئوغرىلاتقان! ماڭا ئېيتىڭچۇ، ئوغرىنى تونۇمسىز؟

— ياق، — دېدى غاپپار تاغا تىلىنى قارلىغاچ چوقۇغاندەك تەمتىرەپ.

— بىرەرسىدىن گۇمانىڭىز بارمۇ؟ — سورىدى زامانئەلىمۇ.

— ياق، — دېدى غاپپار تاغا يەنىلا مىسكىن ئاۋازدا.

— موزىيىڭىز يېتىلىگەن ئادەمگە ئەگىشىپ كېتىۋېرەمتى؟ — دېدى قازى.

— بۇقا ئەمەسمۇ، يېتىلىسىڭىز كېتىۋېرىدۇ ـ دە.

— ئوغرى يېتىلىسىمۇ كېتىۋېرەمدۇ؟

— مال ئوغرى بىلەن توغرىنى پەرقلەندۈرەلەمدۇ؟

— ئۇنداقتا ئەيىب بۇقىدا ئىكەن! ئۇنى جازالاش كېرەك! سىزمۇ ئىزدەپ يېقىلىپ، بۇقا تېپىلسا، ئۇنى جازالايمىز!

— قانداق قىلىپ؟

— ئۇنى سويىمىز، گۆشى سىزگە، تېرىسى بىزگە، ۋەسسالام!

— ئوغرىنىچۇ؟

— سىزگە ئوغرى كېرەكمۇ ياكى بۇقىڭىزمۇ؟

— بۇقام!

— بولدى ئەمەسمۇ، بىز ئوغرىنى ئەمەس، موزايىنى ئىزدەيمىز! — دېدى قازى قەتئىي قىلىپ، — سىز ھەر ئىككى كۈندە بىر خەۋەر ئىگىلاپ تۇرۇڭ!

غاپپار تاغا قازىنىڭ گېپىنى «ئەتە كېلىڭ، مېلىڭىزنى ئېلىپ كېتىسىز» دېگەندەك ئاڭلاپ قالدىمۇ:

— ئەتە چوقۇم كېلىمەن، — دېگەچ ئورنىدىن تۇردى ۋە قازىغا سالام بەرگەچ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— ئەمدى بۇنداق قۇرۇق كەلمەڭ ـ ھە! — دېدى قازى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن. غاپپار تاغا بولسا:

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىپ.

قازى توم بويىنىنى قول ياغلىق بىلەن سۈرتكەچ دېدى:

— قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا، قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماس...

قازىنىڭ تەمەگەرلىكىدىن زامانىئەلى قانتى كۆيگەن كېپىنەكتەك تېپىرلاپ كەتتى، لېكىن غوجايىنىغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىن ئۆزى ئۆيالدى، كۆز ئالدى

قاراڭغۇلىشىپ، چوش كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ۋە قايتا ئاچقاندا، ئالدىدا قازى ئەمەس، ئاللىقانداقتۇر بەتبەشىرە مەخلۇق تۇرغاندەك بولدى...

— بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى غەلىتە كۈن بولدى ـ دە، — دېدى قازى ئۇھ تارتىپ، — سەھەردە بىرى كېلىپ، ئىشىنى تىكەنگە پۈتكۈزۈپ كەتتى، ئەمدى بۇ قارا قورساق! ھە راست، باياتىن نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتۇق؟ ھە... ھە، ئەستايىدىل ئىزدىسەڭ، ھەممىدىن ئەيىب تېپىلىدۇ. خوش، ئاشۇ كەلگۈندىدىن بىزگە نېمە پايدا بار؟ ئۇ بۈگۈنغۇ بۇ يەردە، ئەتە قەيەردە بولۇشىنى كىم بىلىدۇ؟ يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ كەلگۈندىمۇ ئادەمگەرچىلىكنى جايىدا قىلالمايدىكەن. ئىشى ئوڭدىن كەلگەن تۇرۇقلۇق بىزگە ئازراق شېرىنكانە تاشلاپ كەتمىدى.

قازى ئازراق توختىۋالدى. زامانئەلى بولسا خىيالغا غەرق ئىدى: «بىر تۇپ دەرەختە تاتلىق ھەم ئاچچىق مېۋە بولىدىكەن، قازىنىڭ بوۋىلىرىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى، بۇ قازىنىڭ بولسا قانداق ئادەملىكىنى قاراڭ: ھۇزۇرىغا كەلگەن ئوغرىدىنمۇ، توغرىدىنمۇ بىر نېمە تەمەسىدە...»

— ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ «ئىشەكمۇ بۇنىڭكى» دەپ گۇۋاھلىق بەردىڭ. ئۇ بەتبەخت سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ، ئۇنى قانداق تونۇيسەن؟

تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن زامانئەلى چۆچۈپ كەتتى، ئۇ سىرنى پاش قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

— تۈنۈگۈن پەدەرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قايتىۋاتقىنىمدا يولدا ھەمراھ بولۇپ قالدى، — دېدى زامانئەلى ئېھتىياتچانلىق بىلەن، — تۈركىيەنىڭ بۇرساسىدىن كېلىۋاتقانىكەن. كوزىچى قىشلىقىغىچە بىللە كەلگەندۇق، ئۇ ئاشۇ يەردە قالدى، مەن بۇ ياققا كېلىۋەردىم. قىشلاقتا تەنەباي بىلەن بىر نېمىنى تالىشىپ، ماجىرا چىقارغان بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن پەقەتلا خەۋىرىم يوقتۇر،

تەخسىر.

— ئاران شۇنچىلىكمۇ؟ مەن تېخى يېقىن ئادىمىڭمىكىن دەپتىمەن. سەنمۇ بىر بوشاڭ! ئەگەر دەۋا ۋاقتىدا ئاستاغىنا ئىشارە قىلىپ قويغان بولساڭ، بىرلىشىپ ئۇ كەلگۈندىنى جۆندىۋېتەتتۇق. سەنمۇ بىر ـ ئىككى تەڭگىلىك بولۇپ قالاتتىڭ.

زامانئەلى ئىزا تارتقاندەك قىزىرىپ، يۈزىنى سۈرتتى.

— مۇساپىرغا جەبىر قىلىش ياراتقۇچىغا خۇش كەلمەس، دەپ ئويلىدىم، تەخسىر. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ئىش مۇسۇلماندارچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ! ئەڭ مۇھىمى، ئىشىمىز ئەمرىمىزنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا يېتىپ قالسا، يامان بولىدۇ... ئالەمپاناھىمىزنىڭ رەئىيەتپەرۋەر، كەمبەغەلگە، مۇساپىرغا غەمخور ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز باردۇر. بۇنداق ئىشلاردا ئېھتىيات قىلماق كېرەكتۇر، تەخسىر.

— گەرچە بۇ ئىش ياراتقۇچىغا خۇشياقمىسىمۇ، بىزگە خۇشياقىدۇ. مۇسۇلماندارچىلىقتا زىيانسىز پايدا بولماس! ھەر دائىم شەرىئەتنىڭ شەرتىگە ئەمەل قىلىۋەرسەڭ، چۈجەڭ توخۇغا ئايلانماس، ئىنىم! ئىككىنچىدىن، ئالەمپاناھنىڭ ئالدىغا ھەممە ئادەم خالىغانچە بېرىۋەرمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەر تۆكۈپ ئىشلەۋاتىمىز، ھارام نەرسىنىمۇ تەر بىلەن يۇساڭ، ھالال بولغاي! راست، ئۇ ناكەس قەيەردە قونىدىغانلىقىنى ساڭا دېمىدىمۇ؟

— پەيزاۋات خانىقاسى يېنىدىكى ساندۇقسازان مەھەللىسىدە جىيەنى بارمىش، شۇنىڭكىدە قونارمەن دېگەندەك قىلغاندى. لېكىن سەمەن يورغىسىنى كەمىنىگە ئامانەت قالدۇرۇپ، ئۆزى كوزىچى قىشلىقىغا قايتىپ كەتتى.

قازىنىڭ قارا يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، ئويناق كۆزلىرى تېخىمۇ چاقناپ كەتتى. بۇ كۆزلەرنىڭ چاقنىشىدىن بىر شۇملۇقنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى، شۇنداق، بۇ كۆزلەرگە ھەييارلىق يوشۇرۇنغانىدى.

— شۇنداقمۇ، بەك يىراقلىشىپ كەتمەپتىمغۇ! ئۇنى يەنە بىر قېتىم ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كەلسەڭ، ساڭا قالدۇرغان ئامانىتىنى ئۆزۈڭنىڭكى قىلىپ بېرىمەن، ئىنشائاللا. ئەگەر ئۇ قەبرىدىن تىرىلىپ كەلگەن نەسىردىن ئەپەندى بولمىسىلا!

زامانئەلى چۈشىدە جىن كۆرۈپ ئويغانغاندەك چۆچۈپ كەتتى.

— مۇبادا ئۇ نەسىردىن ئەپەندى بولۇپ قالسىچۇ؟ — دېدى ئۇ قازىنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ، — ئىككىلىمىزنى داغدا قالدۇرۇشى مۇمكىن.

— ئاۋازىڭنى ئۆچۈر! — دېدى قازى پاشا قورۇغاندەك قولىنى سىلكىپ، — يۈزىنى تەتۈر قىلسۇن ئەپەندىنىڭ. ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى تەڭ كەلمىسە، بەندىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ ئۇنىڭغا. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى ۋابكەند بەگلىكىدە نائىب بولغان بوۋامغا ئەدەپسىز چاقچاق قىلغان، دەپ ئاڭلىغانمەن.

— نەسىردىن ئەپەندىنى خەلقپەرۋەر ھەم ھاتەمتاي دەپ ئاڭلىغانمەن.

— ئەگەر ئۇ نادانىنىڭ يەلكىسىدىكى بېشى ئىشلەپ، ئەمەلدار - ئاكابىرلارغا مايىل بولغان بولسا، پىچىقى ماي ئۈستىدە بولاتتى. شۇنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئۆمۈر بويى مىنگەن ئېشىكى ئاتقا ئايلانماي، ئۇ ئالەمگە رىھلەت قىلدى.

— ئۇ ئۆلگەنمۇ؟

— ئۆلگەن! ئۆلگەن! — دېدى قازى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن، — ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان، كېيىن دارغا ئېسىلغان!

— ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بولسا، باشسىز تەننى دارغا قانداق ئاسقان، تەخسىر؟

— ھەي، نادان، پۈتىدىن ئاسمامدۇ؟ — دېدى قازى قول سىلكىپ، — گەپنى كۆپەيتمەي، ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كەل!

قازىنىڭ سەۋرسىزلىكى زامانئەلىنى بىر ئاز خىيالغا غەرق قىلغان بولسىمۇ، غوجىسىنى ئىنتىزار قىلماي، ئىككى قولىنى

كۆكسىگە قويۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— باش ئۈستىگە، تەخسىر! سىز قاچان دېسىڭىز، ئاشۇ مەھەلدە مۇساپىرنى ھۇزۇرىڭىزدا ھازىر قىلىمەن!

توقسان توققۇز تىللانىڭ جارىڭى ھېلىغىچە قۇلاقلىرى ئاستىدا سادا بېرىپ تۇرغان بولغاچقا، قازى جېكىلىدى:

— بۈگۈن خۇپتەنگە ئۈلگۈرەلمىسەڭ، ئەتە چاشكىدا ئېلىپ كەل!

قازىنىڭ پەرمانىنى بېجىرىشكە قۇللۇق بىلدۈرگەن زامانئەلى ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ، ئامانەت قالدۇرۇلغان سەمەن يورغىنى يېتىلەپ كوزىچى قىشلىقى تەرەپكە يولغا چىقتى.

# يەتتىنچى باب

## قەرزنى بەرگەن يېگەر، يولنى يورگەن

شەھەرنىڭ سەمەرقەنت دەرۋازىسىدىن ئاتلىق چىققان زامانئەلى ۋابكەنت يولى بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇدۇل تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئىسسىق شامال ئۇنىڭ يۈزىنى شۇنداق قىزدۇراتتىكى، بەرداشلىق بېرەلمەي، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. بولۇپمۇ ئوچۇقچىلىققا چىققاندىن كېيىن ئىسسىقنىڭ كۈچى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئەمدى سەللىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى ئورىۋالدى، پەقەت ئىككى كۆزى مىدىرلاپ تۇرىدۇ، خالاس. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئىسسىق ھاۋا ئەمەس، باشقا بىر ئەندىشە بىئارام قىلاتتى: «نەسىردىن ئەپەندىگە نېمە دەيمەن ۋە ئۇنى قايسى يۈزى بىلەن باشلاپ كېلىپ، قازىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن؟ شۇنداق قىلسام، ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇق ۋە ئىشەنچنىڭ قىممىتى قەيەردە قالىدۇ؟ ھەي ئىست، نېمىشقىمۇ تونۇيمەن دېگەندىمەن؟ تونۇمايمان دېسەم، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشەرمىدى؟...»

زامانئەلىنىڭ يۈزىنى ئىسسىق شامال قانچىلىك كۆيدۈرسە، ئەندىشىمۇ دىلىنى ئەنە شۇنداق تىلىۋاتقانىدى. ئەگەر بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغان بىرەر ئۇمىد نۇرى چاقنىغاندا ئىدى، ئىچ ـ باغرى يورۇپ، ئىسسىققىمۇ پىسەنت قىلماي قۇشتەك ئۇچاتتى. ھازىرچۇ، ئات ئالدىغا ماڭسىمۇ، ئەندىشە ئۇنى ئارقىغا تارتاتتى...

ھەرھالدا «ئېھتىمال، دانالىقتا يېگانە نەسىردىن ئەپەندى ئۆزى بىرەر تەدبىر ئويلاپ تاپار...» دېگەن كىچىككىنە ئۇمىد ئاتلىقنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ تۇراتتى.

بىر توپ قۇشقاچلارنىڭ بىراقلا قانات قېقىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى زامانئەلىنىڭ خىياللىرىنى بۆلىۋەتتى. قۇشقاچلار گاھ يۇقىرىلاپ، گاھ تۆۋەنلەپ تۆت ئەتراپنى بىر ئايلىنىپ يىراقلىشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپ يەنە تىنچىپ قالدى. پەقەت ئىككى ئاتنىڭ تاقىر يولدا تەكشى قەدەم تاشلىشى ۋە ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ تۇرۇپ پۇشقۇرۇشى ئاڭلىناتتى. خاتىرجەملىكنى يوقاتقان زامانئەلى ئات ئۈستىدە مۈكچىيىپ كېتىۋېتىپ، مېڭىسىدىكى قالايمىقان خىياللارنى يەنە تۇمان قاپلىدى. لېكىن ئەنە شۇ تۇمان ئىچىدىمۇ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ سىماسى يارقىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يىراقتىن بىر قىشلاق كۆرۈندى. ئەمما، زامانئەلى تېخى قالايمىقان خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، بىر خىل كۆرۈنۈشتىكى ئېگىز - پەس گۈجۈم لايسۇۋاق ئۆيلەر باشلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئۆيلەرمۇ ئاياغلىشىپ يەنە كەڭ دالاغا چىقتى. توقايزار ۋە ئوڭغۇل - دوڭغۇل شىۋاقلىقلاردىن كېسىپ ئۆتكەن تاقىر يول بىر ئازدىن كېيىن يەنە بىر قىشلاققا تۇتاشتى. زامانئەلى بۇ قىشلاقتىن ئاتنىڭ بېشىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ ئالدىرىماي ئۆتتى.

ئىككىنچى قىشلاق ئارقىدا قالغاندىن كېيىن، ئاتنىڭ قەدىمى تېزلەشتى. بۇ يولدا ماڭغۇچىلار كەم بولۇپ، ئاندا - ساندا يولۇقۇپ قالغانلارمۇ ئاللىقانداقتۇر زۆرۈرىيەت بىلەن شەھەر تەرەپكە ئالدىراپ كېلىۋاتقانلار ئىدى. شەھەردىن قايتىۋاتقانلار ئاساسەن تاڭ سەھەردە ئۆزى يېتىشتۈرگەن مەھسۇلاتىنى شەھەردە ساتقىلى ئېلىپ كەلگەن دېھقانلار بولۇپ، ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، پېشىندىن كېيىن قايتىشىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ يولدا ئادەملەر كۆپىيىدۇ. ئۇلار شەھەر تەرەپكە كېتىۋاتقانلارغا ئوخشاش ئالدىرىمايدۇ، خاتىرجەم ھالدا ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇپ، ئاللىقانداقتۇر يېقىملىق ناخشىلارغا غىڭشىپ قايتىدۇ.

زامانئەلى يەنە بىر ئوڭغۇل - دوڭغۇللۇقتىن ئۆتكەندىن

كېيىن، ئالدىدا كېتىۋاتقان هارۋىنى كۆردى هەم ئاتنى دېۋىتىپ، هارۋىغا يېتىشىۋالدى. ئۇ هارۋىكەشكە سالام بېرىپ، ياندىشىپ كېتىۋاتقاندا هارۋىدىكى كىشىنىڭ ئۆزى گەپ ئاچتى:

— تۇنۇگۈنكى هاۋاغا قاراڭ، بۈگۈنكىسىگە قاراڭ!

— خۇدانىڭ بەرگەن كۈنى - دە، — دېدى زامانئەلى ئىختىيارسىز گەپكە قوشۇلۇپ ۋە ئاتنىڭ يۈگىنىنى سەل تارتىپ.

هارۋىدىكى ئادەمنىڭ كۆزى يېتىلەكتىكى ئاتقا چۈشتى:

— بۇ ئاتنى سېتىۋالدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئامانەت، ئىگىسىگە بېرىپ كېلەي دەپ يولغا چىققانىدىم.

— ۋابكەنتكىمۇ؟

— ياق، كوزىچى قىشلىقىغا. ئۆزىڭىزچۇ؟

— بەش تاغار گۈرۈچۈم بار ئىدى، شەهەرگە ئېلىپ كەلسەم، بىرسى بىراقلا سېتىۋالدى. دېۋانىنىڭ ئىشىنى خۇدا توغرىلاپتۇ، دېگەندەك، ئىشىم تېز پۈتۈپ، قايتىپ كېتىۋاتىمەن مانا. شەكەر قىشلىقىدىنمەن.

— هە... شەكەر قىشلىقىدىنمۇسىز؟ — دېدى زامانئەلى قىزىقسىنىپ، — سىزلەردە ئېمارىلەر كۆپ دەيدۇ، شۇ راستمۇ؟

ئۇ يەردە كۆلكىلىك ئىشلار كۆپ بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن قىشلاق ئەهلى كۆپىنچە هالدا ئۆز سەهراسىنىڭ نامىنى ئېيتىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى، بولۇپمۇ ياشلار شۇنداق ئىدى. توي - مەرىكىلەردىمۇ، بازارلاردىمۇ شەكەر قىشلىقىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا، ئىختىيارسىز كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، تۈرلۈك لەتىپىلەر ئەسلىنەتتى. بۇنداق هالەت كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ زىتىغا تېگىپ، غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. ئەسلىدە قىشلاق ئادەملىرى ساددا بولغىنى بىلەن ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا، ناهايىتى ئاقىل كىشىلەردۇر.

— سىزمۇ ئاڭلىغان ئىكەنسىز - دە؟ — دەپ كۈلدى هېلىقى كىشىنىڭ ئۆزىمۇ.

— تۆشۈك قولاق ئاڭلايدۇ ـ دە، — دېدى زامانئەلى، — يېقىندا بىرسى بىر لەتىپىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، كۈلۈپ ئېلىقىپ قالاي دېدۇق.

— بىزدىكى لەتىپىلەرنىڭ ھەممىسى كىشىنى ئۆلتۈرگۈدەك دەرىجىدە، قايسى بىرىنى ئېيتىۋاتىسىز؟

— بازاردىن يەكتەك سېتىۋالغان بىر ئادەم بار ئىكەنغۇ؟

— ھە، قولداش مۇھەممەدنىڭ لەتىپىسىمۇ بۇ، — دېدى كىشى بېشىنى چايقاپ، — بۇ بولغان گەپ. ئۇ كىشى ئاۋۋال دوپپىنى قولىغا ئېلىپ، نەرخىنى سورىغان، كېيىن دوپپىنى قويۇپ، يەكتەكنى ئېلىپ، نەرخىنى سورىغان، ساتقۇچى ھەر ئىككىسىنىڭ نەرخىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئېيتسا، ئاكام يەكتەكنى قولتۇققا تىقىپ كېتىۋەرگەن، ساتقۇچى ئارقىسىدىن توۋلاپ: «ھەي بۇرادەر، پۇلىنى تۆلەڭ!» دېسە، قولداش مۇھەممەد: «دوپپىنى قايتۇرۇپ بەردىمغۇ» دېگەن. ساتقۇچى «سىز دوپپىغىمۇ پۇل بەرگىنىڭىز يوققۇ!» دېسە، «دوپپاڭنى ئالمىغان تۇرسام، نېمە ئۈچۈن پۇل تۆلىشىم كېرەك؟» دەپ يولىغا كېتىۋېرىپتۇ.

— ھەرھالدا ئەقلى ئۆز پايدىسىغا ئىشلەپتۇ، — دەپ كۈلدى زامانئەلى. ھارۋىدىكى كىشى سۆھبەتنى قىزدۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر ھېكايىنى باشلىدى:

— پەيزۇللا چاتاق دەپ بىر يۇرتلۇقىمىز بار، بازاردا ئېشىكىنى ئوغرىغا بېرىپ، توقۇم يەلكىسىدە، جار سېلىپ يۈرگۈدەك: «ئېشەكنى تاپقانغا ئېشەكنىمۇ، توقۇمنىمۇ بېرىمەن!» ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان باشقا بىر كىشى: «ھەي، بۇرادەر، توقۇمنىمۇ بېرىدىكەنسىز، ئېشەكنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىز؟» دەپ سورىسا، پەيزۇللا چاتاق:«ھېچبولمىغاندا ئېشەكنى كىم تاپقىنىنى ئېنىق ـ لىۋالاي،دەيمەن ـ دە!» دەپتۇ.

— ھە، ياشاپ كېتىڭ، تاغا! — دېدى زامانئەلى گەپ بىلەن خېلى يولنى بېسىپ قويغىنىنى بىلمەي، — ئەمدى، تاغا، مەن ئەنە

ئاۋۇ قىشلاقتا بۇرۇلىمەن. كۆرۈشۈش نېسىپ بولسا، يەنە يېڭىلىرىدىن ئېيتىپ بېرەرسىز.

— ئەلۋەتتە، ئىنىم، ئەلۋەتتە! تاغ تاغ بىلەن ئۇچراشمايدىكەن، لېكىن ئادەم ئادەم بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سالامەت بول، ئىنىم — دېدى ھېلىقى كىشى خوشلىشىپ.

— سىزمۇ ئامان بولۇڭ، ئۆيىڭىزگە ياخشى يېتىپ بېرىڭ!...

قىشلاقتا يەتكەندە شەمشاد ئېرىقى باشلىنىدۇ، مەھەللىنىڭ ئاساسىي قىسمى مانا شۇ ئېرىقنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلغان. چايخانا ئېرىق بويىدىلا — كۆۋرۈكتىن ئۆتسىڭىزلا كىرىسىز. زامانئەلى ئاۋۋال ئەنە شۇ چايخانىغا كىرىپ، پەرمان ئاكا بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى.

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش بىلەن تەڭ چايخانا تەرەپتىن كىملەرنىڭدۇر ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى. «چايخانىدا ئادەم كۆپ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى زامانئەلى، چايخانىغا يېقىنلاشقانسېرى ئويلىغىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. زامانئەلىگە ھېچكىم ئېتىبار قىلمىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ھەر ئىككى ئاتنى يول بويىدىكى دەرەخكە باغلاپ، كېيىن ئادەملەرنى ئارىلاپ بىرئاز ئالدىغا ئۆتتۈۋېدى، ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىپ تۇرغان نەسىردىن ئەپەندىنى كۆردى. ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى قەدەم يىراقتا بولسا تەنەباي خۇددى گۇناھكاردەك قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. بىردىن قارىماققا ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىققا بۇراش تەس ئىدى.

بەلكىم، ھازىرغىچە خېلى گەپلەر بولۇپ ئۆتكەندۇ، لېكىن زامانئەلىنىڭ قۇلىقىغا تۇنجى بولۇپ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ گەپلىرى ئاڭلاندى:

— قېنى، ئەمدى ئېيتىڭچۇ، باي ئاتا، بۇ قىشلاق ئەھلىنىڭ سىزگە بېرىشكە تېگىشلىك قانچىلىك قەرزى بار؟

— بار - دە، — دەپ غودۇڭشىدى تەنەباي.

— ئەگەر سىزگە ئەتە قىرىق تىللا ئەكېلىپ بېرىشسە، يەنە قانچىلىك قالىدۇ؟

— يۈز يىگىرمە تىللا.

— مۇبادا ئۈگۈنلۈككە يەنە يىگىرمە بىر تىللا كەلتۈرۈپ بېرىشسىچۇ؟

— توقسان توققۇز تىللا قالىدۇ.

— بار - يوقى شۇمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئەجەبلەنـ. گەندەك تىزلىرىغا شاپىلاقلاپ، — قاراڭ، بار - يوقى توقسان توققۇز تىللاغا پۈتۈن قىشلاقنى بېشىڭىزغا كىيىپ، شاۋقۇن سېلىشىڭىز ھاجەتمىدى؟ ئاخىر، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ ھەمىيۇرتلۇقلىرىڭىزغۇ! تاۋۇتىڭىزنى كۆتۈرىدىغانلار شۇلار ئەمەسـ. مۇ؟ ئەرزىمىگەن تەڭگە ئۈچۈن جېنىڭىزنى قىيناپ يۈرۈپسىز! مانا سىزگە توقسان توققۇز تىللا! بۈگۈندىن ئېتىبارەن قىشلاق ئەھلى سىزنىڭ قەرزىڭىزدىن قۇتۇلدى! — نەسىردىن ئەپەندى قولىدىكى مەخمەل ھەميانىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەممىگە كۆز - كۆز قىلىپ، ئۇنى باينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — بۇ ھەمياندا ساپساق توقسان توققۇز تىللا بار، ھەممىسى سىزگە!

تەنەباينىڭ بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇ ھېچنەرسىنى چۈشەنـ. مىدى. بىر يۈز ئاتمىش تىللا قانداق قىلىپ توقسان توققۇز تىللاغا چۈشۈپ قالدى؟

— ئا... ئا...

— ھە... ھە، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — قېنى، ئەمدى ئاۋازىڭىزنى ئۈنلۈك چىقىرىپ، سىزگە ھېچكىمنىڭ قەرزدار ئەمەسلىكىنى ئېيتىڭچۇ!

باينىڭ ئاغزى خېلى ئۇزۇنغىچە «O» شەكلىدە ئېچىلىپ تۇردى. قوي كۆزلىرىمۇ شۇ شەكىلدە ئېچىلغانىدى. ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى ماراپ تۇرۇشۇپتۇ. بۇنداق ئىقرار قىلىشنىڭ بايغا ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، نەسىردىن ئەپەندى «قېنى بولۇڭ»

دېگەندەك باينىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇۋەردى. باي گەپ قىلىشقا قىينىلاتتى، چۈنكى كىمدۇر بىرى بېقىنىغا تىنىمسىز بىگىز سانچىپ، ئاغرىقتىن يۈزلىرى پورۇشۇپ كېتەتتى. خىيالىدا ئۇ خۇددى مۇئەللەقتە تۇرغاندەك، بىراۋ پۈۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— بىر مەھەللىلىكلەر... — باينىڭ تامغىقىغا بىر نەرسە تىقىلدى، گېپىنى داۋام قىلالماي تىترىدى. دائىم چوڭ سۆزلەپ يۈرگەن كىشىنىڭ تىترىشى غەلىتە بولىدىكەن. بىر كەلىمە سۆز بىلەن شۇنچە بايلىقتىن جۇدا بولۇش ھەر كىمگە ئەلەم قىلىدۇ-دە. ئۇ تىترەك ئاۋاز بىلەن «سىلەر ئەمدى ماڭا قەرزدار ئەمەس!» دېدى ۋە يەر ئاستىدىن نەسىردىن ئەپەندىگە قاراپ قوشۇپ قويدى، — ئۆتۈنەي، ماڭا سەمەن ئېتىمنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز. مەن ئۇنى نەق يۈز تىللاغا...

خالايىق ئىچىدىن كىمدۇر بىرى، بەلكىم باينىڭ قولچۇماقچىسى بولسا كېرەك:

— باي ئاتامنىڭ ئېتىنى قايتۇرۇپ بېرىڭ! — دەپ توۋلىدى.

نەسىردىن ئەپەندى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى:

— ياق، ئاتنى قايتۇرمايمەن! — دېدى، — لېكىن باي ئاتىمىز خالىسا، سېتىشىم مۇمكىن!

— سېتىڭ، مەن رازى!

— قانچە بېرىسىز؟

باي ئالدىراپ - تېنەپ يېنىدىكى مەخمەل ھەميانىنى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— مانا شۇ توقسان توققۇز تىللانى بېرىمەن، رازى بولامسىز؟

— ياق، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى باينىڭ قولىنى قايتۇرۇپ، — مەن زېمىنىغا مال ساتمايمەن! توغرا، بۇ ئات بىكارغا كەلگەن، ئەمما مېنىڭ بىكارغا ساتقۇم يوق. خالىسىڭىز، سەكسەن تىللاغا بېرىمەن، ئۆزىنىڭ ئېنىق باھاسى توقسان تىللا، ئەگەر

بولدى، سېتىۋالىمەن دېسىڭىز، توقسان توققۇز تىللا تۆلەڭ، ئەمما بولمىغىنى يۈز تىللا! بولىدۇ دېسىڭىز توختاملىشىمىز. ماڭىمۇ بىر نېمە قالسۇن ـ دە، تەخسىر.

زامانئەلى بۇ گەپلەردىن قاتتىق ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. مۇشتەكلا بىر ئادەم پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆينىڭ تۆرىدە يانپاشلاپ، ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىغان بايۋەچچىنىڭ پۆپۈكىنى پەسلىتىپ، مۇشۇكىنى سىلىغاندەك سىلاپ ئولتۇرسا ـ ھە؟

ــ ئادەممۇ شۇنچىلىك سېخىي بولىدىكەن ـ ھە؟ بۇ ئادەمنى بۇرۇن كۆرگەنمۇسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى زامانئەلىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەم يېنىدىكى شېرىكىدىن، ــ گەپكىمۇ، سودىغىمۇ چېچەن ئىكەن. بۇنداق كىشى مال بازىرىغا دەللال بولسا بارغۇ، يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى ئارقىسىدا بولىدۇ. ئۇ بەك بىلەرمەن ئىكەن، ئاتىسىغا رەھمەت! پۈتۈن قىشلاق ئەھلىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بەردى، ئەزىمەت. ھارۇن ئەر رەشىدمۇ بۇ ئاۋامنىڭ بېشىنى بۇنچىلىك سىلىمىغان بولسا كېرەك! نەسىردىن ئەپەندىنىمۇ شۇنداق ئادەم بولغان، دېيىشىدۇ. بۇ ئاشۇ كىشى ئەمەستۇ ـ ھە؟

ئۆزى كەمبەغەل بولسىمۇ، شېرىكىنىڭ نەزىرى ئۇستۇن ئىكەن:

ــ ھەي، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ ــ دېدى، ــ نەسىردىن ئەپەندى بولغىنىدا باي ئاتىنى بۇنىڭدىن بەش ھەسسە بەتتەر قىلاتتى. بۇ ئادەم نەسىردىن ئەپەندىنىڭ جىيەنى بولسىمۇ چوڭ گەپ!

ــ كىملا بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، ئىشلىرى بەرىكەت تاپسۇن، ئېغىرىمىزنى يەڭگىل قىلدى، ــ دەپ گەپكە قوشۇلدى ئۈچىنچى كىشى، ــ باي يېرىمىزگە سۇ بېرىپ، كېيىن ئۆزىمىزنىڭ سۈيىمىزنى سېتىپ ئىچەتتى. مانا، ئۇنىڭمۇ سۈيىنى چىقىرىدىغانلار بار ئىكەنغۇ!

زامانئەلى «بۇ كىشى نەسىردىن ئەپەندى بولىدۇ» دەپ سۆھبەتكە قوشۇلماقچى بولدى - يۇ، لېكىن ئوتتۇرىدا «پۇتۇم» بارلىقى ئېسىگە كېلىپ، نىيىتىدىن ياندى.

خۇددى ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ئەنە شۇ پۇلنى ساناشقا سەپلىگەندەك، تەنەباي يۈز تىللانى ساناپ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ھەميانىنى بىر - ئىككى قېتىم سىلىكىپ كۆرگەن نەسىردىن ئەپەندى باينىڭ قولىنى تۇتتى - دە:

— سودىنىڭ ئەڭ ساۋاب يېرى قول بېرىش، دەيدۇ، — دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي، — قول بەرگەندىكىن، ئىككىمىز ئاكا - ئۇكا بولۇپ، شەھەرگە بارىمىز، — دېدى.

— شەھەردە نېمە قىلىمىز؟ — ئەجەبلەندى باي.

— ئات ئاشۇ يەردە ئەمەسمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

— ئات مۇشۇ يەردە! — دېدى زامانئەلى ئادەملەرنى يېرىپ ئۆتۈپ. نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي بۇرادەرى ئەزىز، ئامانەت تېشى ئېغىرلىق قىلىپ، تېزلا ئارقامدىن كېلىپسىز - دە، — دەپ ئۇنى قۇچاقلىدى.

— ئامانەت تېشى ئەمەس، سېغىنىش تېشى ئېغىرلىق قىلدى، غوجام! — دېدى زامانئەلى دوستىنىڭ يەلكىسىنى سىيلاپ، — سىزنى سېغىنىپ كەلدىم.

— كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، زامانئەلى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — سىزمۇ قازىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بىلىپ قويۇڭ، بۇ قىشلاق ئەھلىنىڭ باي ئاتىغا قەرزى قالمىدى، ھەممىسىنى تۆلىدۇق. يەنە بىر ياخشى ئىشىمىز، سەمەن يورغىنى باي ئاتىنىڭ ئۆزىگە ساتتۇق. ئەنە، قاراڭ، شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ تۇرۇپتۇ! قېنى، ئاتنى كەلتۈرۈڭ!

تەنەباي باشبېغىنى تۇتتى، ئاتنى قۇچاقلاپ، مېھىر بىلەن بوينىنى سىيلاپ شاپىلاقلاپ قويدى. نەسىردىن ئەپەندىمۇ ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ باينىڭ يەلكىسىنى قېقىپ قويدى. ئاندىن تېخى

قوينىغا سېلىپ ئۆلگۈرمىگەن مەخمەل ھەميانىنى ھاۋادا سىلكىدى ۋە:

— سىزگە ئېيتقان ئىدىمغۇ، — دېدى سەھەردىكى ئىشنى ئەسلىتىپ، — توقسان توققۇزىنى بەرگەن خۇدا بىرىنىمۇ بېرىدۇ. مانا، ھايال ئۆتمەي پۇتۇنلەپ بەردى. بىرسى خۇداغا: «مەن دەردتىن قورقمايمەن، مەيلى دەرد بەر، لېكىن ئاشۇ دەردنى شېرىن سۆز بىلەن داۋالىغىلى بولسۇن، مېنى تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىشقا نېسىپ قىلما!» دەپ ئىبادەت قىلاتتىكەن... بۇ بىر ئىبرەت، باي ئاتا. كۆڭلەرنىڭ بىر يەردە ماڭا رەھمەت دەيسىز...

تەنەباينىڭ ئېغىر گەۋدىسى يەنىمۇ ئېغىرلاشقان بولۇپ، ئاياغلىرى بولسا ئېغىرلاشقان گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ نەسىردىن ئەپەندىگە ھومىيىپ قاراپ قويدى ـ دە، ئاتنى يېتىلىگەن ھالدا ئۆيى تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشلانغان ئادەملەرنىڭ پىچىر ـ پىچىر ۋە پىخىلداپ كۈلۈشلىرى ئاخىرىدا «قاھ ـ قاھ» قا ئايلىنىپ كەتتى.

ھەممىدىن بەكرەك خۇشال بولغىنى مۇستاپا دېھقان بولدى. ئۇ خۇشاللىقتىن نەسىردىن بىلەن زامانئەلىنى تەڭلا قۇچاقلاپ، كۆز يېشى قىلدى، كېيىن ھەر ئىككىسىنى ھويلىسىغا تەكلىپ قىلدى:

— زامانئەلى ئىنىم، قېنى، ئەزىز مېھماننى بىزنىڭكىگە باشلاڭ، ئۆزۈم پولۇ دۆملەپ، سىلەرنى بىر مېھمان قىلاي، — دېدى. زامانئەلى ئىككى قەدەم سىلىپ بولۇپ توختاپ قالدى.

— مۇستاپا تاغا، پولۇنى يەڭگىمىز بىلەن جىيەننى ئېلىپ كەلگىنىڭىزدىن كېيىن يەيمىز، — دېدى مىڭ بىئاماللىق بىلەن، — مەن مېھماننى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، نامازخان تۆرە قازى كۆزلىرى تۆت بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ ئۇ يەردە.

— قازى جانابلىرىنىڭ بىزنىڭ مېھماندا نېمە ئىشى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى مۇستاپا تەئەججۈپ بىلەن.

— نېمە دېسەم بولار؟ — دەپ گەدىنىنى قاشلىدى زامانئەلى. ئۇنىڭ تەڭقىسلىقىنى سەزگەن نەسىردىن ئەپەندى دوستىنى خىجالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— خىجالەت بولماڭ، موللا زامانئەلى. سىزنى بۇ ياقىقا قازىنىڭ ئەۋەتكىنىنى دەرھال سەزدىم. سىز مۇلازىم، مۇلازىمنىڭ ۋەزىپىسى غوجىسىنىڭ بۇيرۇغىنىنى ئىخلاس بىلەن تېز ۋە جايىدا بىجىرىش. مەندىن بىر خاتالىق ئۆتۈپتۇ: قازىغا شېرىنكانە بېرىش خىيالىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. ياق، خىيالىمدىن كۆتۈرۈلگەن ئەمەس، كۆڭلۈمدە شۇ نىيەت بولسىمۇ، قولۇمدا ئاقچام يوق ئىدى. توغرا، يېنىمدا ئاقچام بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزۈمگە ئامانەت — تەنەبايىغا تۆلىنىدىغان قەرز ئىدى. خۇدا خالىسا، قەرزدىن قۇتۇلدۇق، ئاتنى ساتتۇق، ئەمدى ئاتنىڭ پۇلىنى قازىغا بېرىمىز. شۇنداق قىلساق، غوجىڭىزنىڭ ئالدىدا سىزنىڭمۇ تىلىڭىز ئۆتكۈر بولار، ئىنىم.

بۇ گەپتىن مۇستاپا تاغىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى:

— سىزنى چىقىمدار قىلدۇقمۇ نېمە؟ — بىزنى دەپ جىق تەشۋىشكە قالدىڭىز ـ دە... سىزگە نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ياكى قانداق ياخشىلىق قىلىشنى بىلمەيمىز!

— ئادەم بۇ دۇنياغا دۇنيا يىغىش ئۈچۈن كەلمەيدىغۇ! ياخشىلىق دېگەن گەپلەرمۇ بار. مېنىڭ بۇ ياخشىلىقىمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمىسىڭىزمۇ، خاپا بولمايمەن. مەيلى، بويىنۇمدا قەرز بولۇپ قالمىسۇن دېسىڭىز، كىچىككىنە ئىلتىماسىم بار. شۇنى بىجىرسىڭىز، سىزمۇ ماڭا چوڭ بىر ياخشىلىق قىلغان بولىسىز، مۇستاپا تاغا، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئاللىقانداق قۇۋلۇق بىلەن...

— يەتسە مېلىم بىلەن، يەتمىسە جېنىم بىلەن!

— مېلىڭىز بىلەن جېنىڭىز ئۆزىڭىزگە ئامانەت، ماڭا بىر جۈپ بۆدۈنە كېرەك.

— سورىغان نەرسىڭىزنى قاراڭ، بىر جۈپ قويمۇ ئەمەسكەنغۇ! مەن هازىرلا سەيفى بۆدۈنىۋازنىڭكىدىن ئېلىپ چىقىمەن...

مۇستاپا تاغا بۆدۈنىۋازنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، زامانئەلى دوستىدىن بۆدۈنىنىڭ نېمىگە كىرەك بولۇپ قالغانلىقىنى سورىغانىدى، نەسىردىن ئەپەندى:

— خېمىر ئىچىدىن پېتىر دېگەندەك، قازى جانابلىرىغا سوۋغا بولسۇن دېگەنىدىم، — دېدى جىلمىيىپ، — ئەگەر مەن بىلگەن نامازخان تۆرە شۇ بولسا، سوۋغىمىزنى كۆرۈپ، بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ. بوۋىسى باتۇرخان تۆرە نائىبمۇ بۆدۈنىنى بەك ياخشى كۆرەتتى.

— سىز باتۇرخان تۆرە نائىبنى قانداق تونۇيسىز؟ ھەقىقەتەنمۇ نامازخان تۆرە قازى ئۇ كىشىنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ.

— دېمەك، ئاداشماپتىمەن...

مۇستاپا تاغا بىر جۈپ بۆدۈنىنى ئېلىپ كەلگەندە نەسىردىن ئەپەندى بىلەن زامانئەلى ئۇلاغلىرىغا مىنىپ، يولغا چىقىشقا تەل بولۇپ تۇرۇشقانىدى.

# سەككىزىنچى باب

## بەگنىڭ ئىنئامى

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتسىمۇ، نى ـ نى ئۆلۈملەرنى داغدا قالدۇرۇپ: «ئەر سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، بىلىق يىللىقمەن، ئەلھەمدۇلىللاھ، قىرىقىقا كىردىم» دەپ يۈرىدىغان نەسىردىن ئەپەندى ئالدىنقى قېتىم بۇخاراغا كەلگىنىدە ئەمىرنى مەسخىرە قىلىپ، بالاغا قالدى، ئەمىرنىڭ ئادەملىرى ئۇنى شەھەردىن قوغلاندى قىلىشتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ كاج دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ، ۋابكەنت تەرەپلەرگە كەتتى ۋە بەگلىكنىڭ شەكەر قىشلىقىدا نامراتلىقتا كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا كەمبەغەللەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ۋە ئادالەتنى ياقلايدىغان ۋابكەنتنىڭ بېگى كالانخوجا توپچى بەگلىكنى ئاۋات قىلىشقا ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ، خەلقنىڭ دۇئاسىنى ئالغانىدى. كالانخوجا نەسىردىن ئەپەندىنى تونۇيتتى، ئۆزىدەك ھەزىل ـ چاقچاقنى خۇشتارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۇچۇن توي ـ مەرىكىلەردە، كوچا ـ كويدا ئۇچرىشىپ قالغاندا، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. نەسىردىن ئەپەندىمۇ بەگنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۆزىگە خاس پاراڭلىرى بىلەن يۇرت مەسىلىلىرىنى پات ـ پات بەگكە يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

نەسىردىن ئەپەندى باغدادتىكى ۋاقتىدا بۆز توقۇشنى ئۆگەنگەنىدى، بۇ يەردىمۇ شۇ ھۈنىرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. بۇخارادا توقۇمىچىلىق راۋاجلانغان بولۇپ، پالاسلار، پەردىلەر، كىيىم ـ كېچەكلەر، ياستۇق قاپلىرى، جايناماز قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ئېسىل-

لىرىنى پەقەت مۇشۇ شەھەردىن تېپىش مۇمكىن ئىدى. قوشنا يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر بۇ ماتالارنى خالىغان باھادا سېتىۋالاتتى، ئەمما مەھەللە ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى بۇ ئېسىل ماتالاردىن بەھرىمەن بولالمايتتى ــ ئاۋام ـ پۇقرا كۆپىنچە ئاددىي بۆز ماتا سېتىۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە، جۈملىدىن قىشلاقلاردا بۆزنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. نەسىردىن ئەپەندى توقۇغان بۆزلەرنى ھويلىسىنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق سۈيىدە چايقاپ تازىلايتتى. شۇڭا ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان قولۇم ـ قوشنىلار «سۇنى بۇلغىدىڭ» دەپ ھەر كۈنى غەلۋە قىلاتتى. بۇ غەلۋىلەردىن تاقىتى تاق بولغان نەسىردىن ئەپەندى بۆز چايقاشنى كەچقۇرۇنلىرى ئاي يورۇقىدا قىلىۋالاتتى.

شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئاجايىپ ئىش يۈز بەردى. ئاي تولۇن بولغان كېچە ئىدى. نەسىردىن ئەپەندى ئېرىقتا بۆز چايقاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بەگ نائىبى باتۇرخان تۆرە بىلەن كېچىلىك مەردىكىدىن قايتىۋېتىپ، ئېرىق ئىچىدە تۇرغان نەسىردىن ئەپەندىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئاتنىڭ باشبېغىنى تارتىپ:

ــ ھە، ئەپەندى، يېرىم كېچىدە ئېرىق ئىچىدە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

نەسىردىن ئەپەندى ئېرىقتىن چىقىپ ئاتلىقلارغا تەزىم قىلدى، كېيىن قول قوۋۇشتۇرۇپ كۆرۈشتى ـ دە:

ــ تىرىكچىلىك، ــ دېدى تاشلارنىڭ ئۈستىگە يېيىلغان بىر توپ بۆزگە ئىشارە قىلىپ، ــ بۆز يۇيۇۋاتىمەن، تەخسىر.

ــ كۈنبويى دەستىگاھنى تاقىلداتقىنىڭ يەتمىگەندەك كېچىسىمۇ تىنىم تاپمايدىكەنسەن ـ ھە، نەسىردىن؟ ــ دېدى بەگ بېشىنى چايقاپ، ــ ھېچبولمىسا كېچىسى ئارام ئالساڭ بولمامدۇ؟

ــ ئائىلە، تەخسىر، ئۇنى دەستىگاھتەك تىنىمسىز تەۋرىتىپ تۇرمىسا بولمايدىكەن!

ــ ئۆزۈڭگە جەبىر قىلىپ كېتىۋاتىسەن! ئۇن ئىككىدىن

تۆتنى ئايرىساڭ، ئالەم گۈلىستان، ـــ دېدى بەگ نەسىردىنگە ئىچ ئاغرىتىپ، ـــ بۇ ئائىلە دېگەننى كىچە ـ كۈندۈز تەۋرەتسەڭمۇ ئۇخلىمايدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى تامىقىنى قېقىپ جىلمايدى:

ـــ ياخشى ئېيتتىڭىز، تەخسىر، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ئوتتۇز ئىككىگە يەتمىگەن تۇرسا، ئون ئىككىدىن تۆتنى ئايرىش مۇۋاپىق بولامدۇ؟

بەگ ئات ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان نائىب باتۇرخان تۆرىگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، سۆھبەتنى داۋام قىلدى:

ـــ ساڭىمۇ قىيىن. مەيلى، مەن بىر ھىممەت كۆرسىتەي ساڭا. بىر بۇدۇنە بەرسەم، پىيىنى يۇلۇپ بېرەمسەن؟ مېھنىتىڭگە يارىشا ھەققىڭنى ئالىسەن. شۇنداق بولغاندا، مېنىڭ كۆرسەتكەن ھىممىتىممۇ مىننەتلىك بولماس.

ـــ مەرھەمەت قىلسىلا، جان دەپ يۇلۇپ بېرۇرمەن، ـــ دېدى نەسىردىن ئەپەندى يەنە بىر قوللۇق بەجا ئەيلاپ.

ـــ بوپتۇ، ئىشىڭدىن قالما، ئەتە ـ ئۆگۈن ئاشۇ بۇدۇنىنى ئەۋەتىمەن، ـــ دېدى بەگ ۋە ھەمراھىغا «ماڭايلى» دېگەندەك ئىشارە قىلدى.

نائىب باتۇرخان تۆرە تاكى ئۆيىگە يېتىپ كەلگۈچە بەگ بىلەن نەسىردىننىڭ سوئال ـ جاۋابىنى ئويلاپ چىقتى، ئەمما تېگىگە يېتەلمىدى. نېمىشقا ئون ئىككىدىن تۆتنى ئايرىسا، ئوتتۇز ئىككىگە يەتمەيدۇ؟ ھېسابلاپ نەتىجە چىقىرالمىدى. بېشى ئاغرىپ كەتتى. بېشىنى بىر سىلكىپ، ئاغرىمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ يۇ، لېكىن ھېساب ـ كىتابنى زادىلا مېڭىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. قېنى بىر ئۇخلىسا، مېڭىسى يېنىكلەپ، تەپەككۇرى ئېچىلار ـ مىكىن؟ سەللىسى بىلەن چاپىنىنى قوزۇقتا ئىلىپ، مامۇق ياستۇقتا باش قويدى ـ يۇ، ئىختىيارسىز يەنە ھېساب ـ كىتابقا بېرىلىپ كەتتى. كۆزىنى يۇمدى، ئەمما ئۇخلىغاندەك بولمىدى.

بىئارام بولۇپ، ھېلى ئۇ تەرەپكە، ھېلى بۇ تەرەپكە ئۆرۈلدى، يەنە بولمىدى. خوتۇنىغىمۇ ئۇيقۇ بەرمىدى.

خوتۇنى خېلىغىچە ئۈندىمەي ياتتى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، چىنچىراغنىڭ پىلىكىنى تارتىپ، ئېرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى ـ دە، ئەنسىزلىك بىلەن «ۋوي» دەپ سالدى:

— تۆرەم، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ تولا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلدىڭىز، ئۇھ تارتتىڭىز، سىزگە نېمە بولدى زادى؟ مەركىدە تەس ھەزىم بولىدىغان بىر نەرسە يەپ، ئاشقازىنىڭىز بىئارام بولۇۋاتامدۇ ـ يا؟

نائىب ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالغانىدى. ئۇ ئاخشامقى نائىب ئەمەس. بۇرۇنقى خۇش چاقچاقلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان. كېسەل بولمىسىمۇ، پېشانىسى تەرلەپ، تېنى تۆمۈرچىنىڭ ئوتخانىسىغا سېلىنغان تۆمۈردەك قىزىپ كەتكەن. خۇدا كۆرسەتمىسۇن، خوتۇنى ئەنسىرەپ، ئۇنى كېسەلگە چىقىرىپ قويمىسا بولاتتى. خوتۇنغا راستىنى ئېيتىش كېرەكمۇ ياكى ئېيتماسلىق كېرەكمۇ؟ نائىب كۆپ ئويلىدى. ئاخىر ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەردى. خوتۇن ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۆزىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ:

— تۆرەم، بۇ يەردە بىر سىر بار، بەگ بوۋا ھامان بىر كۈنى سىزدىن بۇ مەسىلىنىڭ يېشىمىنى سورايدۇ. جاۋاب بېرەلمىسىڭىز، سەندەك نائىبنىڭ نېمە كېرىكىڭ بار، دەپ سىزنى يولغا سېلىپ قويۇشى ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇ چاغدا مىسقاللاپ يىغقان ئابرۇيىڭىز نەچچە پۇل بولۇر؟ — دېدى.

نائىب تۆرىنىڭ ئەنسىزلىكى ئېشىپ، راستتىنلا كېسەلگە ئوخشاپ قالدى.

— قانداق مەسلىھەت بېرۇرسەن، خوتۇن؟ نېمە قىلاي؟— دەپ خوتۇنغا ئۈمىد بىلەن قارىدى نائىب.

خوتۇن كۆزلىرىنى يېرىم قىسىپ، ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— بۇ سىرنى تېزراق بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك! ئەتىلا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ، قانداق قىلىپ بولسۇن، كۆڭلىگە كىرىپ، سىرنى بىلىۋېلىڭ! ھەققىگە بىرەر نەرسە سورىغۇدەك بولسا، پىخسىقلىق قىلماڭ، سورىغىنىنى بېرىڭ. دۇنيا كەتسە كەتسۇن، ئابرۇي كەتمىسۇن! — دېدى جىددىيلىك بىلەن.
شۇنىڭدىن كېيىنمۇ نائىب تۆرىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. تىكەننىڭ ئۇستىدە ياتقاندەك تولغىنىپ بىر ئاماللار بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. سەھەر تۇرۇپ سۇزمە يېگۈسى كەلدى.
— سۇزمە تۈگەپ قالغانىدى، تۆرەم، — دېدى خوتۇن خىجىل بولغاندەك.
— مەيلى، — دېدى نائىب تۆرە گەپنى كۆپەيتمەي، — تۈگەپ قالغىنى ياخشى بولۇپتۇ. سۇزمە دېگەن چىش بىرلە قورساققا زىيان قىلىدۇ، زەردىنى قايىنتىدۇ.
ئېرىنىڭ ئېگىز - پەس گەپلىرىدىن خوتۇنىنىڭ ھەيرانلىقى ئاشتى:
— تۆرەم، ئېسىڭىز جايىدىمۇ؟ — دېگەچ نائىبنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويدى، — سۇزمىنى ھېلى ماختايسىز، ھېلى يامان دەيسىز، قايسى گېپىڭىزگە ئىشىنەي؟
— ئۆيدە سۇزمە بار ۋاقىتتا بۇرۇنقىسىغا، يوق ۋاقىتتا كېيىنكىسىگە ئىشىنىۋەر! — دېدى نائىب تۆرە، — تامىقىڭنى ئېلىپ كېلىۋەر ئەمىسە...
نائىب داستىخانغا قويۇلغان تاماقنى بىر ئاماللار بىلەن يەۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئات باقارنىڭ ياردىمىدە ئېگەرلەپ تەل قىلىنغان ئاتقا مىندى - دە، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا بېرىپ، دەرۋازىنى تاقىلداتتى. نەسىردىن ئەپەندى ئەزىز مېھماننى ھايال قىلماي ئىچكىرىگە باشلىدى، بارىنى داستىخانغا قويدى. نائىب ئۇياق - بۇ ياقتىن بىر ھازا پاراڭ

قىلدى. پاراڭ ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ، ھېلىقى سوئال ـ جاۋابقا بېرىپ تاقالدى.

— ئىنىم نەسىردىن، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ئېرىق بويىدا بوز يۈيۈپ تۇرغىنىڭىزدا، سىز بىلەن پاراڭلاشقىنىمىز يادىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى نائىب بوشىغان پىيالىنىڭ لېۋىنى قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — شۇ چاغدا بەگ جانابلىرى سىزدىن بىر نەچچە سوئال سورىدى، سىز جاۋاب بەردىڭىز. مەن بۇ سوئال ـ جاۋابنى كىچىچە ھېساب ـ كىتاب قىلىپ چىقتىم، ئەپسۇس، ھېچنېمىسىنى چۈشەنمىدىم. ئۆزۈم ھېساب ـ كىتابقا قىزىقسامۇ، ئەمما بۇنداق مەسىلىلەرگە ئاسانلىقچە ئەقلىم يەتمەيدۇ. بۇ ئەيىب ماڭا تۇغما. ئېيتىڭچۇ، بەگ سىزگە نېمە دېدى، سىز بەگكە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟ سۆھبىتىڭلار بەك سىرلىق بولدى، شۇ تېپىشماقنى بەكلا بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى نائىبقا قاراپ مىيىقىدا كۈلدى ۋە «ھىم، ئۇ...» دېگەندەك قېشىنى كۆتۈردى. ئاندىن نائىبنىڭ ۋەھىمىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە گەپكە شۈبھىلىك تۈس بېرىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— مېنىڭغۇ بۇ سىرنى سىزگە جان دەپ ئاشكارىلىغۇم بار، ئەمما بۇ بەگنىڭ سىرى ئەمەسمۇ؟ مۇبادا بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىپ قويسام، يا بېشىم كېتىدۇ، يا بۇ قىشلاقتىن قوغلىنىمەن! بولدى قىلىڭ، مېنى قىينىماڭ! بىر قېتىم ئەدىپىمنى يەپ، كۆرمىگىنىم قالمىغان مېنىڭ. يەنە قوغلاندى بولسام، قولى قىسقا مەندەك ئادەم پاناھ ئىزدەپ قەيەرگە بارىمەن؟

نەسىردىن ئوت قالاپ، نائىبنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ قىزدۇردى. نائىب تۆرە گەپنىڭ تېگىگە يەتمىسە، ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك ئەمەس. مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتەلمىسە، ھايات چىرىغى ئۆچۈپ قالىدىغاندەك.

— جېنىم بۇرادەر، ياخشى كۆڭلىڭىزدە خىزمىتىڭىزدە

بولاي، — دەپ يىلىنىشقا باشلىدى نائىب تۆرە، — تىپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئېيتىڭ!

— بەگنىڭ ئەمىرلىكتىكى ئابرۇيى يۇقىرى. بۇنى مەندىن ياخشى بىلىسىز. مەن سىرنى ئېچىپ، ھەم ئۇ كىشىگە، ھەم ئۆزۈمگە جەبىر قىلىشنى خالىمايمەن! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن.

— ۋاقتى كەلسە بىر قوشۇق قېنىڭىزدىن كېچىشنى ئۆزۈم بوينۇمغا ئالىمەن!

— بىلىمەن، سىلەردەك ئادەملەر ئىشى پۈتكەندىن كېيىن ئۆتۈكنى يىغىپ، بىزدەك ئادەملەرنى تونۇمايسىلەر. كېيىن بىز ئەرزىمىزنى كىمگە ئېيتىمىز؟ بولدى قىلىڭ، تەخسىر، ماڭا رەھىمىڭىز كەلسۇن!

نەسىردىننى گەپ ـ سۆز بىلەن كۆندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن نائىب تۆرە ئەمدى سودىلىششقا ئۆتۈپ گەپنى يىراقـ تىن باشلىدى:

— بىلىمەن، سىز چوڭ ئائىلىلىك، چوڭ ئائىلىنىڭ چىقىـ مىمۇ كۆپ بولىدۇ، ھەمىشە ئاقچىغا موھتاج بولىدىغان گەپ. سىزگە ئەللىك تەڭگە شىرىنكانە بېرەي، سىرنى يېشىڭ!

— توغرا، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى نائىبنىڭ گېپىنى ئەستىقلاپ، — ئاقچا ھەممىگە كېرەك — بايغىمۇ، كەمبەغەلگىمۇ. ئۇمۇمەن، كۆزى ئوچۇق ئادەم باركى، بەرسەڭ، يەنە بەر دەيدۇ. مەن ئەللىك تەڭگە شىرىنكانىڭىزنى ئېلىپ، بوينۇمغا ئەللىك پاتمان بالانى ئېسىۋالىمەنمۇ؟ ياق ـ ياق، ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىمەن!

نەسىردىن ۋەھىمە قىلغانسىرى سىرنىڭ نەرخى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— ئاتمىش... ماقۇل، سەكسەن تەڭگە بېرەي، — ئۆتۈندى نائىب تۆرە جىددىيلىشىپ، — بۇنچىلىك بايلىقنى ئۆمرىڭىزدە كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتىڭىز، توغرىمۇ؟

— توغرا، بۇنچىلىك ئاقچىنى تۈتۈپمۇ كۆرمىگەنمەن. لېكىن قورقۇۋاتقىنىم، سىز مېنىڭ گۇناھلىرىمنى زىيادە قىلىۋاتىسىز. سەكسەن تەڭگىنىڭ ئاخىرەتتىكى جاۋابى ئەللىك تەڭگىنىڭكىدىن ئېغىر بولۇر! سەكسەن تەڭگىنىڭ جاۋابىنى بېرەلمەي، دوزاخنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ قالماي، تۆرەم! داستىخىنىمدىن تۇز يېدىڭىز، ئەمدى قىيامەتلىك مېھمىنىمسىز، ئۆزىڭىز ئېيتىڭ، مېھمان ساھىبخانىغا يامانلىقنى راۋا كۆرۈشى مۇسۇلمانچىلىقتىنمۇ؟

نائىب ئاۋازىغا بىر ئاز كەسكىنلىك تۈسى بەردى:

— ئاخىرەت، ئاخىرەت دېگۈچە، بۇگۈنىڭىزنى ئويلىسىڭىزچۇ! باقى دۇنيادىكى نېسىغا قارىغاندا پانىي دۇنيادىكى نەقلىرى ياخشى ئەمەسمۇ سىزگە؟ ماقۇل، ھېسابقىمۇ دەل كېلىدۇ، يۈز تەڭگە بېرەمەن، بۇ سىزگە ئانا سۈتىدەك ھالال بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىرنى سىزنىڭ ئېيتقانلىقىڭىز توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنمايمەن! ئەمدىغۇ رازى بولارسىز؟

نەسىردىن ئەپەندى يۈز تەڭگىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى يايراپ كەتتى. شۇڭا رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— نائىب تۆرەم، سىز تۈتقان يەرنى قويۇپ بەرمەيدىغان ئادەمدەك تۇرىسىز، ئېيتمىسام ئۇنىمىغۇدەكسىز. بوپتۇ، شۇنداق بولسۇن، لېكىن شەرت، ئالدى بىلەن ئاشۇ يۈز تەڭگىنى ئېلىپ كېلىپ قولۇمغا بېرىسىز ۋە بۇ ھەقتە تىلخەت يازىسىز. ئەگەر ھازىر سىرنى ئېچىپ قويسام، تەڭگىنىڭ ئىشى نېسى بولۇپ قالىدۇ. نېسى ناننىڭ ھەم كۆيۈكى بولىدۇ، ھەم چالمىسى. نان دەپ يەنە چالما چايناپ قالماي...

نائىب تۆرە پېشىنگە يېقىن يۈز تەڭگىنى ئېلىپ كېلىپ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، تىلخەتنىمۇ يېزىپ بەردى ۋە «قېنى، ئەمدى ئېيتىڭ» دېگەندەك تىكىلدى.

— بەگنىڭ «ئون ئىككىدىن تۆتنى ئايرىساڭ بولمىدىمۇ؟»

دېگىنى، — دېدى نەسىردىن، — بىر يىل — ئون ئىككى ئاي، سەككىز ئاي ئىشلەپ، تۆت ئاي دەم ئالساڭ بولمامدۇ، دېگىنى. مېنىڭ «ئوتتۇز ئىككىگە يەتمەيدۇ، قانداق قىلىپ ئون ئىككىدىن تۆتنى ئايرىيمەن؟» دېگىنىم بولسا، بالا - چاقام كۆپ، تاپقىنىم ئوتتۇز ئىككى چىشقا يەتمەيدۇ، دېگىنىم ئىدى.

نائىب داڭ قاتقاندەك تۇرۇپ قالدى ۋە:

— بەگنىڭ «ساڭا بىر بۆدۈنە ئەۋەتسەم، پەيلىرىنى يۇلۇپ بېرەمسەن؟» دېگىنىچۇ؟ — دەپ سورىدى. نەسىردىن ئەپەندى قۇۋلۇق بىلەن كۈلدى ۋە نائىب تۆرىنىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ دېدى:

— بەگ ھەقىقەتەنمۇ ماڭا مەرھەمەت قىلدى — ئاشۇ بۆدۈنە سىز، بىز بولساق پېيىنى يۇلدۇق!

نائىبنى باشتىن - ئاياغ تەر باستى. ئەمدى ئۇ بۇ چاقچاقنى باشقىلارغا ھەرگىز ئېيتماڭ دەپ، قاتتىق يېلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن نەسىردىن ئەپەندى:

— بىر بۆدۈنىنىڭ پېيىنى ئىككى قېتىم يۇلۇش ئىنسابتىن ئەمەس، — دەپ ئۇنى تىنچلاندۇردى...

ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىشلار بەگنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. كېيىن باشقىلارمۇ ئاڭلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باتۇرخان تۆرە نائىبنىڭ لەقىمى «بۆدۈنە» بولۇپ قالىدۇ. نامازخان تۆرە قازىنى بىلىدىغانلار: «ھە، ئۇمۇ بۆدۈنىنىڭ نەۋرىسى - دە» دەيدىغان بولۇشىدۇ. ئاخىر، بۇ لەقەمنىڭ ئەسلى مەنىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قازى ئۆيىدە بۆدۈنە ساقلايدىغان بولىدۇ ۋە سورىغانلارغا: «بوۋىمىز بۆدۈنىۋاز ئىدى، بىزگىمۇ مىراس قاپتىكەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

# توققۇزىنچى باب

## ئېغىر ۋە خەيرىلىك كۈن

— رەھمەتلىك كەلانخوجا توپچى شۇ چاغدا كەمىنىنى ئوبدانىلا قوللاپ قويغانىدى، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى نەسىردىن ئەپەندى زامانئەلى بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ، — ئاشۇ يۈز تەڭگىنى قولۇم - قوشنىلارنىڭ سېلىق - ئولپانلىرىغا تۆلەپ بەرگەنىدىم.

زامانئەلى ئاتنىڭ بېشىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ھەمىراھىنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ، بەزىدە كۈلۈپ كېتەتتى، بەزىدە جىددىيلىشەتتى.

— سېلىق - ئولپانلارنى كىم ئويلاپ تاپقان بولغىيتتىكىن؟ — دېدى زامانئەلى، — بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك سېلىقلار ئاۋۇپ، رەئىيەتنىڭ تېنىنى قۇرۇتماقتا. ئولپانچىلارمۇ كۆڭلىگە كەلگىنىنى قىلىپ، ئايدا ئەمەس، ھەپتىدە سېلىق يىغىدۇ. بىر تاناب يەردىن ئېلىنغان ھوسۇلنى بىچارە دېھقان ئائىلىسىگە سەرپلىسۇنمۇ، سېلىقىغا تۆلىسۇنمۇ؟ سېلىقنىڭ دەستىدىن قاياققا قېچىشىنىمۇ بىلمەيدۇ كىشى. تاناب پۇلى، ھەلەپ پۇلى، قوش پۇلى، بۇقا پۇلى، تۈتۈن پۇلى، خىراج، زاكات، باج... بۇلارنى سانىسا، سانىقى يوق. ئەمىر سىزنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىسا كېرەك. خەۋىرى بولغاندا، ئولپانچىلارنى ئىنساب قىلىشقا چاقىرار ئىدى.

— ھېچقانداق زاماندا ھېچبىر كىشى سېلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان، موللا زامانئەلى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — لېكىن سېلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر يولى بار، دەپ ئويلايمەن.

— قانداق يولى؟

— هېلى خىراج، هېلى ئۆشرە، ئۆي پۇلى، تۇتۇن پۇلى، قوش پۇلى دەپ يۇرمەستىن، يېرىڭىزگە بۇغداي تېرىماستىن، بىراقلا تەڭگە تېرىيسىز، خالاس.

— هە، گەپنى ئېلىپ قېچىپسىز، تاغا! — دېدى زامانئەلى بۇ گەپنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، — ئەگەر يەردە تەڭگە ئۈنسە، هەممە بايلىرىمىز يەرلىرىگە تەڭگە تېرىپ، رەئىيەتنى ئارامىغا قويۇۋېتەتتى. بولۇپمۇ بىزنىڭ قازى جانابلىرى بۇ ئىشتا پائال بولاتتى.

— قازى جانابىڭىزدىمۇ گوللۇق بار. ئېھتىمال بۇۋىسىدىن يۇققاندۇر. بىر ۋاقىتلاردا قولۇمغا چالا ساۋات ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلغان ئاجايىپ هايۋانلار، قۇشلار هەققىدىكى «ئاجايىبۇل ـ مەخلۇقات» دېگەن كىتاب چۈشۈپ قالدى. ئاشۇ كىتابتا: «دۇنيانىڭ ئادەم قەدىمى تەگمىگەن جايىدا شۇنداق دەرەخلەر باركى، مېۋىسى خۇددى ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلار كېچىلىرى يەرگە چۈشۈپ يۈرۈپ، كۈندۈزى يەنە جايلىرىغا چىقىپ، ئېسىلىۋالىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ هەرگىز ئادەملەردەك ئەقلى بولمايدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

— قازى جانابلىرىنى ئاشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى، دېمەكچىمۇسىز؟

— شۇنداق، ئۇ هەر كۈنى قازىخانىدا ئولتۇرۇپ پارا يىغىدۇ، كېچىسى چايخانىمۇ چايخانا يۈرۈپ، بۆدىنە سوقۇشتۇرىدۇ.

— سىزمۇ بۆدۈنە ئېلىۋالدىڭىز، چوقۇم قازى جانابلىرى بىلەن سوقۇشتۇرماقچىسىز ـ هە؟

— تاپتىڭىز، بۆدۈنە سوقۇشتۇرماقچىمەن. ئەسلىدە، هەممە گەپ بۆدۈنىدە! — نەسىردىن ئەپەندى يەنە خىيالغا بېرىلىپ، نېمىنىدۇر ئەسلىدى، — بۇرۇن كەلگەن چېغىمدا، شەهەر قازىلىكالانى خالمەت مېنى هۇزۇرىغا چاقىرىپ، سىنىماقچى بولدىمۇ، يەرنىڭ مەركىزىنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى. مەنمۇ قولۇمدىكى قامچامنىڭ دەستىسى بىلەن ئېشىكىمنىڭ ئالدى پۇتىنى كۆرسىتىپ: «مانا، بۇ ئېشىكىمنىڭ ئالدى ئوڭ پۇتى تۇرغان جايدا» دەپ جاۋاب بەردىم.

بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن خالمەت ساراسىمىگە چۈشۈپ: «قانداق بىلىسەن؟» دەپ سورىدى. «ئىشەنمىسىڭىز ئۆلچەپ كۆرۈڭ، — دېدىم پېتىمنى بۇزماستىن، — ئەگەر ئۇ تەرەپ بۇ تەرەپتىن بىر غېرىچ ئارتۇق ياكى كەم بولسا، ئېيتىڭ» نېمە دېيىشنى بىلمەي ئويلاپ - ئويلاپ: «ھەي، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى قانچە؟» دەپ سورىدى ھېجىيىپ. بىلدىمكى، ئۇ مېنى مات قىلماقچى. «ئېشەكىمىنىڭ بەدىنىدىكى تۈكلىرى قانچە بولسا، يۇلتۇزلارنىڭ سانىمۇ شۇنچە» دېسەم، «قانداق ئىسپاتلايسەن؟» دېدى جەھلى چىقىپ. «ئىشەنمىسىڭىز، ئېشىكىمنىڭ تۈكلىرىنى بىر - بىرلەپ يۇلۇپ ساناپ كۆرۈڭ، ئاندىن كېچىسى يۇلتۇزلار چىققاندا ئۇلارنىمۇ ساناپ، تۈك بىلەن يۇلتۇزلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. بىرى ئارتۇق چىقسا، قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشىمىز» دېدىم. بىلمەمەنغۇ، بۇ ئىشنى قىلالمايدۇ.

«ئېشەكنىڭ تۈكىنىمۇ ساناپ بولغىلى بولامدۇ؟» دەپ مەسخىرە قىلدى ئاخىر ئۇ. «شۇنى بىلىدىكەنسىز، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىمۇ ساناپ بولغىلى بولارمۇ، تەخسىر؟» ئەمدى ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، دەپ ئويلىسام، نەدىكىنى، ئۇنىڭ يەنە بىر يېڭى سوئالى چىقتى: «ساقىلىمنىڭ سانى قانچىلىك چىقار؟» دەپ ئېگىكىنى مەن تەرەپكە سوزدى. «ساقىلىڭىزنى يۇلۇپ، ئاندىن ساناش كېرەك» دېمەكچى بولدۇم - يۇ، كۆڭلىگە ئالمىسۇن دەپ پىكرىمدىن ياندىم ۋە: «ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقىدا نەچچە تال تۈك بولسا، ساقىلىڭىزنىڭ سانىمۇ شۇنچىلىك» دېدىم تەپ تارتماي. ئاخىر ئۇ مەندىن بىزار بولدى، شۇڭا مېنى ھەيدەپ چىقىرىپ، ئارقامغا ئادەم سېلىپ قويدى. بۇ ئادىمى ئىنسابلىق ئىكەن، مېنى چەتكە تارتىپ: «موللا نەسىردىن، دوستانە مەسلىھەت، سىزنى چىن دىلىمدىن ھۆرمەت قىلغىنىم ھەم سىزنىڭ ئاۋامنىڭ دوستى ئىكەنلىكىڭىز ئۈچۈن بۇ مەسلىھەتنى بەرمەكچىمەن: شەھەردىن ۋاقتىنچە چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا، بۇ خالمەت پاكىنەك كۈن

بەرمەي، جبىنىڭىزغا تېگمدۇ. ئەڭ ياخشىسى ۋابكەنتكە بېرىڭ، ئاشۇ يەر تىنچراق. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، يەنە شەھەرگە قايتارسىز» دېدى. شۇنىڭ گېپى بىلەن ۋابكەنتكە كېتىپ، بۆزچىلىك قىلدىم. شەھەرگە قايتىش نېسىپ بولمىدى. كېيىنچە كۆدە ـ كۆرپەمنى يۆدۈپ ۋابكەنتنىمۇ تەرك قىلدىم...

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ داۋالغۇلۇش ئىچىدە ئۆتكەن هاياتى سىر ـ هېكمەتلەرگە باي ئىدى. ئۇ ھەقىقەتپەرۋەرلىكى سەۋەبلىك بىر يەر جايدا مۇقىم ياشىيالمىدى، ئاۋامغا قانچە ياقسا، ھەقىقەت دۈشمەن-لىرىگە شۇنچە يامان كۆرۈندى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن يالتايمىدى، ئەزگۈلۈك يولىدا كۆكرەك كېرىپ بېرىۋەردى. ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق بىراۋغا سۆزلەپ بەرگەندىمۇ، سۆھبەتدىشىنىڭ مەيۈسلىنىشىگە پۇرسەت بەرمەي، بارچە ئەسلىمە-لىرىنى كۈلكىگە يۇغۇرۇپ ئېيتىپ بېرەتتى. بىراۋنىڭ ئېغىرىنى يەڭگىل قىلسا، ئاشۇ كىشىدىن كۆرە ئۆزى بەكرەك خۇرسەن بولاتتى، شۇ خۇرسەنچىلىك بىلەن ئۆزىگە تەسكىن تاپاتتى. ئادەملەر ئۇنى غەم ـ تەشۋىشى يوق، بىر قورسىقى تويسا بولدى، قەيەرگە بارسا، ئويناپ ـ كۈلۈپ، دىمىقىدا غىڭشىپ يۈرىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ يۈزى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئىچى دەردكە تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ دەرد ـــ ئاۋامنىڭ دەردى ئىدى. ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى ئەنە شۇ دەردكە شىپا ئىزدەپ يۇرت كېزىدۇ. هازىرمۇ ئىسمى-نى يوشۇرۇپ يۈرىدۇ. بۇ قورقىنىدىن ئەمەس، قىلغان ساۋاب ئىشلىرىنىڭ مىننەتكە ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. زامانئە-لىمۇ ئۇنىڭ شۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. هازىر سوئال سوراپ ئۇنىڭ دەردلىرىنى يېڭىلىغۇسى يوق. مەيلى، ئۇ بىرئاز ئۆز خىياللىرى بىلەن بولسۇن. ۋاقتى كەلگەندە ئاستا ـ ئاستا ئۆزى ئېچىلار...

زامانئەلىنىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ يول بويىدىكى پاكارغىنە ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن بىر جۇۋان ئېتىلىپ چىقتى ۋە

كەينىدىن بىر بوغچا ئېتىلدى. بۇ ۋەقە ئىككى يولۇچىنىڭ كۆز ئالدىدىلا سادىر بولدى. ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدىن قانداقتۇر بىر غوۋغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جوۋان هازىرلا چىققان ئۆيگە ئىنتىلىپ، يەنە ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدى، لېكىن ئىچكىرىدىكى كىشى ئۇنى يەنە ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى، جوۋان داجىپ كېتىپ، ئارقىسىغا يېقىلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئىچكىرىدىن ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر ئەر بىلەن چاچلىرىنى قىرووۋ باسقان كەمپىر چىقتى.

— كەلگەن يېرىڭگە كەت! — دېدى كەمپىر قوللىرىنى هاۋادا ئوينىتىپ، — يوقال، سەندەك كېلىنىم يوق مېنىڭ! مېنى غەپلەت بېسىپتۇ! بالامنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان ئىكەنسەن ئەسلىي، بۇزۇق!

ئەر بولسا بارماقلىرىنى مۇشت قىلىپ، كەمپىرنىڭ ئارقىسىدا، نېمە دېيىشىنى بىلمەي جالاق - جالاق تىترەيتتى، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك ئالايغانىدى. جوۋان ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ ئېغىز ئاچماقچى بولسىمۇ، كەمپىر ئىمكان بەرمەي، تىنماي كايىيتتى.

يولۇچىلار بۇ ئائىلىدە قانداق ماجىرانىڭ يۈز بەرگىنىدىن بىخەۋەر ئىدى. نەسىردىن ئەپەندى ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئەرگە يېقىنلاشتى. يات كىشىلەرنى كۆرۈپ، كەمپىر بىلەن جوۋان رومال-لىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزلىرىنى يېپىشتى.

— بۇ نېمە تاماشا، ئىنىم؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى ئەرگە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتقاچ، — ئىككى كىشى بىرلە-شىپ بىر ئاجىزەگە زۇلۇم قىلىۋاتىسلەر، ئادالەتنىمۇ بۇ؟ بۇ ئاجىزە كىمىڭىز بولىدۇ؟

ئەر:

— بىرى ئانام، بىرى خوتۇنۇمدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، شۇ هامان كەمپىر يەنە كايىپ كەتتى:

— خوتۇنۇم دېمە! قۇرۇسۇن، كەتسۇن بۇنداق شەرمەندە! بۇزۇق!...

— هاي - هاي، هاما، — كەمپىرنى پەيلىدىن ياندۇرماقچى بولدى نەسىردىن ئەپەندى، — بىگۇناھ كىشىنى قارغاش مۇسۇلمان-چىلىقتىن ئەمەس. قايسى گۇناھى ئۈچۈن ئۆز كېلىنىڭىزنى بۇنداق خارلايسىز؟

— تاغا، مەن بۇ جۇۋانغا ئۆيلەنگىنىمگە ئۈچ ئاي بولدى، — دېدى ئەر قاقشاپ تۇرۇپ، — ئادەتتە خوتۇنلار توققۇز ئايدا تۇغىدۇ، دەپ ئاڭلىغانمەن.

— توغرا ئاڭلىغان ئىكەنسەن، ئىنىم! — ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى نەسىردىن ئەپەندى.

— دېمەك، بۇنى سىزمۇ بىلىدىكەنسىز، — دېدى ئەر دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — بۇ... بۇ... ئىسمىنى ئېيتىشقا يىرگىنىدۇ ئادەم... بۇ، ئۈچ ئايدا...

— تۇغقىنىغا نەچچە كۈن بولدى؟

— بىر ئاي بولدى.

— شۇ ۋاقىتقىچە بىلمىگەنمىدىڭىز؟

— قوشنىلار ئانامغا ئېيتقاندىن كېيىن بىلدۇق.

— ھىم، — نەسىردىن ئەپەندى ئېڭىكىنى سىلىدى، — ئۈچ ئايدا، بەكلا قىزىق! لېكىن مەن بىر نەرسىنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋا-تىمەن: بۇنىڭغا نېمىشقا خاپا بولىسىلەر؟

— نېمىشقا خاپا بولمايمىز؟ ئۈچ ئايدا تۇغىدىغان خوتۇننى نېمە دەيدۇ؟

ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان زامانئەلى ھەيران بولغانچە نەسىردىن ئەپەندىنى نېمە دەركىن، دېگەندەك تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— ئارتۇقچە چىچىلماڭ هاما، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى كەمپىرگە تەسەللى بېرىپ، — ھەممىسى نورمال ئىش. قوشنىلار-نىڭ ئىغۋاسىغا ئىشىنىپسىز - دە. ئېيتىڭچۇ، ئوغلىڭىز تويدىن بۇرۇن كېلىنىنى كۆرگەنمۇ؟... دېمەكچىمەن، چاي ئىچۈرۈلگەندىن كېيىن كېلىنىڭىزگە كۆيۈ ئوغۇل بارغانمۇ؟

— بارغانمەن، — دېدى ئەركەك دەرھاللا، — تويدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن بارغانمەن، يەڭگىلەر ئىككىمىزنى ئۇچراشتۇرغان. ئۇ چاغدا كۆزۈم كور ئىكەن مېنىڭ..

— مانا! ئۈچ ئاي بۇرۇن كۈيۈ ئوغۇل سۈپىتىدە بېرىپسىز، چوقۇم شېرىن سۆھبەتتە بولدۇڭلار، بۇنىڭدىن تانمايسىز! ئەمدى ھېسابلاپ كۆرەيلى: تويدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئۇچراشقىنىڭىزنى تويدىن كېيىنكى ئۈچ ئايغا قوشساق، ئالتە ئاي بولامدۇ؟

— توغرا! — تەستىقلىدى ئەر.

— كېلىن بالىنى ئۈچ ئاي قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق!

— ئالتە ئايغا ئانا قورسىقىنى قوشساق، قانچە بولىدۇ؟

— توققۇز ئاي، — دېدى ئەر سانلارنى بارمىقى بىلەن ھېسابلاپ كۆرۈپ.

— مانا، توققۇز ئاي بولدىغۇ! شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا خوتۇنىڭىزغا مالامەت قىلىسىز؟ ئۇيات ئەمەسمۇ؟ قېنى، تېزدىن ھەممە ئىشنى يىغىشتۇرۇپ، كېلىننى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىڭ! ئىچكىرىدە ئانامنى ئېمىمەن دەپ بوۋاق يىغلاۋاتقاندۇ، ھەقچان؟ ھاما، سىزمۇ ئايال كىشى، بۇنداق ھېساب - كىتابلارنى ياخشى بىلىشىڭىز كېرەكقۇ؟ ياشلارنى يولغا سېلىش ئورنىغا ئاللىكىملەرنىڭ ئىغۋاسىغا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرۈپسىز؟

كەمپىر ئۇياتتىن قىزىرىپ، ئىتتىكلا كېلىننىڭ يەلكىسىدىن تۇتتى - دە، ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئەر رەھمەت دەپ تەزىم قىلىۋىدى، نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بوۋاققا ئىسىم قويغانمىدىڭلار؟

— تېخى بۈگۈن موللا چاقىرتىپ، قۇلىقىغا ئەزان ئېيتتۇرۇپ، ئىسىم قويماقچى ئىدۇق، ئانام قوشنىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، بۇ جاڭجاللارنى قوزغاپ قويدى...

نەسىردىن ئەپەندى زامانئەلىگە بىر قاراپ قويدى ــ دە:

ــ بوۋاقنا چاقچاقنى دەپ ئىسىم قويۇشلار، ــ دېدى ئەرگە، ــ ھەر قانداق بوۋاق توققۇز ئايلىق يولنى ئۈچ ئايدا بېسىپ ئۆتەلمەيدۇ. بۇ بوۋاقتا بىر خىسلەت بار. ئىنىم، سىز ئەتىلا بازارغا بېرىپ، مەدرىسەدە ئوقۇشقا تېگىشلىك قائىدە ـ ھەپتىيەكلەرنى سېتىۋېلىپ، چاقچاقنىڭ بېشىدا قويۇپ قويۇڭ.

ئەر ئاۋۋال ھەيران بولدى، كېيىن كۈلدى:

ــ بوۋاق ھېلىتىن ئۇ نەرسىلەرنى نېمە قىلىدۇ، تاغا؟ مەدرىسەگە بېرىشكە تېخى خېلى ۋاقىت بارغۇ؟

ــ توققۇز ئايلىق يولنى شۇنچە تېز بېسىپ ئۆتكەن بۇ خىسلەتلىك بالا، ئەتىلا مەدرىسەگە مېڭىپ قالسا، ئالدىراپ قالماڭ دېيمەن ــ دە.

ــ گېپىڭىز ئورۇنلۇق، تاغا، ــ دېدى ئەر، ئاندىن تېخىچە يولۇچىلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلمىغىنى ئېسىگە كېلىپ خىجالەتچىلىك بىلەن، ــ قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار! ــ دەپ تەكلىپ قىلدى.

ــ رەھمەت، ــ دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئېشەككە مىنىشكە چاغلىنىپ، ــ چاقىرسىڭىز، سۈننەت تويىغا كېلەرمىز، شۇ ۋاقىتتا كاتتا زىياپەت بېرەرسىز. چاقچاقنىڭ بۈگۈندىن كېيىن بىزنىڭمۇ بالىمىز بولدى.

ــ چوقۇم چاقىرىمەن، كەلگەيسىلەر، ــ دېدى ئەر يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

نەسىردىن ئەپەندى ئېشىكىگە مىنىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، زامانئەلى بېشىنى سىلكىپ كۈلۈپ كېتىپ، دېدى:

ــ تاغا، يالغان گەپكىمۇ تازا ئۇستىكەنسىز! يالغان گەپنىڭ گۇناھىدىن قورقمامسىز؟

ــ يالغان گەپ قىلىش گۇناھ! ــ دېدى نەسىردىن ئەپەندى، ــ لېكىن ئەر ـ خوتۇننى ياراشتۇرۇپ قويۇش، ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يالغان ساۋاب بولىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەن بولساق، بىر ئائىلە ۋەيران بولۇپ كېتەتتى. بۇ يالغىنىد-

مىزنى ئاللانىڭ ئۆزى كەچۈرسۇن! ئەرنى كۆردۈڭ، ئوتتۇراھال، كۇننى ئاران ئۆتكۈزۈپ يۈرۈپتۇ. مەجبۇرىي ئائىلىلىك بولغان. خوتۇننى تالاق قىلسا، كېيىن قايسى مېلىغا خوتۇن ئالىدۇ، قاچان بالىنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرىدۇ؟

بۈگۈن بىر كۈن دېگۈدەك يول يۈرگەن ئات بىلەن ئېشەك چارچاپ، ئۇستىدىكى ئادەمنى كۆتۈرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئۈچۈنمۇ مادارلىرى قالماي، ئاران ئاياق ئېلىشاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن زامانئەلى ئاتنى دېۋىتمەي ماڭغان بولغاچقا، شۇ تاپتا قۇياش پېتىشىغا بىر تېرەك بويى قالغانىدى.

— قۇياش بۈگۈنكى ئىشنى تۈگىتىپتۇ، — دېدى زامانئەلى پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، — قېنى، ئېشەكنى ئازراق قامچىلاڭ تاغا، بولمىسا، خۇپتەن نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىش بىلەن شەھەر دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، كېچىچە شەھەر سىرتىدا قالىمىز.

ئاتنىڭ مېڭىشى تېزلەشتى، ئېشەك يورغىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى يولۇچى دەرۋازا تاقىلىشتىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىۋېلىشتى. شەھەر جىمجىت بولۇپ، كوچىلاردا خۇپتەن ئوقۇغىلى ماڭغان ئادەملەر ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇراتتى، دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرى تاقالغانىدى.

نەسىردىن ئەپەندى زامانئەلىگە مەسلىھەت سالدى:

— ئىنىم، ئىككىمىز ھۇجرىڭىزغا سىغمىساق كېرەك، ياخشىسى، يېقىن ئەتراپتىكى چايخانىغا باشلاڭ، بىرئاز چايخورلۇق قىلىپ، دەم ئالايلى. قازى بىلەن ئەتە كۆرۈشەرمىز. قانداق دەيسىز؟

— ياخشى گەپ، — دېدى زامانئەلى ئاتنىڭ بېشىنى سەپەر شاھچىنىڭ چايخانىسى تەرەپكە بۇراپ، — بۈگۈن ئىنتايىن ئېغىر كۈن بولدى زادى...

— ھەئە، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — ئېغىر ۋە خەيرلىك كۈن بولدى!

# ئونىنچى باب

## چايخانىدا

سەپەر شاھىچى بۇخاراغا قايسىدۇر بىر زامانلاردا ئاللىقاندا قىتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن مەرغىلان تەرەپلەردىن كېلىپ قالغانىدى. بىر مەھەل خانغا نۆكەرلىككە ياللىنىپ ئىشلەپ، پۇتى يارىلانغاندىن كېيىن نۆكەرلىكتىن بوشىدى. ئاخىر، مانا بۇ چايخانىدىن ماكان تاپتى. ئۇ پۇتىدىكى زەخىم سەۋەبلىك بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاقساپ ماڭىدۇ. ھەزىل ـ چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ كىشىنى ئەتراپتىكىلەر ياخشى تونۇيدۇ. چايخانىنىڭ دائىم ئاۋات بولۇشىمۇ سەپەر شاھىچىنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن كەلگەنىدىن. نامازخان تۆرە قازىغىمۇ ئۇنىڭ شۇ يېرى ئىنتايىن ياقىدۇ، ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇلپەتلىرى بىلەن كېلىپ تۇرىدۇ.

سەھەردە مېھمانلارنى قايماق بىلەن كۈتۈۋالغان سەپەر شاھىچى نەسىردىن ئەپەندىگە يېقىپ كەتتى. ناشتىدىن كېيىن شاھىچىنى يېنىغا چاقىرتتى، بەلبېغىدىن ئىككى كۈمۈش تەڭگىنى چىقىرىپ، داستىخانغا تاشلاپ، شۇنداق دېدى:

— سەپەر تاغا، بۇ تەڭگىلەرنى ئېلىپ، پېشىنگىچە سەۋزىسى كۆپرەك پولۇ تەييارلاپ بەرسىڭىز.

— جېنىم بىلەن، — دېدى شاھىچى، — پەقەت پولۇمۇ؟

— يەنە ئازراق قىزا قاينىتىپ، ئېرىق سۆيىگە قوغۇن ـ تاۋۇز تاشلاپ قويغايسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، — نەسىردىن ئەپەندى خالتىدىن بىر بۆدۈنىنى چىقىرىپ شاھىچىنىڭ قولىغا بەردى، — مانا بۇنى بولسا قەپەسكە سېلىپ، بىز ئولتۇرىدىغان كارىۋاتنىڭ

ئۈستىگە ئېسىپ قويۇڭ.

— ئاش نەچچە كىشىلىك بولسۇن؟ — دېدى شاھىچى قوللۇق قىلىپ.

— ئۈچ - تۆت كىشىلىك، قازى جانابلىرى قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ.

سەپەر شاھىچى بىر - ئىككى قەدەم يىراقلاشقاندىن كېيىن، زامانئەلى:

— تاغا، ئاۋۇ بۆدۈنىنىمۇ قويۇپ كەتمەمسىز؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندىدىن.

— بۇنىڭ بىر خىزمىتى بار، — دەپ قويدى نەسىردىن ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ، — زامانئەلى، يول باشلاڭ، قازى جانابلىرى كېچىدىن بېرى كۆزلىرى تۆت، يولىمىزغا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرغاندۇر...

ئۇلار قازىخانىغا كىرگەندە، قازى ئىسسىق تۇپراققا باغرىنى بېرىپ ياتقان خورازدەك شىرەگە يۆلىنىپ، قىزىل ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. مېھمانلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈزى ئېچىلىپ كەتتى. پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش يورۇقىدا جىلمايغان يۈزى تېخىمۇ خۇش چىراي كۆرۈندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى زامانئەلى ئەدەپ بىلەن تۆرگە ئۆتۈپ قازىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاندىن مېھماننى كۆرسەتتى، — مانا، دېگەن ئادىمىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن نەسىردىن ئەپەندىمۇ قازى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى - دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. قازى زامانئەلىگە مەنىلىك قارىغانىدى، ئۇ ئۆز خانىسىغا چىقىپ كەتتى.

— سىز... سىز - ھە! — دېدى قازى زامانئەلىنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي تەمتىرەپ، — تونۇگۇن قانداق ئىشلار بولۇپ كەتتى، تېخىچە ئەقلىم يەتمەي تۇرۇپتۇ.

قازىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن نىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەررۇ چۈشەنگەن نەسىردىن ئەپەندى دەرھال قوينىدىن مەخمەل ھەميانىنى چىقىرىپ:

— بۇنىڭدا يۈز تىللا بار، — دېدى ۋە ئۇنى قازى ئولتۇرغان كۆرپىنىڭ ئاستىغا تىقتى، — تۈنۈگۈنكى ئىشلارغا مېنىڭمۇ ئەقلىم يەتمەي تۇرىدۇ. تۈنۈگۈن ھەميانىنى تاشلاپ كەتسەممۇ بولاتتى، لېكىن نېمىشقا بۇ ئادەم بىرى كەم يۈز تىللا بېرىدۇ، دەپ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، دەپ كۆپ ئويلاندىم. مانا، ھېسابىقا توغرىلاپ، بۈگۈن ئېلىپ كەلدىم. شېرىنكامنى كېچىكتۈرگىنىم سەۋەبلىك مېنى ئەيىب قىلمىغايسىز، دېگەن نىيەتتىمەن. «پەقەت بولمىغاندىن كېچىكىپ بولسىمۇ بولغىنى ياخشى» دېگەنىكەن ماشا-يىخلار. سىز بۇ پىكىرگە قوشۇلارسىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ياخشى پىكىرگە دائىم قوشۇلۇپ كەلگەنمەن! — دېدى قازى شۇنچە بايلىقىقا ئېرىشىپ ئولتۇرغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ. ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولسىمۇ، بۇنداق سېخىي ئادەمنىڭ كۆرسىتىۋاتقان ھىممىتىگە ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا قولىنى ئاستاغىنە كۆرپە تېگىگە تىقىپ، ھەمياد-نى سىلاپ كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلى تولۇق خاتىرجەم بولدى، — مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلىغاندىم، — سۆزىنى داۋام قىلدى قازى بىردىنلا ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى خۇددى «گەپ ئاقچىدا ئەمەس» دېگەندەك مەنىدە ئىدى، — بۇ دۇنيادا ئىنسابلىق ئادەملەر كۆپ. ئەگەر تۈنۈگۈن ئاشۇ تىللالارنىڭ يېرىمىنى تاشلاپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ ھېچ گەپ يوق ئىدى. ھېسابنى تولۇق قىلغى-نىڭىز بولسا، ئەقىل - پاراسىتىڭىزنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنىڭ نىشانىدۇر. تەنەبايغا ئوخشاشلارنىڭ جازاسى شۇ! سىزدەك ئالىي مەرتىۋىلىك مېھمانغا بىھۆرمەتلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ جازامۇ كەمدۇر!

— قۇللۇق، قازى جانابلىرى، قۇللۇق! — دېدى نەسىردىن

ئەپەندى، ـــ تەنھاي ئەدىپىنى يېدى. ئەمدى مېنىڭ ئۇ زاتقا نىسبەـ تەن دەۋايىم يوقتۇر.

ـــ ھە مەيلى، بىزنىڭ ھۆكمىمىزدىن رازى ئىكەنسىز، نېمە دېيتتۇق. ئەمرى خۇدا!

نەسىردىن ئەپەندى بىردىن گەپنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتتى:

ـــ ھەزرىتىم بۆدۆنىگە ئىشقۋازغۇ، دەيمەن؟

ـــ سىز قەيەردىن بىلىپ قالدىڭىز؟ ـــ ھەيرەتتىن ياقىسىنى تۇتتى قازى.

ـــ نېمىشقا بىلمىگۇدەكمەن؟ سىز بۆدۆنىنى ئۇچۇرماقچى بولغاندەك قولىڭىزنى مانا بۇنداق قىلدىڭىز، ـــ ئۇ قازىنىڭ قول ھەرىكىتىنى كۆرسەتتى.

ـــ مېنى يەنە بىر قېتىم لال قالدۇردىڭىز، مېھمان! ـــ قازىـ نىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى، ـــ سىزنى ئەقىل ـ پاراسەتتە يېگانە دېسەم، زېرەكلىكىڭىزمۇ بار ئىكەن، ئاپىرىن!

ـــ كەمىنىمۇ بۆدۆنە سارىڭىدۇر.

ـــ ياشاپ كېتىڭ، ياشاپ كېتىڭ! گەپنىڭ ياخشىسى ئەمدى چىقىدىغان بولدى. دۇرۇس، دۇرۇس! بۆدۆنە مەسىلىسىدە مېنىڭ ئۆزۈمگە خاس قاراشلىرىم كۆپ. جەم بولۇپ پاراڭلىشىمىز تېخى.

بۇ گەپ نەسىردىن ئەپەندىگە ئۆز تەكلىپىنى ئېيتىشقا پۇرسەت بەردى.

ـــ تەخسىرىم، ماقۇل كۆرسىڭىز، پېشىندە چايخانىدا بىرەر كاپامدىن ئاش يەپ، سۆھبەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلغايسىز، بۇ پېقىرنىڭ كۆڭلىنى تاغدەك قىلغان بولاتتى.

ـــ ياخشى گەپ، ياخشى گەپ! ـــ دېدى قازى، ـــ مەن ھازىر زامانئەلنى سەپەر شاھچىنىڭ چايخانىسىغا ئەۋەتەي، بىز بارغۇچە ئاشنىڭ سەۋزىسىنى قاينىتىپ تۇرسۇن.

نەسىردىن ئەپەندى دەرھال قويىنىدىن بۆدۆنىنى چىقىرىپ، ئۇنى مېھىر بىلەن سىلاشقا باشلىدى. قازى بولسا: «بۇ ماڭا بۆدۆـ

نىمۇ ئىلىپ كەپتۇ - دە» دېگەن ئوي بىلەن ئولتۇرغان يېرىدىن بىر قىمىرلاپ قويۇپ:
— ئاۋارە بولۇپسىز، — دېدى.
نەسىردىن ئەپەندى بولسا، بۆدۈنىنىڭ تۇمشۇقىغا سۆيۈپ:
— ئاۋارىگەرچىلىكى يوق، — دېدى، — بۇ بۆدۈنە بۆدۈنە ئەمەس، سىپى ئۆزىدىن دوستتۇر! زامانىئەلىنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ سىز مەنزىلىنى ئېيتىڭ، بۆدۈنىنىڭ ئۆزى خەۋەر يەتكۈ - زىدۇ.
قازى بۇ مۆجىزىدىن يەنە بىر قېتىم ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتتى. ئاخىر، ئۇ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە بۇنداق ئىشنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ چايخانا مەنزىلىنى ئېيتىۋېتىپ، بۆدۈنىنىڭ ئۇ يەرگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىدى. قازى - نىڭ ھالىتىنى، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرغان نەسىردىن ئەپەندى ئۆز ھەرىكەتلىرىگە تېخىمۇ سىرلىق تۈس بەردى ۋە:
— قازى جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قۇلىقىڭغا قۇيۇۋالدىڭ، ھە؟ — دېدى بۆدۈنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ئەمدى يولدا ئويناپ يۈرمەي، ئۇدۇل بېرىپ، سەپەر تاغاڭغا: «قازى جانابلىرى كېلىۋاتىدۇ، سەۋزىسىنى كۆپرەك قىلىپ پولۇ دەملەپ، قىمىزا قاينىتىپ، قوغۇن - تاۋۇزنى ئېرىق سۈيىگە تاشلاپ مۇزلىتىپ تۇرۇڭ، دېگىن! بىز بىر ئازدىن كېيىن ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمىز، بىلدىڭمۇ؟
قازىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدى. نەسىردىن ئەپەندى بۆدۈنىنى كىچىككىنە دېرىزىدىن ئۇچۇرۇۋەت - كەندىن كېيىن، ئۆزىگە كەلگەن قازى ئىشەنمەي:
— بۇرادەر! ماڭا قاراڭ، بۇ بۆدۈنىڭىز ھەقىقەتەنمۇ...
— ھەئە، ھەئە، بۇ شۇنداق بۆدۈنە، — دېدى نەسىردىن، — بۇنىڭ باشقا خىسلەتلىرىنى ئېيتىدىغان بولسام، چايخانىدىكى ئاش ئىس يەپ قالىدۇ. مانا شۇنداق دوستقا ئېرىشكەنمەن. ھېلى بارغاندا -

ـدىن كېيىن داستىخان ئۈستىدە ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن. سىزمۇ بۆدۈنە تونۇيمەن دەپ كېرىلىپ يۈرۈپسىز ـ دە، قازى جانابـ ـلىرى! قېنى، ئاستا قوزغىلايلى، بارغۇچىمۇ ۋاقىت ئۆتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن نەسىردىن ئەپەندى نېرىقى ھۇجرىدا ئولتۇرغان زامانئەلىنى چاقىردى:

— زامانئەلى، بارمۇسىز؟

— لەببەي، تەخسىر، — دەرھال بوسۇغىدىن ئاتلىدى زامانـ ـئەلى، — نېمە خىزمەت باركىن؟

— قازى جانابلىرىنىڭ ئېتىنى ئېگەرلەڭ! سەپەر شاھچىنىڭ چايخانىسىدا! بىر ئاز سۆھبەتلىشەيلى!

نەسىردىن ئەپەندى شۇنداق دېگەندىن كېيىن، قازىنىڭ ئورنىـ ـدىن تۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، يۆلىدى. زامانئەلىمۇ ئېتتىكلا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

## بۆدۆنە سودىسى

مەسچىت تەرەپتىن پېشىن نامىزىغا ئۇقۇلۇۋاتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ناماز ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن چايخانىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. كىرىش بىلەنلا كۆزگە تاشلىنىدىغان توپا ئارىلاش تاش ياتقۇزۇلغان بىر يېرىم غۇلاچ كەڭلىكتىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە يەتكۈزۈلگەن رەيھاننىڭ مۇئەتتەر ھىدى يۈرەكلەرنى ياشارتاتتى، يول ۋە سۇپىلارغا قېنىق سۇ سېپىلگەن بولۇپ، يەردىن كۆتۈرۈلگەن نەم ئىللىق ھاۋا گۇپۇلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىر نەچچە تۈپ ياش ئۈجمە دەرىخى ھويلا ئىچىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. چوڭراق ئۈجمىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان كەڭ كارىۋاتنىڭ ھەربىر پۇتىغا بىردىن تۈۋرۈك باغلاپ، ئۈستىگە بورا تاشلاپ، سايىلىق ياسالغانىدى. شۇ سايىلىقلارنىڭ بىرىدە ئالاھىدە مېھمانلار ئۈچۈن جاي راستلانغانىدى. سايىلىقتا ئېسىلغان قەپەسدىكى بۆدۆنە يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقتا دىمىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، قەپەس ئۈستىگە شايى بەلباغ تاشلىنىپ، بىر چېتى كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى.

سەپەر شاھىچى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئاۋۋال قازى جانابلىرى بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى. تۇيۇقسىز قەپەسدىكى بۆدۆنىگە كۆزى چۈشكەن قازى چايخانىچىنىڭ تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشلىرىغىمۇ تۈزۈك جاۋاب قايتۇرالماي، نېمىندۇر دەپ غىڭشىپ قويدى. قازىنىڭ بۇ ئەپتىدىن ئۇنىڭ نېمە ھەققىدە

ئويلاۋاتقىنىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىچە غۇدۇراپ نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتى، لېكىن پىكرىنى بىر يەرگە جەملىيەلمەيتتى. نەسىردىن ئەپەندى بولسا ئاللىقاچان قازىنىڭ نىگاھىدىن ھەممە گەپنى بىلىۋالغان بولغاچقا، ئىچىنى تېخىمۇ قىزدۇرۇش ئۈچۈن سەپەر شاھىچىدىن سورىدى:

— بۆدۇنە قېنى؟

— ئەنە، — دەپ قەپەسنى كۆرسەتتى چايخانىچى، — ئاپتاپ ئۇرمىسۇن دەپ ئۇستىگە يېپىنچا تاشلاپ قويدۇق. ئىگىسىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

خۇددى ئاتايىن ئۆگىتىپ قويۇلغاندەك، بۆدۇنە ئاللىقانداق ھاياجان بىلەن بىر - ئىككى قېتىم سىلكىنىپ قويدى. بۆدۇنە تەرەپكە ماڭغان نەسىردىن ئەپەندى زوقى كەلگەندەك:

— ئاۋازىڭدىن ئايلىناي! — دەپ لېۋىنى چوكۇلدىتىپ، بۆدۇنىنىڭ ئاھاڭىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ قويدى. قازى بولسا ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماستىن ئاشۇ تەرەپكە قاراپ قويدى. بۆدۇنە سىقىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قەپەسنى سىلاپ قويۇشى بىلەن ئۆزگىچە شادلىققا تولغاندەك سايراپ كەتتى.

مېھمانلار ئىچكىرىدە پېشىن ئوقۇپ، كېيىن كارىۋاتتا چىقىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، سەپەر شاھىچىنىڭ ئۆزىمۇ كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئولتۇردى. قازى دۇئاغا ئېغىز ئېچىپ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلاۋېتىپمۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قەپەسكە يەنە قارىدى. دۇئادىن كېيىن سەپەر شاھىچى قازىغا قاراپ:

— قىرائەتلىرى قۇلاققا مايدەك ياقتى، — دېدى ۋە ئىشارە بىلەن كۈتكۈچىنى چاقىردى، — چۆگۈننى ئېلىپ كەل!

— تېخى قازى جانابلىرىنىڭ ھەقىقىي قىرائەتلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىز، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — بىر قىرائەتكە چۈشسە، سايراۋاتقان قۇشلارمۇ جىم تۇرۇپ قۇلاق سالىدۇ.

— مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى قۇدرەت غوجىنىڭ قىرائىتىگە

يەتمىسە كېرەك! — دېدى سەپەر شاھىچى ئەسلىتىپ، — ئۆيلىردىمۇ قىرائەت بىلەن گەپ قىلىدىكەن. «خاتۇنا، لەئابى ئاش نان - نانا!» دەپ سۇ - نان ئېلىپ كەل، دەيدىكەن. خوتۇنلىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ھېچبولمىسا چاي بىلەن ناننى قىرائەتسىز ئېيتسىڭىز بولمامدۇ؟» دېسە، «سېنىڭ بىر بۇردا نېنىڭ، بىر يۇتۇم سۈيۈڭنى دەپ قىرائىتىمنى بۇزايمۇ!» دەپ زەردە قىلىدىكەن.

— قازى جانابلىرى ئۇ دەرىجىدە بولمىسىمۇ، قىرائەتلىرى سىز ئېيتقان قۇدرەت غوجا ئىمامنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، — دەپ ماختاپ قويدى نەسىردىن ئەپەندى. قازى بۇ گەپلەرگە بېشىنى قىمىرلىتىپ تۇرسىمۇ، خىيالى بۆدۈنىدە ئىدى.

كۈتكۈچى بالا بىر چۆگۈندە چاي ۋە نان ئېلىپ كەلدى. سەپەر شاھىچى ھىند سودىگەرلىرىدىن سېتىۋالغان، لېكىن پەقەت ئالاھىدە مېھمانلارغا ئاتاپ كۆرپىسىنىڭ قېتىدا ئاسراپ قويىدىغان خۇشبۇي چايلىقنى چەينەكتىكى دۇغ سۇغا سالدى، بىر - ئىككى قېتىم سورۇپ، كېيىن مىس چۆگۈننى زامانئەلىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە نەسىردىن ئەپەندىگە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن:

— بۇرادەر، ئېيتقىنىڭىزدەك ئاشنىڭ سەۋزىسىنى قايناتىپ قويغانمەن. گۇرۇچىنىمۇ يۇيۇپ قويدۇم، گۇرۇچنى سېلىۋېرەيمۇ ياكى سەل ئۆتكۈزۈپمۇ؟

نەسىردىن ئەپەندى «سىز بىر نېمە دەڭ» دېگەندەك قازىغا قارىغانىدى، قازى بۆدۈنىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ:

— مەيلى، مەيلى، — دېدى ئالدىراپ، لېكىن ئۇنىڭ نېمىگە «مەيلى، مەيلى» دېگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

— ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، سەپەر ئاكا، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

— قىزىنى قايناتىپ قويغانمەن، — دېدى يەنە سەپەر شاھىچى، — ئاشقا باسايمۇ ياكى ئۆزىنى ئايرىم پارچىلاپ ئېلىپ كېلەيمۇ؟

— يېرىمنى ئاشقا، يېرىمنى پارچىلاپ كېلىڭ! — دېدى قازى ئەمدى ئۆزىگە كەلگەندەك.

شاھچى:

— خوپ، بولىدۇ! — دەپ ئىككى قەدەم تاشلاپ بولۇپ، يەنە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ دېدى، — قوغۇن بىلەن تاۋۇزنى ئېرىقنىڭ سۈيىگە تاشلاپ قويغاندىم. مېنىڭچە، ئۇلارنى ئاشتىن كېيىن يېچقىنىم ياخشى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

شۇ چاغدا زامانئەلى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىمۇ ياكى قازان بېشىغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ ئۇچاقېبىشى تەرەپكە كېتىۋېدى، قازى نەسىردىن ئەپەندى تەرەپكە سەل ئېگىلىپ:

— مېھمان، سەپەر شاھچىغا شۇنچە گەپنى مۇشۇ بۆدۈنە يەتكۈزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى قەپەسنى شەرەتلەپ تۇرۇپ، — ھېچ ئىشىنەلمەي تۇرىۋاتىمەن.

— ھەئە، ئەمدى تەخسىر، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى چۆگۈن-نى ئېلىپ قازىنىڭ بوشاپ قالغان پىيالىسىگە چاي قۇيغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېھتىرام بىلەن قازىغا ئۇزىتىۋېتىپ، — مەن سىزنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىم يوققۇ. مەيلى ئىشە-نىڭ ياكى ئىشەنمەڭ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە!

قازى ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ ئارىلىقتا زامانئەلى ساپال لېگەندە پارچىلانغان قىزا كۆتۈرۈپ كېلىپ، داستىخانغا قويدى ۋە ئۆزىمۇ كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇردى. ئىككىنچى چۆگۈن يېرىملاش-قاندا، ئاشمۇ تارتىلدى.

ھەممىسى لېگەنگە يېپىشىشتى. قازى ھەر بىر كاپام ئاشنى ئېغىزىغا سالغاندا، كۆزى قەپەسكە چۈشەتتى ۋە «بۆدۈنە مېنىڭكى بولۇشى كېرەك» دېگەن پىكىرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئاشمۇ يۇمشاقراق بولغانىكەن، تېزلا لېگەننىڭ تېگى كۆرۈندى. نەسىردىن ئەپەندى بوشىغان لېگەنگە چاي قۇيۇپ، ئۇبدان چايقاپ، «ساۋاب

بولىدۇ» دېگەندەك قازىغا تۇتتى. قازى بىر - ئىككى قېتىم هۇپلەپ، لېگەننى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە قايتۇردى. زامان - ئەلى «چاي ئىچىۋاتىمەن» دەپ ساۋابقا شېرىك بولمىدى.

نەسىردىن ئەپەندى قازىنىڭ ئالدىدىكى پىيالىغا چاي قۇيىمەن دەپ چۆگۈننى سۇنغانىدى، قازى «بولدى ئەمدى» دېگەندەك، پىيا - لىنى قولى بىلەن توستى ۋە بىر كېكىرىپ:

— قوغۇن بىلەن تاۋۇزغىمۇ جاي قالسۇن، — دېدى چوڭ قورسىقىنى سىلاپ، — ئاش بەك ئوخشاپتۇ، سەپەرنىڭ قولى دەرد كۆرمىسۇن!

زامانئەلى دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، قوغۇن - تاۋۇز تىلغىلى ئوچاق بېشى تەرەپكە كەتتى.

بۆدۈننىڭ «ئەقلى» قازىنىڭ ئەقلىنى ئالدىرىتىپ قويدى. هازىر ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىش كېرەك. بۇنداق ئىمكانىيەتنى، بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىش ئۆتۈپ كەتكەن بوشاڭلىق بولىدۇ. تەدبىركار ئادەم ھەممە نەرسىنىڭ ۋاقتى - سائىتىنى ياخشى بىلى - دۇ ۋە ئىمكانىيەتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. قازىمۇ ئۆزد - نى شۇنداق تەدبىركارلار تائىپىسىدىن دەپ هېسابلايدۇ. هازىر نېمە قىلىپ بولسۇن، بۆدۈننى ئۆزىنىڭكى قىلىۋېلىش كېرەك. توغرا، بۇ ئىش بىرئاز مۇشكۈل. بۆدۈننىڭ ئىگىسى «ساتمايمەن» دەپ ئۆزىنى ئۇياق - بۇياققا تاشلايدۇ. يولنى تېپىپ قىلمىقى، مۇشكۈل - نى يەڭمىكى، ئەقىل - ئىدراكىنى كۆرسەتمىكى كېرەك. ئاخىر، ھەر قانداق مۇشكۈلنى بىرتەرەپ قىلالمىغان كىشى قانداقمۇ ئۆزىنى هازىر جاۋاب سانىيالىسۇن؟ ئۇ بۆدۈنگە ئېرىشىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئۆتۈنۈپ يېلىنمىقى، ئۆتۈنۈشى ئەسقاتمىسا سودىلىشىشى، ئۇ ئۇنۇم بەرمىسە ئوتتۇرىغا ئادەم — دەللال قويۇشى، ئۇمۇ كارغا كەلمىسە، ئادەم يوللاپ... ياق، ئىش ئۇ دەرىجىگە بارماس...

قازى قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرۇپ مەقسەتكە كۆچتى:

— ئاشنى يېدۇق، قىزىنى چاينىدۇق، چاينى ئىچتۇق، نېسىپ

بولسا، قوغۇن ـ تاۋۇزنىمۇ يەيمىز. ئەمدى، سىزگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار.

— قانداق ئۆتۈنۈش، تەخسىر؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.

— بۇ بۆدۈننى ماڭا سېتىڭ! ئىشقىم چۈشۈپ قالدى.

نەسىردىن ئەپەندى بىردىن جىددىيلىشىپ، يۈزىنى پۈرۈشتۈردى:

— مانا، باشلاندى!

— نېمە باشلاندى؟ — دېدى قازى ئەجەبلىنىپ.

— ئىشلار شۇنداق بولىدۇ، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى داستىخان چېتىدىكى ئۇۋاقلارنى تېرىۋېتىپ، — ياخشى مالغا ھەممە كۆز تىكىدۇ. كەلگىنىڭىزدىن بېرى پات ـ پات قاراۋاتقانلىقىڭىزدىن نىيىتىڭىزنى سەزگەنىدىم. ئۆزۈمچە، «قازى جانابلىرى سوراپ قالسا، نېمە دەرمەن؟» دەپ كۆڭلۈمدىنمۇ ئۆتكۈزدۈم ھەم «ياق» دېيىش نىيىتىگە كەلدىم...

— ھە... ئەمدى، زارىمىز بار، زورىمىز يوق، — گەپنى چاقچاققا بۇرىدى قازى، — سېتىش نىيىتىڭىز بولسا، ياتقا كەتمىسۇن، دەيمەن.

نەسىردىن ئەپەندى قازىنىڭ گېپىگە ئېتىبار بەرمەي دېدى:

— بۇ بۆدۈننى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بۇرۇنقى ئىگىسىنىڭ كەينىدىن قانچىلىك يۈرگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ ئۇنى سېتىشقا كۆندۈرگىچە ئانا سۈتۈم ئاغزىمغا كەلدى. چۈنكى، باغدادتا بىر ئىدى بۇ بۆدۈنە. يېلىنىپ يۈگۈرۈپ، قەرز قىلىپ دېگەندەك ساق يۈز تىللاغا كۆندۈرگەنمەن ئىگىسىنى.

— دەپ باقتىم، مېھمان، — دېدى قازى، — ساتمىسىڭىز، ساتماڭ.

نەسىردىن ئەپەندى «ئويۇن» نى داۋام قىلىپ، شۇنداق دېدى:

— ئېغىز ئېچىلغان مالنى بەرمىسىڭىز، يا ئۆلىدۇ ياكى يوقىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانمەن. سىز ئېغىز ئېچىپ قالدىڭىز، مەن نېمە

دەيتتىم. ھازىر بەرمىسەم، بۆدۈنىگە كۆز تېگىپ كېتىشى مۇمكىن. بۆدۈنە شۇنداق يېقىملىق جانىۋار، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز بۆدۈنىۋاز ئۆتكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى قازى تاتىرىپ.

نەسىردىن ئەپەندى گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئەگەر سىز ئەمەس، باشقا كىشى سورىغىنىدا، مېنىڭ تىللانىڭ يۈزىگە قارىمايتتىم. راست چاقچاق قىلمىدىم، ھەرگىز ساتمايتتىم. لېكىن سىزگە ياق دېسەم... بىر داستىخاندىن تۇز ـ تائام يېدۇق، مېھمىنىم بولدىڭىز، «مېھمانىنىڭ ھەققىنى ئۆزۈڭگە جاۋاب بىلگىن» دېگەن گەپ بار. دېمەك سىزنىڭ گېپىڭىز مەن ئۈچۈن جاۋاب. نەچارە، داستىخانىنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى... ماڭا پايدىسى كېرەك ئەمەس، ئۆزىنىڭ نەرخىنى بېرىڭ. ئەنە، بۆدۈنە سىزنىڭكى، مەن رازى!

سودا پۈتتى، «بەرىكەتلىك بولسۇن» نىڭ ئۈستىگە زامانئەلى لېگەندە ئالاھىدە تىللانغان قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، داستىخاندا قويدى ۋە گەپنىڭ نېمە توغرۇلۇق بولۇۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمەي:

— كىم نېمە ساتتى؟ — دەپ سورىدى. نەسىردىن ئەپەندى مەخمەل ھەميانىنى سىلىكىپ:

— قازى جانابلىرىغا بۆدۈنىنى يۈز تىللاغا ساتتۇق، — دېدى.

بۇ سودىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، زامانئەلى ھوشىنى يوقاتقاندەك تۇيۇقسىز دەلدەڭشىپ كەتتى. ئەگەر قوغۇن ـ تاۋۇزنى بۇرۇنراق داستىخانغا قويۇۋالمىغان بولسا، قولىدىن چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بىر تاز بۆدۈنىنى قازىغا يۈز تىللاغا سېتىشىدا ئاللىقانداقتۇر بىر سىر بارلىقىنى چۈشەنگەن زامانئەلى سودىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن تىلىنى چىشلەپ، جىم تۇردى. قازى خاسىيەتلىك مالنى قولغا كىرگۈزگىنىدىن خۇرسەن ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېسىقلىق تۇرغان قەپەستىن بۆدۈنىنى

ئېلىپ، سىقىمىدا چەملەپ كۆردى، لېۋىنى چوكۇلدىتىپ «ئاۋاق جانىۋار» دېدى ۋە يەنە قەپەسكە سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ بەرگەن تىللاسىغا قىلچە يۈرىكى ئېچىشمىدى. چۈنكى ئۇ ئىچىدە: «يۈز تىللا شېرىنكانە بېرىلگەندى، سېپى ئۆزىدىن چىقتى، بۇدۇنە ماڭا بىكارغا چۈشتى» دەپ ئويلىدى. لېكىن، بىراۋنىڭ تورزىقىغا چۈشكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

قازى قاتتىق خۇرسەنلىكىدىن ئېغىزى قۇلىقىغا يېتىپ:

— زامانئەلى، بۇدۇنىنى ئۆدۈل قازىخانىغا ئاپىرىپ قوي! — دېدى قەپەسنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، — ھازىر بۇنى ئۆيگە ئېلىپ بارساق، يەڭگەڭ كوتۇلداشنى باشلايدۇ: «تاپقىنىڭىزغا بۇدۇنە ئالدىڭىز» دەپ تاكى چارچىغىچە ھەپتە ـ ئون كۈن قۇلاق ـ مېڭەمنى يەيدۇ.

قازى خوتۇنى توغرۇلۇق گەپ ئېچىشى بىلەن نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— قازى جانابلىرىنى خوتۇنلىرى ئېشەك قىلىپ مىنىۋالغان ئىكەن ـ دە! خوتۇندىن شۇنچىلىك قورقامسىز؟ ھەمىياننى سىز تاپقان، يەڭگىگە نېمە ئېغىرلىقى چۈشىدۇ؟

— خوتۇننىڭ جاپاسىنى تارتمىغان ئادەمدەك گەپ قىلىسىز، مېھمان! — دېدى قازى ئۆزىنى ئاقلاپ، — سىزنى خوتۇنىڭىز ئېشەك قىلىپ مىنمىگەنمۇ؟

— ئېشەك ئەمەس، ئات قىلىپ مىنگەن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

— ئات قىلىپ مىندى نېمە، ئېشەك قىلىپ مىندى نېمە، بەرىبىر مىنىپتىكەنغۇ، — دېدى قازى رەقىبىنى مات قىلغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ، — كىشىنىگەنسىز ھەقاچان؟

— كىشىنىگەنمەن.

— كىشىنىگەنمىش!

— كىشىنىگەننىڭ ئەيىبى يوق، قازى جانابلىرى، — دېدى

نەسىردىن ئەپەندى ئىستىهزا بىلەن، — هاڭرىغان يامان، قولـۇم ـ قوشنىنىڭ جېنىغا تېگىسىز.

قازى مات بولغىنىدىن ئىزا تارتتىمۇ، قەپەسنى كۆتۈرگەن هالدا سۆهبەتكە قۇلاق سېلىپ تۇرغان زامانئەلگە زەهرىنى چاچتى:

— تېخىچە هاڭۋېقىپ تۇرۇۋېسەنغۇ؟ ماڭ، بۆدۈنىنى ئاپىرد- ۋېتىپ كەل!

زامانئەلى «خوپ، خوپ...» دېگەنچە چىقىپ كەتتى. نەسىردىن ئەپەندى بولسا، ئارىدىكى سوغۇقچىلىقنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن گەپنىڭ تېمىسىنى يەنە بۆدۈنىگە بۇرىدى:

— باياتىن مەن بۆدۈنىنى قانداق قولغا كىرگۈزگەنلىكىمنى سىزگە تەپسىلىي ئېيتىپ بەرمىدىم.

— هە، هە، قانداق بولغانىدى؟ — دېدى قازىنىڭمۇ چىرايى ئېچىلىپ.

— بىر كۈنى باغدادنىڭ چوڭ بازىرىدا ئايلىنىپ يۈرسەم، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى هېكايە توقۇشقا باشلاپ، — قۇش بازىرىدا غەلۋە ـ غوۋغا بولۇپ كېتىپتۇ. قارىسام، بىر توپ ئادەم هەسەلگە يېپىشقان چىۋىندەك بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇۋاپتۇ. نېمە گەپتۇ دەپ، سىغدىلىپ ئارىغا كىرسەم، بۆدۈنە سودىسى ئىكەن. بىر بۆدۈنىگە يۈز تىللا سوراپ تۇرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلاش بىلەن خىيالىم قاچتى.

— نېمىگە قاچتى؟

— نېمىگە بولاتتى، غازغا بولمامدۇ؟! بىر چاڭگال بۆدۈنە يۈز تىللا تۇرسا، بىزنىڭ غاز بەش يۈز تىللاغا سېتىلسا كېرەك، دەپ پەملىدىم ـ دە، ئەتىسى ئۆيدىكى غازنى بازارغا ئېلىپ بارسام، بىراۋ ئۇن تەڭگىدىن يۇقىرى سورىسا نېمە دەي؟ غەزىپىم كېلىپ، بازار ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا باردىم. «تەخسىر، تۈنۈگۈن بىر بۆدۈنىگە يۈز تىللا باها قويۇشقانىكەن، بۇگۈن بۆدۈنىدىن يۈز هەسسە چوڭ غازنى

نېمىشقا ئون تەڭگىگە ئېلىشمىدى؟» دەپ سورىسام، ئاقساقال بۆدۆ-نىنىڭ خىسلەتلىرىنى ساناپ كەتتى. شۇ يەردىلا سىزگە ئوخشاش بۆدۆنىگە ئاشىق - بىقارار بولۇپ قالدىم.

— كېيىن بۆدۆنىنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ باردىڭىز؟ — لوقما تاشلاپ قويدى قازى.

— ئاتىڭىزغا رەھمەت! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى قازىنىڭ پاراستىگە قايىل بولغاندەك ئاھاڭدا، — ئۇ كۈنى بۆدۆنە سېتىلـ-مىغانىكەن، ئىگىسىنى تاپتىم. ئەللىك تىللا بىلەن ئەللىك غاز بېرەي دېسەم، كۆنمەيدۇ، پەدەرى قۇسۇر! يۈز تىللادىن بىر قەدەم چۈشمەيدۇ، «قەرز ئۈزىلەر، خوتۇن قالار» دېگەندەك، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بىر تونۇشۇمدىن ئەللىك تىللا قەرز ئالدىم - دە، بۆدۆنىنى سېتىۋالدىم.

قازى بۆدۆنىنىڭ يېشىنى بىلىش ئۈچۈن:

— سېتىۋالغىنىڭىزغا قانچىلىك بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككى يىل بولدى، بۇ ئىككى يىل ئىچىدە كۈنلىرىم ناھا-يىتى مەنىلىك ئۆتتى. نېمە بۇيرىسام، شۇنى قىلىدۇ. يەنە سايراپ دىلنى يايراتقىنىغا نېمە يەتسۇن؟ ھازىر ئۇنى ساتتىم، يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسىنى سىزگە يۇلۇپ بەرگەندەك بولدۇم.

قازى تېخىمۇ كېرىلدى.

— لەۋزىڭىزدىن يانماقچىمۇ سىز؟!

— يوقسۇ! لەۋزى مۇستەھكەملەردىنمەن! ئەمدى ئۇ سىزنىڭكى بولدى، ئىش تامام!...

زامانئەلى قايتىپ كەلگەندە، قازى قايتىشقا تەمشەلگەنىدى.

— ئامىن! ئولتۇرغان ئورنىمىز سوۋىمىسۇن!

# ئون ئىككىنچى باب

## غەلۋە ـ غوۋغا

نەسىردىن ئەپەندى ساندۇقسازان مەھەللىسىگە، يەنى جىيەنى ئۇستا مەنسۇرنىڭكىگە بېرىشنى ئېيتقاندا، سەپەر شاھىچى:

— بۇرادەر، كەچ قالماڭ، قايتىپ كېلىڭ، — دېگەچ نەسىردىن ئەپەندىگە ئەگىشىپ كوچىغىچە چىقتى، — كۆڭلىڭىز خاتىرجەم بولسۇن، بۇ يەردە سىز ئۈچۈن ھەمىشە ئورۇن بار، ئىككىلىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز.

— خوپ! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، يېقىملىق جىلمايدى، — چوقۇم قايتىمەن، سەپەر ئاكا.

بىر زامانلاردا كەڭرى مەيدانى بولغان، بىر ـ بىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئىككى چوڭ يول بىلەن تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋە ھەر تەرەپكە دەرۋازىلار ئورنىتىلغان بۇ شەھەردە — بۇخارادا قەد كۆتۈرگەن يېڭى ـ يېڭى مەدرىسە ـ مەسچىتلەر، ئىمارەتلەر نەسىردىن ئەپەندىنىڭ خىيالىنى چالغىتىپ، بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويدى. رېگىستانغا چىقىپ، كوچا بېشىدا بىرپەس ئويلىنىپ تۇردى ـ دە، كېيىن چوڭ جامەنى ئايلىنىپ، سەھەردىن بېرى سودا قىزىغان رەستىلەرنى ئارىلاپ ئېرىق تەرەپكە ئۆتتى. ئېرىقنىڭ سۈزۈك سۈيىدە چايقىلىۋاتقان قۇياش نۇرى يېقىنلا جايدىكى بىر ئىمارەتنىڭ تاملىرىدا جىلۋىلىنىۋاتاتتى. نەقىشلىك بۇ ئىمارەتكە قاراپ نەسىر ـ دىن ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى قاماشتى. ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قوش مەسچىت — مادەرىخان ۋە ئابدۇللاخان مەدرىسەلىرىدىن ھەيرەتلەندى.

نەسىردىن ئەپەندى قوش گۇمبىزى پارقىراپ تۇرغان مىر ئەرەب

مەدرىسەسىنىڭ يېنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پايى كالان مۇنارىغا سەللىسىنى تۇتقانچە قاراپ قالدى. بىر چاغدا، بەلكىم بۇ يەردىكى خىزمەتكار بولسا كېرەك، ئوتتۇرا بويلۇق، ئۆسكىلەڭ قاشلىق، كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، كېكىردىكى بۆرتۈپ چىققان، يىپەك چاپان كىيگەن، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان بىر كىشى:

— تاغا، يېڭى قورۇلغان دەرۋازىغا نېمانچە تەلمۈرۈپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمىگەنمىدىڭىز سىز؟

— قاراڭ، شەھەر بەك كۆركەملىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — بۇ قەدەر ئېگىز، ھەشەمەتلىك مەدرىسەلەر، دۇكانلار، ئاجايىپ باغلار، بىر ـ بىرىدىن ئاۋات كوچىلار! ھەممىسى ئېغىزىڭىزنى ئېچىپ قويىدۇ. لېكىن بىر نەرسىگە ئەقلىم يەتمەي تۇرۇپتۇ: شۇنچە ئېگىز بولغىنى بىلەن بار ـ يوقى بىرلا ئىشكى بولغاننىڭ ئۇستىگە تۆڭلۈكلىرىمۇ ئىنتايىن ئېگىز ئىكەن. نېمىشقا شۇنداق؟

«بۇ ئادەم ئۆمرىدە مۇنار كۆرمىگەنىكەن» دەپ ئويلىغان كىشى نەسىردىن ئەپەندىنى ئەخمەق قىلماقچى بولدى.

— ھە، تاغا، — دېدى ئۇ مۇنارنى كۆرسىتىپ، — بۇ بىنا ئەمەس، شەھەرنىڭ بىر تاللا چېچى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئۇ كىشىنىڭ قۇۋلۇقىنى سېزىپ. لېكىن چاندۇرماي ھېلى ئۇ كىشىگە، ھېلى مۇنارغا ھاڭۋېقىپ قارىدى. شۇ چاغدا، مەسچىت كالاننىڭ مۇئەززىنى بولسا كېرەك، بىر تالىپ بىلەن بۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ مۇنار ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

— توغرا ئېيتىسىز، — ھېلىقى كىشىنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى نەسىردىن ئەپەندى، — شەھەر ئىنتايىن چىرايلىق، لېكىن ئۇنىڭ بېشىنى كەم يۇيىدىكەنسىلەر!

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — دېدى ناتونۇش كىشى.

— قاراڭ، بىر چاچقا ئىككى پىت ئۆمىلەپ چىقىۋىتىپتۇ، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

ھېلىقى ئادەم مات بولغىنىنى بىلدىمۇ، رەڭگى تاتارغانچە ئارقىسىغا بۇرۇلدى ــ دە، سالپايغان ھالدا يولىغا راۋان بولدى. نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاقىرغانىدى، ئۇ قولىنى بىر سىلكىپ قويۇپ، تېخىمۇ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. نەسىردىن ئەپەندى ئۇ ئادەمنىڭ بۇ مىجەزىنى چۈشەنمەي يەلكىسىنى قىسىپ قويۇپ، يولىنى داۋام قىلدى. مەسچىتى كالان ئالدىدا تەسۋىلىرىنى شالاقلىتىپ تۇرغان قەلەندەر ــ دەرۋىشلەر كۆپ ئىدى. نەسىردىن ئەپەندى ئۇلارغا تەڭگە سەدىقە قىلىپ، شەھرىستاننىڭ ئاساسىي كوچىسى ئارقىلىق جەنۇبقا سوزۇلغان سودا رەستىلىرىنى ئارىلىدى. بۇ رەستىلەردىكى چوپانلارنىڭ تۈرلۈك كۆڭلەك ــ ئىشتانلىرى، دوپپا، پوتا، خام تېرە، سېۋەت ــ سېۋەت قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. نەسىردىن ئەپەندى ئالسۇن ئالمىسۇن، ھەر بىر نەرسىنىڭ نەرخىگە قىزىقتى.

— بازارغا باردىڭمۇ، بىرەر نەرسە ئالمىساڭمۇ، نەرخى ــ ناۋاسىنى سوراپ چىقساڭ ساۋاب بولاركەن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى كۆڭلەك سېتىۋاتقان قاڭشارلىق، قارامتۇل سودىگەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — كۆڭلەك قانچە پۇل، ئاكا؟

— سەككىز تەڭگە، تاغا، — دېدى سودىگەر.

— ئىشتانچۇ؟

— ئون ئىككى تەڭگە، ئالامسىز؟

— ئالاي دېگەنتىم، لېكىن قىممەت ئىكەن.

— نېمىسى قىممەت؟ بازارغا قاراڭ تاغا، مېنىڭكىدىن ئەرزىنى يوق!

— سەن كۆڭلەكنىڭ باھاسىنى كۆتۈرۈپ، ئىشتاننىڭ باھاسىنى سەل چۈشۈر!

— مالنى يەرگە ئۇرماڭ، تاغا! بىزمۇ بىر ــ ئىككى تەڭگىنى

دەپ ئولتۇرىمىز بۇ يەردە!
— كۆڭلەكنىڭ نەرخىنى كۆتۈرۈپ، ئىشتاننىڭكىنى چۈشۈر-سەڭ، ئىككىسى تەڭ بولىدۇ، سەن ئۆتنۈرمايسەن.
— ھەي... نىمىسىنى چۈشۈرەي، تاغا؟ ئەتىگەندىن بېرى ئاران تۆت تال نەرسە ساتتىم، ئەزبىرايى خۇدا، بۇنىڭدىن تۆۋەن ساتسام ئۇيات بولار ئاكا!
— ساراڭ بولما! بۇنىڭ باھاسى ئون بەش تەڭگە!
— سىزمۇ چىڭ ئادەم ئىكەنسىز، تاغا، ئازراق قوشۇڭ!
— بوپتۇ، مەن بىر ئايلىنىپ كېلەي، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاتلىق - تۈرۈملار رەستىسىگە ئۆتۈپ، ئازراق تالقان بىلەن ئىككى قاداق پەشمەك ھالۋا ئېلىپ، بازاردىن چىقتى. شاۋقۇنلۇق كوچىنى بويلاپ ھەشەمەتلىك باش كىيىملەر — ئۇنچە - مارجان ۋە مونچاق قادالغان دوپپىلارنى، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قالپاقلارنى، ماھىرانە ئورالغان سەللىلەرنى تاماشا قىلىپ، سوۋغات ئۈچۈن جىيەنىگە دوپپا سېتىۋالدى. ئاندىن ئۇلۇغبېك ۋە ئابدۇللاخان مەدرىسەلىرىنى ئايلىنىپ، كۆل بويىدىكى نادىر دىۋانبېگى مەدرىسە - خانىقاسىنى زىيارەت قىلدى. بۇ جەريان-دا خېلى كۆپ دەرۋىشلەرگە خەير - سەدىقە بەردى. كەچكە يېقىن سوراپ يۈرۈپ پەيزاۋات خانىقاسى يېنىدىكى ساندۇقسازان مەھەللى-سىدە ياشايدىغان جىيەنى ئۇستا مەنسۇرنىڭ ھويلىسىنى تاپتى.
ئۇستا مەنسۇرنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن كىرىدىغان چاققانغىنە ھويلىسى مەھەللە مەركىزىگە يېقىن يەردە ئىكەن، ھويلىنىڭ ئىچكىرىسى تۆت تەرىپى سۇپا، ئوتتۇرىسى يېرىم تاناپچە كېلىدىغان گۈلزار ۋە تۆت بۆلۈمىدىن — بىر - بىرىگە ئۆتىلىدىغان ئىككى خانە، قىبلىگە قارىتىپ قۇرۇلغان تونۇرخانا، يېنىدا دۇكان ۋە ھويلا بۇرجىكىدىكى ئېغىلدىن ئىبارەت ئىدى. مەنسۇر كوچا تەرەپتىن ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ، دۇكاندىكى ئىشىنى توختىتىپ، يول تەرەپكە

ماڭدى. كوچا ئىشكى ئالدىدا تۇرغان نەسىردىن ئەپەندىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئالدىراپ كەلدى ۋە قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئالىلىقاندىق چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى تاغىسىنىڭ باغرىغا ئاتتى.

— تاغا، ئۆزۈمنىڭ تاغىسى! — دېدى ئۇستا مەنسۇر ھاياجاندىن باشقا گەپ قىلالماي.

— تونۇدىڭ، ھەقىقەتەن تاغاڭمەن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى. ئاندىن جىيەنىنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن تۇتۇپ، ئاچىسىنىڭكىگە ئوخشاش بىرەر بەلگە ئىزدىگەندەك ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلدى، — ئاچامدىن قالغان يالغۇز يادىكار! ئاچامنىڭ قاش - كۆزىنى چاپلاپ قويغاندەكلا ئىكەنسەن! سېنى كۆرۈپ، ئاچامنى كۆرگەندەك بولدۇم، خۇداغا شۈكۈر!

ئۇستا مەنسۇر خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي:

— تاغا، بىزلەرنىمۇ ئىزدەپ كېلىدىكەنسىز - ھە؟ — دەپ تاغىسىنىڭ يەلكىسىنى سىلىدى.

— بالىلارغا دائىم «قىيامەتلىك تاغاڭ بار» دېگىنى دېگەنىدى، — دېدى مەنسۇرنىڭ خوتۇنى مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، — سىزنىمۇ كۆرەر كۈن بار ئىكەنغۇ. ھېلى باللار كەلسە، خۇشاللىقتىن ھويلىنى بېشىغا كىيىشىدىغان بولدى. ھاممىسىنىڭكىگە كېتىشكەنىدى. خۇش كېلىپسىز تاغا!

كېلىن ئېسىل مەخمەل كۆرپىلەرنى چاققان - چاققان تاشلاپ، مېھماننى تەكلىپ قىلدى. مېھمان ئولتۇرۇپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن، كېلىن چاققانلىق بىلەن داستىخان سالدى - دە، تەكچىدىن قاق، مېغىز، بىر ئوچۇم قۇرۇق ئۈزۈم دېگەندەك نەرسىلەرنى داستىخانغا قويدى. ئاندىن چۆگۈندە چاي بىلەن بىر جۈپ پىيالە كەلتۈرۈپ، ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، سىرتقا ماڭغانىدى، نەسىردىن ئەپەندى:

— ئاۋارە بولماڭ كېلىنئايىم، — دېدى ئۇنى توختىتىپ، — ئولتۇرۇڭ، مەن سىلەرنىڭ دىدارلىرىڭلارغا قاناي دەپ كەلدىم.

بىردەم ئولتۇرۇپ، ھېلى كېتىمەن.
— كەلمەي - كەلمەي ئاران بىر كېلىپلا يەنە قەيەرگە كېتىدىسىز تاغا؟ — دېدى كېلىن بوسۇغىدا تۇرۇپ، — ھېچبولمىسا بىر - ئىككى كۈن مېھمان بولىسىز - دە ئەمدى. مەن تاماق قىلاي، مېھماننى قۇرۇق ماڭدۇرۇش ئۇيات بولىدۇ.
— چىقىپ بىرەر نەرسە قىلىڭ، تاغام كەتمەيدۇ! — دېدى مەنسۇر قەتئىي قىلىپ، — كەتسىمۇ، كېيىنرەك كېتەر!
كېلىن چىقىپ كەتتى ۋە تاغا - جىيەننىڭ پاراڭلىرى قىزىغان ۋاقىتتا ساپال لېگەندە ئېلىپ كىرگەن شىرگۇرۇچنى داستىخانغا قويۇپ:
— ئون كۈن بۇرۇن سىيىرىمىز تۇغقانىدى، — دېدى كېلىن بارمىقىدىكى ياغ يۇقىنى يالاپ، — بىر ھەپتە بۇرۇن كەلگىنىڭىزدە ئوغۇز سۈتىگە ئېغىز تېگەردىڭىز، تاغا.
— نېسىپ بولغان بولسا، كېلىنئاي! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى كۈلۈپ، — شىرگۇرۇچمۇ ئەنە شۇ سىيىرنىڭ سۈتىدىن، شۇنداقمۇ؟
— ئۇستىدىكى مېيىمۇ ئۆيىمىزنىڭ، تاغا. ئېلىڭ، ئاش بولسۇن!
— ناھايىتى مايلىق قىلىپسىز كېلىنئاي، قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن!
كېلىن يەنە چىقىپ كەتتى. ئۇستا مەنسۇر تاغىسىنى تاماققا ئۈندەۋېتىپ، قۇۋلۇق بىلەن مېيىنى ئۆزى تەرەپكە سۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا شىرگۇرۇچ ئۈستىگە سىزىق تارتتى.
— سىز قانداق تاغا زادى؟ — دېدى ئۇ بىرىنچى سىزىقنى تارتىپ، — ئۆيلەنگىنىمدە كەلمىدىڭىز! — ئاندىن ئىككىنچى سىزىقنى تارتتى، — ئوغۇل كۆردۈم، قىز كۆردۈم، مۇبارەكلەپ كەلمىدىڭىز...
نەسىردىن ئەپەندى جىيەنىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ

تۇرۇپ، «مېنى تارتىپتۇ» دەپ ئويلىدى ئىچىدە ۋە بارمىقى بىلەن شىرگۇرۇچنى ئاربلاشتۇرۇپ قويۇپ:

— ھەي، جىيەنىم! سەن ئاۋۋال تاغاڭدىن ھالىڭ قانداق دەپ سورا، كېيىن كۆڭلۈڭدىكىنى تۆكسەڭمۇ يارىشىدۇ. بۇ بىر نەچچە يىللاردىن تاغاڭنىڭ ھاياتى غەلۋە ـ غوۋغا بىلەن ئۆتتى. بۇ شەھەردىن ئۇ شەھەرگە قوغلاندى بولۇپ، ئارامخۇدا كۈن كۆرمىدى... قېنى تاماقتىن ئال، رەنجىشتىن تەپ يوق! — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— ھەي تاغا، ھەي تاغا! — دېگەچ كۈلۈپ كەتتى ئۇستا مەنسۇر، — سىزگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن زادى!

— تاغاڭنىڭ جىيەنى بولساڭ، ھامان بىر كۈنى ماڭا يېتىسەن! ئەمدى چوڭ ـ چوڭ ئال!...

شىرگۇرۇچ تۈگەپ، قوللار سۈرتۈلدى. ئېيتىلىدىغان گەپ ئېيتىلىپ، كېيىن تاغا يەنە بىر قېتىم جىيەنىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى:

— دۇرۇس، دۇرۇس، جىيەن. ئائىلەڭنى كۆرۈپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى. ئۆزۈڭنى پاكىز تۇتۇپ، بالا ـ چاقاڭنى باغرىڭغا بېسىپ يۈرگىنىڭ مېنى خاتىرجەم قىلدى. جەننىتى ئاچامنىڭ چىرىغىنى يېقىپ ئولتۇرغىنىڭنىڭ ئۆزى بىر دۆلەت! سېنىڭ بارىڭغا شۈكۈر! كېلىنئاينى كۆردۈم، پۇت ـ قولى چاققان، كۆڭلى ئوچۇق، لەزىز ئىكەن.

ئۇستا مەنسۇر قوللىرىنى تىزلىرىغا قويۇپ:

— بۇ كېلىنىڭىزنىڭ يېسىلىپ قالغان ۋاقتى، — دېدى قۇۋلۇق بىلەن، — كېلىن بولۇشتىن بۇرۇن دەججال ئىدى.

— بالا ـ چاقىلىق بولغاندىن كېيىن بېسىلىپ قالغاندۇ؟

— بۇنىڭ بېسىلىشى ئوچۇن بىر ئاتىنىڭ بەھرىدىن كەچكەن، تاغا!

— يا پىرەي!

— بىر ئېتىم بار ئىدى، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئۇستا

مەنسۇر تاغىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ، — توي قىلىپ، كېلىننى ئاتتا يۆتكەپ كەلگەنمەن. كېلىننى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىۋاتىمەن، ئات جانىۋار مۇدۇرۇپ كەتتى. شۇندا «بىرا!» دېدىم. ئاتقا ئىككى كىشى ئېغىرلىق قىلدىمۇ، كوچىمىزنىڭ بېشىدا يەنە مۇدۇردى، «ئىككى!» دېدىم. بۇ ئىشنى كۆرۈڭ، ھويلىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئات يەنە مۇدۇرۇپ كەتتى. «ئۈچ!» دېدىم ۋە كېلىننى دەس كۆتۈرۈپ يەرگە قويدۇم - دە، مۆڭگۈز ساپلىق پىچاقنى ئېلىپ، ئاتنىڭ بوينىغا سۇردۇم.

جىيەنىنىڭ گەپلىرىدىن ھەيران قالغان تاغىسى ياقىسىنى تۇتۇپ:

— ئەستاغپۇرۇللا! — دەۋەتتى.

جىيەنى بولسا گېپىنى داۋام قىلىۋەردى:

— شۇ چاغدا كېلىنىڭىزمۇ خۇددى سىزدەك كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ: «ھەي نائىنساب، ئاتتا نېمە گۇناھ؟» دەپ كايىغانىدى، غەزىپىم تېشىپ تۇرغان ئەمەسمۇ، زەردە بىلەن «بىرا!» دەۋېتىپتىمەن. خۇداغا شۈكۈر، شۇنىڭدىن بۇيان كېلىنىڭىز گېپىمنى «ئىككى» قىلمايدۇ.

— توغرا ئىش قىلغان ئىكەنسەن، جىيەنىم، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — شۇ چاغدا بېشىڭدا كۆتۈرگەن...

تۇيۇقسىز كېلىن كىرىۋېدى، تاغىسىنىڭ گېپى ئېغىزىدا قالدى.

— كېلىنىڭ، كېلىنئايىم، ئولتۇرۇڭ!

كېلىن سۇپا لېۋىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مېھمان قولىنى ئېچىپ، ئائىلە ئىگىلىرىگە ئاتاپ ئۇزاق دۇئا قىلىپ، ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت تىلىدى. ئاندىن:

— ئەمدى مەن قايتىمەن، جىيەنىم، — دېدى.

— نېمانچە ئالدىرايسىز؟ — دېدى كېلىن ئېرىدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ، — قەيەرگە بارىسىز؟ ئاران كەلدىڭىز، قونۇپ كېتىڭ.

— سەپەر شاھچىنىڭ چايخانىسىدىن قونالغۇ تاپقانمەن، —

دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — يەنە كېلىمەن، مانا، سىلەرنى كۆردۈم، ساق ـ سالامەت تۇرۇپسىلەر.

— بالىلارنى كۆرمىدىڭىزغۇ!

— بالىلارنى كۆرگىلى ئايرىم كېلىمەن. مەن بۇ يەردە مەلۇم مەزگىل بار، كېلىمەن... ھازىر ئېرىڭىز ئېيتتى: ئىناق ـ ئىجىل ئىكەنسىلەر. ئىناق بولسا، خاپىلىق بولماس. ئۆزىڭىز ئەقلى ـ ھوشلۇق ئىكەنسىز، مەن سىزگە يەنە نېمە دەپ نەسىھەت قىلاي؟ بوپتۇ، تاغام ئۇندىمەي كەتتى دېمەڭ. سىزگە نەسىھەتىم: چاك ـ يىرتۇقلارنى تىكمەكچى بولسىڭىز، يىپنىڭ ئۇچىنى تۈگۈپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز، يىپ چاكتا تۇرماي، مېھنىتىڭىز زايە كېتىدۇ، كېلىنئايىم.

كېلىن بىرئاز تەمتىرەپ قالدى ـ دە، كېيىن راستىنى ئېيتتى:

— بۇنى بىلمەنغۇ، تاغا!

نەسىردىن ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ دېدى:

— بىلگىنىڭىز ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىپ قويدۇم ـ دە، كېلىنئاي، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — تاغام ماڭا ئۇندىمەي كەتتى دېگەندىن كۆرە، تاغام ماڭا نەسىھەت قىلىپ كەتتى، دەپ يۈرگىنىڭىز ياخشى ـ دە.

مېھمانى كوچا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىققان ئەر ـ خوتۇن «يەنە كېلىڭ» دېگەنچە خەيرلەشتى...

نەسىردىن ئەپەندى كەلگەن يولى بىلەن قايتمۇۋېتىپ، بىر تار كوچىغا قايرىلدى ـ دە، ئازراق مېڭىپ باشقا بىر كوچىغا كىردى. بۇ كوچا بۇرۇنقىدىن خېلى كەڭ، بىر تەرىپى ئوچۇق مەيدان ئىدى. ئوچۇقچىلىق تەرەپتە ئېگىز ـ پاكار مېۋە ـ چېۋە دۇكانلىرى بار ئىدى. بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا بىر لالما ئىت يەر تىمىسقىلاپ، ئالللا- قانداق نەرسىلەرنى ھىدلاپ يۈرەتتى. نەسىردىن ئەپەندى دۇكانلارنىڭ ئايىغىغا يەتكەندە، ئادىشىپ قالغانمۇ ياكى بىرەرسى خاپا قىلغانمۇ، يىغلاپ ئولتۇرغان سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى بالىغا كۆزى

چۈشۈپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇنى ئاۋۇندۇرغان بولۇپ، بېشىنى سىلىغانىدى، بالا قاتتىق چۆچۈپ، ئۇنىڭ قولىنى ئىنتىرىۋەتتى ۋە تېخىمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى شۇنچىلىك چوڭ بولسا كېرەك، ئاۋازى قۇلاق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى.

نەسىردىن ئەپەندى بالىلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ بالىغىمۇ بىپەرۋالىق قىلالمىدى. ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئۇ يىغىنى توختىتىپ، ھىقىلداشقا چۈشتى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنى بېسىپ:

— دادام، پەشمەت ھالۋا ئېلىپ يەيسەن، دەپ ئۈچ تەڭگە بەرگەنىدى، — دېدى كۆز يېشىدىن بۇلغىنىپ كەتكەن يۈزىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — شۇنى يوقىتىپ قويدۇم.

— شۇنىڭغا يىغلاۋاتقانمىدىڭ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ھەميانىدىن ئۈچ تەڭگە چىقىرىپ، — مانا ئۈچ تەڭگە، بېرىپ ئاشۇ پەشمەت ھالۋىنى ئېلىپ يېگىن!

بالا ئۈچ تەڭگىنى ئېلىپ، بىر ئاز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردى - دە، ئاندىن تەڭگىنى مەھكەم سىقىمداپ يەنە ھەرە چاققاندەك يىغلاشقا چۈشتى. نەسىردىن ئەپەندى ھەيران بولۇپ:

— يەنە نېمىشقا يىغلايسەن؟ ياكى بۇ تەڭگە پەشمەت ھالۋىغا يەتمەمدۇ؟

— يېتىدۇ! — دېدى بالا ھىقىلداپ، — ئەگەر دادام بەرگەن ئۈچ تەڭگىنى يوقاتمىغىنىمدا، ئاشۇ تەڭگىگە سۈناي ئالغان بولاتتىم.

— شۇنداقمۇ؟ — نەسىردىن ئەپەندى ھەميانىدىن يەنە ئۈچ تەڭگە چىقىرىپ بەردى، — مانا، بۇ پۇلغا سۈناي سېتىۋال!

بالا بۇ تەڭگىنىمۇ ئالغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، تېخىمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ شۇنداق كۈچىنىپ يىغلايتتىكى، يىغىسى تاش يۈرەكنىمۇ ئېرىتىپ تاشلايتتى.

— يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى ئۇنى بەزلەپ، — بولدى قىل!

— ئەگەر دادام ئۈچ تەڭگە بەرگەن بولسا، هازىر توققۇز تەڭگە بولاتتى، — دېدى بالا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — مەن توققۇز تەڭگىگە داپ سېتىۋالاتتىم، كېيىن گۈلباي قورچاقبازغا شاگىرت كىرەتتىم.

— هوي! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئالدىراپ، — باياتىن دادالڭ ساڭا تەڭگە بەرمىگەنمىدى؟

— يوقىتىپ قويىسەن دەپ بەرمىگەنىدى.

— ئۇنداقتا سەن قايسى پۇلۇڭنى يوقاتتىڭ؟

— دادام بەرمىگەن پۇلنى - دە، — دېدى بالا ۋە ئورنىدىن تۇرۇپلا قاچتى. نەسىردىن ئەپەندى بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە، ئېگىلمىگەن بېشىنى ئېگىپ يولىنى داۋام قىلدى.

# ئون ئۇچىنچى باب

## قارا شاھزادىنىڭ يېڭىلىشى

نەسىردىن ئەپەندى ئېرىق بويىدىكى كارىۋاتلاردىن بىرىدە ئولتۇرۇپ، تۆت نەپەر چال بىلەن ئۇزاققىچە پاراڭ سوقتى. ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتكەندە سەپەر شاھىچىنى مالال قىلىپ قويماسلىق ئۇچۇن نائىلاج ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قىزىق سۆھبىتى چاللارنى مەپتۇن قىلغانىدى، شۇڭا ئۇلار «يەنە ئازراق ئولتۇرۇڭ» دەپ خېلى چىڭ تۇتتى، ئەمما نەسىردىن ئەپەندى ئۆززە ئېيتىپ، چاللار ھەم سەپەر شاھىچى بىلەن خەيرلەشتى.

كۆكتە يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى، ئاي يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدا لەرزان ئۈزەتتى. ھەممە ياق جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى. نەسىردىن ئەپەندى كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسى سەۋەبلىك چاپىنىغا چىڭ ئورۇنۇۋېلىپ، تار كوچا بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇ تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرىنىڭ پاكارغىنە تامغا چاپلىشىپ دىگۇدەك ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ھەم قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، دەرھال ئۆزىنى ئۇجمىنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ھېلىقى ئادەم بىر قەدەم تاشلايتتى ـ يۇ، ئەتراپىقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قوياتتى. «ئوغرى ئوۋسىدىن چىقىپتۇ، بۇگۇن كېچە قايسى مۇسۇلماننىڭ شورى قۇرۇيدىكىن!» دېگەنلەرنى ئويلىدى نەسىردىن ئەپەندى. ھېلىقى ئادەم شۇ ھالەتتە مېڭىپ، كىچىك ياغاچ ئىشىككە يېقىنلىشىپ قالدى ۋە يەنە بىر قېتىم كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاردۋالدى. ھېچقانداق خەۋپنى سەزمىگەندىن كېيىن، ئاستاغىنە

ئىشكىنىڭ زەنجىرىنى شىرىقلىتىپ قويدى. ئەمما، ئىشىك ئېچىلـ‑مىدى، ھېلىقى ئادەمدە جىددىيلىك باشلاندى، قورسىقى ئاغرىد‑غاندەك تۇرغان جايىدا تېپىرلاپ كەتتى.

نەسىردىن ئەپەندى «بۇ يەردە باشقا بىر سىر بار، ئوغرى دېگەن ھەرگىز ئىشىكنى تاقىلداتمايدۇ» دېگەن ئوي بىلەن ئالدىدىكى دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى. ئۇ تۇيۇقسىز دەرۋازا ئالدىدىكى كىشى‑نىڭ تۇرۇشىنى، ھەرىكەتلىرىنى كىمگىدۇر ئوخشىتىپ قالدى ۋە: «ئەجەبا، راست شۇمىدۇ؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ سالدى. تونۇش بىرىگە ئوخشاتقانلىقى ئۇچۇن بولسا كېرەك، قىزىقىشى تېخىمۇ ئېشىپ، ماراشنى داۋام قىلدى. ھېلىقى كىشىنىڭ تاقىتى تۈگەپ، يەنە بىر قېتىم زەنجىرگە قول سوزغانىدى، دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن چىققان قول سىرتتىكى كىشىنى ئىچكىرىگە تارتىۋالدى، ئاندىن دەرۋازا ئېھتىيات بىلەن تاقالدى. خۇددى ئىشىك بىر ئادەمنى يۇتۇپ كەتكەندەكلا بولدى. نەسىردىن ئەپەندى ۋەقەنىڭ داۋامىغا قىزىقىپ، كوچىنى كېسىپ ئۆتتى ــ دە، پەس تامدىن بوينىنى سوزۇپ، ھويلا ئىچىگە نەزەر تاشلىدى. سۇپىدا بىر ئەر ۋە بىر ئايال تۇراتتى. ئايالنىڭ قولىدا جىنچىراغ بولۇپ، ئۇنىڭ يورۇقى ئەرنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. مۇشۇ چاغدىلا ئەرنىڭ كىملىكى نەسىردىن ئەپەندىگە مەلۇم بولدى.

«ھەي، بۇ كىشى بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ يەنە كېلىپ كېچىسى، ئوغرىلىقچە كەلگىنى نېمىسى؟»

نەسىردىن ئەپەندى ئۆينىڭ پەسرەك يېرىدىن ئېھتىيات بىلەن يامىشىپ، ئۆگزىگە چىقتى. ئاندىن بىلىنمىگۈدەك يۇمشاقلىق بىلەن قەدەم تاشلاپ، ئەر ۋە ئايال كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئۆتتى ۋە سىرتقا يورۇقلۇق تارقىلىپ تۇرغان يەرگە ئۆمىلەپ دېگۈ‑دەك باردى. بۇ ئۆينىڭ تۈڭلۈكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆينىڭ ئىچى ئاران كۆرۈنسىمۇ، ئەمما گەپ ــ سۆزلەر ئېنىق ئاڭلىناتتى.

تۈڭلۈكتىن قاراپ بىلدىكى، نەسىردىن ئەپەندى ئايال دەپ

گۇمان قىلغىنى قېرى كەمپىر ئىكەن. كەمپىر كەلگەن مېھماننىڭ سەللە ـ چاپىنىنى ئېلىپ، تامدىكى قوزۇقۇقا ئىلدى، مەسسىنى سىلىشقا ياردەملىشىپ، يېشىلگەن مەسىنىمۇ كىيىم ئېسىلغان تام تۈۋىگە قويدى، كېيىن مېھماننى ھەممە تەل قىلىنغان داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

ـــ بىخەتەر يېتىپ كەلدىڭىزمۇ، تەخسىر؟ ـــ دەپ سورىدى كەمپىر دۇئادىن كېيىن مېھمان بىلەن قايتا ھال ـ ئەھۋال سوراشىپ، ـــ بۇ ياققا كېلىشۋاتقىنىڭىزنى ھېچ كىم سەزمىدىگەندۇ ـ ھە؟

ـــ بۇنداق كېلىپ ـ كېتىشىم بىرىنچى قېتىم ئەمەسقۇ، يەڭگە؟ ـــ دېدى مېھمان كەمپىر كاسىغا قۇيۇپ ئۇزاتقان مۇزدەك شەربەتنى قولىغا ئېلىپ، ـــ يەڭگە، سۇرمەخان مۇشۇ يەردىمۇ؟

ـــ مۇشۇ يەردە بولمىسا، سىزگە ئادەم ئەۋەتمەيتتىمۇ، تەخسىر. قىزىق گەپ قىلىسىز ـ ھە! ـــ دېدى كەمپىر شەربەتتىن بوشىغان كاسىنى ئېلىپ، يەنە شەربەت تولدۇرۇپ تۇرۇپ، ـــ بىچارە مەشۇقىڭىز يولىڭىزغا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ ئەنە ئۇ يەردە، ـــ شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇردى كەمپىر، ـــ سىز نەپسىڭىزنى روسلاپ تۇرۇڭ، مەن ھازىر سۇرمەخاننى ئالدىڭىزغا كىرگۈزىمەن.

ـــ شۇنداق قىلىڭ، يەڭگە! ـــ دېدى مېھمان بىر تەرەپكە بوينىنى سوزۇپ، ـــ ئۇنى بەك سېغىندىم.

ئۆگزىدىكى نەسىردىن ئەپەندىنىڭمۇ قۇلىقى تۆت بولدى. «مەقسەت ئېنىق، بۇ كېچە ۋىسال كېچىسىدۇر!»

ھايال ئۆتمەي، خانە ئىشىكى ئېچىلىپ، مۇشكى ئەنبەرگە پۈركەنگەن سۇرمىخان بوسۇغا ئاتلىدى ـ دە، تۇرغان جايىدا قېتىپ تۇردى. ئاشىق دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەشۇقىمۇ ئارتۇق كۆتۈشكە تاقىتى يوقتەك ھاسىرىغىنىچە ئۆزىنى ئاشىقىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇلار ھاياجان بىلەن بىر ـ بىرىلىرىگە يىلاندەك چىرمىشىپ كەتتى.

ـــ بەك، بەك سېغىندۇردىڭىز، تۆرەم! ـــ دېدى مەشۇقى ئاشىـ

قىنىڭ باغرىدا تولغىنىپ، — سىزنى سېغىنىپ ئۆلەي دېدىم!
— سېغىندۇرغان ئۆزۈڭغۇ، جېنىم! — دېدى ئاشىق مەشۇ-قىنىڭ يۈزىگە چۈشكەن بىر تۇتام چېچىنى سىلاپ، — ئەرگە تەگمىسەم بولمايدۇ، دەپ تىرەجەپ تۇرغان كىم؟
— تەنە قىلماڭ، تۆرەم. شۇ يولنى تۇتمىسام شەرمەندە بولاتتىم ئەمەسمۇ؟
— ئېھتىيات قىلغان بولساڭ، شەرمەندىلىك نەدە ئىدى، ھەسىلىم؟
— ئۆزىڭىز ھەر كۈنى كۆرمىسەم ئۆلىمەن، دەپ ھالىمنى قويمىدىڭىزغۇ، — دېدى مەشۇقى كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — ئەمدى مەن گۇناھكار بولدۇممۇ؟ سىز دېگەن بىر جاللات، ھامان بىر كۈن مېنى ئۆلتۈرىسىز!
— ئەمدى رەنجىشنى قويايلى، شېرىنىم، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. نېسىپ بولغانىكەن، مانا يەنە دىدارلاشتۇق.
ئاشىق مەشۇقىنى باغرىدىن بوشىتىپ، داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئىككىسى يەنە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى.
— سۆرمە، بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى ئېرىڭ بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاشىق.
— ئۆلسىڭىزچۇ! بۇ يەرگە كەلگىنىمنى ئېرىم بىلسە، پىچاق-سىز سويۇپ تاشلايدۇ مېنى، — دەپ ناز بىلەن كۆز ئويناتتى مەشۇقى.
— ئېرىڭ ياخشى كۆرىدىكەن-دە سېنى؟
مەشۇقىنىڭ چىرايى پۈرۈشتى.
— ياخشى كۆرمەي ئۆلسۇن، سېسىق!
— ئېرىڭنى نېمىشقا سېسىق دەيسەن؟ ئۆزۈڭ خالاپ تەگكەنغۇ ئۇنىڭغا؟
— مەن ئۇنىڭ دائىم پىياز يەيدىغانلىقىنى قەيەردىن بىلەي؟
— ئېرىڭ پەقەت پىياز يەمدىكەن؟
— ئۆيدە يەيدىغان باشقا نەرسە بولمىغاندىكىن پىياز يېمەي،

تاش يەمدۇ! بۇمۇ مەيلى، پىيازنىڭ سىپسىقىغا ھەممىمىز چىدايمىز، لېكىن ناس سېلىشى يامان.
— ئېرىڭ ناس سالامدۇ؟
— ناسنى ئاشۇنىڭغا چىقارغاندەك، — دېدى مەشۇقى خۇددى ناسنى ئۆزى ئاتقاندەك بىر سەسكىنىپ قويۇپ، — ئالىقىنىنى تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ ئاتىدۇ. ناس ئاتسىغۇ ئۆزىگە، لېكىن توغرا كەلگەن يەرگە تۈكۈرۈشى يامان. قوشنىلار ئۇياق - بۇياقتىكى تۈكۈرۈكلەرنى كۆرۈپ، «توخۇلىرىڭلار كۆپ ئىكەن، تۇخۇم ساتامسىلەر؟» دەپ بىزنىڭكىگە چىقىدۇ. كاشكى ئۈچ - تۆت توخۇمىز بولسىغۇ ئەيىبىمىزنى ياپاتتۇق. قوشنىلار ئۇستىمىزدىن كۈلمىسۇن دەپ، مانا بۇ نازۇك بىلىمنى كۈندە تۆت مەھەل ئېگىپ كوچا سۈپۈرىمەن. بوپتۇ، كوچا سۈپۈرۈش ئەيىب ئەمەس. لېكىنزە، ھەر كۈنى كەتمەن چېپىپ، كېچىسى ئۇزمەي خورەك تارتىشى تېخىمۇ يامان بۇ يەر يۇتقۇر ئەرنىڭ!
— ھەر كۈنى كەتمەن چاپقاندىكىن چارچايدۇ، چارچىغاندىكىن خورەك تارتىدۇ - دە.
— خورەك تارتماي ئۆلسۇن، — يەنە قارغىدى مەشۇقى، — خوتۇنۇم بار دەپمۇ ئويلىمايدۇ. قاچانغىچە ئۇنىڭ ئىشىنى باشقىلار قىلىپ يۈرىدۇ؟ يېقىندا شەرمەندە قىلاي دېدى.
— نېمە قىلدى؟
— ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ، مېنى تالاق قىلماقچى بولدى.
— نېمىشقا تالاق قىلىدۇ؟ بىرەر ۋەجى بارمىكىن؟
— بالىنى ئۈچ ئايلىق قىلىپ تۇغقانمىشمەن...
ئائىشىقىنىڭ يۈزى پۈرۈشتى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئىدى، مەشۇقى بولسا ئەنە شۇ كەيپىياتنى بىر ئېغىز گېپى بىلەن يوق قىلدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى شارقىراپ، مېڭىسىگە قان تەپكەندەك بولدى. ئۇ «بۇ ئۆلگۈر جۇۋان، ئەقىلسىزلىق قىلىپ، بۇرۇنقى ئىشق قىسسىمىزنى ئېرىگە ئېيتىپ بەرگەن. ئەمدى ئېرى كېلىپ، مېنى شەرمەندە قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى-

غاندى. لېكىن، ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى.

— بالىنىڭ ئۈچ ئايلىق بولۇپ تۇغۇلغىنىنى قەيەردىن بىلىپتۇ ئۇ؟

— قوشنىلار ئىغۋا تېپىپ، قېينىئانامغا يەتكۈزمەمدۇ! — دېدى مەشۇقى زەردە بىلەن، — بولمىسا، قەيەردىن بىلىدۇ.

— خوش، سەن قانداق چارە قىلدىڭ؟

— مېنىڭ ئىشىمنى خۇدا ئوڭلىدى، — قاقاھلاپ كۈلدى مەشۇقى، — تالاق قىلىمەن دەپ جاڭجال كۆتۈرگەن كۈنى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى، بەرىكەت تاپسۇن، ئىنتايىن ئەقىللىق ئادەم ئىكەن، ئارىغا چۈشتى - دە، دەلىل كەلتۈرۈپ، مېنى شەرمەندىچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

ئۆگزىدە ئولتۇرغان نەسىردىن ئەپەندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھوشيار بولدى. چۈنكى، گەپ ئۆزى توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا، بۇ ھېلىقى جۇۋان شۇمىدۇ؟ قېنى، يەنە بىر ئاز ئاڭلاپ باقسۇنچۇ، يەنە نېمە گەپلەر بولاركىن؟

— ياخشى، ئاشۇ ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى كۆرسەم، ئۇنى رازى قىلىمەن. قەرز قىيامەتتە قالماس، — دېدى ئاشىق مەيدىسىنى كېرىپ، — ئەمدى ئېيتقىنچۇ، تۇغقىنىڭ بۆرىمۇ ياكى تۈلكىمۇ؟

— بۆرە، — دېدى مەشۇقى دومسايغاندەك قاراپ، — بۆرىنى خۇددى سىزنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

— ئېتىنى نېمە قويدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى ئاشىق ئۆز بۆرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ.

— چاقچانباي قويدۇق. بۈگۈن چاقچانباينى قېينىئانام بىلەن ئانامنىڭكىگە ئېلىپ كەلگەن.

— ھەي، باياتىن قېينىئاناڭ بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟ قېنى ئۇ؟

— سىز قىزىق ھە، قېينىئانامنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەمەنمۇ؟ چاقچانباينى ئانام بىلەن ئىككىسىگە تاشلاپ،

دوستۇمىنىڭكىگە بېرىپ كېلەي، دەپ بۇ ياققا يۈگۈردۈم! سەھەردە مەستان ھەدەمگە «تۆرەمگە خەۋەر يەتكۈزۈڭ، بۇ يەرگە كەلسۇن» دەپ جېكىلەپ قويدۇم.

— ئەقلىڭ ھەر بالاغا يېتىدۇ سېنىڭ، سۈرمە، — دېدى ئاشىق سۆيگىنىنىڭ پاراسىتىگە تەسەننا ئېيتقاچ ئۇنى ئەركىلىتىپ، — بۇنداق گەپلەرنى قەيەردىن تاپىسەن؟ سېنىڭ ھىيلەڭ قىرىق تۆگىگە يۈك بولىدۇ جۇمۇ!

— يەنە بىر ئىشەككىمۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى سۈرمەخان.

نەسىردىن ئەپەندى بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ، بۇ جۇۋاننىڭ «يۈك» نىڭ ئۆزىنىڭمۇ گەدىنىگە چۈشكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدى.

— گېپىمىز سوزۇلۇپ كەتتى، تۆرەم، — دېدى مەشۇقى ئاشىقىغا سۈۋۈنۈپ ئەركىلەپ تۇرۇپ، — ئېمىدىغان بالامىنىمۇ تاشلاپ كەلگەنمەن. تېزراق قارا شاھزادە قىزىل قەلئەگە مەردانە ھۇجۇم باشلىسۇن، بىزلەر جەڭ تاماشاسىدىن لەززەتلىنىپ، مۇرادىمىزغا يېتەيلى!

ئاشىق سۆيگۈنىنىڭ ئارزۇسىغا رازىلىق بىلدۈرۈپ، بەلبېغىنى يېشىۋاتقاندا، «بۇ ياخشى ئالامەت ئەمەس» دەپ ئورنىدىن تۇرغان نەسىردىن ئەپەندى ئۆگزىدە ئېگىز - پەس سەكرەشكە باشلىدى. ھەربىر سەكرىگىنىدە ئۆگزە گۈرسىلەپ كېتەتتى، گۈرسىلەشلەردىن بولسا ئۆي لەرزىگە كېلەتتى. ئاشىق - مەشۇقلار بۇ گۈمبۈرلەشلەردىن نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويدى. ئاشىق ئويلىنىشقىمۇ پۇرسەت تاپالماي، ئۆزىنى كارىۋاتنىڭ تېگىگە تىقماقچى بولدى، لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ، سېمىز گەۋدىسى كارىۋات ئاستىغا سىغمىدى. كېيىن تۆت ئاياغلاپ تەلۋىدەك تۆت تەرەپكە يورغىلاپ، ئاخىر مەسە كالىچىغىمۇ قارىماي مەشۇقىنىڭ ئارقىسىدىن ھويلىغا چىقتى. مەيداندا كۆزەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان كەمپىرمۇ ۋەھىمە ئىچىدە ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۈچى سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، توڭلىغاندەك دىر - دىر تىترىشىپ تۇرۇشتى.

— لا ھەۋلا ۋەلا قۇۋۋەتى! — دەپ پىچىرلىدى كەمپىر ئۆگزىدىگە قاراپ، — بۇ نېمىنىڭ بالاسى، تەخسىر؟

— بۇنى سىز بىلىسىز، يەڭگە! — دېدى ئاشىق يالاڭ ئاياغلىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، — مەن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي قالدىم!

— مەنمۇ، تەخسىر!

— يالغان! — دېدى ئاشىق كەمپىرگە دوق قىلىپ، — نېمە بولۇۋاتقىنىنى سىز ياخشى بىلىسىز. سىز ئاتايىن ئۇيۇشتۇرغان ئويۇن بۇ! مەندىن جىقراق شېرىنكانە ئۇندۇرمەكچى بولغىيدىڭىز ھەقىچان!

— ھەي، خۇدا، قۇرۇق تۆھمەتتىن ئۆزۈڭ ئاسرا! — دېدى كەمپىر خۇداغا نالە قىلىپ، — ئەگەر شۇنداق بولسا، مەن ئۆلەي! ھەرگىز ئۇنداق نىيىتىم يوق ئىدى. ئۆزۈممۇ بۇنداق ئىشنىڭ چىققىنىغا ھەيرانمەن.

— مەنمۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن، — دېدى سۇرمەخانمۇ تىترەپ.

— ھېچكىم ھېچ نەرسىنى بىلمىسە، ئۇنداقتا بۇ ھويلىنى جىن - شاياتۇنلار تالاپتۇ، — دېدى ئاشىق تىترىكىنى باسالماي، — موللىنى ئېلىپ كېلىپ، دەم سېلىش كېرەك بۇ ھويلىغا!

جىن - شاياتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كەمپىرنى ۋەھىمە باستى.

— ئەي پەرۋەردىگارى ئالەم، قايسى گۇناھلىرىم ئۈچۈن مېنىڭ ھويلامغا جىنلارنى ئەۋەتتىڭ؟ ئەي...

كەمپىر گېپىنى تۈگەتمەستە، نەسىردىن ئەپەندى ئۆگزىدىن تاشقى ھويلا تەرەپكە سەكرىگەندى، گۈپ قىلغان ئاۋازدىن كەمپىرنى سوغۇق تەر بېسىپ، لېۋىنى قىيسايتقىنىچە ئاشىقنىڭ ئايىغىغا گۈلدۈرلەپ يىقىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا نەسىردىن ئەپەندى ئاستاغىنە مېھمانخانىغا كىردى - دە، ئاشىقنىڭ قوزۇقتىكى سەللە - چاپىنىنى ۋە يەگادىكى سالپىيىپ تۇرغان مەسىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئۆچكىنىڭ خۇنى

ئەتىسى نەسىردىن ئەپەندى «كاتتا جەڭنامە» ھەققىدە، يەنە كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋىدى، سەپەر شاھىچى كۈلۈپ، ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك بولۇپ كەتتى. كېيىن كۈلكە بىلەن «كاتتا جەڭنامە» ھەققىدىكى گەپلەر تەبىئىي ھالدا شەھەر ئاۋاتلىقى ۋە ھايات تەشۋىشلىرى توغرىسىدىكى پاراڭلارغا ئورۇن بوشاتتى.

— شەھەرنى ياقتۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى شاھىچى نەسىردىن ئەپەندىنى گەپكە سېلىپ، — قانداق، شەھەر ئاۋاتمىكەن؟

— كۆز تەگمىسۇن، شەھەر ئاۋات بولۇپ كېتىپتۇ، سەپەر ئاكا! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، — بۇخارا ئاۋات بولۇپ كېتىپتۇ، كۆرۈپ كۆز شادلىنىدۇ: مۇسۇلمان باللار-نىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلىم ئىزدەپ بۇ شەھەرگە تەلپۈنۈشى بىكار ئەمەسكەن. زىيارەتتە مەككىدىن كەم يېرى يوق، دېگەن گەپتىمۇ ھېكمەت كۆپ ئىكەن. مەسچىتلەرنىڭ كۆپلۈكىلا بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ!

— شۇنداق، بۇرادەر، شۇنداق، — دېدى شاھىچى مېھمانىنىڭ ھاياجىنىدىن شادلىنىپ، — بۇخاراغا كۆز تەگمىسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىرگە رەھمەت! خۇدانىڭ ئىمانلىق - دىيانەتلىك ئەمى-رىنى ئەۋەتكىنى بەختىمىزنىڭ كۈلگىنى. يۇرتنى ئاۋات، ئاۋامنى پاراۋان قىلدى. يۇرتتا يەنە ئازراق ئەرزانچىلىق بولغىنىدا ئىدى،

ئەمىرىمىزنىڭ ئابرۇيى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە بولاتتى.
— قىممەتچىلىكنى بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن، سەپەر ئاكا، ئەمما يوقچىلىق بولمىسۇن! بۇ ئايەت ھەممە زامانلارغا خاستۇر. ئىنسان گاھ ئۇ تەرزدە، گاھ بۇ تەرزدە پېشانىگە يېزىلغىنىنى كۆرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، باش ئامان بولسۇن!
— ھە راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، سوراپمۇ قويماپتىمەن، — دېدى شاھىچى ئۆزىگە كايىپ، — جىيەنىڭىزنىڭ ئۆيىگە باردىڭىزمۇ؟ ئۇ ساق - سالامەتمىكەن، بالىلىرى تىنچ، ئائىلىسى ئاۋاتمىكەن؟
— ياخشى تۇرۇپتۇ، ئىنشائاللا. ئائىلىسىنى كۆرۈپ ئاينى پۈتۈن يۇتقاندەك كۆڭلۈم يورۇپ قالدى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى مەمنۇن بولۇپ، — جىيەنىم ساندۇقچىلىق قىلىدىكەن...
شاھىچى «ياخشى، ياخشى» دېگەندىن كېيىن بىر ئىش بىلەن ئوچاق بېشىغا بېرىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپلا ياندىكى كارىۋاتتا بىر كىشىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بېشىدىكى دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى. شاھىچى ئۇ كىشىنى تونۇسا كېرەك، كۈتكۈچىگە «ئۇ مېھمانغا قارا» دېگەندەك ئىشارە قىلغاندى، شۇ ھامان كۈتكۈچى يېڭى مېھماننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ:
— نېمە ئېلىپ كېلەي، نىيازقۇل تاغا؟ — دەپ سورىدى.
— نېمىگىنى قوي، — دېدى نىيازقۇل ئۆزىنى يەلپۈشتىن توختاپ، — ماڭا بىر كاسا سۇ كەلتۈر، بالام!
بالا ناھايىتى چاققانلىق بىلەن سۇ ئېلىپ كەلگىلى ئوچاق بېشىغا كەتتى. سەپەر شاھىچى مەردەككە قاراپ:
— ھە، نىيازقۇل، يىغلىغۇدەك بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېرىكىپ قالغاندەك قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى سەپەر شاھىچى ھېلىقى ئادەمگە قاراپ.
نىيازقۇل يىغلىغاندەك ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى:

— ماينىڭ شۇنچە قىممەت بولغىنى بارمۇ؟ — دېدى ۋە سوئا-لىغا جاۋاب كۈتمەي سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاتام زامانىدا بولغان بولسا بولغاندۇر، لېكىن بۇنچىلىك ئەمەس - دە!

— قانچە ئىكەن؟ — دېدى شاھىچى.

نىيازقۇل ئۆزىگە مۇڭداش تاپقاندەك، ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى:

— پالان تەڭگە دەيدۇ!... ئۆتكەن ھەپتە شۇ پۇلغا مانا بۇ ماي قاپاقنى تولدۇرۇپ بېرەتتى! — قولىدىكى ماي قاپاقنى كۆتۈرۈپ، يەنە «تاق» قىدە ئورنىغا قويدى ئۇ، — ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ زادى؟ باي بولۇپ، ئەسقەر تېغىنى سېتىۋالماقچىمۇ - يا؟

— كىمكەن ئۇ ئەسقەر تېغىنى سېتىۋالىدىغان؟ — دېدى گەپكە ئارىلىشىپ نەسىردىن ئەپەندى.

نىيازقۇل نەسىردىن ئەپەندىنى ئەمدى كۆرگەندەك سالام بېرىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تونۇمىسىزكىن ياكى تونۇمامسىزكىن بىلمىدىم، جۈمەش باققالنىڭ دۇكىنىغا كىرسەم، ئاتىسى ئېيتقان باھانى ئېيتىپ ئولتۇرىدۇ. ئون بارمىقىنى بىراقلا ئېغىزىغا تىقىۋاپتۇ، بەچچىغەر! ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بولىدۇ - دە، باشقا باققاللارمۇ باھانى ئۆستۈرۈپتۇ. گەپ قىلسىڭىز، قازىنى پەش قىلىدۇ. مىرشابلار-نىڭمۇ پوكىنى پوق، ماي دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يۈزلىرىنى تەتۈر قىلىپ ئۆتىدۇ. قازى جانابلىرى بىر نەرسە دەپ قويمايدۇ بۇلارغا! ئاۋامنىڭ دەردىنى ئاڭلايدىغان مەرد يوق!

— ئەگەر ماينىڭ باھاسى كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئاشنىمۇ كەم يەيدىغان بولۇپتۇق - ھە؟ — دېدى سەپەر شاھىچى گەپنى كۈلكىگە بۇراپ.

— بىر ئاش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ - دە، موللا سەپەر، — نىيازقۇل كاسىدىكى سۇنى ئىچىپ، يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — باشقا پىشۇرىدىغان نەرسىلەرمۇ بار - دە!

نەسىردىن ئەپەندى نىيازقۇلغا بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن

سورىدى:

— تاغا، بىر ئىش بار، دېسەم قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە ئىشكىن، ئېيتىڭ قېنى.

— قازىخانىغا بېرىپ، بىر گەپنى سوراپ كەلسىڭىز...

قازىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان نىيازقۇلنىڭ تامىقىغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك يۆتۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئەستاغپۇرۇللا!

نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى سېزىپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن دېدى:

— تاغا، قورقماڭ! قازى سىزنى يەپ كەتمەيدۇ. قازىنىڭ مۇلازىمى بار، شۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا سىزنى مېنىڭ ئەۋەتكىنىمنى ئېيتسىڭىز، ئۇدۇل قازىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىدۇ.

— ئۆزىڭىز بارسىڭىز بولمامدۇ؟

— بۇنىڭ ئىلاجى بولسا، سىزدىن سوراپ ئولتۇرارمىدىم؟

— نېمىنى سوراپ كېلىش كېرەك زادى؟

— مۇلازىم سىزنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، سىز قازىدىن سورايسىز.

— نېمىنى؟

— ئالدى بىلەن گەپنى تولۇق ئاڭلىمامسىز؟ مەندىنمۇ ئۆتە ئالدىراڭغۇ ئىكەنسىز. سىز قازىغا: «قازى جانابلىرى، بىر مەسىلىدە مەسلىھەتىڭىز كېرەك» دەيسىز، ئۇ «نېمە مەسىلە؟» دەپ سورايدۇ، سىز: «بۇ مەسىلىنى سىزدىن باشقا قازى يېشەلمەيدۇ» دەپ ئۇنى راسا ماختايسىز. ماختىشىڭىزدىن ئېرىپ كەتكەن قازى: «مەقسىتىڭنى ئېيت!» دەيدۇ. سىز بولسىڭىز: «بىر ئادەم ئۆيىدىكى ئۆچكىسىنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا ئېلىپ باردى، خېرىدار بىلەن كېلىشىپ ساتتى. لېكىن تېخى پۇلىنى بەرمەي تۇرۇپ، ئۆچكە ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ قاچتى ۋە ئۇنىڭ يولىنى توسقان يات ئادەمنى ئۇسۇپ كۆزىنى قۇيۇۋەتتى. ئەمدى بۇ كۆزى قۇيۇلغۇچىنىڭ

خۇنىنى كىم تۆلەيدۇ؟ ئۆچكىنىڭ كونا ئىگىسىمۇ ياكى سېتىۋال-غۇچىمۇ؟ بۇ مەسىلىگە ئېنىق چۈشەنچە بەرسىڭىز» دەپ سورايسىز. ئەنە شۇ سوئالغا قازىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلسىڭىز، بازاردىكى مايىنىڭ نەرخىنى مانا مەن چۈشۈرۈپ بېرىمەن! بۇنىڭ ساۋابى سىزگىمۇ تېگىدۇ.

نىيازقۇل ئاۋۋال ئىككىلىنىپ ئولتۇردى. كېيىن ساۋاب ئۈچۈن بارسام باردىم، دەپ ئورنىدىن قوزغالدى ۋە قازىخانا تەرەپكە قاراپ قۇشتەك ئۇچتى. سەپەر شاھىچى بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.

— بۇ كىشىنىڭ لەقىمى يىغلاڭغۇ، — دېدى شاھىچى كۈلۈش-تىن توختاپ، — ئادەمنىڭ لەقىمى مىجەزىگىمۇ تەسىر كۆرسەتسە كېرەك. قاچانلا قارىسا بىر ئىشتىن نالە قىلىپ يۈرگەن.

— بۇ لەقەم ئۇنىڭغا قانداق قويۇلۇپ قالغان بولغىيتتى؟

— بۇنىڭ تارىخى قىزىق، — دېدى شاھىچى لىۋىنى يالاپ قويۇپ، — نىيازقۇلنىڭ سانا كۆنەدوز دەپ بىر يېقىنى بار، ئۇ ناھا-يىتى قۇۋ ئادەم بولۇپ قىلتاقتا دەسسەتمىگەن كىشىسى يوق. بۇ قورقۇنچاق شۇ يېقىنى بىلەن دەرۋازا تەرەپتىكى مال بازىرىغا قوي ساتقىلى بارىدۇ. قوينى ئاسانلا ساتىدۇ ھەم بىرەر چايخانىغا كىرىپ، ئۇنى - بۇنى يېمەكچى بولۇپ، بىر - بىرىگە مەسلىھەت سالىدۇ. «ئۈزۈم - پۈزۈم يەپ قويايلى، ئاغىنە» دەيدۇ سانا. «قويە ئاشۇ ئۈزۈ-مۈڭنى، يېرىمى سايقا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە قوغۇن يەيلى» دەيدۇ نىيازقۇل. «قوغۇننىڭ نېمىسى ياخشى؟ تەڭ يېرىمى كاۋاكقۇ!» «تاۋۇزچۇ؟» «تاۋۇز يېگۈچە، ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ياخشى...»

شۇنداق تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىر سانا: «پىياز يەيمىز، پوستى يۇقا، قات - قات چىقىدۇ» دەپتۇ.

نىيازقۇل يېقىنىنىڭ گېپىنى توغرا تاپىدۇ ۋە بازاردىن ئىككى

قاداقچە پىياز ئېلىپ، چايخانىغا كىرىدۇ. ئۇلار بىر يۇمىلاق ناننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىيازنى تازىلاپ، توغراشقا باشلىغاندا، پىيازنىڭ ئاچچىق پۇرىقى سەۋەبلىك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلايدۇ. «نېمىگە يىغلايسەن، بۇرادەر؟» دەپ سورايدۇ سانا ئەتەي گەپ كولاپ. «مەندىن سوراپ نېمە قىلىسەن؟ ئۆزۈڭ نېمىگە يىغلاۋا-تىسەن؟»، «ئەسەد بوۋاينىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، قارىغاندا، ئاشۇ كىشى توگەپ كەتكەن. خۇدا مېيىت نامىزىنىڭ خەۋىرىنى مېنىڭ كۆڭلۇمگە سالدى. شۇڭا يىغلاۋاتىمەن» دەيدۇ سانا.

ئەسەد بوۋاينىڭ نىيازقۇلنىڭ تاغىسى ئىكەنلىكىنى سانا ياخشى بىلىدۇ، بوۋاي پۈتۈن ئۆمرىنى توقۇم تىكىپ ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئاشۇ كۇنلەردە ھەقىقەتەنمۇ ساقسىز بولۇپ يېتىپ قالغانىكەن. سانانىڭ بۇ گېپى نىيازقۇلغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن چايخانىنى بېشىغا كىيىپ «تاغامدىن ئايرىلدىم» دەپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلايدۇ. چاقچاقنى باشلىغان سانامۇ نىيازقۇلغا جۆر بولىدۇ. يۇمىلاق نانمۇ، ئىككى قاداق پىيازمۇ ئۆز ئورنىدا قېلىپ، ئىككىلىسى داد ـ پەرياد بىلەن بۇ ياققا قاراپ يول ئالىدۇ. شۇ ھالەتتە قوش ئۇجمە مازىرىغىچە كېلىپ قارىسا، مېيىت سېلى-نىدىغان تاۋۇت ھېلىمۇ مازار دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا چوقچىيىپ تۇرغۇدەك. «تۇغقانلار غەم ـ قايغۇ، جىددىيچىلىك ئىچىدە قېلىپ، تاۋۇت يادىغا كەلمىگەن بولسا كېرەك! قېنى كەل ئاغىنە، قايتا ئاۋا-رە بولۇپ يۈرگىچە، تاۋۇتنى ئۆزىمىز ئالغاچ بارايلى» دەيدۇ نىياز-قۇل. «توغرا ئېيتتىڭ، ئاغىنە!» دەيدۇ سانا ۋە ئىككىلىسى دەرھال تاۋۇتقا يېپىشىپ، يەلكىلىرىگە ئالىدۇ ۋە داد ـ پەرياد كۆتۈرگەنچە مەھەللىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ داد ـ پەريادىنى ئاڭلاپ، بالا ـ چاقا بولامدۇ، چوڭلار بولامدۇ، ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ كوچىغا چىقسا، ئىككى كىشى تاۋۇت كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. ئادەملەرمۇ «بازاردا بىرەرسى قازا قىلغان ئوخشايدۇ، بۇلار تاۋۇتقا سېلىپ

كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ ـ دە» دەپ يىغىغا قوشۇلۇشقا باشلاپتۇ. قىيا ـ چىيانى ئاڭلىغان ئەسەد بوۋايمۇ كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشۈپ، كوچىغا چىقىدۇ ـ دە: «هوي، مۇسۇلمانلار، نېمە گەپ زادى؟ كىم ئۆلدى؟» دەپ سورىغىنىدا، تاۋۇت كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان نىيازقۇل بىردىن هوشيارلىشىپ، بىردە ئەسەد تاغىسىغا، بىردە ساناغا قارىسا، سانا ئۆزىنى باسالماي كۈلۈۋاتقۇدەك. «هە، نىيازقۇل، قايسى قېرىندىشىمىز ئۆلدى؟» دەپ سورايدۇ ئەسەد بوۋاي قايتىدىن. نىيازقۇل نېمە دېيىشىنى بىلمەي: «پىياز ئۆلدى، تاغا!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «هە، هە، چايخانىدا پىياز توغراۋاتقانىدۇق، ئۇ بىزلەرنى يىغلاتتى» دەيدۇ سانا نىيازقۇلنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ. بۇ چاغدا ئەسەد بوۋاي: «ۋاي يىغلاڭغۇلار، ئەمدى قائىدىسىنى قىلىپ، تاۋۇتقا بىر باش پىياز سېلىڭلار ـ دە، مازارغا تاشلاپ كېلىڭلار!» دەيدۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئەسەد بوۋاي يەنە ئالتە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، بىر كەم يەتمىشكە كىرگەندە ئالەمدىن ئۆتتى. نىيازقۇل بولسا «يىغلاڭغۇ» دېگەن لەقەمنى ئالدى. مانا، ئۆزىڭىز كۆردۈڭىز هازىر، هەممە ئىشتىن نالە قىلىپ، يىغلىغۇدەك بولۇپ يۈرىدۇ. بولمىسا، ياغنىڭ نەرخى ئۆرلىگىلى قاچان ئىدى...

سەپەر شاهىچى لەقەم تارىخىنى تۈگىتىپ ئۇزاق ئۆتمەي نىيازقۇلمۇ قازىخانىدىن قايتىپ كەلدى.

— هە، تاغا، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى نىيازقۇل كارىۋات قېشىغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، — جاۋاب بارمۇ؟

— بىز ئىشنى پۇتكۈزمەي قايتىدىغانلاردىن ئەمەس! — دېدى نىيازقۇل كۆكرىكىنى كېرىپ، — بەرىكەت تاپسۇن، قازىنىڭ ياردەمچىسى مېنى كۆرۈش بىلەن ئولتۇرغان جايىدىن دەس تۇردى. ياخشى بالا ئىكەن، هال ـ ئەهۋال سورىدى. «مېنى پالانى ئەۋەتتى» دەپ سىزنىڭ نامىڭىزنى تىلغا ئېلىۋىدىم، دەرهال قازى جانابلىـ

رىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. قازىغا سىز دېگەندەك دېسەم، «ئەلۋەتتە خۇنى ئۆچكىنىڭ كونا ئىگىسى تۆلەيدۇ-دە» دېدى. يەنە شۇنداق دېدى: «مالنى سېتىشتىن بۇرۇن ئىگىسى ‹مېلىم قاچقاندا يولنى توسقان يات ئادەمنى ئۇسۇپ كۆزىنى قويۇۋېتىدۇ› دەپ ئەيىبىنى ئېيتىشى كېرەك ئىدى. ھەربىر مالنى سېتىۋاتقاندا ئەيىبىنى ئالدىدىن ئېيتىپ ساتسا، شەرىئەتتە ھالال بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ھەر ئىككى تەرەپ خىجىل بولىدىغان ئىش چىقمايدۇ»

— دېمەك، بازاردىكى ۋەقەدە ئۆچكىنىڭ ئىگىسى ئەيىبدار، قازى جانابلىرى شۇنداق دېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.

— شۇنداق، — دېدى نىيازقۇل يەنە بىر قېتىم، — ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. قازى جانابلىرى شۇنداق دېدى...

# ئون بەشىنچى باب

## ۋەلى مىرشاب ۋە دەلى مىرشاب

بەللىرىگە ئەمىرلىكنىڭ قايرىلما قىلىچىنى ئېسىۋالغان ۋەلى مىرشاب بىلەن دەلى مىرشاب شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ بازىرىدا خۇددى ئۆزلىرىنى شۇ بازارنىڭ كاتتا غوجايىنىدەك ساناپ گىدىيىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنى بۇ بازارنىڭ ئوغرىسىمۇ، توغرىسىمۇ ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك تونۇيدۇ. ۋەلىنىڭمۇ، دەلىنىڭمۇ قەھرى قاتتىق — ھېچقانداق گەپ ـ سۆزگە، يېلىنىش ـ يالۋۇرۇشلارغا، يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن كۆزلەرنىڭ ئىلتىجالىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ، ئۆزگىنىڭ غەم ـ تەشۋىشى، دەردى ئۇلارنى قىلچە ئىزتىراپقا سالمايدۇ، كۆزلىرى پەقەت ئاقچىنى، پارىنى كۆرىدۇ ۋە نەپسى ئارام ئالغاندا چىرايى ئېچىلىدۇ. بازارغا كىرگەن ھەربىر مالدىن قازىلىق مەھكىمىسى ئۈچۈن دەپ بىر نېمە ئېلىشىدۇ. چوڭ چارۋا كىرسە قالسىغۇ بولدى، ئىككىلىسى تاپخوردەك بىراقلا يېپىشىدۇ، تاكى ئىگىسىدىن مالنىڭ يېرىمىنى يۇلۇپ ئالمىغۇچە ياكى يېرىم مالنىڭ مىقدارىغا تەڭ ئاقچىنى ساناپ قويىنىغا تىقمىغۇچە تىنچىمايدۇ، ئەگەر دېگىنىگە كۆنمىسە، «ھىم، بىزنى چۈشەنمىدىڭىز ـ ھە!» دەپ پوپوزىمۇ قىلىپ قويۇشىدۇ.

ۋەلى مىرشاب ئەسلىي بەشكەنتلىك پاختىچى خەيرۇللابايىنىڭ جىيەنى بولۇپ، بازاردا تالونچىلىق قىلاتتى. بىر چاغلاردا نېمە سەۋەبتىندۇر بۇ كەسىپتىن قول يىغىپ، خېلى ۋاقىتقىچە بىكار يۈردى. ئاتىسى مىرشاب ئىدى. ئۇ بىر ئوغرىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ،

ھىسار تاغلىرىغا قوغلاپ بارغاندا، يالغۇز كېلىپ قالدى. ئوغرى شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى باغلاپ، چوڭقۇر بىر ھاڭغا تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋەلى يېتىم بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى تېخى ياش جۇۋان ئىدى. شۇڭا ئۇ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ غەيۋەتىدىن قورقۇپ، بىر قولىقى يوق بازار ئاقسا ـ قىلى ساتتار چوناق دېگەن ئادەمگە تېگىۋالدى. ئەسلىدە ئەنە شۇ ساتتار چوناقنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ۋەلى تالونچىلىقتىن ۋاز كەچكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋەلى تاغىسى خەيرۇللابايىنىڭ ئىشىكىدە ئۇ ـ بۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈردى. نىھايەت، بۇخارا شەھىرىنىڭ قازىسى نامازخان تۆرە بەشكەنتكە بىر ئىش بىلەن كەلگىنىدە خەيرۇللا بايىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. زىياپەتتە بەشكەنتنىڭ داڭلىق ئاشپەزلىرى بارلىق ھۈنىرىنى نامايان قىلىپ كاۋاپ ـ مانتىلارنى، قىزا ـ قاتلىمىلارنى، ئۆپكە ـ ھېسىپ ۋە كاللا ـ پاچاقلارنى پىشۇرۇپ مېھماننى كۈتتى. بۇ زىياپەتتە ۋەلىمۇ كىرىپ ـ چىقىپ خىزمەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ كەڭ يەلكىلىرىنى، چوڭ كاللىسىنى، بۆرتۈپ چىققان مۇسكۇللىرىنى كۆرگەن قازى خەيرۇللابايدىن:

— بۇ يىگىت قاراۋۇلىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

باي باش لىڭشىتىپ كۈلدى ھەمدە ۋەلىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى:

— جىيەنىمدۇر، ئۆگەي دادىسىغا باتناپ بىزنىڭكىدە يۈرۈپتۇ.

— قامىتى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قامەتلىرىگە ئوخشاشتۇرا — دېدى قازى ۋەلى يەنە بىر قېتىم كىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ئەگەر بىلگە مۇبارەك زۇلپىقار تاقىسا، ئۆلچەملىك مىرشاب بولار ئىكەن. بۇ جىيەنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، تەربىيەسى مېنىڭ بوينۇمدا. پۇت ـ قولى چاققان، ياخشى يىگىتتەك كۆرۈنىدۇ.

— ئىختىيار ئۆزىدە، تەخسىر، — دېدى خەيرۇللاباي. ئاندىن ۋەلىنى چاقىردى. ۋەلى يۈگۈرۈپ كىردى ۋە سۆپىنىڭ لېۋىدە

ئولتۇردى.

— قازى جانابلىرى سىنى بۇخاراغا ئېلىپ كېتىمەن، مىرشاب بولسۇن دەپ تىلەۋاتىدۇ، نېمە دەيسەن؟

ۋەلى قىشلاقتىن تاشقىرىغا چىقمىغان بولغاچقا، بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. نېمە دېيىشنى بىلمەي، تاغىسىغا قارىدى.

— تىلىڭ كېسىلمىگەندىكىن گەپ قىل! شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋېرەمسەن؟ — دېدى خەيرۇللاباي غەزەپلەنگەن ھالدا، — قازى جانابلىرىنى ئىنتىزار قىلما! يا بارىدىغانلىقىڭنى ئېيت، يا بارمايدىغانلىقىڭنى؟ بارمايمەن دېسەڭ، بىرەرسى قولىقىڭنى كەسمەيدۇ.

ۋەلى تاغىسىنىڭ غەزىپىدىن چۆچىدى.

— تاغا، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، مېنىڭ ئىختىيارىم سىزدە، — دېدى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

خەيرۇللاباي ئۇنىڭ گېپىدىن خۇشال بولدى. چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «ئەگەر بىزنىڭ ئەۋلادتىنمۇ بىرەرسى شەھەردە مىرشاب بولسا، ۋاقتى كەلگەندە نېپى تېگىدۇ» دېگەنلەر ئۆتمەكتە ئىدى.

— مانا، قازى جانابلىرى، جىيەنىم رازى! — قازىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارىدى باي، — سودىلاشمايمەن: گۆشى سىزگە، سۆڭىكى بىزگە.

سودا پۈتتى. قازى شۇ قېتىم ۋەلىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بۇخاراغا قايتىپ كەلدى ھەم ئۇنىڭغا كەڭ - كۇشادە كوچىلارنىڭ بىرىدىن ئىجارىگە ئۆي تېپىپ بەردى، مىرشابلىق لىباسىنى كىيدۈرۈپ، بېلىگە ئەمىرلىك ئەسكەرلىرى تاقاپ يۈرىدىغان قايرىلما قىلىچ تاقاپ، بازارغا قويۇپ بەردى.

ۋەلى دەسلەپكى چاغلاردا قازىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن چىقماي خىزمەت قىلدى. بازارنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلىپ، دۇمبىسى ئاپتاپ كۆرگەندىن كېيىن، بازار ئاقساقىلى ئارتىقباي بىلەن

ھەمكارلىشىپ ئىش كۆردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قوينى ئاقچىغا تولۇپ، شەھەر ئۆتتۈرىسىدىن ھويلا ـ جاي سېتىۋالدى. مىرشاب بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قازىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ھەر كۈنى ئۇنى زىيارەت قىلىپ بېرىشنى قازا قىلمىدى...

بىر كۈنى بازار دەللاللىرىدىن بىرى بولغان ئەرگەش تۆكباش ۋەلى مىرشابقا بازار قىزىيدىغان كوچىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق شەكەر كەمپىرنىڭ قىزىنى ئوغرىلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇنى مىرشابخا-نىغا سۆرەپ كېلىشنى ئېيتتى. ئاندىن شۇنداق دېدى:

— شەكەر كەمپىرنىڭ ئاشۇ بەرنا قىزىغا ئاشىقتۇرمەن. ئۇنى بىر كۆرۈپ دىۋانە بولدۇم. مەھبۇبەمنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي دوزاخ ئوتىنىڭ تەپتىدىن مىڭ ھەسسە زىيادە ئوتتا كۆيۈپ كۇل بولماق-تىمەن...

ۋەلى مىرشاب دىۋانە ئاشىقنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي، ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇنداقتا نېمىشقا مەھبۇبەڭنى ئوغرىلىقتا ئەيىبلەپ، مىرشابخانىغا ئەكېلىشىمنى ئارزۇ قىلىسەن؟ گەپنىڭ تۈتامى بارمۇ زادى؟

دىۋانە ئاشىق يەنە بىر قېتىم ئاھ ئۇرغاندىن كېيىن:

— سىز ئۇنى مىرشابخانىغا ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — مەن ئارقىڭىزدىن بارىمەن ۋە قىزنى ئازاد قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. سىز ئۇنىمايسىز، ئوغرىنى زىندانغا تاشلايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قورقۇتىسىز.

— ياپىر، كېيىنچۇ؟

— كېيىن سىزگە بىر تىللا پارا بېرىمەن، تىللانى ئېلىپ قىزنى ئازاد قىلىسىز، ئىش تامام، ۋەسسالام!

— بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟ — يەنە ھېچ نەرسىنى

چۈشەنمىدى ۋەلى مىرشاب.

— مەقسەت شۇكى، — دېدى دەللال تۇكۇرۇكىنى يۇتۇۋېتىپ، — قىز مېنى «مەرد كىشى ئىكەن، مىرشابقا پارا بېرىپ مېنى قۇتقۇ - زۇۋالدى» دەپ ئويلايدۇ ۋە مېنىڭ تەكلىپىمگە رازى بولىدۇ. ئوتتۇ - رىدا سىز تىللالىق، مەن خوتۇنلۇق بولىمەن، ئاكا.

ۋەلى مىرشاب تەكلىپنى رەت قىلماقچى ئىدى، تىللانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نەپسى قۇتراپ قالدى. بۇنداق قىلىشنىڭ چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، يەنە بىر تىللا قوشۇشنى ئېيتتى، شۇ شەرتكە كۆنسە، رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دەللال يەنە بىر تىللا قوشۇشقا ماقۇل بولدى ۋە ۋەلى مىرشابقا شەكەر كەمپىرنىڭ ھويلىسىنى كۆرسىتىپ قويدى.

مانا، ئەمدى كۆرۈڭ تاماشانى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەلى مىرشاب غەزەپ كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، زۇلپىقار قىلىچىنى چاڭگاللاپ، ئەمىرلىك تەمىنلىگەن مەخسۇس قونچلۇق ئۆتۈكى بىلەن شەكەر كەمپىرنىڭ ئىشىكىنى تەپتى. ھايال ئۆتمەي ياغاچ دەرىخىدىن ياسالغان دەرۋازا مۇڭلۇق غىچىرلاپ ئېچىلدى ۋە بوسۇ - غىدا يۈزىنى ئوراپ رومال يېپىنىۋالغان، قوللىرىنى قورۇق باسقان بىر كەمپىر پەيدا بولدى. كەمپىر ئۇنلۇكرەك گەپ قىلساڭ يىقىلىپ كېتىدىغان ھالەتتە ئىدى. شۇنداقلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ:

— قىزىڭنى ئېلىپ چىق! — دەپ ۋارقىرىدى ۋەلى مىرشاب سالام بېرىش ئورنىغا دوق قىلىپ. كەمپىر ھوشىدىن كەتكۈدەك بولۇپ تىترەپ كەتتى. يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىكنى تۇتۇۋالدى:

— قىزىمغا نېمە گېپىڭ بار؟

— مەن ۋەلى مىرشابمەن! قىزىڭ ئوغرىدۇر!

— بوسۇغىدىن ئاتلىمىغان قىزىم كىمنىڭ مېلىنى ئوغرىلاپتۇ؟

— بۇنى مىرشابخانىغا بارغىنىدا ئېيتىمەن. تېز بول، ۋاقتىم

قىس مېنىڭ! — دېدى ۋەلى مىرشاب.
كەمپىر نائىلاج دەلدەڭشىگەن هالدا ئىچكىرىگە كىرىپ، بىر ئازدىن كېيىن پەرەنجە يېپىنغان قىزنى يېتىلەپ چىقتى ۋە ۋەلى مىرشابقا ئەگەشتى. بۇ مەنزىرىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان دىۋا-نە ئاشىق ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس مېڭىپ مىرشابخانىغىچە باردى.
— ئىسمىڭنى ئېيت! — دېدى ۋەلى مىرشاب قىزغا قاراپ.
قىزنىڭ ئورنىغا كەمپىر جاۋاب بەردى:
— ئانارە.
— ئۆزى ئېيتسۇن، سەن جىم تۇر! — كەمپىرنى سىلكىدى ۋەلى مىرشاب. قىز پەرەنجە ئاستىدىن ئىسمىنى ئېيتقاندا، قوڭغۇ-راقتەك ئاۋاز مىرشابنى سېھىرلەپ قويغاندەك بولدى، — سەن كېچە بازارغا كىرىپ، كىمنىڭ مېلىنى ئوغرىلىدىڭ؟
قىز يەنە ئاشۇ قوڭغۇراقتەك ئاۋازدا جاۋاب بەردى:
— مەن بازارغا چىقمىدىم. بىزنىڭ بازار سودىمىزنى چوڭ ئاچامنىڭ ئېرى — پالتا يېزنە قىلىپ بېرىدۇ، بىزگە يېقىن ئۇ...
دەللال ئاشىق مىرشابخانىغا كىرىشى بىلەن تەڭ قىزنىڭ گېپى بۆلۈندى. دەللال كەمپىرگە سالام بەرگەندىن كېيىن، ۋەلى مىرشاب-تىن «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىدى. مىرشاب قىزنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئاشىق ئۆزىنى ئىشەنمىگەنگە سالدى ۋە «بۇنداق كىچىك قىز ئوغرىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دېدى - دە، مىرشابتىن قىزنى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈندى. ۋەلى مىرشاب ئاشىقنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ، «ئۆزۈڭ كىمسەن؟» دەپ دوق قىلدى.
— بازاردا سودا قىلىمەن، ئىسمىم ساتتىقۇل، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئاشىق. ئاندىن ئۇ بەلبېغىنىڭ قېتىدىن ئىككى تىللا چىقىرىپ ۋەلى مىرشابنىڭ چۆنتىكىگە سالدى، — مەن بۇلارنى تونۇيمەن. هويلىسى بازار قىزىيدىغان كوچىنىڭ بېشىدا. ھەقىقە-

تەنمۇ خانىشتەك بۇ قىزنىڭ قولىدىن ئوغرىلىق كەلمەيدۇ. مانا شۇ ئىككى تىللانى ئېلىپ، بۇ ئانا ـ بالىنى قويۇپ بېرىلىڭ...

ۋەلى مىرشاب كېلىشكىنى بويىچە قىزنى قويۇپ بەرمەيدىغانلىقتا چىڭ تۇردى. شۇ تاپتا قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلاپ تۇراتتى. شۇڭا تۇيۇقسىز ئاۋاز ساھىبىنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ قالدى.

ـــ يۈزۈڭنى ئاچ! ـــ دېدى ئۇ قەھرى بىلەن.

ـــ نامەھرەمگە يۈزۈمنى ئاچمايمەن، ـــ دېدى قىز.

ـــ مەن نامەھرەم ئەمەس، مىرشابتۇرمەن! ئوغرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشۈم لازىمدۇر!

قىز ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن چۈمبەلنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى كۆرسىتىۋېدى، ئۇنىڭ ئايدەك جامالىدىن مىرشابخانا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. قىزنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈپ، ۋەلى مىرشاب «ئاھ» دەۋەتتى ۋە ئىچىدە بىر نەرسە ئۈزۈلگەندەك بولدى. كۆڭلىمۇ داۋالغۇپ كەتتى. ئاشىق بولسا يەنە يېلىندى، ۋەدە بويىچە بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى يېلىنىشى ئىدى.

ـــ مېنىڭ پارىغا ھاجىتىم يوقتۇر! ـــ دېدى ۋەلى مىرشاب. ئاندىن چۆنتىكىدىن ئىككى تىللانى چىقىرىپ دىۋانە ئاشىقنىڭ قولىغا تۇتقۇزغانىدى، ئۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئەسلىي كېلىشىمدە بۇنداق گەپلەر يوق ئىدى، ـــ ئىككى تىللايىڭنى ئاناڭنىڭ ئانىسىغا ئاپىرىپ بەر! يوقال بۇ يەردىن، بولمىسا، پارا بەرگەنلىكتە ئەيىبلەپ، قازىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن!

ئاشىقنىڭ كەتكۈسى يوق ئىدى. ۋەلى مىرشاب ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىتتىرىپ قازىخانىدىن چىقىرىۋەتتى. ئورنىغا قايتىپ، ئانا ـ بالىدىن ئۆزرە سورىدى:

ـــ سىزدە ئەيىب يوقتۇر، سىڭلىم، ئۆيىڭىزگە كېتىڭ! ـــ ۋەلى مىرشاب بۇ گەپنى ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئېيتتى، ـــ بۇ ئەسلىدە ھازىر مەن ھەيدىگەن ناكەسنىڭ ئىشى ياكى باشقا بىر

نائەھلىنىڭ تۆھمىتىدۇر. مەن گۇناھكارنى تېپىپ جازاغا تارتۇرمەن!

ۋەلى مىرشاب كېيىن شەكەر كەمپىردىنمۇ ئۆزرە سورىدى.

شەكەر كەمپىر قىزىنى يېتىلىگەنچە ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن مىرشابخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاشىق دەللال يەنە كىرىپ كەلدى ۋە مىرشابنى ۋەدىسىدە تۇرماسلىقتا ئەيىبلىدى. ۋەلى مىرشاب ئۇنىڭدىن يامان كەلدى، ئەگەر بۇ بازاردىن يوقال-مىسا، كۆرىدىغان كۈنى بارلىقىنى ئېيتىپ، يەنە بىر قېتىم ھەيدەپ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ ئويلىمىغان يەردىن قىلىچى سۇنغان دىۋا-نە ئاشىق بويىنىنى قىسقانچە شەكەر كەمپىرگە ئوخشاش ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ۋەلى مىرشاب شەكەر كەمپىرنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتتى...

دەلى مىرشاب خانغا قارشى بىر قېتىملىق توپىلاڭغا قاتناشقا-نىدى. توپىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەۋەز مۇھەممەد ئىناقنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، خارەزمدىن بۇخاراغا قېچىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىسمىنىڭ «دەللى - دەللى» ناخشىسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇ بۇياققا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇخارانىڭ كوچى-لىرىدا سەرسان - سەرگەردان بولدى. يىگىتنىڭ قارنىنى مېھنەتتى تويدۇرار، دېگەندەك، ئۇ كىمنىڭدۇر مال - چارۋىسىغا قاراپ، كىمنىڭدۇر بېغىنى پەرۋىشلەپ، يەنە كىمنىڭدۇر باشقا بىر ئىشلى-رىنى قىلىپ، ئاشۇ ئىش ئىگىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە تۇنەپ، ئۇستىنى يۇتۇن، قارنىنى توق تۇتۇپ كۈن ئۆتكۇزدى.

بازاردا ھامال بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىر ئۇنى تۇردى مەخسۇمغا ئۇچراشتۇرۇپ، خىزمىتىنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلدى. مەخسۇم بازاردىن كۆپ نەرسە سېتىۋېلىپ، دەلىنى ھامال-لىققا ياللىدى، بازاردىن ئالغان نەرسىلىرىنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ بېرىشكە ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشتى. دەلى نەرسىلەرنى قولتۇقلىغانچە

مەخسۇم بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقاندا، دەلىنىڭ قەددىم يۆتكىشىنى، بوي ـ بەستىنى، گەپ ـ سۆزىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ مېڭىۋاتقان مەخسۇم يىگىتنى گەپكە سېلىپ:

— كىمسەن، كىمنىڭ ئوغلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

دەلى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ھېكا ـ يىلىرى ئاڭلىغۇچىنىڭ رەھىمىنى كەلتۈرەتتى.

— بەك كۆپ ئەگرى ـ توقايلىقلارنى، سەۋدالارنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈپسەن، بوتام، — دېدى مەخسۇم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، — قارىماققا جاپادىنمۇ قورقمايدىغاندەك تۇرىسەن. مېنىڭ بىغىم بار. ئەگەر خالىساڭ، ھامماللىقنى قويۇپ، مېنىڭ ئاشۇ بىغىمغا قاراپ بەرگىن. يىگىتنىڭ مېلى يەردە، دېگەن گەپ بار. ھالال ـ پاكىز مېھنەت قىلساڭ، بەختىڭ كېلىپ، بۇ كۆنلەرنى كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتەمسەن تېخى! بۇ ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن شەرىپ شەھەردۇر. مېھنەتتىن قاچمىغان تىرىك جان بولسىلا بۇ شەھەردىن نارازى بولمىغان...

تۇردى مەخسۇم ئۇزىتىش ئالدىدىمۇ دەلىگە نەسىھەت قىلىپ، ئاندىن ئۇنى يولىغا سالدى. يىگىتمۇ چىن دىلىدىن مېھنەت قىلىپ، مەخسۇمنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئەسلىدە ئۆزى كېلىشكەن، پۇت ـ قولى چاققان، گەپ قىلسا ئۇچ ـ تۆت كىشىنى ئاغزىغا قارىتالايدىغان دەلىگە مەخسۇمنىڭ ئۆز ئۆيىدىن ئورۇن بېرىشىدە مەلۇم مەقسەت بار ئىدى. مەخسۇمنىڭ ئايىجامال ئىسىم ـ لىك يۇزلىرىگە سەپكۈن چۈشكەن، ئەلچى كەلمەي ئولتۇرۇپ قالغان يىگىرمە يەتتە ياشلىق سېمىزغىنە قىزى بولۇپ، ئۇنى دەلىگە بېرىش نىيىتىدە ئىدى. دەلى بولسا قىزدىن تۆت ياش كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئېھتىماللىقنى ئويلاپ قويمايتتى. لېكىن يىگىت شۇ ھويلىغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىشقى چۈشۈپ، ھەربىر قەدىمىنى ئۆلچەپ يۈرەتتى. تازا ئىسسىق بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەلى باغدا كۆڭلەكچان ھالدا كەتمەن چېپىۋاتـ

قاندا، قىز بىر چەتتەماراپ تۇرۇپ يىگىتنىڭ تەرلەپ، قۇياشتا پارقىراپ كەتكەن يەلكىلىرىنى تاماشا قىلدى، كېيىن ئاستاغىنە يىگىتكە يېقىنلاشتى، بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن دەلىنىڭ يەلكىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، يېقىنچىلىق قىلدى. دەلى: «كېتىڭ، بىرەرسى كۆرسە ئۇيات بولىدۇ» دېۋىدى، قىز:

— بويىغا يەتكەن يىگىتنىڭ قىز بالىدىن خىجىل بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، — دەپ يىگىتنىڭ زىتىغا تەگدى. شۇ هامان يىگىت ئاللىقانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن قىزنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالدى. بۇ سۆيۈشتىن هەر ئىككىسى شۇنداق مەستخۇش بولۇپ كەتتىكى، خۇددى يەر ـ زېمىن چاقپەلەككە ئوخشاش ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى.

ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ بىر ـ بىرىگە ئىنتىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ يولىغا قارايدىغان ئادەتنى چىقىرىشتى. يىگىتنىڭ قۇچىقىنى سۆيگۈ ئوچىقىغا ئايلاندۇرغان قىزنىڭ هەر كۈنى بۇ ئوچاقتا ئىسسىنغۇسى كېلىسىمۇ، ئەمما ئوچاقتىكى ئوتنىڭ يالقۇنىغا ئايلىنىپ كۆيدۈرۈپ قويۇشىدىن قورقاتتى.

قىز دەردىنى ئاتىسىغىمۇ، ئانىسىغىمۇ ئېيتالمايدۇ، ئاتا ـ ئانىمۇ قىزىنىڭ دەردىنى سەزمەيدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايجامال چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاتىسى ئاپئاق سەللە ـ چاپىنىنى كىيىپ كوچىغا چىقىۋاتقۇدەك، ئايجامال ئەركىلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىغۇدەك:

— دادا، قاياققا كېتىۋاتىسىز؟

ئاتىسى «توي ئىشىغا كېتىۋاتىمەن، قىزىم» دېسە، ئايجامال:

— توي ئىشىدىن ماڭىمۇ ئالغاچ كېلىڭ، — دېگۈدەك.

— كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ «قىزىمغا ئاش بېرىڭلار» دەپ سورىيالايمەن؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرگۈدەك ئاتىسى.

— ئۇنداقتا ئاشنىڭ گۆشىدىن ئالغاچ كېلىڭ، — دەپ يېلىنغۇدەك ئايجامال.

— ئىلاجى يوق نەرسىنى سوراپ نېمە قىلىسەن، قىزىم، — دېگۈدەك ئاتا ئايجامالنىڭ گېپىنى يەنە رەت قىلىپ.

— ھېچبولمىسا چىشىڭىزنىڭ كاۋىكىدىكى گۆشنى ئالغاچ كېلىڭ، دادا! — دەرمىش ئايجامال چىن كۆڭلىدىن يىلىنىپ.

ئاتىسى رازى بولۇپ، ئاتقا مىنگۈدەك...

ئاتىسى كەتكەندىن كېيىن ئايجامال ئاتىسىنىڭ تويدىن قايتىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكۈدەكمىش. راست، ئاتىسى ئۇنى ئۇزاق ساقلاتماي تويدىن قايتارمىش. قىز ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگۈدەك.

— چىشىمنىڭ كاۋىكىدىكى گۆشنى ئېلىپ كەلگەنىدىم قىزىم، لېكىن يولدا كەلگۈچە چىشىمنىڭ تۈۋى قىچىشىپ ئېتىيۋاتسىزلىقتىن ئېلىپ تاشلاپتىمەن. رەنجىمە، كېيىنكى قېتىم سېنى خاپا قىلمايمەن، — دېگۈدەك ئاتىسى.

ئايجامال لېۋىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا:

— شۇنداقمۇ دادا، — دېگۈدەك ئەلەم بىلەن، — سىز تويدىن ئۆيگە كەلگۈچىمۇ چىشىڭىزنىڭ قىچىشىشىغا چىدىيالماپسىز، مەن بولسام يىگىرمە يەتتە يىلدىن بېرى چىدىدىم...

ئاتىسى «بۇ قىزنىڭ ئەركىلەپ ئېيتقان گېپىنى قارا» دەپ كۈلەرمىش ۋە ئۆيگە كىرىۋېتىپ قىزىنىڭ گېپىنى خوتۇنىغا ئېيتارمىش. قىزى ئىشىك ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلارمىش. ئانىسى ھېلىقى گەپنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، دېگۈدەكمىش:

— شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭىز يەتمىدىمۇ، بوۋاي؟ تېزراق ئەرگە بېرىڭلار دەپتۇ بۇ قىز. يىگىتنى كۆڭدۈرۈك مۇنداق...

قىز ئەستايىدىل تىلىگەن بولسا كېرەك، چۈشى ئوڭدىن كەلدى. يىگىت شۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋار كۈيئوغلىغا ئايلاندى. ئەمدى كۈيئوغۇلنى ئىشقا بۇيرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇم يېقىن بۇرادىرى نامازخان تۆرە قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ،

دەردىنى ئېيتتى، قازى دەرھال يىقىنىنىڭ كۆيۈئوغلىنى مىرشابلىققا ئالدى...

دەلى مىرشاب ۋەلى مىرشابقا شاگىرت ئورنىدا كەلدى. ئىككىسى شېرىك بولۇپ ئىش باشلىغاندا ۋەلى مىرشاب ئانارە بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، چوڭ قىزى توققۇز ياشقا، كىچىكى يەتتە ياشقا، ئوغلى بەش ياشقا، كىچىكى ئۈچ ياشقا كىرگەندى.

يەنە بىر گەپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاھاڭ-داشلىقىنى مەن، يەنى مۇئەللىپ ئويلاپ تاپقان ئەمەسمەن، بۇ تەقدىرى ئەزەلنىڭ ئىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق...

# ئون ئالتىنچى باب

## ھەممە يېغىڭغا تۆلىگەنمەن

جۇمە كۈنى بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، ھاجى مىرغىياشنىڭ كارۋان سارىيىغا تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ بازار باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا كۆجۈم ئىدى. ساتارمەن، ئالارمەنلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالما ئاتساڭ يەرگە چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى. ساتقۇچىلار ئالسۇن دەپ مېلىنى ماختايدۇ، ئالغۇچىلار ئەرزان ئالاي دەپ، مالنى يەرگە ئۇرىدۇ. قاياققا قارىساڭ، ئىككى كىشىنىڭ بىر نەرسىنى تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈڭ چۈشىدۇ. مانا مۇشۇ قايناق بازاردا جەندە كىيىۋالغان بىر مۇساپىر رەستىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپتىكى سەدىقە تىلەۋاتقان دەرۋىشلەرگە قارايتتى، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا دار تىكلەپ، ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان دارۋازلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ھەيرەتلىنەتتى. ھامماللارنىڭ «پوش ـ پوش» دىگەن ئىتتىكلا ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى ۋە يەنە بىرىگە ئۇرۇلۇپ دەككىسىنى يەيتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ مىڭ تۈرلۈك ئاۋازلاردىن ھاسىل بولغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەردىن قۇلىقى گاس بولۇپ قالغاندەك ھالەتتە ئادەملەرنى چەتلەپ ـ چەتلەپ مېڭىۋاتاتتى. مۇساپىر چاپان بازىرى ۋە دوپپا ـ تەلپەك بازىرىدىن ئۆتۈپ، ئىرانىي ۋە موڭغۇل، جۇڭگو گىلەملىرىنى تاماشا قىلدى. ئاندىن يەنە بىر رەستىدە ناۋايلارنىڭ نېنىنى كۆرۈپ، كۇلالچىنىڭ ھۈنىرىگە ھەۋىسى كەلدى. ئۈستى بورا بىلەن يېپىلغان كىچىككىنە دۇكانلاردا كۇلالچىلار ياسىغان سىرلانغان، سىرلانمىغان كوزىلىرىنى ئىنچىگە چاڭ قونمىسۇن دەپ، دۈم كۆمتۈرۈپ تىزىپ قويۇشقانىدى. مۇساپىر

كوزىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر پەس ئۇلارغا قاراپ تۇردى ـ دە، كوزىدىن بىرىنى قولىغا ئېلىپ:

— هوي... بۇ كوزىڭىزنىڭ ئېغىزى يوققۇ، — دېدى. كۇلالچى ئورنىدىن شاققىدە تۇرۇپ:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، تاغا! ياخشىراق قاراڭ! — دېدى.

مۇساپىر چوڭ ئېغىز ئېچىلغان كوزىنى ئايلاندۇرۇپ، كۇلالچىنى يەنە ئالدىرىتىپ قويدى.

— ئېغىزى يوق دېسەم، تېگىمۇ تۆشۈك ئىكەنغۇ!

كۇلالچى مۇساپىرنىڭ قولىدىن كوزىنى تارتىپ ئالدى ـ دە:

— يوقال، دېۋانە! — دەپ قوغلىدى. مۇساپىر ئۈندىمەي مېڭىپ ـ چىڭقى رەستىسىگە ئۆتتى. بۇ يەردە مەيىن شامال نېمەتلەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى يەڭگىل يەلپۈپ، ئادەمنىڭ دىمىقىغا ئۇراتتى، دىماقنى غىدىقلاپ، ئىشتىھانى قوزغايتتى. تۆمۈرچى ۋە چىلان بازىرىنى كېسىپ ئۆتكەن مۇساپىر باققاللىق دۇكانلىرىغا بىر ـ بىر كىرىپ چىقتى، ياغنىڭ باهاسىنى سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىر جۇمەش باققالنىڭ دۇكىنىدا توختىدى. بۇ چاغدا كۈن پېشىندىن ئۆتكەنىدى.

— جۇۋاز يېغىنى مەززىلىك دەيدۇ، بۇ گەپ راستمۇ؟ — دېدى مۇساپىر خېرىدار كۆزتۈپ، خۇددى قېيىدىغان بالىدەك بېشىنى مۈشتۈمىغا قويۇپ ئولتۇرغان جۇمەش باققالغا. باققال ئەپتىنى بۇزماي:

— جۇۋاز يېغىدا بولغان ئاشنى يەپ باقمىغانمۇسىز؟ ئاۋۋال بۇ ياغ بىلەن دۇملەنگەن ئاشنى يەپ، ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭ، — دېدى.

— مەن بۇ شەهەرگە مېهمانمەن. جۇۋاز يېغىنىڭ مەززىسىنى سوراۋاتقىنىمدىن ئەجەبلەنمە، چۈنكى بىزنىڭ يۇرتتا بۇنداق ياغنى ئىشلەتمەيدۇ... ئۇستىبېشىمغا ئۇنچە دىققەت قىلىپ كەتمە، مەن دائىم مۇشۇنداق يۈرۈمنى يۆگەپ يۈرىمەن...

— بۇخارانىڭ ئىسسىقىدىن قارىداپ كەتمەي دېسىڭىز كېرەك! — دېدى باققال ئۆزىنىڭ ئاپتاپتا قارايغان يۈزىنى سىلاپ.

— ياق! — دېدى مۇساپىر مىسكىن ئاۋازدا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەن ماخاۋ كېسەلى بولۇپ قالغانمەن، يۈزۈمنى كۆرگەن ئادەملەر يىرگەنمىسۇن دەپ، يۆگەپ يۈرىمەن.

جۇمەش باققال «ماخاۋ كېسەلى يۇقىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنلا يىلان چېقىۋالغاندەك ۋارقىراپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئارقىغا تارتىپ، «چىق،چىق!» دەپ مۇساپىرنى ھەيدىدى.

— ئالدىرىما، بۇرادەر! — دېدى مۇساپىر سالماقلىق بىلەن باققالغا، — مەن ئەسلىدە مانا شۇ كېسەللىمگە شىپا ئىزدەپ كەلگەنمەن!

جۇمەش باققالنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا بىرلا گەپنى تەكرارلاپ، ھەرىنى ھەيدىگەندەك مۇساپىرنى دۇكاندىن چىقىشقا ئۈندەيتتى:

— جۇۋاز يېغىنىڭ ماخاۋغا ھېچقانداق پايدىسى يوق! قېنى، دۇكاندىن چىق! سېنىڭ كىرگىنىڭنى بىلسە، باشقا خېرىدارلىرىم دۇكىنىمغا كىرمەيدۇ بىكارا! بازىرىمنى كاسات قىلماي تېزراق يوقال بۇ يەردىن! نەسلىڭ قۇرۇسۇن سەن ماخاۋنىڭ!

ئەمما، مۇساپىر تۇرغان جايىدىن قىمىرلىمايتتى، باققال بولسا ئۇنى ئىتتىرىپ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، ماخاۋغا قول تەگكۈزسەم، كېسەلى يۇقىدۇ دەپ قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دوق قىلىشتىن نېرىغا ئۆتەلمەيتتى. ماخاۋنىڭ دۇكانغا كىرگىنىنى بىلىپ قالىدۇ دەپ باشقىلارنىمۇ ياردەمگە چاقىرالمايتتى. مانا شۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان مۇساپىر باققالنى تىنچلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى:

— سەنمۇ مۇسۇلمانغۇ، بۇرادەر! ئالدى بىلەن گېپىنى ئاڭلا! تالاي تېۋىپقا كۆرۈندۈم. ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دېدى: «ئۆزگە يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ بېرىپ، شۇ يەردىكى تۇل - غېرىب، يېتىم -

يېسىرلارغا خەير ـ ئېھسان قىل، شۇنىڭدىن كېيىن كېسەلدىن پارىغ بولىسەن!»

جۇمەش باققالنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالغاندى.

ــ سېنىڭ خەير ـ سەدىقەڭگە زار ئەمەسمەن! دۇكاندىن چىق!

ــ مەن ساڭا سەدىقە بېرەي دېمىدىم! ــ مۇساپىر باققالنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمايتتى، ــ ماڭا ياردەم بەر دېمەكچىمەن.

ــ قانداق ياردەم؟

ــ قېنى، ئېيتىپ باققىنچۇ، بۇ بازاردا نېمە قىممەت؟ ئادەملەرگە كۆپرەك نېمە زۆرۈر، لېكىن سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ؟

ــ ئەلۋەتتە، جۇۋاز يېغى-دە! ــ دېدى باققال غەزەپ بىلەن. ئۇ غەزەپلەنگەندە تېخىمۇ قارىداپ كېتىدىكەن، ــ ھەممىنىڭ پۇلى يېگۈسى كېلىدۇ، ياغ سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئادەملەر پولۇ يېمەيدۇ. پولۇ يېمىگەن ئادەمنىڭ بولسا بارا ـ بارا يىلىكى قۇرۇيدۇ.

ــ بۇنى سەندىن بىكار سوراۋاتقىنىم يوق، ــ دېدى مۇساپىر، ــ دەل مانا شۇ قىممەت نەرسىنى ئادەملەرگە سەدىقە قىلىشىم كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن ياردەم سوراۋاتىمەن.

جۇمەش باققال مۇساپىرنىڭ گېپىنى چۈشىنەر ـ چۈشەنمەس ھالەتتە سەل مۆلايىملىشىپ، سىزلەشكە ئۆتتى:

ــ مەقسىتىڭىزنى چۈشەنگەندەك قىلىۋاتىمەن، مېھمان. سىز مەندىن ياغ سېتىۋېلىپ، ئۇنى يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە قىلماقچى، شۇنداقمۇ؟

ــ ھوشيار ئىكەنسەن، زېھنىڭگە قايىلمەن! شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدايىم مېنى سېنىڭ دۇكىنىڭغا ئەۋەتكەن ـ دە. سەنمۇ، دۇكىنىڭمۇ ماڭا ياقتى. ياقمىسا كىرەمتىم؟ بولمىسا، بازاردا دۇكاندىن كۆپ نېمە يوققۇ!

باققال توپ سېتىۋالىدىغان خېرىدارغا ئۇچرىغىنىدىن سۆيۈ-

نوپ، قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ ھەر ئىشقا تەييار ھالەتكە ئۆتتى.

— دۈكىنىمنىڭ پەيزى بۆلەكچە، ھەممە شۇنداق دەيدۇ. ياغلىقرىمىزنىڭمۇ نامى ئەتراپقا پۇر كەتكەن، ھەمىشە پەيزى ۋە بەرىكىتى بولىدۇ!

مۇساپىر بۇ گەپكە ئانچە ئېرەن قىلماي كەتمەي ئاساسىي مەسىلىگە ئۆتتى:

— گەپ مۇنداق: مەن ھەممە يىغىڭنى سېتىۋالىمەن. نەرخىنى بىر ئاز چۈشۈرۈپ بېرەمسەن؟

باققال ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۇ سودىدا كۆزى پىشقان ھەم ھەر قانداق خېرىدارنى گەپ بىلەن مات قىلاتتى.

— تەخسىر، سىز ياغنى سەدىقە ئۈچۈن ئېلىۋاتىسىز، — دېدى مۇھىم يەردىن تۇتقاندەك ئالپازدا، — سەدىقىنى سودىلاشمايدۇ. سودىلاشسىڭىز، سەدىقىنىڭ ساۋابى قەيەردە قالىدۇ؟

— بۇ گەپىمۇ جان بار! — دېدى خېرىدار كۆپ تارتىشماي، — بوپتۇ، ئېيتقىنىڭنى بېرىمەن. لېكىن مېنىڭمۇ بىر شەرتىمنى بىجىرىسەن.

— قانداق شەرت ئىدى؟

— سەن ئاشۇ يېتىم ـ يېسىرلارنى بۇ يەرگە توپلاپ، ياغنى ئۆزۈڭ تارقىتىسەن. چۈنكى، مەن بۇ شەھەردىكى باي ـ كەمبەغەلنى ياخشى تونۇمايمەن ئەمەسمۇ! مەن ھەممە يىغىڭغا پۇل تۆلەيمەن.

مانا، جۇمەش باققالنىڭ سودىسى يۈرۈشىدىغان بولدى. ئۇ مۇساپىرنىڭ بارچە شەرتىنى بىجىرىشكە تەييار. ھەتتا دەسلەپكى مۇئامىلىسى ئۈچۈن ئۆتۈنگەندەك كەچۈرۈمىمۇ سورىدى.

— دەسلەپتىلا گەپنى شۇنداق باشلىمامسىز، مېھمان، — دېدى باققال ئىككى پۈكۈلۈپ، — سىزدەك بىر مۆتىۋەر ئىنسانغا قوپاللىق قىلغىنىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. ماخاۋ بولسا نېمە بوپتۇ، ئۇمۇ خۇدانىڭ بىر دەردى. دەردنى بەرگۈچى داۋاسىنىمۇ بېرىدۇ، دېگەن

گەپ بار. ئىنشائاللا، بۇ كۈنلەرنى كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتىسىز. مۇشكۇلىڭىزنى ئاسان قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگىمۇ ساۋابىنىڭ بىر ئۈچى تېگىدىغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە، سەدىقىسىگە قاراپ ساۋابى، سۆزىگە قاراپ جاۋابى، دېگەندەك. بۇ تەدبىرنىڭ ساۋابى پۈتۈنلەي ساڭا تەگسە، ئەجەب ئەمەس... قېنى، ئاۋۋال، سودىلىشىۋالايلى. ھەممە يېغىڭغا قانچە پۇل سورايسەن؟

باققالغا ئامەت كەلدى، ئۇ ئەسلىدىكى باھاسىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ نەرخىنى ئېيتتى. مۇساپىرمۇ مەردلىك قىلىپ، رازىلىقىنى بىلدۈردى ۋە قويىنىدىن مەخمەل ھەميانىدىكى يۈز تىللانى شاراقلىتىپ، باققالنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئەمدى مەن بىر چەتتە ئولتۇرىمەن، سەن يېتىم - يېسىرلارنى چاقىرىپ، ئىشنى باشلايسەن!

جۇمەش باققال تۇيۇقسىز ئامەتنى كېلىپ قالغانلىقىدىن ھايا - جانلىنىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە جار سېلىشقا باشلىدى:

— ھەي، بازاردىكى ئايىغى ئۈزۈن، قولىقى كالتە، ئاجىز - يېتىم بىچارىلەر! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، جۇۋاز يېغى سەدىقە بولدى! كوزا ۋە ياغ قاچىلىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار! بىر قېتىملىق دۇئاغا بىر قاداق ياغ بېرىلىدۇ، كېلىڭلار!

ھاياتىدا بۇنداق جار سېلىشنى ئاڭلىمىغان خالايىقنىڭ قۇلىقى دىڭ، باققالنىڭ قايتا - قايتا تەكرارلاۋاتقان گەپلىرىگە دەسلەپ ئىشەنمىدى. كېيىن بىر - ئىككى كىشىنىڭ كوزىدا ياغ ئېلىپ چىققىنىنى كۆرۈپ، شىرىنگە يېپىشقان قاپاق ھەرىسىدەك دۇكانغا يوپۇرۇلۇشتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قىيا - چىيا كۆتۈرۈلۈپ، قىيامەت بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، كىمدۇر ئاۋۋال تىللىشىش، ئارقى - سىدىن ياقىسىدىن ئېلىشىش، ئاخىرىدا ئۇر - يىقىت باشلاندى. ياغنىڭ يېرىمىنى يېتىم -يېسىرلار ئېلىشقان بولۇشسا، يېرىمى يەرگە تۆكۈلدى. دۇكاننىڭ ھەممە نېمىسى ۋەيران قىلىندى، باققال -

نىڭ كۆز ـ قاپاقلىرى كۆكەردى، ئۈستىدىكى كىيىمى جۇلدۇر ـ كېپەنگە ئايلاندى. ئىشنى باشلىغان «ماخاۋ» بولسا ئولتۇرغان يېرىـ دە كۇلۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

ئالامانلىڭ ئىچىدىن ئاران قېچىپ چىققان جۇمەش باققال يۈكۈنگەن ھالدا يەرگە مۇشتلاپ پەرياد كۆتۈردى:

— ئەي ياخشىلار، ياردەم بېرىڭلار! ئۆيۈم كۆيدى! دۇكىنىمدىن ئايرىلدىم!

ئالدى بىلەن نەپ تىمىسقلاپ بازار ئايلىنىپ يۈرگەن ۋەلى مىرشاب بىلەن دەلى مىرشاب باققالنىڭ ئاھۇ نالىسىنى ئاڭلىدى، ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، باققالنى ئورنىدىن تۇرغۇـ زۇپ، توپىلاڭنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى.

— ھەممىسىگە جەندە كىيىۋالغان مۇساپىر سەۋەبچى! — باققال تۆت ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ مۇساپىرنى كۆردى ـ دە، ئىنتايىن جىددىيلىك بىلەن ۋەلى ۋە دەلى مىرشابنىڭ يېڭىنى تارتتى، — ئەنە ئۇ، مۇتتەھەم! بىر چەتتە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۈستۈمدىن كۇلۇۋاـ تىدۇ! تۇتۇڭلار ئۇنى!

مىرشابلار جۇمەش باققال كۆرسەتكەن مۇساپىرنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قايرىغانچە دار ئويۇنى بولۇۋاتقان بازار مەيدانىغا سۆرەشتى. ئادەملەر گۇررىدە يىغىلىپ، ئەتراپىنى قورشىۋالدى. تاماشا كىمگە خۇشياقمايدۇ، دەيسىز.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ھايۋان؟ — دەيتتى بىر تەرەپتە دەلى مىرشاب دەرغەزەپ بولۇپ.

— مەقسىتىڭنى ئېيت، بەتبەخت؟ — دەيتتى يەنە بىر ياندىن ۋەلى مىرشاب دوق قىلىپ.

مۇساپىر تۇرقىنى بۇزماي خاتىرجەم ھالەتتە:

— مەقسىتىم — خەير ـ سەدىقە قىلىش، — دەپ تۇرۇۋەردى.

— خەير ـ سەدىقە دەپ، بىراۋنىڭ دۇكىنىنى بۇزامسەن، ناكەس؟! — مۇساپىرنى بوغماقچى بولدى ۋەلى مىرشاب.

مۇساپىر بىر سىلكىنىپ، ياقىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن بوشاتتى.

— مەن نېمىشقا بىراۋنىڭ دۇكىنىنى بۇزغۇدەكمەن؟ مەن پۇلىنى تۆلىدىم. بۇنى دۇكاندارنىڭ ئۆزىمۇ ئىنكار قىلماس، — مۇساپىر يۈزىنى يۆگىۋالغان جەندىنىڭ تۆشۈكىدىن باققالغا تىكىلدى، — دېگىنىم يالغانمۇ يا؟ ئاقچىسىنى تۆلەپ، بىر چەتتە ئولتۇردۇم. نىيىتىم يامانلىق بولغان بولسا، ئالدىقاچان تىكىۋەتكەن بولماسمىدىم؟ گەپ قىل باققال، گېپىم توغرىمۇ؟

باققال نېمە دېيىشىنى بىلمەي، نائىلاج ھالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— بىرىدىغان ئاقچاڭ قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى ئەلەم بىلەن، — مېنى دۇكىنىمدىن ئايرىدىڭ!

— مەن ھەممە يېغىنىڭ ئۇچۇن ئاقچا تۆلىدىمغۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، ھەممە يېغىمغا تۆلىدىڭ!

— شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمىگە نالە قىلىسەن؟ سەن ھېچ نەرسە يوقاتقىنىڭ يوق!

— دۇكىنىمچۇ؟ دۇكىنىم بۇزۇلۇپ كەتتى!

— دۇكىنىڭغىمۇ تۆلىدىمغۇ!

— قاچان؟

— ھەممە يېغىنىڭ دېگەن ئىكەنمىز، ياغقا دۇكانمۇ كىرىدۇ، توغرىمۇ؟

جۇمەش باققال پىخسىق بولسىمۇ، ۋەلى مىرشاب بىلەن دەلى مىرشاب ئۇنىڭغا يان باستى، مۇساپىرنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنى توختاتمىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى باققالنىڭ زىيىنىنى تۆلىتىپ، ئوتتۇرىدىن بىر نېمە ئۇندۇرۇش ئىدى.

— باققال دەۋاسىدىن كەچسىمۇ، ساڭا ھۆكۈمەتنىڭ دەۋاسى بار! — دېدى ۋەلى مىرشاب، — ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بىز بولىمىز!

— سەن تەتۈر پېشانىنىڭ بۇرۇندىن باشلاپ باققالغا ئۆچمەن.

لىكىلىڭ بارا ـــ دېدى دەلى مىرشاب ئارقىدىنلا، ـــ ئېيتە، بىرەر ئۆچۈڭ بارمىدى؟... نېمىشقا يۈزۈڭنى يېپىۋالدىڭ؟ ئاچە يۈزۈڭنى، كىملىكىڭنى ھەممە كۆرسۇن!

مۇساپىر جالالىتىنىڭ قولىدىن باش تارتقاندەك ئارقىغا داجىدى ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن دېدى:

ـــ مېنىڭ كىملىكىمنى قازىخانىدا ئېيتىمەن! يۈزۈمنىمۇ قازىنىڭ ئالدىدا ئاچىمەن!

شۇ چاغدا ئادەملەر ئىچىدىن كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى:

ـــ ياق! بۇنداقلارنى قازىخانىغا ئېلىپ بېرىشنىڭ پايدىسى يوق! قازى ئىشنى مۇنداقلا جىمىقتۇرۇپ بولدى قىلىدۇ، بۇ يەردە باققال كۆيۈپ قېلىۋېرىدۇ. يۈزىنى ئاچسۇن، ھەممىمىز كۆرەيلى!

ـــ ياخشىسى، قازىنى مۇشۇ يەرگە چاقىرتىپ، ھۆكۈمنى مۇشۇ يەردە ئوقۇتۇش كېرەك! ـــ دېگەن يەنە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ـــ بۇ بەتبەختنى سازايى قىلىش ياكى تاشبوران قىلىش كېرەك!

ھەممە تەرەپتىن «سازايى! سازايى!» دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. ۋەلى مىرشابمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، دەلى مىرشابنى قازىخانىغا ئەۋەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

## يالغانچى بۆدۇنە

جۇمەش باققالنىڭ شورىغا شورپا قايناتقان كۈنى قازىنىڭ مىجەزى ئاينىدى. سەھەردىلا ھاردۇق ئالدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چوڭ سەللىسى ۋە پاختىلىق تونىنى سېلىپ قوزۇقتا ئىلدى ـ دە، يانپاشلاپ ماموق ياستۇقنى قولتۇقىغا قىستۇردى. ئاندىن گۆشلۈك تېنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، زامانئەلىنى چاقىردى:

— زامانئەلى، ماڭا قارا!

زامانئەلى يۈگۈرۈپ كېلىپ، غوجىسىغا تەزىم قىلدى.

— لەببەي، غوجام!

— بۈگۈن جۇمە، بىزمۇ ئادەمگە ئوخشاش ھاردۇق ئالايلى. سەن شېربەك سىنچى بىلەن تۇردى مەخسۇمنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن! ئويلاپ كۆرسەم، ئاشنىلەرنىڭ كۆپ زىياپەتلىرىگە داخىل بولغاندەكمىز. شۇڭا بۈگۈن مەنمۇ ئۇلارغا بىر زىياپەت بېرەي. ھازىرلا خۇدا شۇ نىيەتنى كۆڭلۈمگە سالدى.

— نىيەتلىرى قوبۇل بولغاي! — دېدى زامانئەلى باش ئېگىپ، — ئۇلارنى چايخانىغا باشلاپ بارايمۇ ياكى خانەئى مۇبارەكلىرىگىمۇ؟

— چايخانىغىمۇ ئەمەس، ئۆيگىمۇ ئەمەس، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەل!

زامانئەلى يەنە بىر قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، چىقىپ كەتتى.

قازى نەسىردىن ئەپەندىدىن بۆدۇنىنى يۈز تىللاغا سېتىۋالغاندىلا كۆڭلىگە بىر نىيەتنى پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ نىيىتى بۆدۇنىنى ئاساس قىلىپ ئۇلپەتلىرى بىلەن قىمار ئويناپ، يۈز

تىللا ئۇتۇۋېلىش ئىدى. ئۇ شۇ نىيەتنى ئويلاپ، مىيىقىدا كۈلدى ۋە «سىنچى بىلەن مەخسۇمنى بىر چۇشۇرەي، — دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، — ئەگەر ئۇ ئىككى كالۋانى ئۇتسام، بۇدۇنىگە تىللادىن قەپەس ياسىتىپ بېرىمەن» قازى تۇرۇپلا نەسىردىن ئەپەندىنىمۇ كالۋا چىقاردى: «ھۇ كالۋا! بۇدۇنىنى ماڭا سېتىپ، كاتتا بايلىقتىن ئايرىلغىنىڭنى بىلمەيسەن - دە! قىمار ئويناپ، يۈز تىللا ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەر كۈنى مىڭ تىللا تېپىشىمۇ مۇمكىن!...»

قازى ئۆزىنىڭ خىياللىرىغا غەرق بولۇپ ئەللەيلىنىۋاتقاندا، دالاندىن ئاياغ تېۋۇشى ئىشتىلىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە بوسۇغىدا مۇلازىمنى كۆردى.

— كېلىشتى، قازى ھەزرەتلىرى، — دېدى زامانئەلى تاشقىرى تەرەپكە ئىشارە قىلىپ، — نىيىتىڭىز خالىس ئىكەن، ئىككىلىسىنى مۇشۇ ئەتراپتىن تاپتىم.

زامانئەلى گەپنى تۈگەتمەستە شېرىبەك سىنچى بىلەن تۇردى مەخسۇم بىر - بىرىگە تەكەللۇپ قىلغان ھالدا كىرىشتى. بويى تېرەكتەك، يەلكىسى كەڭ، بۇرتۇپ تۇرغان ياڭاقتەك كېكىردىكى دائىم لىكىلداپ تۇرىدىغان تۇردى مەخسۇم ناھايىتى ئاۋاق بولۇپ، ئىككى قولىقىدىن باشقا كۆزگە تاشلىنىدىغان كۆرۈنۈشى يوق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بېشى ناھايىتى چوڭ ئورىۋالغان سەللىسىنى كۆتۈلەلمەي، پات - پات ئۇياق - بۇياققا قىيسىيىپ كېتەتتى، شۇڭا كۆپىنچە بېشىنىڭ ئالدىغا بېسىپ، بېلى قاتلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇۋالاتتى.

— بۇگۈن شەمسۇ قەمەر قاياقتىن چىقتى؟ — دېدى مەخسۇم قازى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندە مۇرىسىنى مېھىر بىلەن سىلاپ.

— ھەر كۈنى چىقىدىغان تەرەپتىن چىقتى - دە! — دېدى قازىمۇ دوستىنىڭ يەلكىلىرىنى بوشقىنە سىلاپ، — سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ياغلايلى دېدۇق - تە!

شبربەك سىنچىنىڭ كۆرۈنۈشى تۇردى مەخسۇمنىڭ دەل ئەكسىچە ئىدى: ئۇنىڭ بويى پاكار، سېمىز قورسىقى تومپىيىپ كەتكەن بولغاچقا، قولى قولىغا يەتمەي، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ يۇرەتتى، ئۆسۈپ كەتكەن قاشلىرى ئىككى كۆزلىرىنى يۆگەپ تۇرغىنى سەۋەبلىك بىراۋغا قاڭقىيىپ قارايدىغان شبربەك سىنچىگە كەلگەندە، قازى قۇچىقىنى چوڭراق ئاچتى. ئىككى سېمىز بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ئەمەس، قورساقلىشىپ كۆرۈشۈشتى.

— بەللى، بەللى! — دېدى شبربەك سىنچى قازىنىڭ باياتىنقى گېپىگە قوشۇلۇپ، — سىزنىڭ گېپىڭىز گەپ! زىياپەت بولسا، زىياپەت - دە! بىز بىرەر قېتىم زىياپەتتىن قاچمىغانمىز!

كوزىچى قىشلىقىدىكى تەنەباي ئالغان سەمەن يورغىنى دەل مانا شۇ شبربەك سىنچى قارىكۆل بازىرىدا دەللاللىق قىلىپ يۈرۈپ ئېلىپ بەرگەنىدى.

قازى ھۆرمەت يۈزىسىدىن مىختا ئىلىنغان سەللە - تونىنى ئېلىپ كىيىۋالدى - دە، ئاندىن مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. تۇردى مەخسۇم قازىنىڭ نامىنى سۈرىگە قوشۇپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئايى - پاتىھە ئوقۇدى. دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن ئورۇق ۋە سېمىز قوللار يۈزلەرنى سىلىغاندىن كېيىن، قايتا ئامان - ئېسەنلىك كەلىملىرى ئېيتىلدى، سۆھبەت ماۋزۇسى مۇراد - مەقسەتكە كۆچتى.

— زىياپەتتىن مەقسەت نېمىدۇر، تەخسىر؟ — دەپ سورىدى شبربەك سىنچى يۇقىرى لېۋىنى يالاپ تۇرۇپ، — يەنە بىرەر مەردىكىنىڭ مەسلىھەتىمۇ - يا؟

— قانداق مەرىكە بولسۇن، بۇرادەر؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قازى، — يېقىندا قىز چىقاردۇققۇ!

— شۇنىڭ سۈيرا قېقىندىسىدۇر ھەقىچان؟ — دەپ لوقما تاشلىدى تۇردى مەخسۇم.

— بىلمىگەن نەرسەڭلار ھەققىدە تەۋەككۇل قىلىپ تون پىچماڭلار، بۇرادەرلەر! — قازى گەپنىڭ ئۆزىگە كۆچتى ۋە بېشى تەرەپكە ئېسىپ قويۇلغان قەپەسكە ئىشارە قىلدى، — بۇ بۆدۈنىنى يېقىندا سېتىۋالدۇق.

شېربەك سىنچى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئۆرۈلۈپ، قەپەسكە قاراپ:

— تۆرەم، سىز تالاي قېتىم بۆدۈنە سېتىۋالغان، لېكىن بىرەرسىنگىمۇ بۇنچىلىك تەرەددۇت قىلىپ، زىياپەت بەرمىگەن، — دېدى كۆكسىدىكى قولىنىڭ بارمىقىنى لىكىلدىتىپ تۇرۇپ، — بۇ بۆدۈنىنىڭ ھۈنىرى بارمۇ ياكى ...

— ھەي، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز! — تۇردى مەخسۇم مۈكچەيگەن قەددىنى ئازراق رۇسلاپ، سىنچىنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ھەر قانداق بۆدۈنىنىڭ بىر ھۈنىرى بار: «نەگە بارسا — ۋىتۋىلداق»

— بۇنىڭ نامى بۆدۈنە، لېكىن ئۆزى بەئەينى ياردەمچى! — دېدى قازى، — ئەقىل جەھەتتىمۇ ئاجايىپ!

— ئەقىللىك ئىكەن دەپ بۇ بۆدۈنىنى قانچىگە سېتىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مەخسۇم.

— يۈز تىللاغا، — دېدى قازى.

سىنچىنىڭ كۆزىنىڭ پاختىسى چىقىپ كەتتى:

— سىز بۆدۈنە بولۇپسىز! — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — يۈز تىللا؟! مۇشۇ نەرسىنى قايسى ئەقىل بىلەن شۇنچە پۇلغا سېتىۋالدىڭىز؟ دۆلەت تېپىپ، ئەقىل تاپماپسىز، ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويۇپسىز، بۇرادەر!

— جىددىيلەشمەڭلار بۇرادەرلەر، — قازى ئالدىرىماستىن قەپەسنى ئېسىقلىق يېرىدىن ئېلىپ، ئوتتۇرىغا قويدى، — بىر ئىشقا ئەقلىم يەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇنى سېتىۋالغانمەن. يەنە دەيمەنكى، بۇ ئىنتايىن ئەقىللىك خىزمەتكار! ھېلى نازۇ نېمەت يېيىشىڭلار ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ بۆدۈنىگە رەھمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك. گەپنى قىسقا قىلىپ، زىياپەتتىن گەپ قىلىڭلار. خوش،

زىياپەتنى قەيەردە قىلىپ بېرەي: سەپەر شاھچىنىڭ چايخانىسىدىمۇ ياكى ئۆيدىمۇ؟

تاكى ھېلىغىچە بۇ تاز بۆدۈننىڭ قانداق خىسلىتى بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئولتۇرغان بۇرادەرلەر تەڭلا:

— ئۆيدە قىلغىنىڭىز ياخشى! چايخانىدا پۇت - قولنى بەھۇزۇر سوزۇپ ئولتۇرالمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ ئىچى چۇشۇپ قالىدۇ، — دېيىشتى.

— ئۆيدە بولسا، ئۆيدە بولسۇن! — دەپ تەستىقلىدى قازى ۋە قەپەسدىن بۆدىنىنى چىقىرىپ سىلاپ - سىيپىدى، — مانا ۋاقتى كەلدى، بۆدۈنىنىڭ ئەقىللىقلىكىنى بىر كۆرۈپ قويۇڭلار. مەن سەھەردە خوتۇنغا بۇ زىياپەت ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغانىدىم. نىيەت مۇشۇ يەردە تۇغۇلدى. ھازىر بۆدۈنگە جېكىلەيمىز: بېرىپ «قازى جانابلىرى مېھمان ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ يەڭگىسىگە ئېيتسۇن، يەڭگىسى بىز بارغۇچە زىياپەتنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈپ، داستىخاننى تەل قىلىپ ئولتۇرسۇن!

تۇردى مەخسۇم «ھېق - ھېق» قىلىپ سالدى، لېكىن كۈلەلمىدى. كېكىردىكى لىكىلداپ، بوغمىزىغا كۈلكە تىقىلدى. شېرىبەك سىنچى ئەجەبلىنىپ:

— ئاتە پونى! — دېدى قازى بىزنى ئالداۋاتىدۇ دېگەن ئويدا، — ئاقىدىغان گەپنى ئېيتىڭچۇ، قازى!

دەل شۇ پەيتتە قازىنىڭ ھەقىقىي نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكان تۇغۇلدى.

— ئىشەنمەيسىلەر، شۇنداقمۇ؟ — دېدى قازى، — مەن بىلەن باغلىشالامسىلەر؟

— باغلىشىمىز! — دېيىشتى سىنچى بىلەن مەخسۇم تەڭلا، — نېمىدىن باغلىشىمىز؟

— ئۇتتۇرساڭلار، ھەربىرىڭلار ماڭا ئەللىك تىللادىن جەمئىي يۈز تىللا بېرىسىلەر! — دېگەن شەرتنى ئېلان قىلدى قازى، — قانداق، رازىمۇسىلەر؟

— مەن رازى، — دېدى سىنچى.
— مەنمۇ رازى، — دېدى مەخسۇم ئىككىلەنگەن ئاۋازدا.
— ئۇنداقتا، زامانئەلى خالىس گۇۋاھ... زامانئەلى بۇياققا كەل! ھەممە گەپنى ئاڭلىغان زامانئەلى كېلىپ، تەلەپ بويىچە پۈتۈم تۈزدى.
— ئۇتساق، ئۈچ تىللاسى سىنىڭكى، — دېدى قازى، — قېنى، ئەمدى نۆۋەتنى كەلدى!...
زامانئەلى كېپىللىكنى بوينىغا ئالغاندىن كېيىن، قازى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كېرەكلىك گەپنى جېكىلەپ، بۆدۇننى نەسىردىن ئەپەندى قويۇپ بەرگەن دېرىزىدىن قويۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مېھمانلارغا قوزغىلىش تەكلىپى بەردى، زامانئەلىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۇلپەتلىرى بىلەن يېتىلىشىپ قازىخانىدىن چىقتى...
مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا، قازىنىڭ دەرۋازىسى ئىچكىرىدىن ئېتىلگەندى. قازى دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى شۇنچە شاراقلاتسىمۇ، ئىچكىرىدىن جاۋاب بولمىدى. قولىدىكى قامچىسى بىلەن قاتتىق تاقىلداتقاندىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، قازىنىڭ خوتۇنى چىقتى ۋە يات ئەرلەرنى كۆرۈپ يۈزىنىڭ يېرىمىنى يېپىپ، بېشىنى ئەگدى. خوتۇنىنىڭ خاتىرجەملىكىنى كۆرگەن قازى دوق قىلىپ سورىدى:
— قوشنىلارنىڭكىدە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ مەن ساڭا مېھمان ئېلىپ بارىمەن دەپ خەۋەر ئەۋەتكەن ئەمەسمىدىمغۇ! سەن بولساڭ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە گەپ سېتىپ ئولتۇرۇپسەن!
— قانداق خەۋەر؟ قانداق مېھمان؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى خوتۇن، — ماڭا ھېچكىم بۇنداق خەۋەر يەتكۈزگىنى يوق، تۆرەم.
— بۆدۇننى ئەۋەتكەن ئەمەسمىدىمغۇ! قېنى ئۇ؟ — دېدى قازى غەزەپ بىلەن. خوتۇن ئېرىنىڭ گېپىگە پىخخىدە كۈلمەكچى ئىدى، مېھمانلاردىن ئۇيۇلۇپ لېۋىنى چىشلىدى.
— قايسى زاماندا بۆدۇنە خەۋەرچى بوپتىكەن، تۆرەم؟

قازى گەپنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە بۇرادەرلىرى ئالدىدا ئىزا تارتىپ قاتتىق غەزەپلەندى، ئەلىمنى خوتۇندىن ئالماقچى بولغان- دەك يەرنى تەپتى:

— قوشنىنىڭ ئۆيىگە قاچان چىققانىدىڭ؟

خوتۇن قورقۇپ كېتىپ:

— ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما قازى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى:

— سېنىڭ قوشنىلارنىڭكىگە چىققىنىڭغا خېلى بولغان، بۇ ئارىدا بۆدۈنە سېنى تاپالماي، ئىچكىرىدە كېلىشىگنى ساقلاپ ئولتۇرغاندۇ، بەلكىم! قېنى، دەرھال دەرۋازىنى ئاچە!

خوتۇن ئىتائەتكارانە تەرزدە قوشنىسىنىڭكىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دەرۋازىنى ئاچتى. قازى دەرغەزەپ ھالەتتە ھويلىغا كىردى - دە، ھەربىر ئۆيگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى، لېكىن بۆدۈ- نىنى تاپالمىدى. ھويلىدا ساراڭدەك ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈردى. ئاخىر، چوغدەك قىزىپ كەتكەن بېشىنى سەللىسىگە قوشۇپ شۇنداق سىقتىكى، باش سۆڭىكى غىرىسلاپ كەتتى.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. ئۇنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ ۋە خۇنۇك ئاڭلاندى، — سەن ماڭا بۇنداق قارىما! گېپىم راست، بۆدۈنىنى ئەۋەتكەنىدىم!

خوتۇن ئېتىراز بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇ تاپتا كۆلۈشۈپ سالسا، قازىنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شېرىبەك سىنچى بىلەن تۇردى مەخسۇم قازىغا تەسەللىي بېرىشتى.

— ئارتۇقچە قايغۇرماڭ بۇرادەر، خوتۇندا ئەيىب يوق، — دېدى تۇردى مەخسۇم مۇلايىم ئاۋازدا، — ئېھتىمال، يولدا كەلگىچە بۆدۈ- نىڭىزنى مۈشۈك - پۈشۈك يەپ قويغاندۇر!

— ئېھتىمال، بۇ بۆدۈنە يالغانچىدۇر! — دېدى شېرىبەك سىنچى ئىنچىكە ئاۋازدا.

قازى جاۋاب بەرمىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## نەسىردىن ئەپەندى پاش بولدى

تۇردى مەخسۇم سىنچىنى ئاستاغىنىە بىر چەتكە تارتىپ، ناھا-يىتى پەس ئاۋازدا «كىپتەيلى» دېدى ۋە ھەر ئىككىسى گەپ-سۆزسىز دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. كالتەكلەنگەندىنمۇ بەتتەررەك ئوسال ئەھۋالدا قالغان قازى ئۇلارنى چاقىرىشقا بىرەر باھانە تاپال-مىدى. خوتۇنمۇ ئۇندىمەستىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

بۇ ئىش بارغانسېرى قازىغا ئەلەم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇخارانىڭ ھەقىقىي ئابرۇيى - ئېتىبارلىق، كۆزگە كۆرۈنگەن مەنسەپدارلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلايتتى. دېمىسىمۇ شۇنداق. بۇخارادا ئەمىرگە يېقىن بىردىنبىر مەھكىمە — قازىخانىدۇر، ئۇ مۇستەقىل ئورۇن ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن قازى ئورۇن جەھەتتىن ھاكىم ياكى بەگ بىلەن تەڭ. قازى شەرىئەت ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ قارارى قەتئىي، شىكايەتكە ئورۇن يوق. شۇنداق ئىكەن، قازى ئۆزىنى شەھەرنىڭ ئەڭ دانىشمەن كىشىلىرىدىن بىرى ھېسابلىشى تۇرغان گەپ. لېكىن بىر كەلگىنىدىنىڭ ئەخمەق قىلىشى ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىنى پۇچەككە چىقىرىپ، گاڭگىرىتىپ قويدى. مانا، شۇ تاپتىمۇ ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشمەكتە. ئەتراپقا قانچىلىك ئالاقزادىلىك بىلەن باقسۇن، بىرەر نىجاتكار كۆرۈنمەيدۇ. توۋا، نېمە بالا تەگدى ئۇنىڭ-غا؟ نېمە قىلاتتى بىر تاز بۇدۇنىنى سېتىۋېلىپ؟ بۇدۇنە ئۇزاق ئۇچالمىسا، قانداقلارچە كەپتەرگە ئوخشاش خەۋەرچىلىك قىلالى-

سۇن؟ ئۇچار قاناتلار ئىچىدە ئەڭ ھۇرۇن، يارىماس جانىۋار —
بۆدۇنە! بۇ ئىشتا قازى ئۆزىنى ئۆزى ئالدىدىمۇ ياكى ھېلىقى
كەلگىندى ئالدىدىمۇ؟ ئەگەر بۆدۇنىنىڭ شۇنداق ھۇرۇنلۇقىنى،
يىراققا ئۇچالمايدىغان، ۋىتىلداشتىن باشقا ئاۋاز چىقىرالمايدىغا-
لىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋالغان بولسا، دېمەك، قازى ئۆزىنى
ئۆزى ئالدىغان بولۇپ چىقىدۇ. مۇبادا بىلمەستىن سېتىۋالغان
بولسا، كەلگىندى ئالدىغان بولىدۇ. خوش، ئويلاپ كۆرەيلى، قازى
«بىلمەي سېتىۋالغانمەن» دېسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ دانىشمەنلىكى نەدە
قالىدۇ؟ بۇ گەپنى ئاڭلىغانلا ئادەم ئۇنى «ئەقىلسىز» دەپ، «بۆدۇنە»
دەپ مازاق قىلىدۇ. ئۆزىڭىز ئويلاڭ: دانا ئادەمنى دانا دېيىش ئۈچۈن
ئاشۇ دانا ئادەم نادان ئادەم بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىشى كېرەك،
بولمىسا، ئۇنى ھېچكىم دانا ئادەم دېمەيدۇ. «ھەي نادان! — قازى
ئۆزىگە شۇنداق باھا بەردى، — بەك غارايىپ تاماشا بولدى - دە!
ھەقىقەتەنمۇ غارايىپ تاماشا بولدى!»

شۇ تاپتا قازىنىڭ ئەپتى گۆردىن چىققان مۇردىنىڭكىگە
ئوخشاپ كەتكەنىدى. باشقا نېمىگە ئوخشىسۇن؟ ئۇ ئورنىدىن دەس
تۇرۇپ ئېتىغا مىندى - دە، قازىخانا تەرەپكە كەتتى...

قازىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن زامانئەلى تۇرغان جايىدا داڭ
قېتىپ تۇرۇپ قالدى. قازىغا ئوخشىماي قالغان قازىنىڭ بۇرۇن
تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، لېۋى تىترەيتتى، دۈڭ پېشانىسىدە ئۇششاق
تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. ئاشۇ تەردىن بىر نەچچە تامچىسى
كۆزىگە كىرىپ شۇنداق ئېچىشتۇراتتىكى، بىراۋغا قاش ئېتىۋات-
قاندەك كۆزلىرى ئېچىلىپ - يۇمىلاتتى. غەزەپلەنگەندە تىترەيدىغان
ئادىتى بار ئەمەسمۇ، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى باسالماي، چىشلى-
رى كاسىلدايتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنىڭ يولىنى
بىلىۋالغان قازى تۆۋەنكى لېۋىنى چىشلەپ، تېز - تېز تەسۋى
سانىغانچە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مۇلازىمىغىمۇ ئېتىبار بەرمەي
قازىخانىغا كىرىپ كەتتى.

قازىخانىغا كىرىپمۇ خىيالدىن قۇتۇلالمىدى. كۆپكۆندۈزدە مېنى ئالدىدى، دەپ بۆدۆنە ساتقان كىشىنى ھەپسىگە ئېلىشقا ۋەلى مىرشاب بىلەن دەلى مىرشابنى سەپەر شاھىچىنىڭ چايخانىسىغا ئەۋەتمەكچى بولدى ـ يۇ، تېزلا بۇ پىكرىدىن يالتايدى. خوش، مىرشابلارنى ئۇياققا نېمە دەپ ئەۋەتىدۇ؟ «ماڭا بىرسى بۆدۆنە سېتىپ، يۈز تىللاغا ئوڭدا قويدى، بۆدۆنىسى يالغانچى چىقتى، ئەمدى ئاشۇ يۈز تىللانى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىڭلار!» دەمدۇ؟ شۇنداق دېسە، بۇ گەپ خەلقئالەمگە ئاشكارا بولۇپ كەتمەمدۇ؟ قازى باياتىن ئۆزىگە «نادان» دەپ باھا بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈنلەي ئېسىنى يوقاتمىغانىدى. بۇ ئىشتا زامانئەلىنى ئىشقا سالىدۇ. زامانئەلى سىناقتىن ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ ئادىمى، ھەممىگە جار سېلىپ يۈرمەيدۇ.

— زامانئەلى! — دەپ چاقىردى قازى.

مۇلازىم بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى ۋە «نېمە ئىش؟» دېگەندەك قول باغلىدى:

— مەن بار، غوجام!

شۈمشىيىپ ئولتۇرغان قازى بېشىنى كۆتۈردى:

— ھېلىقى بۇرادىرىڭنى يەرنىڭ تېگىدىن بولسىمۇ تېپىپ، ئالدىمغا كەلتۈر!

— قايسى بۇرادىرىمنى، غوجام؟ — ئاڭقىرالماي سورىدى زامانئەلى.

— ماڭا بۆدۆنە ساتقان بۇرادىرىڭنى!

— بىرەر گەپ بولدىمۇ؟ ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭىز بار؟

— تېرىسىنى شىلىپ، ئىچىگە سامان تىقماقچىمەن!

— قايسى گۇناھى ئۈچۈن؟

— سەن مېنى سوراق قىلماقۋاتامسەن؟ تېپىپ كەل دېگەندىن كېيىن تېپىپ كەل! نېمە قىلىدىغانلىقىمنى كېيىن كۆرىسەن!

— ئۆزرە! بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئادىمىمنىڭ گۇناھىنى

بىلىشىم كېرەك ـ تە، ــ دېدى زامانئەلى چۆچۈپراق، ــ «مېنى نېمىشقا قازىخانىغا ئېلىپ بارىسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىم كېرەك.

ــ ئۇ مېنى ئالدىدى! ــ قازى بىرئاز يۇمشاپ دېدى، ــ بۇرا-دىرىڭ نەيرەڭۋاز ئىكەن!

زامانئەلى ئەمدىلا سىرتقا قاراپ ماڭغانىدى، دەلى مىرشاب ھاسىرىغان پېتى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى، مۇلازىم بىلەن چالا ـ بۇلا سالاملاشتى ـ دە، قازىغا يۈزلەندى:

ــ قازى جانابلىرى، تېزرەك بازار مەيدانىغا بارسىڭىز، ــ دېدى دېمى كېسىلگەن ھالدا، ــ بىر مۇتتەھەم مۇساپىرنى ھەپسى-گە ئالدۇق. يۈزىنى يۆگىۋاپتۇ، كىملىكىنى ئېيتمايۋاتىدۇ. «كىمسەن؟» دېسەك، «قازىغا ئېيتىمەن» دەۋاتىدۇ. «يۈزۈڭنى ئاچ!» دېسەك، «قازىخانىدا ئاچىمەن» دەيدۇ. بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمەكچى ئىدۇق، ئالامان يول بەرمىدى.

ــ نېمە ئىش قىلغانىكەن ئۇ كاساپەت؟ ــ دەپ سورىدى قازى.

ــ جۇمەش باققالنىڭ دۇكىنىنى بۇزدۇرۇپتۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى دەلى مىرشاب.

ــ ئالامانىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

ــ ئۇلارچە، سىز ئۇنىڭ ئاقچىسىنى ئېلىپ، قويۇپ بېرەر-مىشسىز. شۇڭا «قازى كۆزىمىزنىڭ ئالدىدا ئەيىبدارنىڭ جازاسىنى بەرسۇن» دېيىشىۋاتىدۇ.

قازى ھېچكىمدىن قورقمىسىمۇ، ئالاماندىن قورقىدىغانلىقىنى يوشۇرالمىدى. «ئالامان يېنىپ تۇرغان ئوت! بىر تۇتاشسا، ھۆل ـ قۇرۇقنى بىردەك كۆيدۇرۇپ، كۈلىنى كۆككە سورۇپ تاشلايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ھازىرمۇ شۇ گەپ ئېسىگە چۈشۈپ، نائىلاج ئورنىدىن قوزغالدى ۋە ئاتقا مىنىپ يولغا چۈشتى، دەلى مىرشاب بىلەن زامانئەلى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. قازى ئاتنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ، لەپەڭلەپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز كۆڭلىدىن «بازاردىكى مۇتتەھەم

ئاشۇ بۆدۈنىپۈرۈشمۇ نېمە؟» دېگەن ئوي ئۆتۈپ قالدى. «ئەگەر ئاشۇ بولۇپ چىقسا، ـــ دەپ خىيالىنى داۋام قىلدى قازى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، ـــ ئىشىنىڭ ئەپلەشكىنى شۇ! ئاغزىنى ئاچۇرماي، ئەيىبىنى بوينىغا قويىمەن ـ دە، تاشبوران قىلدۇرۇپ، پانىي دۇنيا يولىغا سالىمەن. ئۇياقتا ئاق قوچقار مىنىپ پىلسىراتتىن ئۆتمۇاتقىنىدا دوزاخ ئوتىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ ـ دە، ئەرباب بىلەن ئويناشقىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ، كۆزى ئىقىپ كېتىدۇ...»

قازى يەنە مۇشۇ كۈنلەردە ئامىتى قېچىپ، ئىشى ئارقىغا كېتىۋاتقانلىقىدىن نالە قىلىپ قويدى. سۇرمەخان ۋەقەسىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە تۈگۈن بولۇپ تۇرۇۋېتۇ، ۋەسالىغىمۇ قانالمىدى. جەڭ مەيدانىدىن قاچقان قورقۇنچاق نۆكەردەك مەستان كەمپىرنىڭ كونا كېپىشىنى كىيىپ قايتتى. ئىبىل تونى بىلەن شايى سەللىسىمۇ جىن ئالغاندەكلا غايىب بولدى. نېمە بولۇپ بارغان بولغىيتتى شۇ يەرگە؟ سۇرمەخاننى ئۇنتۇغان ئىدىغۇ! شۇنىڭ كاساپىتى ئۇردىمۇتاڭ، بۇگۈنمۇ ئىشى كەينىگە كەتمەكتە، سەھەردىن بېرى دىلى غەشلا يۈرىدۇ. «باياتىن ھويلامدىن ئۇندىمەي چىقىپ كەتكەن ئىككى سوخەنچى ‹بۆدۈنە ۋەقەسى› نى ئەلگە داستان قىلمىسا مەيلى ئىدىغۇ، ـــ دەپ ئويلىدى قازى، ـــ ئەگەر، مۇساپىر دېگىنى ئاشۇ بۆدۈنىپۈرۈش بولۇپ قالسا... ئەستا، نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن؟...»

ئۈچ رەكئەت نامازغا كېتىدىغان ۋاقىتتا بېسىپ ئۆتىلىدىغان قازىخانا بىلەن بازار ئارىسىدىكى يول ئەمدى قاش بىلەن كۆز ئارىسىدەك قىسقا ۋاقىتتا تۈگەپ قالدى.

ئالامان بازار ئوتتۇرىسىدا قازىنى ئورىۋالدى. جۈمەش باققال يىغلىغاندەك ئاھاڭدا داد ئېيتىپ، «مەن بۇ دۇكاننى مۇشۇ ھالەتكە ئېلىپ كەلگۈچە كالىدەك ئىشلىگەنىمەن» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. خالايىق بولسا قازىدىن بۇرۇن ھۆكۈمنى چىقىرىپ قويغانىدى:

— سازايى! سازايى!

قازى قول كۆتۈرۈپ، ئالامانى تىنچلاندۇردى:

— خەپشۇك جامائەت! ئالدى بىلەن گۇناھكارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايلى، — دېدى قازى. ئاندىن ئولتۇرغۇزۇپ قويغان تۇتقۇننى سوراققا تارتتى — سەن كىمسەن؟ نېمىشقا يۇزۇڭنى يېپىپ، يۇرۇيسەن؟

مانا شۇ چاغدا قازىنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكەن ئىش سادىر بولدى. تۇتقۇن ئۇستىدىكى جەندىنى سېلىپ، يۈزىنى ئاچقانىدى، قازىنىڭ قولىدىكى تەسۋى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، كاللىسىدىكى ئويلىرى بىراقلا تۇمانغا ئايلانغاندەك بولدى. تۇتقۇن باشقىلارغا پىنھان، قازىغا ئايان گەپنى ئېيتتى:

— مەن بىر قازىغا بۆدۈنە ساتقانىدىم...

قازى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ئاۋازىڭنى يىغ!... ئىسمىڭ نېمە؟

— بىر چاغلاردا نەسىردىن ئەپەندى ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى تۇتقۇن، — ھازىرمۇ ئىسمىم شۇ، تەخسىر!

ئالامان تۇيۇقسىز دەۋرەپ كەتتى:

— نەسىردىن ئەپەندى! نەسىردىن ئەپەندى!...

يۇملاق دائىرە بىردىنلا تارايدى. خەلق بارغانسېرى يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. قازى يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ، غەلۋە ـ غوۋغانى باستى:

— ئېھتىمال، بۇ بىزلەرنى ئالداپ، يالغان گەپ قىلىۋاتقاندۇر!

— مەن ئاشۇ قازىنىڭ بوۋىسىنى تونۇيمەن. ئۇمۇ بۆدۈنىگە ئۆچ ئىدى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى قازىغا تىك قاراپ، — بۇ گېپىممۇ يالغانمۇ؟

قازى ئۇنىڭ نەسىردىن ئەپەندى ئىكەنلىكىگە چىن پۈتسىمۇ، قەستەن ئىنكار قىلىپ، سوراقنى داۋام قىلدى:

— نەسىردىن بولساڭ ئۆزۈڭگە! — دېدى ئۇ، — نېمىشقا باققالنىڭ دۇكىنىنى بۇزدۇڭ؟

نەسىردىن ئەپەندى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپ، ئاخىرىدا:

— ئىشنىڭ جەريانى شۇ! ئۆچكىنىڭ ئىگىسى مېلىنىڭ ئەيىبىنى ئالدىن ئېيتمىغىنىدەك، باققال توپىلاڭدا دۇكىنىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ مەن بىلەن ئالدىن كېلىشمىدى. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئىشتا كىم ئەيىبدار؟ مەنمۇ ياكى باققالمۇ، قازى جانابلىرى؟ — دېدى تىك قاراپ.

قازى نەسىردىن ئەپەندىگە سىنچىلاپ قاراپ تۇردى ـ دە، بىردىن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى چاپان، بېشىدىكى سەللىنى تونۇپ قالدى.

— سەن دېگەن بىر ئوغرى! — دېدى قەتئىي ئاھاڭدا، — قېنى ئېيتە، ئۇستۇڭدىكى چاپان بىلەن سەللىنى قەيەردىن ئالدىڭ؟

— خۇدا ھەققى، — دەپ گەپ باشلىدى نەسىردىن ئەپەندى، — مەن يېقىندا كاتتا بىر مۇسابىقىگە قاتناشتىم. قارا شاھزادىنىڭ قىزىل قەلئەگە مەردانە ھۇجۇم قىلغىنىغا شاھىت بولدۇم. ئەپسۇسكى، ھۇجۇم پەيتىدە گۇلدۇر ـ غالاپ توپىلاڭ بولۇپ، جەڭ مەيدانى بوشاپ قالدى. مەن بولسام بۇ كىيىملەرنى ئاشۇ جەڭ مەيدانىدىن تېرىۋالدىم.

قازىنىڭ كۆز ئالدىغا سۇرمەخان ۋەقەسى كەلدى ـ دە، قىزىرىپ تاتاردى. سىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ ئالامانىنى تىنچلاندۇردى:

— ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار! بىراۋنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ھەرگىز ئالدىرىماسلىق ۋە قىزىققانلىق قىلماسلىق كېرەك، — نەزىرىنى ئاۋامدىن نەسىردىن ئەپەندىگە يۆتكىدى قازى، — توغرا، جەڭ مەيدانىدا قولغا كىرگۈزگەن ئولجا ھالالدۇر. لېكىن بۈگۈن سادىر قىلغان ئىشىڭنى قازىخانىدا كۆرۈپ چىقارمىز! مىرشابلار، ئەيىبدار بىلەن دەۋاگەرنى قازىخانىغا ئېلىپ بېرىڭلار!...

بۇ ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. قازىخانىدا بولسا گەپ سىلىق بولدى. قازى ھۆكۈمنى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ پايدىسىغا چىقىرىپ، باققال دۆكىنىنى ياسىۋېلىش ئۈچۈن ئەمىر - لىك خەزىنىسىدىن ئاقچا بېرىشكە كۆندۈردى ۋە بۇ ھەقتە ۋاكالەت - نامىگە مۆھۈر بېسىپ بەردى. ئاندىن ئۇنى چىقىرىۋەتتى. كېيىن نەسىردىننى يالغۇز ئېلىپ قېلىپ:

— سەن، ئاشۇ جەڭ مەيدانىدا ئاق تۆگە كۆرمىگەن بولغىيت - تىڭ؟ — دەپ سورىدى سۇرمەخان ۋەقەسىگە قايتىپ. نەسىردىن ئەپەندى قازىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

— كۆرگەندەك بولدۇم.

— كۆرگەن بولساڭ ياخشى، لېكىن باشقا بىراۋ بۇ ھەقتە سورىسا، سەن تۆگىنى كۆرمىدىم، دەپ ئېيت. ئېھتىمال، تۆگىنى كىمدۇر يەپ كەتكەن، سەن كۆرمەي قالغاندۇرسەن.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — تۆگىنى كىمدۇر يەپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئاشۇ تۆگىنىڭ ئاقچىسىنى ماڭا تۆلىسىڭىز، مەن كور بولۇپ قالىمەن، سىزچە قانداق؟ گېپىم توغرىدۇ، تەقسىر؟

قازى دەرغەزەپ بولدى:

— يەنە ئاقچا دەيدىغۇ ماۋۇ! ئۆتكەن قېتىم يالغان گەپ قىلىپ، ئالدىغىنىڭ يەتمىدىمۇ؟ ئاشۇ يالغانىڭ ھەققىنى كىم تۆلەيدۇ؟

— مەن سىزنى قاچان ئالدىدىم، تەقسىر؟ — نەسىردىن ئەپەن - دى ئۆزىنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەنگە سالدى.

— ماڭا بۆدۆنە ساتقىنىڭ راستمۇ؟

— راست!

— ساتقان بۆدۆنەڭ يالغانچى ئەكەنغۇ؟

— مېلىمنى يەرگە ئۇرماڭ، تەقسىر! بۆدۆنە ھەقىقەتەن ئەقىل - لىك ۋە راستچىل ئىدى. ئەگەر ئۇ سىزگە ياقمايۋاتقان بولسا، ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بېرىڭ، ئاقچىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— نېمىنى قايتۇرىمەن؟ بۆدۆنەڭگە ئىش بۇيرۇپ، ئۇلپەت-لىرىم ئالدىدا يۈزۈم قارا بولغىنى يەتمىگەندەك، ئۆزىمۇ غايىب بولدى.

— چاتاق بوپتۇغۇ! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئەپسۇسلان-غاندەك باش چايقاپ، — ئۇنىڭغا نېمە ئىش بۇيرۇغان ئىدىڭىز؟

— ئۆيگە بېرىپ، زىياپەت تەييارلاشنى ئېيتىشنى بۇيرۇغانىدىم.

— بۆدۆنىگە ئىش بۇيرۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم ھويلىڭىزنى كۆرسەتكەنمىدىڭىز؟ ئۇ يەڭگىمىزنى بىرەر قېتىم كۆرگەنمىدى؟

— ياق، — دېدى قازى ئەجەبلىنىپ.

— مانا، ھويلىڭىزنى كۆرمىگەن، خوتۇنىڭىزنى تونۇمىغان بۆدۆنە نېمە قىلسۇن؟ بىچارە ھېلىغىچە ھويلىڭىزنى ئىزدەپ، شەھەر كوچىلىرىدا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ - دە! ئىسىت، بۆدۆنىنى خاراب قىلىپسىزغۇ سىز!

قازى ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى:

— ھويلامنى تاپالمىغان بولسا، نېمىشقا قازىخانىغا قايتىپ كەلمىدى؟ بۇ يەرنى بىلىدىغۇ!

— قىزىق ئىكەنسىزغۇ، تەخسىر! «قازى جانابلىرىنىڭ بۇيرۇ-غان ئىشلىرىنى ئادا قىلالمىدىم، ئارقىغا قايتىپ بارسام مېنىڭ پېيىمنى يۇلىدۇ» دەپ غەزىپىڭىزدىن قورقۇپ، بۇ يەرگىمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ - دە... بولار ئىش بوپتۇ. خاپا بولماڭ، تەخسىر. بەرىبىر بۆدۆنىگە قارىغاندا تۆگىنىڭ گەۋدىسى چوڭ - دە، كۆزگە تېز تاشلىنىدۇ. ئازراق ئاقچا ئاتاپ قويسىڭىز، ئىككىلىمىزلا ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتىمىز.

قازىنىڭ قوللىرى تىترىدى. تىترىگىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللىرىنى بىر - بىرىگە قوۋۇشتۇردى. لېكىن ئىككى جاۋغىيىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشى قازىنىڭ بارچە ھەرىكەتلىرىنى پۇچەككە چىقاردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاتتىق نەپرەت ياغاتتى. ۋارقىراپ

دېسە، ھېلىغىچە قازىخانا ئالدىدىن تارقاپ كەتمىگەن ئالاماندىن قورقتى. ئاخىر تەقدىرىگە تەن بەردى:

— ھە، تېشىپ چىقسۇن! — دېدى ۋە ئەللىك تىللا ساناپ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن تاشلىدى، — ئەمدى بۇ گەپلەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەبەدىي سىر بولۇپ قالسۇن.

— ۋەدە بېرىپ ئېيتىمەنكى، بۇ گەپنى مەن ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى قازىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، — لېكىن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغىنىمدا، بىر ئاق تۆگىگە ئەللىك تىللادىن تاشقىرى، يەنە بىر سەمەن ئاتنىمۇ قوشۇپ بېرەتتىم.

— بەك نەپسانىيەتچىلىك قىلما، — دېدى قازى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئاشۇ كۈنى قارا شاھزادە جەڭدە يېڭىلدى، قىزىل قەلئەنى تاشلاپ، سەن سوراۋاتقان سەمەن ئاتقا مىنىپ، ئارقىسىغا قارىماي قاچتى!...

# ئون نوققۇزىنچى باب

## تالاق ماجىراسى

زامانئەلى ۋەردانزەدىن قايتىشىدا مۇستاپا دېھقانىنىڭكىگە كىردى. تاماق ۋاقتىدا مۇستاپا دېھقان ئىشىككە قاراپ:

— چاي ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ قىزى يۈگۈرۈپ كىردى ۋە زامانئەلى ئۇزاتقان بوش چەينەكنى ئالماقچى بولغىنىدا ئىككى جۈپ كۆز ئۇچرىشىپ قېلىپ، قىزنى تەمتىرىتىۋەتتى. ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، چىقىپ كەتتى. زامانئەلىمۇ بۇ قاراشتىن ئۆزىنى يوقاتتى. توۋا، ھەر قېتىم بېرىپ - قايتقىنىدا بۇ قىزنى كۆرەتتىغۇ! نېمىشقا ئېتىبار بەرمىگەن بولغىيتتى؟ چاچلىرىنى چىرايلىق ئۆرۈۋالغان قىزنىڭ يۈزى ئايدەك تولۇپتۇ، شۇنچىلىك گۈزەل بىر ھۆرلىقاغا ئايلىنىپتۇكى، زامانئەلى سېھىرلەنگەندەك قېتىپلا قالدى. مۇشۇ قېتىم بارغىنىدا ئاتىسى: «كۆزۈم ئوچۇق چاغدا سېنى ئائىلىلىك قىلىپ قوياي، شەرتىڭنى ئېيت» دەپ قىستىغان چاغدا، زامانئەلى يەلكىسىنى قىسىپ قويغانىدى. مانا، ئەمدى زۈلپىزەرگە مەھلىيا بولغان ھالدا دادىسىنىڭ گېپىنى ئويلاپ قالدى.

زۈلپىزەرمۇ زامانئەلىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن. ئىلگىرى كىچىك ئىدى، ئاكا دەپ مۇراجىئەت قىلاتتى. ئەمدى ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ. «ئاكا» سىغا قارىسا، ئۇيۇلىدۇ. ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئۇيۇلۇپ قارىشى يىگىتنىڭ يۈرىكىگە سۆيگۈ ئوتى ياققاندۇر؟

زۈلپىزەر ئاتىسىنى چاقىردى ۋە نېمىنىدۇر باھانە قىلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئانىسىنى كىرگۈزۈپ قويدى. قىزنىڭ ئورنىغا

ئانىسىنىڭ كىرىشى زامانئەلىنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتنى يەنىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. ماڭىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالسىمۇ، نېمىشقىدۇر قوزغىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. گويا كۆپتىن بېرى ئىزدەۋاتقان، ئەمما بارچە ئۇرۇنۇشلىرى هاۋاغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئارامىنى تاپقاندەك ئىدى. ئۇ زۇلپىزەرنىڭ جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە ئىنتىزار. زۇلپىزەرمۇ يىگىتنىڭ كۆڭلىدىكىنى هېس قىلدىمۇ، ئەتەي ئۇنىڭ ئالدىغا كىرمىدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتقىچە سۆيگۈ دېگەن تۇيغۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن باكىرە قىز كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭغا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، تەمتىرەپ كەتتى...

ئون بەش كۈن ئۆتكەندە زامانئەلى يەنە «ۋەردانزەدىن قايتىۋاتقانىدىم، سىلەرنى يوقلاپ ئۆتەي دېدىم» دېگەن باهانە بىلەن بۇ ئائىلىگە كىردى.

يىگىتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئائىلىگە پات ـ پات قەدەم تەشرىپ قىلىشى، ئۆيدە ئولتۇرسىمۇ كۆزىنىڭ ئاستىرتىن كىمنىدۇر ئىزدىشى، تىكەننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىتاقەت بولۇشى، قىزنىڭمۇ يىگىتنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشى ئۇلبىبى هامىنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. پۇرسەت تېپىپ، كۆڭلىدىن كەچكەنلەرنى ئېرىگە ئېيتتى.

— زۇلپىزەرنىڭ ئىگىسى تېپىلغان ئوخشايدۇ، دادىسى، — دېدى ئۇلبىبى هاما ئەتەي سىرلىق گەپ قىلىپ.

— كىم ئىكەن ئىگىسى؟ — دەپ سورىدى مۇستاپا دېهقان.

— مەن بىر ئىشنى سېزىپ قالدىم.

— نېمىنى سەزدىڭ؟ گەپ قىلە!

— يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى زامانئەلىنىڭ بىزنىڭكىگە پات ـ پات كېلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن سىز بىرەر ئىشنى سەزمىدىڭىزمۇ؟

— نېمىنى سېزەي؟ ئۇ بىزگە ئۆز بولۇپ قالغان، ئۆتكەن ـ قايتقىنىدا دىدارلىشىپ ئۆتەي، دەيدۇ شۇ. ئۇنىڭ دوستى بىزگە

چوڭ ياخشىلىق قىلدى، بۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.
— مەنمۇ ئۇنى يامانلاۋاتقىنىم يوق. دېمەكچىمەنكى، زۇلپىدىزەرگە ئۇنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاشۇ كەلگەن كۈنى قىزنىڭمۇ باشقىچە بولۇپ قالىدۇ...
ئەگەر خوتۇنىنىڭ گېپى راست بولسا، مۇستاپانىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولىدۇ: بىر چوڭ غېمى ھەل بولىدۇ. زامانئەلى ئەدەپلىك، پاك، گېپىدە تۇرىدىغان يىگىت.
— ھەرقانچە بولسا، قىزنى شۇ يىگىتتىن ئارتۇق ياخشى ئادەمگە بېرىش تەس، — دېدى مۇستاپا ئويلانغان ھالدا، — ھەممە تەرىپى بىزگە ئايدىڭ يىگىت! بوپتۇ، كۈتۈپ باقايلى، ئۆزى گەپ ئېچىپ قالار. بىز ئالدىن ئېغىز ئاچساق، ئۇيات بولىدۇ...
تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قۇلاقنى يارغۇدەك ۋارقىراشلار ۋە شاۋقۇن — سۈرەنلەر ئەر — خوتۇنىنىڭ سۆھبىتىنى بۇزۇپ، چۆچۈتىۋەتتى. بۇ غوۋغا قوشنا ھويلىدا، يەنى تەنەباينىڭكىدە باشلانغان جاڭجالنىڭ باشلانمىسى ئىدى. جاڭجال باينىڭ ھويلىسىدىكى توخۇلاردىن چىققانىكەن.
ئەزىز ئوقۇغۇچى، جاڭجالنى توخۇلار چىقاردىمۇ ياكى بايدىن چىقتىمۇ، بۇنى نە مۇستاپا بىلسۇن، نە ئۇلبىبى ھامما! شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جاڭجال ھەققىدە سىلەرگە بىز مەلۇمات بېرىمىز. ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، باي زۇلپىزەرگە ئېغىز ئاچقاندا، قىزنى قاچۇرۇۋېتىشنى ئۇلبىبى ھاممىغا تەنەباينىڭ چوڭ خوتۇنى گۈلسۈم مەسلىھەت بەرگەنىدى. بۇ گەپ باينىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، «دۈشمەن ئۆز ئۆيۈمدە ئىكەن ئەمەسمۇ!» دەپ غەزەپلىنىپ گۈلسۈمنى ئۈچ تالاق قىلىپ قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى خۇداغا ياقمىدىمۇ، ئامەت ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، قول تىققانلا ئىشى تەتۈر كېتىشكە باشلىدى. نەسىردىن ئەپەندى بىلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ماجىرا باينىڭ يۈزىنى پوق قىلدى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا مىسقاللاپ يىغقان ئابرۇيى يەر بىلەن تەڭ بولدى. ئۇيالغىنىدىن

كوچىغىمۇ چىقالمايدۇ ئەمدى. چوڭ خوتۇننىڭ كېتىپ قالغىنى ئائىلىگە ئوبدانلا تەسىر كۆرسەتتى. كىچىك خوتۇنلارنىڭ ئۆي تۇتۇشقا تازا پەمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار چوڭ ئاغىچىسىغا تايىناتتى. مانا ئەمدى ئۆيدە ھەر كۈنى جاڭجال. بىر ئىش چىقسا، ئەيىبنى بىر ـ بىرىگە دۆڭگەپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشەتتى.

ئىككى كۈن بۇرۇن خوتۇنلىرىدىن قايسى بىرى ئۈزۈم شىرنىسىنى تاشقىرىدا ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن شىرنە پىشىپ سىركىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ھويلىدا يەر تاتىلاپ يۈرگەن توخۇلار بولسا شىرنىنى يەپ، ھەممىسى پۈتلىرىنى سوزۇپ يېتىشىپ كېتىپتۇ. خېلىدىن بېرى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتقان ئەلىمىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەي يۈرگەن باي بۇنى سەۋەب قىلىپ بۈگۈن توپىلاڭ كۆتۈرگەنىدى.

— سەنلەر خوتۇن ئەمەس، باشقا كەلگەن بالا بولدۇڭلار، ئاپەتلەر! — دېدى باي ۋارقىراپ، — سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن ئائىلىدىن بەرىكەتمۇ كۆتۈرۈلدى!

— تۆت توخۇغا شۇنچە قىلىش كېتەمدۇ؟ — دەپ خوتۇنلارمۇ كايىشىپ كەتتى، — بۇنچە چىدىماس بولمىسىڭىزچۇ. يۈز تىللانى بىر سەرگەردانغا ئۆز قولىڭىز بىلەن بەرگەندە ئاغرىمىغان جىنىڭىز تۆت توخۇغا ئېچىشىپ كەتتىمۇ؟ ئاڭلىغانلار نېمە دەيدۇ؟

— گۈلسۈمنىڭ قەدرى ئەجەب ئۆتۈلدى! — دېدى باي چوڭ خوتۇننى تىلغا ئېلىپ، — ئەسلىدە سەنلەرنى قوغلاپ، ئاشۇنى ئېلىپ قالغىنىم ياخشى ئىكەن!

بۇ گەپ خوتۇنلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. «سەن ئەسكى، پالانى ئايال ياخشى» دېسە ھەر قانداق ئايالنىڭ غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغاندەك بولۇشى ئېنىق ـ تە! ئاياللارمۇ شۇنداق: بۇ ئالەمدە ئۆزىدىن باشقا گۈزەل ۋە ئەقىللىك ئايال يوق، دەپ ئويلايدۇ ۋە بۇنى ئېرىگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپلەيدۇ.

— ھېلىمۇ كېچىكمەيسىز، قايتۇرۇپ كېلىڭ ئاشۇ ئانا

خوتۇننى! ــ دېدى ھازىرغىچە بىرىنچى خوتۇن بولۇش كويىدا يۈرۈۋاتقان ئىككىنچى خوتۇن تۇتىگۇل بۇرنىنى ئېقىتىپ.

ــ جىم! ــ دېدى باي غەزەپ بىلەن. باي قاناتلىرى سىلىنىپ ياتقان توخۇلارغا ئىچى ئېچىشقاندەك خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى ــ دە، ــ بۇلارنى سۈپۈرىندىلىككە ئەپچىقىپ تاشلاڭلار! ــ دېدى. خوتۇنلار مىدىرلاشقا باشلىۋېدى، باي پىكرىدىن قايتتى، ــ توخۇلارنىڭ پەيلىرىنى يۇلۇۋېلىڭلار، ياستۇق ــ پاستۇق تىككەندە شىڭلارغا ئەسقېتىپ قالار. گۆشىنى بولسا كۈچۈكنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىڭلار!

بۇ ئىش تۇتىگۇلنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن كەنجى خوتۇن مۆمىنەخاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. مۆمىنەخان ئۆلگەن توخۇلارنى بىر ــ بىرلەپ يۇڭداپ چىقتى، هارام گۆشىنى هويلىدىكى تونۇر سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى...

تاماشانىڭ قىزىقى تاڭ ئاتاي دېگەندە باشلاندى. ئۇيۇق ئاقىرىپ، ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، يىراقتىكى ئاللىقاندىقتۇر ئاۋازلارمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تەنباي هاجەت ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقتى. ئۇ دەسلەپ هېچ نەرسىگە ئېتىبار بەرمەي، چاپىنىنى يەلكىسىگە تاشلىغانچە هويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى خالاجاي تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز تونۇر ئۈستىدىن بىر نەرسە «گۈپ» پىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى. «گۈپ، لىگەن ئاۋاز ئۆلىشىپ ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى.

ــ لا هەۋلا ۋەلاقۇۋۋەتى! ــ دېگەچ ئارقىسىغا قارىدى ۋە تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى باي. چۈنكى تونۇر ئۈستىدىن چۈشكەن مەخلۇقلار ئاستاغىنە قەدەم تاشلاپ، بايغا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئاي نۇرىدا بۇ مەخلۇقلارنىڭ سايىسى قارشى تامغا چۈشۈپ، تېخىمۇ بەهەيۋەت كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باينىڭ ئۆتى يېرىلىپ، «ها!...» دېدى ــ يۇ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. «ها!..» دېگەن ئاۋاز تۈن پەردىسىنى يېرىپ شۇنداق جاراڭلىدىكى، خوتۇنلارنىڭ هەممىسى چۆچۈپ

ئويغىنىپ كەتتى. دەسلەپ تۇتىگۇل، ئۇنىڭدىن كېيىن مۆمىنەخان ئېتىلىپ هويلىغا چىقىشتى ـ دە، باينىڭ توپىدىلا گۇمبەزدەك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەمتىرەپ قېلىشتى. ئىككى يېرىم ئۆلۈك تەننى بېشىدىن كۆتۈرۈپ، سۆرەپ دېگەندەك ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىشتى.

تەنەباي يۇزىگە سۇ سېپىلگەندىن كېيىن، هوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى: نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئۆزى بىلمىدۇ، كېيىن تورۇسقا قارىغانچە مىت قىلماي يېتىۋەردى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتى ـ يۇ، تىلى تاڭلىيىغا يېپىشىۋالغاندەك ئاۋازى چىقمايتتى، لېۋى قىمىرلايتتى، خالاس.

— سىزگە نېمە بولدى، تۆرەم؟ — دەپ سورىدى تۇتىگۇل ئۇنى لۆڭگە بىلەن يەلپۈگەچ لېۋىنى چىشلىگەن هالدا هېقىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ نېمىدىن قورقتىڭىز؟ نېمە ئىش بولدى؟

بايدىن يەنىلا سادا چىقمىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى خوتۇنلىرىغىمۇ تەسىر قىلىپ، هەممىسى ۋەهىمىگە پېتىپ كېتىشتى. تاڭ نۇرى ۋەهىمىنى تارقىتىپ، تاشقىرى يورۇشقا باشلىدى. يورۇقلۇق ئاستا ـ ئاستا ئىچكىرىگىمۇ كىردى. شۇ چاغدىلا باينىڭ لەۋلىرىگە قورقاق چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

— قاتتىق قورقۇپسىز، تۆرەم، — دېدى تۇتىگۇل، — لېۋىڭىزگە قورقاق چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇمۇ ياخشى بوپتۇ. بولمىسا، قوقاق ئىچىڭىزگە ئۆتۈپ، پۇت ـ قولىڭىزنى قاتۇرۇپ قوياتتى.

تەنەباي ئۆزىگە كېلىشكە باشلىدى. گەرچە يۇزىدە ئۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا مۇم چىشلىۋالغاندەك ئىدى.

— كېچىچە تاشقىرىغا چىقسام، تونۇر سۇپىسى ئۈستىدىن ئۇچ ـ تۆت مەخلۇق «گۇپ»ىلدىشىپ پەسكە سەكرىدى، ئاندىن ئاستاغىنە مەن تەرەپكە باستۇرۇپ كەلدى، — دېدى باي زورىقىپ، — سايىسى ئەجدىهاغا ئوخشايدۇ. ئەمدى تۈگەشتىم دېدىم...

— بولدى، كۆپ گەپ قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ھالسىزلاندۇرۇپ قويىسىز، تۆرەم — دېدى تۇتىگۇل باينىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى قول ياغلىق بىلەن سۈرتكەچ. ئاندىن ئۇ مۆمىنەگە قېتىق ۋە قازان قارىسى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى، — ئازراق قېتىق ئىچىپ، يۈزلىرىڭىزگە قازان قارىسى سۈرتۈپ قويساق، يۈرىكىڭىزگە قۇۋۋەت بولىدۇ. كۈن يورۇغاندا تېۋىپ چاقىرىمىز، دەم سېلىپ قويسا، ئاتتەك بولۇپ كېتىسىز.

— ئاتتەك دەمسەن؟ — ئىنجىقلىدى تەنەباي، — ئاتقا يەم بېرىش ئەسلىرىڭدىن چىقمىسۇن!

— قانداق ئادەمسىز؟ — دېدى تۇتىگۇل، — ئۆزىڭىز ئۆلەي دەۋېتىپمۇ، يەنە ئاتنى ئويلايسىز... تۇر مۆمىنە، دېگەنلىرىمنى ئېلىپ كەل!

مۆمىنە ئىتائەتكارلىق بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى-يۇ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چىرقىرىغىنى ئاڭلاندى. قوزغىلىشقا ماجالى يوق ياتقان باي يېرىم ئۆرە بولدى:

— چىقىپ قارا تۇتى، يەنە نېمە گەپ؟ — دېدى باي تىترەپ، — مۆمىنەنىڭ ئاۋازىغۇ بۇ؟

تۇتىگۇل بوسۇغىدىن چىقىپ كەتتى - يۇ، ھايال ئۆتمەي «ۋاي!» دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن «يا، توۋا!» دېدى - دە، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. قىزىق، مۆمىنەخاننى چۆچۈتۈپ، ئارقىسىدىن تۇتىگۇلنى كۈلدۈرۈۋەتكەن نەرسە كېچىسى باينى قورقۇتۇپ، كۈندۈزى كۈلكىگە بولۇپ بەرگەن توخۇلار ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ھويلىدا توكى يۇلۇنغان قىپيالىڭاچ، قىپقىزىل تەنلىك توخۇلار بىمالال دانلاپ يۈرەتتى. تۇتىگۇل كۈلكىسىنى توختىتالماي ئىچكىرىگە كىردى - دە:

— بەك ئىچ ئاغرىتقان بولسىڭىز كېرەك، توخۇلىرىڭىزغا قايتىدىن جان كىرىپتۇ، — دېدى كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، — ئاي يورۇقىدا جېنى تېنىگە قايتىپتۇ.

— ئەقلىڭ جايىدىمۇ سەن تەلۋە خوتۇننىڭ؟ — دېدى باي تۇتىگۇلگە تېرىكىپ، — قەپىسىدىن چىققان جان قۇشى قايتا قەپەسكە كىرگىنى نەدە بار؟ ئۆزۈڭلارنىڭ ساراڭلىقىڭلار يەتمىگەندەك مېنىمۇ سەۋدايى قىلىدىغان ئوخشايسىلەر؟ كۆلمەي گەپ قىل!

— توخۇلار ئۆلمىگەنىكەن، بىر ئىش بولۇپ... — تۇتىگۇل گېپىنى ئاخىرلاشتۇرالماي يەنە قاقاھلاپ كۈلدى. ئۆيگە كىرگەن مۆمىنەخانمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلدى.

— ئۆلمىگەن بولسا، ئاخشام نېمىشقا ئۆلارنىڭ پېيىنى يۇلدۇڭلار؟

— ئاخشام ئۆلگەنىدى، بۈگۈن تىرىلىپتۇ ـ دە، — دېدى تۇتىگۇل كۈلكىسىنى ئاران يىغىشتۇرۇپ.

— تۈنۈگۈن كەچتە توخۇلارغا نېمە بەرگەنىدىڭلار؟

— نېمە بېرەتتۇق؟ — دېدى خوتۇنلار تەڭلا. — ئاپتاپتا تۇرۇپ قالغان شىرنىنى يېگەن بولسا كېرەك!

— قانداق شىرنىنى؟

— مۆمىنەخان، چىقىپ ئېلىپ كېلىڭە! — دېدى تۇتىگۇل، — ھويلىدىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە بىر پىيالە تۇرۇپتۇ. يۇقۇسى قالغاندەك قىلىدۇ. تۆرەم كۆرسۇن.

مۆمىنەخان ئېلىپ كىرگەن پىيالىدىكى شىرنە يۇقىنى ھىدلاپ، باينىڭ چىرايى پۈرلىشىپ كەتتى:

— پۇف، بۇ سىركىگە ئايلىنىپ كېتىپتىغۇ! ھىدى ئادەمنى مەست قىلغان يەردە، بۇنى يېگەن توخۇلار نېمە بولىدۇ؟

— مۆمىنە بىرەر چەتكە ئېلىپ قويمىغان ئىكەن! — ئەيىبنى كىچىك كۈنداشقا قويدى تۇتىگۇل، — بىرەر يەرگە ئېلىپ قويسا، قولى سۇنىدۇ بۇنىڭ!

— ئۆزۈڭچۇ؟ — دېدى باي ئۇنىڭغا كايىپ، — ئۆزۈڭ ئېلىپ قويساڭ ئۆلەرمىدىڭ؟

تۇتىگۇل جاۋاب بېرىش ئورنىغا دوق قىلدى:
— سىز ماڭا ئۆچ، نوقۇل مۇشۇنىڭ تەرىپىنى ئالىسىز، مەندىن ياش ـ دە بۇ!
— كەمپىر بولۇپ قالغانمەن، دەڭ! — گەپكە قوشۇلدى مۆمىنەمۇ.
— تەرىپىنى ئالسىڭىز، تىلى چىقىدۇ بۇنىڭ!...
— گەپ تالىشىشتا بىر ـ بىرىڭدىن قېلىشمايسەن، — دېدى باي غەزەپ بىلەن، — ئىشنىمۇ شۇنداق تالاشقان بولۇشساڭ، بۇنچە جاڭجال چىقارمىدى؟ ئىككى يېرىم بىر پۈتۈن بولماس ئىكەن. گۇلسۇم بەرىبىر باشقىچە ئىدى. كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ ئېتىبار بېرەتتى... بولار ئىش بولدى، ئەمدى خالمەتنى چاقىرىپ، تىرىك گۆشلەرنى سويدۇرۇپ، تۇزلىۋېلىڭلار! بۇ گەپلەر ياتلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، ئۆلگۈچە كۈلكىگە قېلىشىسەن. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ هويلا كۈلكىنىڭ نىشانى بولۇپ تۇرۇپتۇ.
تەنەباي ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چاپىنىنى يېپىنىپ، ھەقىقىي مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن هويلىغا چىقتى ۋە ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. لېكىن قورقاقتىن تارتىشىپ قالغان لېۋىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي، تېزلا كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۋالدى.
شۇ كۈنلەردە باي ئۆزىنى ناھايىتى ئاجىز ھېس قىلىپ قالماقتا ئىدى. ئەگەر كۈنلەر مۇشۇ ھالەتتە ئۆتۈۋەرسە، بۇ ئائىلىدىن قۇت ـ بەرىكەت يىراقلىشىدۇ. «گۇلسۇمنى قايتا نىكاھلاپ ئەكەلمىسەم بولمىغۇدەك، — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ، — چوقۇم، ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىمەن!»
تەنەباي بىرەر موللا تېپىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى، لېكىن تېزلا بۇ پىكرىدىن قايتتى. چۈنكى ئۇ گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا شەھەرگە بېرىپ، ئاشۇ يەردىن موللا تېپىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

شۇ كۆنلەردە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يېڭى ـ يېڭى پاراڭلىرى چىقىپ، بۇخارادا تارقىلىشقا باشلىدى. باي ـ بەگلەرمۇ ھوشيارلىقىنى ئاشۇردى. ھېچكىم ئۇنىڭ كۆلكە قىلىچىغا ئۇدۇل كېلىشنى خالىمايتتى. تەنەباي ئۇنىڭ سوپۇنىدا كىر يۇيۇپ، قولى قاپاردى. شۇ سەۋەبلىك شەھەرگە بېرىشتىن بۇرۇن ھەربىر قەدىمىنى تارازىغا سېلىپ كۆردى ۋە نەسىردىن ئەپەندىگە يولۇقتۇرمىغايسەن، دەپ خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ، يولغا چىقتى.

شەھەرگە بارغاندىن كېيىن، تەنەباينىڭ بېشى قاتتى: «كىمنى ئىزدەش كېرەك؟ ئۇنىڭ بۇ يەردە قازىدىن باشقا تونۇشى يوق. ھەي، يەنە ئاشۇ تۇزكور قازىنىڭ ئالدىغا بارارمۇ؟ باشقا ئىلاج يوق، ھازىرغىنە ـ ئاداۋەت ساقلاپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس...»

باي يەنە قازىنى پاناھ تارتىپ باردى ۋە مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى.

— چارىسىز ئىش يوق بۇ دۇنيادا، — دېدى قازى باينىڭ نىيىتىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، — قەدىردانىمىز تۇردى مەخسۇمغا ئېيتساق، ھەممە ئىشنى ئوڭشىۋېتىدۇ. ئۇ بۇنداق ئىشلارنىڭ پىرىغۇ! ھە، قېنى ئېيتىڭا، خوتۇنىڭىز رازىمۇ بۇ ئىشقا؟

— رازى بولماي قەيەرگە باراتتى؟ — دېدى تەنەباي پەرۋاسىزلىق بىلەن، — قېرىغاندا كىم ئالاتتى ئۇنى؟

— سىز شۇنداق دېگەنبىلەن، باي! — دېدى قازى، — خوتۇنلار غۇرۇرلۇق كېلىدۇ. ئۆزى خالىمىسا، ئۇلارنى مەجبۇرلاش شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان. بۇ مەسىلىدىمۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەك يول تۇتۇپ ئولتۇرماڭ يەنە.

تەنەباي يەلكىسىنى قىستى:

— ئەجەب ئىش بولدى ئۇ...

— ئەيىب ئۆزىڭىزدە، — دېدى قازى ئۆزىنى ئاقلاپ، — ئاشۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟

— مەن ئۇنىڭ نەسىردىن ئەپەندى ئىكەنلىكىنى چۈشۈمدە

كۆرىمەنمۇ؟

— چۈش دەمسىز؟ ئۇنى چۈشەشكە نېسىپ قىلمىسۇن! شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئېھتىياتچان بولۇڭ. ئاۋۋال بىرىسپ خوتۇنىڭىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىڭ، ئاندىن مەسلىھەتلىشىمىز!...

قازى تەنەباينى كەتكۇزۇۋېتىپلا تۇردى مەخسۇمنى چاقىرتتى، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ ـ تالاق مەسىلىسىدە كېلىشىپ قويدى.

باي ئەتىسى پېشىنگە يېقىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن هالدا قازىخانىغا كىرىپ كەلدى.

— مەن سىزگە ئېيتمىغانمىدىم، خوتۇن رازى!

قازى مەخسۇمنى چاقىرتتى. مەخسۇم كەلگەندىن كېيىن، خۇددى ئىنتايىن سىرلىق ۋەقە ھەققىدە گەپلىشىۋاتقاندەك، ئۈچەيلىسى تىرىق قىلغان تاۋۇشتىنمۇ چۆچۈپ، پىچىرلىشىشنى باشلىدى. دەل شۇ چاغدا يەردىن چىقتىمۇ، ئاسماندىن چۈشتىمۇ، بوسۇغىدا نەسىردىن ئەپەندى پەيدا بولۇپ قالدى.

— پاھ، جامائەت جەم بوپتۇغۇ! — دېدى ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ، — بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندىم، تەخسىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇبارەك قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆتمىسەم ئۇيات بولىدۇ، دەپ كىرىۋەردىم...

قازى ئانچە خۇشياقمىغان هالدا قارشى ئالدى. بۇنى سەزگەن نەسىردىن ئەپەندى:

— بىلەمسىز، تەخسىر، — دېدى توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، — ئاق تۆگە ھەققىدىكى پارىڭىمىز چالا قالغانىدى. بۇنى سىزگە ئېيتمىساممۇ بولاتتى، لېكىن كېچىدىن ئاشۇ ئاق تۆگە چۈشۈمگە كىرىپتۇ، دەڭ...

قازى دەررۇ گەپنىڭ نىشانىنى توغرىلاپ قويدى:

— گېپىڭىزنى چۈشەندىم، نەسىردىن. بىز هازىر بىر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندۇق، سىز بىلەن كېيىنچە ئازادە پاراڭلىشىۋالىمىز، بولامدۇ؟

نەسىردىن ئەپەندى ھەممە ئىشقا قىزىقىدۇ ئەمەسمۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن:

— قانداق مەسىلە ئىدى؟ ئېيتىڭ، بىزنىڭمۇ ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس! — دېدى.

ئوتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك كۆزلىرى پارقىراپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان قازى:

— نىكاھ مەسىلىسى، — دەپ سالدى.

— نىكاھ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ناھايىتى ساۋاب پەرزلىرىدىن بىرىدۇر! قېنى، ئاڭلاپ باقايلىچۇ.

باياتىن نەسىردىن ئەپەندى كىرىپ كەلگەندە مەخسۇمنىڭ گېپى چالا قالغانىدى. ئۇ قازىنىڭ ئىشارىسى بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى:

— نىكاھ ئەرنىڭ ئىختىيارىدا، ئەر خالىسا، خوتۇن نىكاھقا ئۆتىشېرىشى كېرەك. ئىنشائاللا، ئەتە ئۆزۈم سىلەرنى نىكاھلاپ قويىمەن.

توغرا، بۇ يەردە مەخسۇم گەپنى قىسقا قىلدى. تەنەبايمۇ ئىچىدە شۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. چۈنكى مەخسۇم گەپنى سوزسا، نەسىردىن ئەپەندى ئارىلىشىپ، چاتاق چىقىرىدۇ. باي نەسىردىننىڭ يۈزىگە قارىماسلىققا تىرىشىپ، بېشىنى ئېگىپ ئولتۇراتتى. مەخسۇم ئۇنىڭغا قاراپ گەپ قىلغاندىن كېيىن، نەسىردىن ئەپەندى:

— ھە، باي ئاتا، ئۆزلىرىمۇ بۇ؟ — دېدى خۇددى باينى ئەمدى تونۇۋاتقاندەك، — ساق - سالامەتچىلىكمۇ؟ بىزنىڭ سەمەن يورغا ئورۇقلاپ قالمىغاندۇ؟ توۋا، بۇ ئادەمنى قەيەردە كۆرگەندىمەن، دەپ كەلگەندىن بېرى ئويلىنىپ ئولتۇرغانىدىم، بۇ كىشى ئۆزىمىزنىڭ كونا قەدىردانىمىز ئىكەنغۇ! بۇنى قاراڭ، بۇ يەردە تونۇشقانىدۇق، يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق. «دۇنيا تار» دېگەن راستكەن - دە! يېڭىلىشمىگەن بولسام، يەنە خوتۇن ئېلىۋاتىلىغۇ دەيمەن؟

— ياق، ياق، — ئالدىراپ قالدى مەخسۇم، — تالاق قىلىپ

قويغان خوتۇننى قايتىدىن نىكاھىغا ئالماقچى. شۇنى نىكاھلاپ قويۇڭ دەپ كەپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى تەنەباي.

— تالاق قىلغىنىڭىزغا نەچچە كۈن بولدى؟ — سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.

— ئۈچ ئايدىن سەل ئاشتى.

— ھىم، ئۈچ ئايدىن ئۆتكەن بولسا، ئىددىتى توشۇپتۇغۇ!

— ئىددىتى توشقان بولسا نېمە بولۇپتۇ؟ — دېدى تۇردى مەخسۇم ھەيران بولۇپ.

— ئۇستاز قايسى مەدرىسەنى تاماملىغان؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى مەخسۇمغا قاراپ، — ئىددىتى توشقان خوتۇننى تالاق قىلغۇەتكەن ئېرىگە قايتا نىكاھلاپ قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەخسىرىم بىلىدىغۇ، دەيمەن.

مەخسۇم ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى ۋە ياخشى ئوقۇمىغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى:

— ئەر بىلەن خوتۇن بىر - بىرىنى خالاپ تۇرسا، ئىددىتىگە قاراپ تۇرامدۇ؟

— شەرىئەتتە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت مۇددىتى تۈگىسە، ئېرى ئول ئايالنى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئالالمايدۇ. ئېلىش توغرا كەلسە، ئاۋۋال تالاق قىلىنغان خوتۇننى كىچىك بالىغىمۇ، چوڭ ئادەمگىمۇ ياكى جانىۋارلارغىمۇ نىكاھلاپ قويۇش كېرەك. ئاندىن ئۇلار ئايالنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇننى بۇرۇنقى ئېرىگە نىكاھلىماق لازىم بولۇر، ئىككىنچى تالاقتىن كېيىن يەنە ئىددىتى لازىمدۇر. بۇنى ئۇنتۇمىسۇن، تەخسىر.

تەنەباي ئۇھ تارتىپ سالدى.

— نېمىشقا ئۇھ تارتىسىز؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ گېپىنى توغرا تاپقان قازى بايغا تەسەللى بېرىپ، — كىچىك خوتۇنلىرىڭىز بىلەن ياشاپ تۇرۇپسىزغۇ! — شۇ گەپتىن كېيىن

قازى نەسىردىن ئەپەندىگە يۈزلەندى، — تالاق قىلىنغان ئايالنى قانداق جانلىقلا نىكاھلىسا بولۇر؟

— مەسىلەن، خورازغا، — دېدى نەسىردىن تەۋەككۈل قىلىپ، — خوراز تالاق قىلىپ، توقسان كۈندىن كېيىن ئايالنى يەنە باي ئاتىغا نىكاھلاش مۇمكىن.

— خورازغا؟— دېدى مەخسۇم ئىككى كۆزلىرىنى قىسىپ، — خوراز قانداق تالاق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ تىلى يوققۇ؟

— خورازنىڭ ئۆلۈشىنى كۈتىسىز ـ دە.

— خوراز قاچان ئۆلىدۇ، قاچان نىكاھ ئوقۇلىدۇ؟

— سەۋر قىلغۇچى چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نىكاھ دېگەن — سەۋر دېگەن گەپ ـ تە، بۇرادەرلەر!

— باي ئاتا خورازنى سويسىچۇ؟ — دېدى تۆردى مەخسۇم چىلىك يەردىن تۇتقاندەك خۇرسەن بولۇپ. ئەمما بۇنىڭغا نەسىردىننىڭ جاۋابى تەييار ئىدى:

— بولمايدۇ! — دېدى نەسىردىن جىددىي هالدا، — مۇبادا باي ئاتا خورازنى سويسا، ئەرنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىدۇ!

— خوش، — دېدى مەخسۇم، — خوراز ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمىسە، تىل چىقىرىپ تالاق دېيەلمىسە، ئۇنى سويغىلى تېخى بولمىسا، ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى بۇ مۇشكۈلنى ئاسان قىلىپ، — ئايال نىكاھلانغاندىن كېيىن، خوراز موللىغا بېرىلىدۇ، موللا خورازنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ سويىدۇ ۋە خۇن ھەققى ئورنىغا توخۇ گۆشىنى قازىغا ئەكېلىپ بېرىدۇ، قازى بولسا موللىنىڭ، يەنى «قاتىل»نىڭ گۇناھىدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىكاھ ئۆزلۈكىدىن بىكار بولىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئايال باي ئاتىغا قايتا نىكاھلىنىدۇ، موللا نىكاھ ئوقۇغىنى ئۈچۈن بىر ـ ئىككى تەڭگىلىك، قازى جانابلىرى تائاملىق، باي ئاتا خوتۇنلۇق بولىدۇ. لېكىن نىكاھ يەنىلا خوراز سويۇلغاندىن كېيىن

توقسان كۇن ئۆتكەندە ئوقۇلىدۇ.

— بەربىر خوراز بىلەن خوتۇن... — دۇدۇقلىدى مەخسۇم.

— چۈشەندىم، تەخسىر، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — خوتۇن خوراز بىلەن بىر كۇنمۇ بىر ياستۇقتا باش قويمىغاندىكىن ئىددىتىگە هاجەت بارمۇ، دېمەكچىسىز، شۇنداقمۇ؟

— هەئە! شۇنداق ئىكەن، ئىددىتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — گەپكە قوشۇلدى قازى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئىددىتىگە نەهاجەت! نىكاھلاپ قويۇ- ۋېرىڭلار!

— گەپنى ئايلاندۇرماي نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق دېمەيسىز، نەسىردىن؟

— بىر كۇنى قوشنىمىز «ئېشىكىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ، بازار- غا بېرىپ كېلەي» دەپ هويلىمىزغا كىرگەندى، مەن «ئېشىكىم قارا» دەپ ئۇنىڭ رايىنى قايتۇردۇم. ئۇ «قارا ئېشەكنى مىنگىلى بولمامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، «ئېشەكنى بەرگۇم كەلمىگەندىكىن بىر ئىشنى باهانە قىلىشىم كېرەكقۇ» دېدىم. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، سۆھبەتتىكىلەرغا قوشۇلغاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشىم كېرەك، توغرىمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى كۇلۇپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە، سۆھبىتىمىز كۆڭۈللۈك ۋە پايدىلىق بولدى. لېكىن بىر مەسىلە يېشىلمەي قالدى. هەممىڭلار بۇ نىكاهتىن بىرەر نەرسىلىك بولۇپ تۇرۇپسىلەر، پەقەت مەن قۇرۇق قول قاپتىمەن. شۇنداق ئىكەن، قازى جانابلىرى، مېنىڭمۇ ئۇلۇشۇمنى چىقىرىپ بەرسىلە.

— قانداق ئۇلۇش؟ — سورىدى قازى كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ.

— باياتىن بۇ مەسىلىدىن كېيىن سىنىڭ مەسىلەڭنى سۆزلە- شىمىز دېگەنىدىڭىز، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى بۇ يەرگە كېلىش- تىكى مەقسىتىنى قازىغا چۈشەندۇرۇپ، — چۈشۈمگە ئاق تۆگە كىرىپتۇ. ئۇ يالغۇز ئەمەسكەن، ئالدىدا بىر بوتىلىقىمۇ بار ئىكەن.

— ھىم، ئۇنداق بولسا نېمە بولۇپتۇ؟ مەن ساڭا ئاق تۆگىنىڭ ھەققىنى تۆلىگەنمەن!

— تانمايمەن، لېكىن بوتىلاقنى قانداق قىلىمىز، قازى جانابلىرى؟ ھامان بىر كۈنى ئۇمۇ تۆگىگە ئايلىنىدىغۇ. ئەگەر بىر نېمە ئاتاپ قويمىسىڭىز، بوتىلاق چوشۇمگە كىرىپ، مېنى بىئارام قىلارمىكىن، دەيمەن ــ دە.

قازىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ھەيدەپ چىقىراي دېسە، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تىلىدىن قورقتى. نائىلاج ئورنىدىن تۇردى ــ دە، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا باشلىدى ۋە يىگىرمە تىللانى بېرىپ يولغا سالدى.

# يىگىرمىنچى باب

## پەرپى چەپەنى

پوتكول شەھەر ئويقۇغا كەتكەندە بۆزچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىردى. بۆزچى كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆيدە ئاللىقانداقتۇر كۆلەڭگە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىب بولۇۋاتاتتى، خاتىرجەم ۋە ئاستا ھەرىكەتلىنەتتى، قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ پايپاسلايتتى. «ئۇنىڭ نىگاھى نېمىنى ئىزدەيدىغاندۇ؟ بۇ كۆلەڭگە كىم؟ بۆزچى ئۇخلاۋاتامدۇ ياكى چۈش كۆرۈۋاتامدۇ؟» بۆزچى بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمايتتى، كۆزى ئوچۇق، ئەمما قىمىرلىماي ئۆلۈكتەك ياتاتتى. مانا، ئۆيدە يەنە بىر كۆلەڭگە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ئەمدى ئۇلار ئۇچكە ئايلاندى ۋە بۆزچىنىڭ يېنىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ شىۋىرلىشىۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۆزچىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقانلىرى چۈش ياكى ئاللىقانداق سىرلىق كۆلەڭگىلەر ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئوغرىلار ئىدى. بۆزچى قورقۇپ كەتتى، ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ماجالى يەتمىدى، پۇت-قولىدا جان، ۋارقىراي دېسە زۇۋان يوق ئىدى.

ئوغرىلاردىن بىرى بۆزچىنىڭ بېشىغا ئېگىلىپ، ئۇنىڭ كۆزى ۋە ئېغىزىنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆردى - دە، ئوچۇق ئېغىزىنى ئالقىنى بىلەن باستى. بۆزچى ئۇندىمىدى، «ئۇندىمىگىنى ياخشى، زىيان يەتكۈزمەي، قايتىپ كېتىشسە ئەجەب ئەمەس» دېگەن خىيالغا باردى ئۇ. ئەمما نەپەس ئالالماي تېپىرلاشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ئوغرىلارنىڭ تۇرقىنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك ياكى كىمدىنىدۇر بۇ ھەقتە

ئاڭلىغاندەك بولدى ـ يۇ، ئىنىق ئىسىگە ئالالمىدى. ئاخىر، ئۇنىڭ قوللىرىغا جان كىردى — ئىككى قولى بىلەن ئاغزىغا بېسىلغان قولغا يېپىشتى.

— ۋارقىرىمايدۇ! — دېدى ئوغرىلاردىن بىرى باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك پەس ئاۋازدا بۆزچىنى بېسىپ تۇرغان شېرىكىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ. ئاندىن ئۇمۇ بۆزچىگە ئېگىلدى:

— ۋارقىرىمايسەن، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر ۋارقىرىساڭ ئۆزۈڭگە زىيان! بۇگۈنكى دارامەتنىڭ يېرىمىنى بەرسەڭ، ئارىمىز ئوچۇق. ساڭا قول تەگكۈزگۈچى ئىشەك بولۇپ كەتسۇن!

بۆزچى بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، بىر ئاز ئۆزىگە كەلدى ۋە گېلىنى سىلاپ، يىغلىغان ئاھاڭدا:

— سىلەر كىم؟ مەندە ھېچقانداق بايلىق يوق، رەھىم قىلىڭلار، مۇسۇلمانلار! — دېدى خىرىلداپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ؟ ساڭا رەھىم قىلىپ تۇرۇپتىمىزغۇ، — دېدى يەنە ئاشۇ ئاۋاز، — سېنى ئۇجۇقتۇرمىغىنىمىزنىڭ ئۆزى رەھىم قىلغىنىمىز ئەمەسمۇ؟ بوغۇزلىغان بولساق قانداق قىلاتتىڭ؟ — بېلىگە ئېسىلغان غىلاپنى تۇتۇپ قويدى ئوغرى، — بۇ ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە مۇكاپات بېرىشىڭ كېرەك، گېپىم توغرىمۇ؟ قېنى، تېز بول، بارىڭنى چىقار، ۋاقتىمىز قىس. خورازلار چىللىغۇچە قىلىدىغان ئىشلىرىمىز كۆپ.

قورقۇپ تىترەۋاتقان بۆزچىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ ماغدۇرى يەتمىگەنىدى، ئوغرىلار ياردەملەشتى. ئوغرىلاردىن بىرى شام ياقتى. ئەمما، ئۆينى بەك يورۇق بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئىككىنچى قولى بىلەن شامنى توسۇۋالدى. ئۆيئىچى خىرە ـ شىرە يورۇدى. شۇ خىرە يورۇقلۇقتا ئوغرىدىن بىرىنىڭ لېۋىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تاكان چىشلىرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى.

بۆزچىنى ئىتتىردىمۇ ياكى ئۆزى يۇگۇرۇپ باردىمۇ، ئۆزىنى ئۆينىڭ بۇرجىكىدىكى ساندۇقنىڭ ئالدىدا كۆردى. قورقۇشنىڭ

كۆچىدىن بولسا كېرەك، ساندۇقنى قانداق قىلىپ ئاچقىنىنى، ساندۇقتىن بىر ھەمياننى ئېلىپ، ئوغرى بېشى ــ تاكان چىشلىق كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. ئوغرى بېشى ھەمياننى قولىدا ئوينىتىپ، دەڭسەپ كۆردى-دە:

ــ ھەممىسى مۇشۇمۇ؟ ــ دەپ سورىدى بۆزچىدىن.

ــ يالغان ئېيتقان بولسام، ئۈستۈمدە خۇدا تۇرۇپتۇ.

ئوغرى بېشى خۇددى تىرىك مۇردا بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك ئىدى. چۈنكى بۆزچىنىڭ جېنى ئاللىقاچان تېنىدىن چىقىپ كەتكەن، ۋۇجۇدى سوۋۇپ، مۇزغا ئايلانغاندەك ئىدى.

ــ بوپتۇ، گېپىڭىزگە ئىشەندۇق، ــ دېدى ئوغرى بېشى بۆزچىگە رەھىم قىلغاندەك ۋە ھەمياننى سېخىيلىق ۋە پەرۋاسىزلىق بىلەن شېرىكىنىڭ قولىغا بەردى ـ دە، بۆزچىنىڭ يەلكىسىنى «دوستانە» تۇتتى، ــ ئەمدى تەخسىر، گەپ مۇنداق: بىر قەسەم ئىچىپ بېرىسىز ـ دە.

ــ نېمە دەپ قەسەم ئىچەي؟

ــ «ئەگەر قازىغا ئەرز قىلسام، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق بولسۇن» دەپ قەسەم ئىچ!

ــ ئەگەر قازىغا ئەرز قىلسام، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق بولسۇن! ــ ئوغرىنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى بۆزچى.

ــ مانا، ئىشىمىز چىرايلىق پۈتتى، ــ دېدى ئوغرى بېشى بۆزچىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ، ــ بۇنىڭدىن كېيىن تىلىڭغا چىڭ بول، بولمىدۇ، خوتۇندىنمۇ ئايرىلىپ قالما يەنە!

ئوغرىلار كەتكەندىن كېيىن، بۆزچى جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكۈر قىلدى، لېكىن تاڭ ئاتقۇچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. «ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن دەھشەتلىك! ــ بۆزچى كۆزىنى يۇمسا، تاكان چىشلىق ئوغرىنىڭ ئەپتى نامايان بولغىنى بولغان، كۆزىنى ئاچسا يوقىلىدۇ. بۆزچىنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرئاز يەڭگىل نەپەس ئالدى، ــ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ــ دېدى ئۇ

ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، — جېنىمنى ئالغان بولسا قانداق قىلاتتىم؟ مال تېپىلىدۇ، جان تېپىلمايدۇ».

بۆزچى ئۆزىگە ھەرقانچە تەسەللى بەرسىمۇ، ئاشۇ مەنزىرە پات ـ پات كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئوغرىلارغا بولغان غەزىپى ئۆرلەيتتى. مال ئاچچىقى — جان ئاچچىقى، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!

نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ زادى؟ بىر كۈندە تاپقىنى بىر كېچىدە ھاۋاغا سورۇلۇپ كەتسە؟...

بۇخاراغا سىرتتىن ئەلچى كەلدى، كارۋان كەلدى، دېگەن خەۋەر تارقالسا، ھەممە سودىگەرلەر، جۇملىدىن، بۆزچىگە خۇدا بېرىدۇ. لاتا ـ پۇتىنىڭ، ھەتتا ئۆتمەس، چاڭ بېسىپ ياتقان ماتالار ـ نىڭمۇ نەرخى ئېشىپ كېتىدۇ. كىمنىڭدۇر قىممەت ساتقۇسى، كىمنىڭدۇر ئەرزان سېتىۋالغۇسى كېلىدۇ. بۆزچىلەر بولسا بۇ خەۋەرنى ھەممىدىن بۇرۇنراق بىلىشىدۇ ۋە كارۋان كېلىشتىن بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن ئەرزان سېتىۋالىدۇ، كېيىن قىممىتىگە سېتىلىدۇ. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ قولىمۇ پۇل كۆرۈپ قالىدۇ بۇنداق كۈنلەردە.

تۈنۈگۈن سەھەردە كابۇلدىن كارۋان كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن سەئىدئەلى بۆزچى تېزلا چاققان ياردەمچىلىرىدىن بىرىنى كارۋانسارايغا ئەۋەتىپ، كابۇللۇق سودىـ گەرلەرنىڭ قانداق ماتالارغا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى ـ دە، خەۋەر تارقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن بازاردىكى شايىلارنى ئەرزان ھەم نېسىگە سېتىۋېلىپ دۇكىنىغا يىغدى. كېيىن ئۆزى كارۋانساـ رايغا بېرىپ، مالىلىرىغا خېرىدار چاقىرىپ، ئىككى تەڭگىدىن سېتىۋالغان شايىسىنى تۆت تەڭگىدىن پۇل قىلدى.

يوق يەردىن چۆنتىكى قاپاردى. «ئىش بىلگەنگە مىڭ تەڭگە» دېگەن شۇ ـ دە. قانداقلا بولسۇن، بۆزچىمۇ بازار كۆرگەن ئەمەسمۇ؟

مۇسلىم بۆزچىنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۈچ نەپىرى ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى، ئۇلار يېقىن بازاردىكى ئۇستى

قومۇش بىلەن يېپىلغان رەستىلەردە بوز سودىسى بىلەن شۇغۇللىـ
ناتتى. ئاتا بولسا ئوغۇللىرىغا مەسلىھەت بېرىپ، ئىشلارنى باشقۇ
رۇپ يۈرەتتى. كەنجى ئوغلى سەئىدئەلىنى بىلىملىك قىلىش نىيە
تىدە بازارغا يېقىنلاشتۇرماي مەدرىسەگە بەردى. ئەمما سەئىدئە
لىنىڭ ئوقۇشقا مەيلى يوق ئىدى. مەدرىسەگە بىر كۈن بارسا، بىر
كۈن بارمايتتى، ئاساسلىق ۋاقتىنى ئاكىلىرى بىلەن بىللە بازاردا
ئۆتكۈزەتتى. دەرسخانىدا سىقىلىپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا ياقمايتتى،
يۈرىكى سىقىلىپ، يىرىلىپ كېتەي دەيتتى. ئاتىسى بىر نەچچە
قېتىم ئۇنى ئاكىلىرىنىڭ يېنىدا كۆرۈپ غەزەپلەندى، نەسىھەت
قىلدى، تىللىدى، ئۇردى. ئەمما پايدىسى بولمىدى. ئاخىر ئۇنىمۇ
ئاكىلىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇۋەتتى.

سەئىدئەلى سودا ئىشلىرىنى شۇنچىلىك پۇختا ئىگىلىدىكى،
بۇ ساھەدە ئاكىلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئىشەلمەيتتى. ئۇ ئائىـ
لىلىك بولغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا دۇكان ئاچتى. شۇ پەيتكىچە
بوز سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن سەئىدئەلى دوستلىرىدىن
قەرز ئېلىپ، بىر نەچچە قېتىم ئىرانغا بېرىپ كېلىپ، خېلى كۆپ
مەبلەغكە ئىگە بولدى، شەھەرنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئورۇن ئېلىپ،
قىممەت باھا ماتالار سودىسىنى يولغا قويدى...

ئارقا ــ ئارقىدىن ئامەتى كېلىۋەرگەچكە، سەئىدئەلى بوزچىـ
نىڭ نەزىرى ئۈستۈن ئىدى. بىراق بۈگۈن...

سەئىدئەلى بوزچى تاڭ سەھەردە بالىخانىدىن چۈشتى ــ دە،
تەرەت ئېلىپ، بامداد ئوقۇدى. ھەر كۈنى ئىچىلىپ ــ يېيىلىپ
ئولتۇرىدىغان ئادەم داستىخان ئەتراپىغا كېلىپ ماتەمداردەك
ئولتۇردى. ئۆيدىكىلەر ئۇنى چارچىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى.
بوزچى بولسا ئۆز يېغىدا ئۆزى قورۇلۇپ يۈرۈۋەردى...

پەرپى ئوغرى ئىشىنىڭ بۇ قەدەر ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىدىن
مەمنۇن ئىدى. ئۇ شېرىكلىرى بىلەن بوزچىدىن ئۇنگەن ئولجىنى
بۆلۈشتى. ئاندىن ھەممىسى شەپەرەڭلەردەك ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ،

غايىب بولـۇشتى. ئەمـدى ئۇلارنى ھەرقـانچە ئىـزدىسـڭـىزمۇ تاپـال-مايسىز.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مۇھتەرەم ئوقۇغۇچىلارغا پەرپى چەپە-نىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس. ئەگەر بۇلارغا ئوقۇش زېرىكىشلىك تۇيۇلسـا، بۇ لەۋھەنـى تاشلاپ ئۆتـسىمۇ بـولىۋېرىـدۇ. چۈنكى ھەممە ئوغرىلار بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ.

پەرپىنىڭ لەقىمى «چەپەنى»، ئۇ ھەر قانداق نەيرەڭ ۋە قىڭغىر ئىشلارغا ئۇستا پەرەڭلەردىن. ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ مۇشۇكىنى «پەش» دېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدىن قازى، مىڭبېشى، شەھەر ھاكىمى دېگەنلەرگە ئەرز قىلىش باشقا بالا كۆپەيتىش بولىدۇ.

بالىلىق دەۋرىدىكى كېسەللىك سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، پەرپىنىڭ يۈزلىرى ياڭاق پوستىدەك قوتۇر ئىدى. ئۇ تاكان چىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پات - پات لەۋلىرىنى جۈپلەشكە ئۇرۇناتتى، ئەمما يەنە چىشى كۆرۈنۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە ئېغىزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرىدۇ. دېمەك، پەرپىنىڭ كەسپىگە يارىشا چىراي - تۇرقىمۇ قورقۇنچلۇق. نېمە دېگۈلۈك، خۇدا ئادەملەرنىڭ چىراي - تۇرقىنى ئىش - كەسپىگە قاراپ يارىتامدىكىنتاڭ؟ ئوغرى - قاراقچىلىقنى كەسىپ قىلغان چەپەنىنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى خۇنۈك ئىدى. ئەنە شۇ خۇنۈك ئەپتى، ئالىيىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن بىر قاراپلا ھەر قانداق رەقىبىنىڭ جېنىنى ئالاتتى. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، لېكىن ئەپچىل، چاققان ئىش - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ غەيرەتلىك، يۈرەكلىك ۋە ئۆز ئىشىغا پىششىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى...

ھېچكىم ئانىدىن ئوغرى - كاززاپ بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. پەرپىمۇ شۇنداق، ئۇ ئەسلى سەھرادا چوڭ بولغان غەمسىز بالا ئىدى. بالىلىقىدا كۆپ قېتىم كېسەل بولغان، جۇملىدىن، يۈزىگە پات - پات تېشىپ تۇرغان سۇچېچەك ئىزلىرى ئۇنىڭغا بالىلىقنى، كېسەلچان

كۆنلىرىنى ئەسلەپ تۇرىدىغان تامغا بولۇپ قالدى. سۇچېچەك ئىزلىرى ئۇنى خۇنۇك كۆرسىتەتتى. تەكتۇشلىرى مەسخىرە قىلىپ كۇلۇشكىنىدە تەپ تارتماستىن ئىككىسىگە تەڭ تاشلىنىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى قاپ يۈرەك بولۇپ، ھەتتا ئۆزىدىن چوڭ باللارغىمۇ زوراۋانلىق قىلاتتى.

پەرپى ئاتىسىنى ئەسلىيەلمەيدۇ، ئاتىسى پەرپى تۇغۇلۇپ بىر يىل ئۆتكەندە ئۆگزىدىن يىقىلىپ ئۆلگەن، ئاردىن بەش يىل ئۆتۈپ ئانىسى كېسەللىك سەۋەبلىك ئالەمدىن ئۆتتى. بالا قولى ناھايىتى قىسقا ئاچىسىنىڭ ئالدىدا قالدى. ئاچىسىنىڭ ئېرى چوپان بولۇپ، كۆنى قويلارنىڭ ئارقىسىدا ئۆتەتتى، تاپقىنى ئائىلىسىگە ئاران يېتەتتى.

پەرپىنىڭ بويى ئۆسۈپ، تاغىسى ئۇچۇن قول - قاناتقا ئايلاندى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قوي باقتى، ئائىلىدىكى باشقا ئىشلاردا ئاچىسىغا ياردەم بەردى. ئۇ كۆپىنچە تاغىسى بىلەن دالادا بولاتتى. بىر كۆنى دالادا قوي بېقىپ يۈرگەندە تاغىسى ئۇنى ئاللىقانداقتۇر بىر ئىش بىلەن قىشلاققا ئەۋەتتى. قىشلاققا كىرىشكە ئاز قالغان يەرلەردە ئادەملەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى كۆپ ئىدى. شۇ يەرلەرنىڭ بىرىگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغان بولۇپ، قوغۇنلار ئەمدى سويمىغا ئايلانغانىدى. بالىنىڭ سويمىغا ھەۋىسى كەلدى، بىرنى ئۈزۈپ يېگۈسى كەلدى. بويىنىنى سوزۇپ تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئاستا مېڭىپ كېۋەزلىككە كىردى، بىر دانە سويمىنى ئۈزدى، يەنە ئارقىسىغا ئۆمۈلەپ چىقتى. ئۇ سويمىنى ئاچىسىنىڭكىگە ئېلىپ بارماقچى بولۇپ يولغا چۈشتى، لېكىن قىشلاققىچە سەۋر قىلالمىدى، بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇردى - دە، سويمىنى تىزىغا ئۇرۇپ ياردى، ئاندىن پارچىلاپ يەۋەتتى.

قوغۇنلۇقنىڭ قاراۋۇلى سالى بوۋاي بالىنىڭ ھەممە ھەرىكەت-لىرىنى كۆزىتىپ، ئارقىسىغا چۈشكەنىدى. پەرپى سويمىنى يەپ،

دۇئاغا قول جۇپلىگەندە سالى بوۋاي ئۇنىڭدىن ئۇن قەدەمچە يىراقتا ئىدى، بالىنىڭ دۇئاغا قول ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا توختاپ قالدى. پەرپى تاغىسىدىن ئۆگەنگەن «شىرىن ئاۋات، مەنزىل ئاۋات، ئەتكەن ـ تىككەن دېھقان بوۋايغا رەھمەت» دېگەن كەلىمىنى ئېيتىپ دۇئانى تاماملاپ، ئورنىدىن تۇرغاندى، سالى بوۋايغا كۆزى چۈشتى. ئەمما قېچىش ـ قاچماسلىقىنى بىلەلمەي، تۇرغان جايىدا قېتىپ قالدى.

سالى بوۋاي ئۈندىمىدى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. چالنىڭ ئۈندىمىگەنلىكى بالىنى ئەجەبلەندۈرسە، بىر تەرەپتىن ئۆزىمۇ ئۇيۇلۇپ قالدى. ئەپسۇسكى، پەرپىنىڭ كېيىنكى ھاياتىغىمۇ شۇ سالى بوۋاينىڭ بىر ئېغىز گېپى سەۋەبچى بولدى.

بىر كۈنى قىشلاقتا قىيا ـ چىيا بولۇپ كەتتى. پەرپى يايلاقتىن قايتىۋاتقاندا دەل شۇ توپىلاڭغا دۇچ كەلدى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ بىر نەچچە تال توخۇ پېيىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى ئويۇن قىلىپ كەلگەنىدى.

ـــ قۇمرى ھەدىنىڭ تۆت توخۇسىنى بىرى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ! ـــ دەپ جار سالاتتى قىشلاق ئاقساقىلى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي، ـــ ئىنساپ قىلىشسا بولمامدۇ؟! بىر بىچارە موماينى قان قاقشىتىش ئۇيات ئەمەسمۇ!

ئاقساقال سۆزلەۋېتىپ پەرپىنىڭ قولىدىكى توخۇ پېيىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا يېپىشتى:

ـــ مانا، ئوغرى ئۆز ئايىغى بىلەن كەلدى! بۇ يېتىم ئوغلاقتىن باشقا ئادەم بۇنداق قىلىقنى قىلمايدۇ! قېنى ئېيتە، توخۇنى نېمە قىلدىڭ؟ سويدۇڭمۇ؟ بۇ پەيلەر ئاشۇ توخۇلارنىڭكىمۇ؟ ـــ ئاقساقال بالىنىڭ قولىدىكى پەيلەرنى زەردە بىلەن يۇلۇپ ئالدى. پەرپى بولسا، نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ـــ مەن بۇلارنى يولدىن تېرىۋالدىم، ـــ دېدى پەرپى ئۆزىنى ئاقلاپ، ـــ مەن توخۇ كۆرمىدىم.

— يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن! — بېسىمغا ئالدى ئاقساقال، — راستىڭنى ئېيت، توخۇنى سەن ئوغرىلىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

پەرپى ئەمدىلا ئېغىزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئاقساقال ئۇدۇلىدا تۇرغان سالى بوۋايدىن سورىدى:

— سالى بوۋا، سىز دەپ بېقىڭە، بۇ بالىنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

سالى بوۋاي پەرپىنىڭ چىرايىغا بىر قارىدى ـ دە، ھېلىقى قوغۇن ۋەقەسى ئېسىگە چۈشتى.

— بۇ سېپى ئۆزىدىن ئوغرىغۇ! — دېدى سالى بوۋاي پەرپىگە ھۆرپىيىپ، — گېپىم توغرىمۇ؟

پەرپىنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلدى. بار ئاۋازى بىلەن «مەن ئوغرى ئەمەس!» دەپ ۋارقىرىماقچى ئىدى، لېكىن ئاۋازى چىقماي قويدى. مانا، شۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ ئېكىدا ئادەملەرگە نىسبەتەن ئىشەنچ يوقالدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ يۈزىگە، كۆزىگە قارىيالمىدى. يۈلقۇنۇپلا ئاقساقالنىڭ قولىدىن چىقتى ـ دە، كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەرپىنى بۇ قىشلاقتا خېلىغىچە ھېچكىم كۆرمىدى...

پەرپى چەپەنى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاز ـ ئازدىن بۆلۈپ بۇنىڭدىن كېيىنكى بابلاردا يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ھازىرچە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىمىز.

نەسىردىن ئەپەندى بىر سىقىم رەيھان بىلەن يەلپۈنۈپ ئولتۇرغاندا، يۈزى سوزۇنچاق، ساقىلى چىرايلىق ياسالغان، سېمىز بېشىغا يېشىل سەللە، ئۈستىگە كەڭ يەڭلىك شايى چاپان كىيىۋالغان سەئىدئەلى بۆزچى كېلىپ، كارىۋاتقا چىقتى ۋە سالاملاشقان بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. شۇ ھامان سەپەر شاھچى ئۇنىڭ بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ:

— قەدىمىڭىزگە مەرھابا، سەئىدئەلى ئاكا! — دېدى ناھايىتى

خۇشاللىق بىلەن، — سەپەرگە كەتكەن دەپ ئاڭلىغانىدۇق، قاچان قايتتىڭىز؟

— ئۆتكەن پەيشەنبىدە، — دېدى بوزچى ھومىيىپ قويۇپ. ئۇنىڭ كەيپىياتى تېزلىكتە سەپەر شاھچىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

— كەيپىياتىڭىز يوقىراق تۇرامدۇ ـ نېمە؟ تىنچلىقمۇ ئىشقىلىپ؟

— تىنچلىق، تىنچلىق، — دېدى بوزچى، لېكىن تىنچلىق ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئەپتىدىن مەلۇم ئىدى. مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئاشۇ مۇدھىش كېچە ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىدى، ئۇنى مەجبۇرىي ئۇنۇتۇشقا، بىر دەقىقە بولسىمۇ خىيالىدىن قوغلاشقا ئۇرۇنسىمۇ، ئۇ مېڭىسىنى ئاغرىتىپ، ئىچىگە غۇلغۇلا سالاتتى، نەپرىتىنى ئاشۇراتتى. كۆڭلىدىكى سىقىلىشنى بىراۋغا ئېيتىپ، ئىچىنى بوشاتقۇسى كەلسىمۇ، ئىچكەن قەسىمى سەۋەبلىك ھەلقۇ ـ مىغا تىقىلىپ كەلگەن ئەلىمى يەنە ئارقىسىغا قايتىپ كېتەتتى. كۆزلىرى مەيۈس، ئاۋازى مۇڭلۇق ئىدى، دائىم ئۇھ تارتاتتى، ئىچىدە دەردى بولغاچقا، رەڭگى ـ رويىمۇ سۇنۇق ئىدى.

نەسىردىن ئەپەندى قولىدىكى بىر بوغۇم رەيھاننى قولىقىغا قىستۇردى ـ دە، بوزچىنىڭ چىرايىغا بىر ھازا نەزەر سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— سەپەر ئاكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، چوڭراق سودىگەر بولسىڭىز كېرەك!

ئۇ خۇشياقمىغان ھالدا:

— ھەئە، سودىگەرمەن، — دېدى. ئاندىن سودىگەر بولۇپ قالغانلىقىدىن نەپرەتلەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — سودى ـ گەرچىلىككىمۇ لەنەت بولسۇن! مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەۋدايى بولۇپ يۈرۈپتىمەن... سىزمۇ سودىگەرمۇ؟

— بۇ كىشى نەسىردىن ئەپەندى بولىدۇ، — دېدى سەپەر شاھچى نەسىردىن ئەپەندىنى بوزچىگە تونۇشتۇرۇپ.

— نېمە؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى بۆزچى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي-گەندەك. ئاندىن ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاي دېدىمۇ، قايتا سورىدى، — نەسىردىن ئەپەندى سىز بولامسىز؟

— ھەئە، بۇرادەر، نەسىردىن ئەپەندىمەن!... ھەي، ئەمدى، گەپ قىلىڭ، قېنى، نېمە گەپ؟ نېمىشقا خامۇشلىشىپ قالدىڭىز؟ بېشى-ڭىزغا نېمە سەۋدا چۈشتى؟

سۇ تۇغاننى بۇزۇپ ئۆتكەندەك، بۆزچىدە توساتتىن بىر كۈچ پەيدا بولدى. ئىچ - ئىچىدىن تويان قوزغىلىپ بوغۇزىغا قەسەر يېتىپ كەلدى - يۇ، تاشقىرىغا ئېتىلىپ چىقمىدى. تامىقى كۆيۈ-شۈپ، كۆزلىرىدە ياش دەۋرىدى. ئۆزىنى تۇتالماي يەلكىلىرىنى بىر كۆتۈرۈپ - چۈشۈرۈپ خۇرسىندى.

— ھەي - ھەي... يىغلىماڭ، ئۇيات بولىدۇ! — دېدى سەپەر شاھىچى ئالدىراشلىق بىلەن، — سىزگە نېمە بولدى؟

— ئۆيۈم كۆيدى! — سەئىدئەلى بۆزچى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى، — بار - يوقۇمدىن ئايرىدى!

— قاچان؟— دەپ سورىدى سەپەر شاھىچى ھەيرانلىق بىلەن، — ياخشى ئىش بولماپتىغۇ.

— ئىككى كۈن بۇرۇن. يېرىم كېچىدە قۇرۇقداپ قويىدى نامەردلەر!

— ھەي نامەردلەر! — بۆزچىنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى شاھى-چى، — ھويلىڭىزدا كۈچۈكىڭىز بار ئىدىغۇ؟ ھاۋشىپ سىزنى ئويغاتمىدىمۇ؟

— مۇتتەھەملەر، كۈچۈككە ئالدىن بىر نەرسە ئىچۈرۈۋەتكەن بولسا كېرەك، سەھەردە قارىسام، مىجەزى تۆۋەن، كالتەكلەنگەندەك ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپتۇ. قارىغاندا، ئەمدى ساقىيالمايدىغان ئوخشايدۇ.

— باش - كۆزىڭىزنىڭ سەدىقىسى بولغاي، ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزمەپتۇ. شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭ، تەخسىر. ئاقچا قولىنىڭ

كىرى، جان ئامان بولسۇن. سىزگە بىرەر زىيان يەتكۈزگەن بولسا، نېمە قىلاتتىڭىز؟

— قولىڭىز بەك كىرمىدى؟ — گەپكە ئارىلاشتى نەسىردىن ئەپەندى.

— نېمە؟ — گەپنى چۈشەنمەي قالدى بۆزچى.

— ئاقچا كۆپمىدى، دەپ سوراۋاتىمەن؟

— ھەئە، بىرئاز بار ئىدى، — بۆزچى يىغلىغۇدەك بولۇپ جاۋاب بەردى، — ئاشۇ كۈنى كابۇلدىن كارۋان كەلگەنىدى، كارۋاندىكىلەرگە لاتا ـ پۇتا ساتقانىدىم. شۇ پايدىنىڭ ھەممىسى كەتتى ـ دە.

— سىز بۆزچىمۇ؟

— ھەئە، بۆزچى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ بۆزچى ئىدى.

— سىزنى بىر كىشىگە ئوخشىتىۋاتىمەن. مۇسلىم بۆزچىنىڭ ئوغلى بولۇپ قالماڭ يەنە؟

— پەدەرىمنى قانداق تونۇيسىز، بۇرادەر؟ — بىردىنلا نەسىر - دىن ئەپەندىگە چەكچىيىپ قارىدى بۆزچى.

— بىر چاغلاردا مەنمۇ بۆز توقۇپ، تىرىكچىلىك قىلغانمەن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ، — پەدەرىڭىز مېنىڭ بۆزلىرىمنى سېتىپ بېرەتتى. ناھايىتى ياخشى قەدىر - دانلاردىن ئىدۇق. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك! مەن كۆرگەندە يەتمىشكە بارغانىدى.

— خېلى بولدى ئالەمدىن ئۆتكىنىگە.

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى دۇئا قىلىپ، — لېكىن ئوغرى دېگىنىڭىز چاتاق بولۇپتۇ.

— نېمىسىنى ئېيتىسىز، — دېدى بۆزچى ئۆرتىنىپ، — يەر يۈزىدە ئوغرى ـ كاززاپلار كۆپىيىپ كەتتى ھازىر...

— ئۆزىڭىزمۇ خۇداغا ياقمايدىغان بىرەر ئىش قىلغانسىز بەلكىم؟ سەۋەبسىز پۇتقا تىكەن كىرمەيدۇ ئەمەسمۇ! پادىشاھ ئەنۇ - شىرۋاننىڭ كىملىكىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟

— ئاڭلىغان، بۇرادەر، ئاڭلىغان!

— ھە، ياشاپ كېتىڭ! ئول زات بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ، ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەندە، بىر پىيادە كىشىنىڭ تاش ئېتىپ بىر ئىتنىڭ پاچىقىنى سۇندۇرۇۋەتكىنىنى كۆرۈپتۇ. ئەجەب-لىنەرلىكى، بىر نەچچە قەدەم يول يۈرگەندىن كېيىن ئەنۇشىرۋانى ئادىلنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىككى پاچى-قىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي بىر تۆشۈككە پۇتى سىيپى-لىپ، ئاتنىڭمۇ ئىككى پاچىقى سۇنۇپ كېتىپتۇ، — دېدى نەسىر-دىن ئەپەندى ۋە ھېكايەتتىن خۇلاسە چىقاردى، — دېمەك، تەخسىر، بۇ دۇنيادا ھەربىر ياخشىلىق مۇكاپاتسىز، ھەربىر يامانلىق جازا-سىز قالماس!

بۆزچى ئوڭايسىزلاندى ۋە بىئاراملىق بىلەن قىمىرلاپ قويدى. بارچە ھېس - تۇيغۇلىرى ئېرىپ تۈگكەن شامدەك لىپپىدە ئۆچتى، قەلبىدە چۈشىنىكسىز ۋەھىمىلىك خۇدۇكسىرەش پەيدا بولدى.

— قايسى گۇناھىم ئاللاھقا ياقمىغاندۇ؟ قايسى قەدىمىم خاتا بولغاندۇ؟ مەن بىراۋنىڭ پاچىقىنى سۇندۇرمىغاندىمغۇ!

— بىرەرسىنىڭ كۆڭلىنى ئورۇنسىز ئاغرىتقان بولسىڭىز، خۇدا سىزنى چىقىمدار قىلغاندۇ، بەلكىم!

— ئېھتىمال بازاردا بىرەرسىگە قاتتىق گەپ قىلغاندۇرمەن، كىم بىلىدۇ، دەيسىز؟ بىئەيىب پەرۋەردىگارا!

— قازىغا ئەرز قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.

توساتتىن سورالغان بۇ سوئال بۆزچىگە قەسىمىنى ئەسلەتتى. ۋۇجۇدىنى ئاللىقانداقتۇر غەلىتە ئەنسىرەش چۇلغىۋالدى.

— قازىغا ئەرز قىلالمايمەن! — دېدى ئۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئەجەبلەندى نەسىردىن ئەپەندى، — نېمە ئۈچۈن قازىغا ئەرز قىلالمايسىز؟ سەۋەبى نېمىدۇر؟ قازى جانابلىرى ئادالەتنى ياقلىماسمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى بۆزچى، — مەن قەسەم ئىچكەنىدىم.

— كىمگە، نېمە دەپ قەسەم ئىچكەنىدىڭىز؟

— ئوغرىلارغا، «قازىغا ئەرز قىلسام، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق بولسۇن» دېگەنىدىم.

— قىزىق، ئۇنداقتا سىز، ئوغرىلارنى تونۇيدىكەنسىز - دە؟

— تونۇيمەن! — دېدى - يۇ، بىردىن كۆز ئالدىنى قېلىن تۇمان قاپلاپ كەتتى، — ياق، ياق، تونۇمايمەن!

— سەئىدئەلى ئاكا، قورقماڭ، ئېيتىڭ، كىم ئىدى ئۇ بەچچىغەر؟ — ئىلهام بەردى سەپەر شاھىچى.

— ئىسمىنى ئېيتالمايمەن، دېدىمغۇ! — دېدى بۆزچى ئىلاجىسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ، — قەسەم تىلىمنى تۇگۇپ قويغان!

— دېمەك، سىز ئوغرىنى تونۇيسىز، لېكىن كىملىكىنى ئېيتالمايسىز، ئېيتماسلىقىقا قەسەم ئىچكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئاچچىق ئىستېھزا بىلەن. بۆزچى كۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ھەرىكەت قىلسىمۇ، خۇددى ئۇنى نەسىردىن ئەپەندى سېھىرلەپ قويغاندەك، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ ئولتۇرىۋەردى.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئاستى لېۋىنى چىشلەپ، — سىز ئوغرىنى تونۇيسىز، لېكىن قەسەمنى بۇزۇپ، قازىغا ئەرز قىلالمايسىز؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئوغرىنىڭ ئەدىپىنى ئۆزىمىز بېرەرمىز!

— نېمە قىلماقچىسىز، نەسىردىن؟ ئوغرىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى سەپەر شاھىچى.

— ئوغرىنىڭ كىملىكىنى سەئىدئەلى ئاكىنىڭ ئۆزى ئېيتىدۇ! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى تامدىن تارىشا چۈشكەندەك، — ھەئە، ئوغرىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىدۇ!

— قەسەم ئىچكەن تۇرسام، قانداق ئېيتىمەن؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بۆزچى.

— ئېيتىسىز، بۇنىڭ يولى بارا — دېدى نەسىردىن ئەپەندى بۆزچىنى خاتىرجەم قىلغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، — هېچبولمىسا، ئوغرىنىڭ قايسى مەهەللىدە ياشايدىغانلىقىنى ئېيتىسىزا!
— ئېيتالمايمەن!
— هېچبولمىسا، ئاشۇ مەهەللىدىكىلەرنىڭ جۈمە نامىزىنى قايسى مەسچىتتە ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلەرسىز؟
— كىچىك ئېرىق مەسچىتىدە.
— تىلىگىنىز بار ئىكەنغۇ! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — ئوغرى جۈمە نامىزىنى كىچىك ئېرىق مەسچىتىدە ئوقۇيدۇ. پېشىن بولاي دېدى. مەن قازىنىڭ مۇلازىمىنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارىمەن. سىزمۇ نامازنى ئاشۇ مەسچىتتە ئوقۇيسىز. پەقەت نامازدىن كېيىن ھەممىدىن بۇرۇنراق چىقىسىز، ئۇنىڭغىچە مەن مۇلازىم بىلەن سىزنى تاشقىرىدا ساقلاپ تۇرىمەن. سىزنى مۇلازىم بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۆزۈم بۇ ياققا قايتىمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەدەردىڭىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولىۋاتىدۇ، شۇنى ئۇنتۇماڭ!
— كېيىن نېمە قىلىمەن؟
— مەسچىت ئىشىكىدىن چىقىۋاتقانلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىسىز. مۇلازىم ھەر چىققان ھەربىر كىشىنى سىزگە كۆرسىتىپ: «شۇمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سىز «ياق، ياق» دەپ تۇرىسىز. مۇبادا ئوغرىنى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئۈندىمەيسىز، «ھەئە» مۇ، «ياق» مۇ دېمەيسىز. ئۈندىمىگەن كىشىڭىز ئوغرى بولۇپ چىقىدۇ.
— ئۈندىمىسەممۇ مۇلازىم ئوغرىنى تونۇيالامدۇ؟
— سىزنىڭ ئۈندىمىگىنىڭىز ئوغرىنى كۆرسەتكىنىڭىز بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، قەسىمىڭىزدە تۇرغان بولىسىز، مۇلازىم بولسا ئوغرىنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ، سوتلاشقا تاپشۇرىدۇ. خوش، ئاشۇ ئوغرى بىلەن يۈزمۇيۈز كېلىشكە تەييارمۇسىز؟
— تەييارمەن، — دېدى بۆزچى تىترەپ تۇرۇپ...
كىچىك ئېرىق مەسچىتى جۈمە نامىزىغا كەلگەنلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ئىمام نامازدىن بۇرۇن تەبلىغ قىلىپ، بارچىنى دىيا-

نەتكە، ياخشى ئەمەللەرنى ئادا قىلىپ، ياراتقۇچىنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولۇشقا، مۆمىنلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە چاقىرىق قىلدى. ئوغرىلىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ هاراملىقىنى، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ هەققىنى يېيىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ خۇتبە ئوقۇدى. كېيىن ناماز ئوقۇشقا شۇرۇ قىلىندى. شۇ هالەتتە تۆت رەكەت سۈننەت، ئىككى رەكەت پەرز ۋە يەنە تۆت رەكەت ئاخىرقى سۈننەت نامازلىرى ئوقۇلۇپ، جۈمە نامىزى ئادا قىلىندى. دۇئايى ـ پاتىھەدىن كېيىن نامازخانلار ئاستا ـ ئاستا تاشقىرىغا چىقىشقا باشلىدى.

سەئىدئەلى بۆزچى مەسچىتتىن چىقىشقا ئوڭايراق بولۇشىنى ئويلاپ، ئارقىدىراق ئولتۇردى ۋە ناماز ئاخىرلىشىشى بىلەن تېزلىكتە تاشقىرىغا ئېتىلدى ـ دە، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان زامانئەلى بىلەن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. نەسىردىن ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى غايىب بولدى.

ئوغرى دېگەننىڭ تائىپىسى، ئىش ـ هەرىكىتى هەرخىل بولىدۇ: بەزىلىرى پىنهاندا مارىلاپ تۇرسا، بەزىلىرى يوشۇرۇنماي ئوچۇق ـ ئاشكارا قول سالىدۇ. بەزىلىرى كۈندۈزى هەرىكەتلەنسە، بەزىلىرى كېچىسى ئۇۋىسىدىن چىقىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئېتىزلىقلاردا مۆكۈنۈپ پۇرسەت كۈتىدۇ. شۇنداق ئوغرىلارمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى بىر كۆرۈشتىلا قورقۇشتىن يۈرىكىڭىز يېرىلىپ، مال ـ مۈلۈكمۇ كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەي، ئارقىڭىزغا قارىماي قاچىسىز. لېكىن شۇنداقلىرىمۇ باركى، تۈن كېچىلەردە قىلغۇلۇقلىرىنى قىلىپ، كۈندۈزى ئەل قاتارى ياكى ئۆزلىرى زىيان سالغان ئادەم بىلەن بىر مەسچىتتە يانمۇيان ئولتۇرۇپ ناماز پەرزىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ، دەردىڭىزنى ئېيتقۇڭىز، يۈرىكىڭىزنى بوشاتقۇڭىز كېلىدۇ. ئۇلار بولسا كۆڭۈلچەكلىكىڭىزگە خائىنلىق، ئىشەنچىڭىزگە نامەردلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

پەرپى چەپەنى تۇندە ئۇۋىسىدىن چىقىپ، كۇندۇزى نامىزىنى قازا قىلمايدىغان ئوغرىلاردىن ئىدى.

— ئۇنى مۇشۇ يەردە، كۆرۈپ قالدىم، — دېدى بۆزچى زامانئەلىنىڭ قولىقىغا شىۋىرلاپ ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئورۇن ئالدى.

پەرپى چەپەنى ھاڭۋاقتىلاردىن ئەمەس، ھەربىر قەدىمىنى ئويلاپ باسىدۇ، تۆت ئەتراپىغا ھوشيار تۇرىدۇ. ئۇ ناماز ۋاقتىدا سەئىدئەلى بۆزچى بىلەن بىر قاتاردا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سەككىز - ئون كىشىدىن كېيىن ئولتۇرغانىدى، ناماز ئاخىرىدا سول تەرىپىگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكەتۇھ» دەپ سالام بەرگىنىدە بۆزچىگە كۆزى چۈشتى.

چەپەنى مەسچىتتىن چىقماي تۇردى، بۆزچىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتى. بۆزچىنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ، زامانئەلىنىڭ قولىقىغا شىۋىرلىغانلىقىنى يىراقتىن كۆردى. چۈنكى چەپەنى زامانئەلىنىڭ قازىنىڭ مۇلازىمى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە بىر گەپ بارلىقىنى دەررۇ سەزدى ۋە ئېھتىيات قىلىپ، مەسچىتنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ، غايىب بولدى.

مەسچىتتىن ئىمام بىلەن قازى چىقىشقاندىن كېيىن، ئىچكىرىدە ھېچكىم قالمىدى.

— قېنى ئۇ؟ — دەپ سورىدى زامانئەلى بۆزچىگە بوينىنى سوزۇپ، — چىقمىدىغۇ؟

بۆزچى ساراسىمىگە چۈشتى.

— قېچىپتۇ! — دېدى ئۇ ئارقىسىغىمۇ، ئوڭ - سولغىمۇ قارىيالماي. بۇ چاغدا قازىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى، شۇڭا بۆزچىنىڭ «قېچىپتۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدى.

— كىم قېچىپتۇ؟ — قازى بۆزچىدىن ئەمەس، زامانئەلىدىن سورىدى.

زامانئەلىنىڭ بۇ سىرنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمەي:

— ھېچكىم، — دېدى سەل ئېگىلىپ، — ھېچكىم، تەخسىر!

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## پىتنىنىڭ بېشى

پەرپى چەپەنى كەچكە يېقىن قازىخانا ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىشىككە تەلمۈرۈپ، زامانئەلىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتتى. زامانئەلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تۆت ئەتراپقا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇپ، غىپپىدە ئىچكىرىگە كىردى ۋە قازى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۈگۈنكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. گېپىنىڭ ئاخىرىدا:

— بۇ ئىشتىن قول ئۈزمەكچىمەن، — دېدى ئاستاغىنە، — مېنىڭ ئىزىمغا چۈشكەندەك تۇرىدۇ، بۈگۈن سەزدىم.

— كىم؟ — دەپ سورىدى قازى بىتاقەت هالدا قىمىرلاپ قويۇپ، — كىم سېنىڭ ئىزىڭغا چۈشۈپتۇ؟

— مۇلازىمىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كىشىمۇ بار. كىملىكىنى بىلىشكە خېلى هەرىكەت قىلساممۇ، بىلەلمىدىم. بۇ يەرلىك ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. بەدەل كاللىدىن سوراپ بىلمەكچى بولدۇم. ئەمما ئۇمۇ بىلمەيدىكەن. شۇڭا سەۋر قىلماقچى بولدۇم. لېكىن كۆپ كۈتمىدىم. شادىمان غىلەي ئۇنىڭ كىملىكىنى ئىتتىكلا بىلىپ بەردى.

— كىم ئىكەن ئۇ كاساپەت؟

— نەسىردىن ئەپەندى ئىكەن. بىلىسىز، ئۇ تۇتقان جايىنى ئۈزۈۋالمىسا، بولدى قىلمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالمىسام، سىزگىمۇ گەپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتتىمەن، تەخسىر. يېقىنقى كۈنلەردە ئوغرى يول توسارلارنىڭ ئىشلىرى ئەمىرنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنى

دەرغەزەپ، دېيىشىدۇ. ئاخشام بازاردا «ئوغرى يول توسارلارنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە مۇكاپات بار» دەپ جار سالدۇردى. شۇڭا، بۇ يەرلەردە يۈرۈشۈم ناھايىتى خەۋپلىك. ئەگەر كېرەك بولۇپ قالسام، سىنچىغا ئېيتسىڭىز، مېنى تېپىپ بېرىدۇ.

قازى تەمتىرەپ قالدى، ئۇنىڭغا پەرىي چەپەننىڭ ئوبدانلا ياردىمى تېگىپ تۇراتتى. ئەگەر چەپەنى ئۆزىنى دالدىغا ئالسا، بەزىد- بىر قىڭغىر ئىشلىرىنى كىم ئارقىلىق بىجىرىدۇ؟ ھازىر چەپەنگە يۈرۈنقىدەك بىمالال ياشاۋەر، دېيەلمەيدۇ. چۈنكى، تاساددىپىي ئۇ قولغا چۈشۈپ قالسا، چەپەنى ئېيتقاندەك، ئۆزىگىمۇ گەپ كېلىشى مۇمكىن.

ـــ بوپتۇ، مەلۇم ۋاقىت بىرەر جايدا مۆكۈنۈپ يۈر، ـــ دېدى قازى، ـــ شەھەر تىنچىغاندا، قايتارسەن. لېكىن ئۆلۈك ـ تىرد- كىڭنى مەلۇم قىلىپ تۇر، يوقاپ كەتمە!

چەپەنى خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قازىنىڭ مۇشتلىرى قاتتىق تۈگۈلدى. بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولۇۋاتقان ۋەقە- لەرنى ئۆزىچە تارازىغا سېلىپ كۆردى. بەزىسىدىن سۆيۈندى، بەزد- سىدىن قىمزىدى. «قانداقلا قىلىپ بولسۇن، مۇلازىم بىلەن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ دوستلىشىشىغا يول قويمايمەن، قەتئىي قارارىم شۇ!» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى قازى ۋە ئەتە زامانئەلىنى ياخشىراق ئۇچۇغداشنى كۆڭلىگە تۈگۈپ، ئورنىدىن قوزغالدى...

قازى كېچىسىمۇ ئەتە زامانئەلىنى قانداق ئەدەپلەشنى، گەپنى ئاۋۋال نېمىدىن باشلاشنى ئويلاپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۆزى بىلىدىغان بارلىق تۈزلۈق سۆزلەرنى بىر يەرگە توپلىدى. سەھەردە زامانئەلى كەلگىچىمۇ خېلى گەپلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. نەسىردىن ئەپەندىنى ئويلاپ، پىغانى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. «بۇ كاسا- پەتنىڭ قازىلىقا ھەۋسى بار ئوخشايدۇ. تېزراق پېيىنى قىرقىد- مىسام، ئاۋامنى ئاينىتىپ، ئۆزىگە تارتىدۇ. مەن بولسام چەتتە قېلىپ كېتىمۇېرىمەن. قازىلىقتىن چۈشسەم، مەن كىم بولۇپ قالد-

مەن؟ ھېچكىم! ئاخىر، ئادەملەر مېنى ئەمەس، مەنسىپىمنى ھۆرمەت قىلىدىغۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ مەنسەپنى ئۆلسەممۇ ھېچكىمگە بەرمەي-مەن!»

ئاچچىقىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان قازى زامانئەلىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ـ دە، بىردىنلا غەزىپىنىڭ باشپىغىنى قويۇپ بەردى:

— سەن نەسىردىن ئەپەندىنى بۇرۇندىن تارتىپ بىلىسەن! — دېدى تىترەك ئاۋاز بىلەن ئاچچىقلاپ، — لېكىن يوشۇردۇڭ! ئۇ تەنەباي بىلەن جاڭجاللىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ سېنىڭ ئاياغ ئېلىشىڭ باشقىچە بولۇپ قالدى. نېمە دېسەم، تەتۈ-رىنى قىلىسەن. بەلكىم ئۆزۈڭچە، مېنى ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، دېسەڭ كېرەك! مەن ھەممىسىنى بىلىپ يۈرۈۋاتىمەن! يەرنىڭ تېگىدە يىلان قىمىرلىسا بىلىمەن! مېنى ئەخمەق دەپ ئويلىساڭ، خاتالاشقان بولىسەن. مەن سەن ئويلىغان ئەخمەقلەرگە دەرس بېرىدىغانلاردىن. مىڭ ئەخمەقنىڭ بولسىمۇ يىغ، ئالدىمدىن ئۆتسۇن!

زامانئەلى غوجىسىنىڭ ھەممە گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى.

— تەخسىر، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — تەمتىرىگەن ھالدا سورىدى قازىدىن.

— نەسىردىن ئەپەندىنى سوراۋاتىمەن، — دېدى قازى توۋلاپ، — ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ تونۇشلۇقۇڭ بار ئىكەن، دەۋاتىمەن!

قازى پۈتۈنلەي تەلۋىگە ئايلانغان بولۇپ، نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ۋەھىمىدە ياشايدىغان بولۇپ قالغانىدى. خۇددى بىر كۈنى تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، بىر پارچە ئۇچقۇن ئۇنى پارە ـ پارە قىلىپ، مىجىقلاپ تاشلايدىغاندەك بىلىنەتتى. كۆزىگە پات ـ پات ئەنە شۇ چاقماقنىڭ چاقنىغان ئۇچقۇنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ «ھەممىسىنى

بىلىپ يۈرۈۋاتىمەن» دېسىمۇ، ئەسلىدە ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

— تەقسىر، مەن ئۇنى بۇرۇن بىلمەيتتىم ھەم تونۇمايتتىم، — دېدى زامانئەلى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — بىلگەن بولسام سىزگە ئېيتماسمىدىم؟ ئۆزىڭىز «ئىشقا ئالاقىسىز نەرسىلەر بىلەن بېشىمنى قاتۇرما!» دەيتتىڭىز. مەن شۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ يۈردۈم. سىز «مېنى ئەخمەق دەپ ئويلايسەن» دەپ ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسىز. قاچان سىزنى ئەخمەق دەپ ئويلاپتىمەن؟...

قازى پەقەت زامانئەلىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە يېقىن كىشىلەردىنمۇ گۇمانسىرايتتى. ئۇنىڭچە، ھەممە ئادەم يالغانچى، ئۇنى ھەممە ئادەم ئالدايدۇ.

— مەمەدانلىق قىلما! ئەگەر ئەپەندى بىلەن يېقىنچىلىقىڭ بولسا، ئېيتىپ قوياي: مەن بىلەن ئويناشمىسۇن! قىلىۋاتقان قىلمىقلىرى مانا بۇ يېرىمگە كەلدى! — قازى گېلىنى قولى بىلەن «كەستى»، — كۆچۈككە ئوخشاش مېنىڭ ئىشىمغا تۇمشۇقىنى تىقىپ، ئىشىمنى ئاقسىتىمەن دېمىسۇن! بىر قويىمەن، ئاغرىقىغا چىدىيالماي ئىگراپ سالىدۇ بىكارا!

زامانئەلى:

— ئۆزىڭىز... — دەپ ئەمدىلا گەپ باشلىۋېدى، قازى سىلكىنىپ ۋەتتى:

— ھە، مەن نېمە؟

— ئۆزىڭىز ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق تۇرۇپ، «ياقتۇرمايمەن» دەيسىز؟ قايسى گېپىڭىزگە ئىشىنەي؟ ئەگەر بىلسىڭىز، سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن نەسىردىن بىلەن گەپلىشىۋاتىمەن. بولمىسا، ماڭا نېمە زۆرۈرىيىتى؟ ئۇنىڭسىز كۈنۈم ئۆتمەمدۇ مېنىڭ؟ — زامانئەلى بۇلارنى پەقەت مالامەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئېيتىۋاتقانىدى.

— مەنمۇ چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن، — دېدى

قازىمۇ، — ئىچىمدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ ئۇنى. شۇنداقمۇ سوغۇق ئادەم بولامدۇ؟ قىلچە ئەندىشىسىز قەلەمپۇر چايناپ يۈرىدۇ بۇ! ھەممىنىڭ ئىشىغا بۇرنىنى سوزىدۇ. بۇنداقلار باي بولساڭ، كۆرەلمەيدۇ؛ نامرات بولساڭ، بېرەلمەيدۇ. شۇنداقلارنى نېمە ئۈچۈن تېزراق يەر يۇتۇپ كەتمەيدىغاندۇ ـ ھە؟ مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئۆلمەيدىكەن دېسە...

قازىنىڭ گەپلىرىدىن كۆيگەن لاتىنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇ ھەرقانچە سالاپەت بىلەن گەپ قىلسىمۇ، يەنىلا ئىپلاسلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قازى ئەسلىدە نەسىردىن ئەپەندىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئادا-لەتپەرۋەرلىكىدىن قورقىدۇ. ئۇ ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. خەلق نامىدىن گەپ قىلىپ، خەلققە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئۇنى ئېزىپ، شۇنىڭدىن زوق ئالىدىغان كىشىلەر ئۇزاق ياشىمايدۇ، تېز قېرىيدۇ. بىراۋلارغا ياخشىلىق قىلىپ، قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن زوق ئېلىشنى بىلگەنلەر بولسا ھەرگىز قېرىمايدۇ، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، دائىم ئەل ئارىسىدا بولىدۇ. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدا. ئۇ ياخشىلىقتىن زوق ئالىدۇ ۋە خەلقنىڭ مېھرىگە ئېرىشىدۇ. بۇنى ئەخمەقلەرگە دەرس بېرىدىغان نامازخانتۆرە قازى قەيەردىن بىلسۇن؟ مەيلى قانچە قۇترىسۇن، قازى نەسىردىن ئەپەندىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى نەسىردىن ئەپەندىنى خەلق تۇغقان، خەلقنىڭ بالىسىنى بولسا ھېچكىم ئۆلتۈرەلمەيدۇ!

— سېنىڭچە، نەسىردىن ئەپەندىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى قازى ۋە كۆڭلىدىن بىر ئىش ئۆتكەندەك توختاپ قالدى، — بولدى، بۇ گەپنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوق، ئىشىڭغا بار!

قازىنىڭ كېيىنى ئاخىرىغىچە ئېيتمىغىنىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى: ئۇ زامانئەلىدىن ئېھتىيات قىلدى، نەسىردىن ئەپەندىگە ئېيتىدۇ، دەپ قورقتى. لېكىن زامانئەلى گەپنىڭ ئاھاڭىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىۋالغانىدى.

قازى زامانئەلىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان، لېكىن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان پىكرى ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى: «نەسىردىن ئەپەندىنى قانداق قىلىپ بولسۇن، بۇ شەھەردىن قوغلاندى قىلىش كېرەك! قانداق ئۇسۇل بىلەن؟ بۇنىڭ يولى بارمۇ؟ ئەپەندىدىن زىيان كۆرگەنلەردىن پايدىلانسۇنمۇ؟ خوش، ئۇلار كىملەر؟ تەنەبايمۇ؟ ياق، تەنەباي يۇرد-كىدىنمۇ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭدىن تايىنلىق ئىش چىقىشى قىيىن. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ تۇتۇرۇقسىز. يېقىندا ئۇنىڭ ‹نەسىردىن ئەپەندىنى يېڭىش ئۇچۇن ئۇنىڭغا دوست بولۇش كېرەك!› دېگەنلى-كىنى ئاڭلاپ قالدىم. دېمەك، ئۇ بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا ئاق بايراق چىقارغان. شېرىبەك سىنچى بىلەن تۈردى مەخسۇم ـــ ئۆزۈمنىڭكى: گېپىمنى ئىككى قىلىشمايدۇ، لېكىن ئىككى ـ ئۈچ كىشى بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. جۇمەش باققال يان باسارمىكىن؟ ياق، ئاشۇ كۈنى ئۇنى قوللىيالمىدىم. توغرا، ئۇمۇ نەسىردىن ئەپەندىدىن ئەرزىيەت چەككەن، ئاچچىقى بار، ئەمما مېنى قوللىشىدىن بىر نېمە دېمەك تەس. قوشۇلۇشىغۇ قوشۇلار، ئەمما يېرىم يولدا يۈزىنى تەتۈر قىلىسىچۇ؟ توختا، توختا! ـــ قازىنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك يۈزىگە قان تەپتى، ـــ بىر قېتىم بارغىنىمدا قازىكالان: ‹نەسىردىن ئەپەندى بۇخاراغا كېلىشى بىلەنلا ئىشلىرىمىز كەينىگە كەتتى!› دېگەنىدى. ياردەمنى ئەنە ئاشۇ كىشىدىن سوراش كېرەك!»

ئۆزىگە پىكىرداش تېپىلغىنىدىن خۇرسەن بولغان قازى گەۋدىسىگە ياراشمايدىغان چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، سەللە ـ چاپىنىنى ئالماشتۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. زامانئەلى غوجىسىنىڭ قەيەرگىدۇر ئاتلانغىنىنى بىلىپ، ئۇنى ئاتخانىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

ـــ سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇر! ـــ دېدى قازى مەخمەل ئېگەرلىك ئېتىغا مىنىۋېتىپ، ـــ بىرەرسى ئىزدەپ قالسا ھازىر كېلىدۇ دېگىن!

قازى شۇنداق دېدى ـ دە، يۈرۈپ كەتتى. لېكىن قەيەرگە بارد ـ دىغانلىقىنى مۆلازىمدىن سىر تۇتتى.

قازى بازارغا كىرىپ، باھاسى قىممەت يېمەكلىكلەردىن خېلى كۆپ سېتىۋالدى. ئاندىن كۆڭلى توق ھالدا ئېتىنىڭ بېشىنى قازد ـ خانا تەرەپكە بۇرىدى. يولدا كېتىۋېتىپ قازىكالانىغا ئېيتىدىغان گەپلىرىنى يەنە بىر قېتىم خىيال چىغىرىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. «قازىكالان خۇرسەن بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىچە جىلمىيىپ، — تون كىيدۈرۈپ قويسا ئەجەب ئەمەس!»

نامازخان تۆرە سوۋغاتلىرىنى مۆلازىمغا كۆتۈرتىپ، ئارقىد ـ سىدىنلا ئۆزىمۇ كىردى. ئىچكىرىدە ئادەم بار ئىكەن. قازىكالانغا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇرۇش ئېغىر كەلدىمۇ ياكى مەنسەپ يۈزىسىدىن ئۆزىنى چوڭ تۇتتىمۇ ۋە ياكى يېنىدىكى كىشىگە ئۆزد ـ نى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنمۇ، نامازخان تۆرە بىلەن ئولتۇرغان يېرىدىلا كۆرۈشتى.

— ھە، نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى قازىكالان گەپنى دىمىقىدىن چىقىرىپ، — كېلىشىڭنى بىلەتتىم!

— قانداق بىلەتتىڭىز؟ — دېدى نامازخان تۆرە ئىشەنمىگەندەك، — چۈشىڭىزگە كىردىمۇ؟

— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن. چۈشۈمگە كىرسەڭمۇ، كىرمىد ـ سەڭمۇ بىلىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە نېرىقى خانىغا كىرىپ، دېمىڭنى ئېلىپ تۇر، مەن ھازىر بىكار بولىمەن. قورسىقىڭ ئاچ بولسا، داستىخان بار، ئىچىپ بىمالال يەۋەر، بىلىشىمچە، قورسىقىڭ ئاچسا سەۋر ـ تاقەتىڭمۇ يەپ تاشلايدىكەنسەن.

— ئۇنچىلىك ئەمەس.

— سەنلەرنى بىلىمەنغۇ. ھەممىڭنىڭ تۇپرىقىڭ بىر يەردىن ئېلىنغان، يېيىشتىن باشقا ئىشنى بىلىشمەيسەن!

قازىكالان نامازخان تۆرەنىڭ يات بىر كىشىنىڭ ئالدىدا ناقولاي ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى يۇمشاتتى:

— چاقچاق قىلدىم... كۆڭلۈڭگە ئېلىپ يۈرمە يەنە! ساڭا چاقچاق قىلمىسام، كىمگە قىلىمەن؟ قېنى ئارام ئېلىپ تۇر، مەن هازىر...

نامازخان تۆرە دەم ئېلىش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ ناهايىتى ئىدىتلىق بېزەلگەنلىكىگە هەۋىسى كەلدى. ئىرا- نىي گىلەملەرگە پېتىپ كېتىسەن، شايى كۆرپىلەردىن سىيرى- لىسەن. شىرە ئۈستىدە چىرايلىق ئورالغان داستىخان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن توگۇنلەر تۇرۇپتۇ. نامازخان تۆرە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققانىدەك بىرئاز مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئارقىسىدىن كىرگەن مۇلازىم ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمۇۋېتىپ «ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز» دەپ خانتاختا ئۈستىدىكى بازارلىقلارنى بىر چەتكە ئېلىپ، داستىخاننى ئاچتى.

— بولدى تۇرىۋەرسۇن سادىرجان، — دېدى نامازخان تۆرە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىمنى قازىكالان كۆرسۇن دېگەن مەنىدە، — سىزنىمۇ بىئارام قىلىپ قويدۇقمۇ - نېمە؟

— خىجالەت بولماڭ، قازى جانابلىرى، بىزنىڭ ئىشىمىز شۇ. بىمالال، ئازادە ئولتۇرۇڭ، تەخسىر هازىر چىقىپ قالىدۇ.

— قازىكالاننىڭ يېنىدىكى ئۇ ئادەم كىم؟ — دەپ سورىدى نامازخان تۆرە.

— ۋابكەنتتىن كەپتۇ، مەنمۇ تونۇمىدىم، — دېدى سادىر سىر بەرمەي، — ۋەخپە مەسىلىسى بىلەن كەلگەن چېغى...

مۇلازىم بىلەن بولغان پاراڭ تۈگىمەستە كىرىپ كەلگەن قازى- كالان يەنە بىر قېتىم ئامانلىق سورىغاچ ئودۇل تۆرگە ئۆتتى.

— قېنى، ئامىن! — دەپ قول كۆتۈردى نامازخان تۆرە، — تەخسىرىمنىڭ مەرتىۋىلىرى بۇنىڭدىنمۇ كاتتا، مال - دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن!

دۇئادىن كېيىن قازىكالان نامازخان تۆرىگە مەنىلىك قارىدى.

— زىيارەتلىرىگە كەلدۇق، — دېدى نامازخان تۆرە سەل قىزارغان هالدا.

— پەقەت زىيارەتكىمۇ؟ — قازىكالان قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ پۇشقۇرۇپ، سىلكىنىپ خېلى ئۇزاق كۈلگەندىن كېيىن، يەنە تېزلا لەۋ ـ قوۋۇزىنى يىغىشتۇرۇۋالدى، — سەن مۇنداقلا كەلگەن ئادەمگە ئوخشىمايسەن. ئىچىڭدە بىر دەرد بار. قارا، كۆزلىرىڭ ھەممىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ. ئېيت، نېمە دەردىڭ بار؟

قازىكالاننىڭ بۇنچىلىك ئۆزىنى يېقىن تۇتۇپ مۇئامىلە قىلىدىۋاتقىنى نامازخان تۆرىنى ھاياجانغا سېلىپ قويدى، قەدرىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن يىغلاڭغۇ ئاۋازدا:

— قازىلىق قۇرۇپ كەتسۇن، — دېدى.

— يەنە نېمە جىن ئۇردى سېنى؟ — دەپ سورىدى قازىكالان، — كەلگەن ۋاقتىڭدىلا سەزگەنىدىم، بۇنىڭ بىر دەردى بار دەپ. قېنى، گەپنى ئەگىتمەي ھەممىسىنى بىر باشتىن سۆزلە. پارا بىلەن قولغا چۈشتۈڭمۇ؟ ياكى سېنى بىراۋ خاپا قىلدىمۇ؟ ئېھتىمال، يالغان گەپ قىلىپ، بىراۋغا قوپاللىق قىلغاندۇرسەن. كىمنىڭ چىشىغا تەگدىڭ؟

— قازىلىقنى تاشلايمەن، تويۇپ كەتتىم، تەخسىر!

— مەنسەبتىن كىم تويغان، سەن تويدۇڭمۇ؟

— مەن تويدۇم، تەخسىر!

قازىكالان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ دېدى:

— ماۋۇ ساراڭنىڭ گېپىنى نېمە دەي! ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدىغان سوۋغا ـ سالاملاردىن، ئابروي ـ ئىناۋەتتىن مەھرۇم بولاي دەمسەن؟ راست گەپ قىلىۋاتامسەن ـ يا؟

نامازخان تۆرە «راست» دېيىشتىن قورقتى، چۈنكى ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق نەتىجە بىلەن تامام بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

— نەسىردىن ئەپەندى بەك جىنىمغا تېگىۋاتىدۇ! — دېدى ئاخىر ئۇ نەق گەپكە ئۆتۈپ، — شۇنى دەپ قازىلىقتىن سىۋۇپ كېتىۋاتىمەن.

— نەسىردىن ئەپەندى؟ — دېدى قازىكالان كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن هالدا، — يەنە نېمە هۇنەر كۆرسەتتى ئۇ يارىماس؟

— هەممە ئىشلىرىمغا قول تىقىۋاتىدۇ. شۇنى بىر ياقلىق قىلمىساق، سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئابرۇيىمىزنى بىر پۇل قىلارمىدىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن. ئۇ «قازىلار ئاۋامنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتىۋاتىدۇ» دېگۇدەكمىش.

— شۇنداق دەپتىمۇ تېخى؟... هۇ مۇتتەهەم! — قازىكالان هېلى گەردىنىنى، هېلى بۇرنىنى، هېلى ساقىلىنى قاشلاپ سارا-سىمىگە چۈشتى، — هۇ پەدەرى لەنتى! ئاسان تىنچىمامدۇ نېمە بۇ؟ قانداق قىلساق قۇتۇلىمىز ئۇنىڭدىن، دەپ باقە؟

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، — دېدى قازى ئىتائەتكارانە باش ئېگىپ، — سىزگە مەسلىهەت سالغىلى كەلدىم.

— هىم، — دېدى قازىكالان ئالە قىلغاندەك ئاۋازدا، — بۇ هەقتە جىددىي ئويلاش كېرەك ئىكەن، نامازباي. بۇ مەسىلىنى چىقىمسىز هەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىراۋنىڭ قولىقىغا بېرىپ يەتسە، شورىمىز قۇرۇيدۇ. يەنە بىر پەيشەنبە كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە سورۇن تۈزۈپ، تاماشا قىلماقچىمىز. يار - بۇرادەرلەر كېلىدۇ. سەنمۇ كەل، شۇ كۈنى مەسىلىنى هەل قىلىمىز.

— چوقۇم بارىمەن! تەخسىرىمنىڭ سورۇنىدا خىزمەت قىلمىساق ئۇيات بولىدۇ!

قازىكالان بىردىنلا باشقىچە هالەتكە كىردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىدا بۇنىڭدىن بىر مىنۇت بۇرۇنقى تەشۋىشتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— سورۇن دېگەن ياخشى - دە، دوستلار ئارىسىدا چاقچاقلاشساڭ، كۈلۈشسەڭ ئىچىڭدىكى غۇبارلىرىڭ ئۇچمىدەك تۆكۈلۈپ،

يايرايسەن... — قازىكالان سەل تورۇۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — دوستلارمۇ قىزىق، بىز ئۇلارنى ساندۇق ئېلىپ كەلسە، دەپ ئۈمىد قىلغانىدۇق. ئەمما ئۇلار گىلەم ئېلىپ كېلىشىدىغان بولۇشۇپتۇ. قازىلارنىڭ ئائىلىسىگە گىلەمدىن كۆرە ساندۇقنىڭ بەكرەك زۆرۈر-لۇكىنى بىلمەمدىغاندۇ دەيمەن؟ قانداق قىلىمىز ئەمدى، «گىلەم-نىڭنى قوي، ساندۇق ئېلىپ كەل» دېگىلى بولمىسايا...

قازى گەپنىڭ مەنىسىنى دەررۇ چۈشەندى:

— ئاران بىر ساندۇق ئىكەنغۇ، تەخسىرىمدىن ساندۇق ئايلانسۇن! ئاشۇ ساندۇقنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن...

— بولدى قىلە، ئۇيات بولىدۇ... ساندۇق دېگەن قانچىلىك نەرسە ئىدى، ئۆزىمىز سېتىۋالىمىز. هەي، ساڭا بىكاردىن دەپتىمەن بۇ گەپنى. ئۆزۈمنىمۇ، سېنىمۇ خىجالەتكە قويدۇم.

— هەرگىز خىجالەت بولىدىغان يېرى يوق! بىر ساندۇق بىزدىن!

— سەنمۇ قويمايسەن - دە، نامازباي. مەيلى، ئۆزۈڭگە قارا. ئۆجمە ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇق مىڭ يىلغا يارايدۇ، دېيىشكە-نىنى ئاڭلىغانىدىم. سەنمۇ شۇنداق گەپنى ئاڭلىغانمۇ؟

— دەل شۇندىقىنى تاپتۇرىمەن، تەخسىر!... ۋاقتى كېيىنكى پەيشەنبە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق! كەل، ئاشۇ چاغدا هەممىسىنى كېلىشىۋا-لىمىز...

قازى بىلەن قازىكالان يەنە خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇ-رۇشتى: ئوچۇق - ئاشكارا سۆهبەتلىشىشتى، مەسىلىلەرنى بىر - بىرلىرىگە ئېيتىشتى، هېچقايسىسى گەپنى يوشۇرمىدى. لېكىن هەر ئىككىسىلا قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئەپتىمبەشى-رىسىنىڭ كەينىدە پۇتۇنلەي باشقىچە ئادەم بارلىقىنى بىلىش-مەيتتى. ئۇلار قۇياش تىكلەنگەندە خوشلىشىشتى. نامازخان تۆرە قازىكالاننىڭ هۇزۇرىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە كەيپىياتتا چىقتى.

ئۇنىڭدا سەھەردىكى خاپىغانلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، قاراشـ
لىرى خاتىرجەم، كۆزلىرىدىكى غەزەپىنىڭ ئورنىنى مۇلايىملىق
ئىگىلىگەنىدى. بىردىنلا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئىشەككە تەتۈر
مىنىپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىـ
غا كەلدى ۋە خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.
نامازخان تۆرە قازىخانىغا يېتىپ كېلىپلا شېرىبەك سىنچىنى
چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئەمما بارغان ئادەم قۇرۇق
قايتتى. ئۆيىدىكىلىرى ئۇنىڭ سەھەردىلا قاراكۆلگە كەتكەنلىكىنى،
ھېلىغىچە قايتمىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمما تۆردى مەخسۇمنىڭ
ئۆز ئايىغى بىلەن كىرىپ كېلىشى قازىنى سۆيۈندۈردى.
— ئىشەنچىم كامىلكى، بۇنىڭدىن كېيىن نەسىردىن ئەپەندى
ئىشىمىزغا توسالغۇ بولالمايدۇ، — دېدى قازى قوللىرىنى بىرـ
بىرىگە سۈركەپ، — يېقىن كۈندە ئۇنى بۇخارادىن ھەيدەيمىز!
— ھەي بۇرادەر، ئويلاپ گەپ قىلىۋاتامسىز زادى؟ — دېدى
تۆردى مەخسۇم ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — نەسىردىننى
بۇخارادىن ھەيدىگىلى بولامدۇ؟ ھەيدەش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ھەقتە
ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇنچلۇقتۇر! كىمنىڭ قولىدىن كېلىدىكەن
بۇ ئىش؟
— مەن ھازىر قازىكالان بىلەن سۆزلىشىپ كەلدىم، — دېدى
قازى پەس ئاۋازدا، — ئىككىلىمىزنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقتى.
مەن ئۆزۈم توغرىلايمەن، دەيدۇ. بىز تەييار تۇرۇشىمىز كېرەككەن.
— قازىكالان ئارىلاشقانىكەن، بۇ گەپكە ئىشىنىشكە بولىدۇ.
لېكىن يەنە چۈشەنمىدىم. بىز زادى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟
— سىز پەرپىنى تېپىڭ، چاپارمەنلىرى بىلەن تەل بولۇپ
تۇرسۇن! بەرىبىر ئىشنى بېجىرىدىغىنى ئاشۇ. ۋاقتى ـ سائىتىنى
كېيىن مەلۇم قىلىمىز. يەنە بىر پەيشەنبە كۈنى قازىكالانىڭكىدە
سورۇن بار. ئاشۇ يەردە ۋاقتى ئېنىق بولىدۇ.
— سىز سۆزلەۋاتىسىز، مېنى خىيال بېسىۋاتىدۇ، — دېدى

مەخسۇم خۇرسىنىپ.

— نېمىشقا خىيال بېسىۋاتىدۇ؟ يا ماڭا قارشىمۇسىز؟

— ياق بۇرادەر، مېنى باشقا خىيال باسمىدى. پەرىپىنى قەيەردىن تاپىمىز؟ ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن شېربەكنى تېپىڭ! قانداق قىلىپ بولسۇن بۇگۈنلا تېپىڭ! — دېدى قازى، — ئۇ چەپەننىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن بۇ گەپلەر زىنھار ئۆزگىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالمىسۇن!

— بولىدۇ، — دېدى مەخسۇم، — ئەمما مەن پەرىپىنى تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا گەپلىشەلمەيمەنغۇ! يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق گەپلەشتىممۇ دەيلى. ئۇ ئۇنارمۇ؟ ئۇنىڭغا مەقسىتىمىزنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟

— سىز ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرمەيسىز. پەقەت ئۇنى ماڭا تېپىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇنى كۆندۈرۈش ـ كۆندۈرمەسلىك مېنىڭ ئىشىم.

— بۇ ئىشقا پەرىپىنى ئارىلاشتۇرساق، ياۋۇزلۇق يۈز بەرمەسمۇ؟

— شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ. كۆڭۈلچەكلىك بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. رەقىب ئىنتايىن مەككار، مەقسەتكە يەتمەك ئۈچۈن ھېچ نەرسىدىن قايتماسلىق كېرەك. ئىستەك بولسا، ھەممە ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن چەپەنگە ئازراق ئاقچا بېرىلسىلا بولىدى، ئۇ نەسىردىننى ھالاك قىلىش يولـ ـنى ئۆزى تاپىدۇ. چەپەنگە بۇ ئىش ياتمىدى؟

— بۇرادەر، سىز ئىنتايىن ياۋۇز ئادەم ـ دە، — دېدى مەخسۇم بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — مەقسىتىڭىزگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايسىز.

قازى مىيىقىدا كۈلدى.

— مەن كۆڭۈلچەكلىك قىلسام، نەسىردىن ئەپەندى ئۈستۈمـ ـدىن كۈلىدۇ. يېسە ـ يېمىسە بۆرىنىڭ ئېغىزى قان. تۈلكە ھەييار

بولمىسا، كۆلكىگە قالىدۇ. ئەمدى گەپنى كۆپەيتمەي، ئىپتىقىنىمنى ببجىرىڭ. ىچىقىم ماي ئۇستىدە بولسۇن، دېسىڭىز، مەندىن ئايرىلمايسىز، ئىپتىقىنىمنى قىلىسىز. ھازىر ئاستا چىقىپ كېتىڭ، مۇلازىمىم ھېچ نەرسىنى سەزمىسۇن.

تۇرلۇك ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن رازىلىقىنى بىلدۇرگەن مەخسۇم ئورنىدىن تۇردى. قازى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئىشىك-كىچە ئۇزىتىپ چىققاچ زامانئەلىنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۇچۇن مەخسۇمغا باشقا نەرسىلەر ھەققىدە گەپ قىلىپ كەتتى:

— دېمەك، گەپ شۇ، يەكشەنبە كۈنى تەييارلىقنى ئوبدانراق قىلىسىز، ئۇ يەرگە بارىدىغانلار ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ ياخشى بىلىسىز.

— چۈشەندىم، — دېدى مەخسۇم قازىنىڭ گېپىگە ماسلى-شىپ، — ئىپتىقىنىڭىزدىنمۇ زىيادە قىلۇرمەن. تونۇر كاۋاپمۇ قىلدۇرىمەنمۇ؟...

— بۇ ئىشلار ئۆزىڭىزنىڭ ھىممىتىڭىزگە باغلىق...

قازى مەخسۇمنى ئۇزىتىپ قايتىۋېتىپ، چاقچاقلاشقاندەك زامانئەلىدىن:

— ساندۇقچى تونۇشلىرىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

زامانئەلى ئىچكىرىدە بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپتىن خەۋەردار ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىشىككە قۇلاق يېقىپ، ھەممە گەپنى ئاڭلىغا-نىدى. ھازىر بولسا ئۇ ئۆزىنى ھېچ نەرسىنى بىلمىگەنگە سالدى.

— ھە؟ — دېدى قازىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك. قازى سوئالىنى قايتىلىدى. زامانئەلى بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ، نەسىر-دىن ئەپەندىنىڭ «جىيەنىم ساندۇقچى ئۇستا» دېگىنىنى ئەسلەپ:

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بولسا، بىر ساندۇق تەييارلا!... ئۇجمە ياغىچىدىن ياسالغىنى بولسۇن، قازىكالانغا ھەدىيە قىلۇرمىز. كېلەر پەيشەنبە كۈنى مەرد-كىسى بار.

— بىر ساندۇقچى تونۇشۇم بار ئىدى، — دېدى زامانئەلى كالللىسىغا كەلگەن پىكىردىن خۇرسەن بولۇپ، — ئۇ ماڭا قەرزدار. قەرزىنى ئاقچا بىلەن قايتۇرۇشقا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئىككى يىلدىن بېرى مېنى ئالداپ كەلدى. ئەگەر رايىمنى قايتۇرمىسىڭىز، ئاشۇ قەرز ئورنىغا سىزگە ساندۇق ئۈندۈرۈپ بەرسەم، قانداق دەيسىز؟

قازىنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا ساندۇق نامايان بولدى ـ دە، ئىچ ـ ئىچىدىن شادلىنىپ كەتتى.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى ئۇ چاقچاقنىڭ راستقا ئايلانغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، — شۇنداق قىلساڭ، كەمىنىگە ھىممەت كۆرسەتكەن بولاتتىڭ... چىقىمى كەمرەك بولىدىكەن ـ دە... ياخشى... ياخشى...

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## چىقىمى كەم مال

زامانئەلى قازىغا «ساندۇقچى دوستۇم بار» دېگەن چاغدىلا بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. لېكىن ئويلىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى دۇ-يوق، بۇنى بىلمەيتتى. پەيشەنبىگىچە تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى. زامانئەلى مانا شۇ ۋاقىتنى زايە كەتكۈزمەي ئۆز پىلانىنى كۆڭلىدە پىشۇرۇپ يۈردى. پىلان ئېنىق ۋە پۇختا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ جىيەنى ئۇستا مەنسۇر بىلەن ئۇچرىشىشى، مەسلىھەتلىشىشى، مۇبادا ئۇ كۆنسە، ئېھتىيات ئۈچۈن بەزى ئىشلاردا بىرلىككە كېلىۋېلىشى لازىم. چۈنكى پىلان ئىنتايىن چوڭ، لېكىن تەۋەككۈل قىلمىسىمۇ بولمايدۇ.

ئەتە پەيشەنبە دېگەن كۈنى زامانئەلى ئۇستا مەنسۇرنى ئىزدەپ ساندۇقسازان مەھەللىسىگە باردى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بار گەپنى، ئويلاپ قويغان پىلانىنى ئېيتتى، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدى ــ دە، دەررۇ ئارقىسىغا قايتتى.

نامازشامدىن كېيىن ھۇجرىسىدا يانپاشلاپ، يەنە بىر ئىشلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋالدى. ۋەقەنىڭ قانداق تۈس ئالىدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى. ئېھتىمال بۇ ھەقتە سەپەر شاھىچى بىلەن كېلىشىپ قويۇش كېرەكتۇر. يا شاھىچىنىڭ بىلمىگىنى ياخشىمىكىن؟ ئېيتسا، سەپەر شاھىچى ئاغزى بوشلۇق قىلىپ نەسىردىن ئەپەندىگە ئېيتىپ قويىسىچۇ؟ ۋەقەلەر باشقىچە ئۆزگىرىپ، پىلانى بەربات بولسىچۇ؟ ياق، سەپەر شاھىچى ياش بالا ئەمەس، چۈشىنىدۇ،

بەلكىم، ياخشى مەسلىھەتلەرنىمۇ بېرىشى مۇمكىن تېخى. چۈنكى ئۇ كۆپنى كۆرگەن، ئىسسىق ـ سوغۇقنى تېتىغان ئادەم. ئۇنىڭغا چوقۇم ئېيتىش كېرەك.

زامانئەلى خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئورنىدىن تۇردى، كىيىنىپ يولغا چىقتى. كوچىلار تىنچ، كۆنبويى بازارچى ۋە يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىدىن چارچىغان بۇخارا كوچىلىرى تۈن ئۇيقۇسىغا پېتىش ئالدىدا. خۇپتەن بولۇشقا ئاز قالدى. خۇپتەن نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئاندا ـ ساندا مەسچىتكە ئالدىراۋاتقانلارنى دېمىسە، شەھەر جىمجىت، شاۋقۇن ـ سۈرەن تىنغان. زامانئەلى ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا ئۆتۈپ، سەپەر شاھچىنىڭ چايخانىسىغا يېتىپ كەلدى. سالامدىن كېيىن شاھچىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ چەتكە تارتتى ۋە دەل بىر ھەپتىدىن بېرى ئىچ ـ باغرىنى غاجىلاپ يۈرگەن گېپىنى ئېيتتى. شاھچىنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، قوللىرى مۇشت بولۇپ تۈگۈلدى.

ــ بۇ گەپنى نەسىردىن ئەپەندىگە ئېيتمىغايسىز، ــ دەپ جېكىلىدى زامانئەلى گېپىنىڭ ئاخىرىدا، ــ ئۆزىڭىز بىلىڭ، بولامدۇ؟ مەن سىزگە بىر نېمە دېمىگىچە، باشقا بىراۋغىمۇ ئاغزىڭىزنى ئاچماڭ، جىملا يۈرۈڭ...

سەپەر شاھچى ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي، پەرىشان بولۇپ قالدى. ئۇ پات ـ پات ئۆزىچە «مۇتتەھەملەر!» دەپ قوياتتى. ئۇ ئەتىسىمۇ بۇ گېپىنى پات ـ پات تەكرارلاپ يۈردى.

ــ ھە، سەپەر ئاكا، تىنچلىقتۇ؟ دائىم ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز سۆزلەپ يۈرىسىزغۇ؟ ــ دەپ سورىدى خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان يارمەت دولاب.

ــ ئۆزۈمچە شۇنداق قىلدىم، ــ دەپ قويدى شاھچى.

يارمەت دولاب چاقچاق قىلدى:

ــ ماۋۇ كارىۋاتلارنىڭ بىرىگە ئورۇن تەييارلاپ، بىر ـ ئىككى بۆدۈنىنى سايرىتىپ، خىزمەتكارلارغا ئۇنى قىل، بۇ قىل دەپ

دۇنيانىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ياتامسىز؟ بۇنى بەش كۈنلۈك بىۋاپا دۇنيادا جاننى جاپاغا سېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ كىم بۇ دۇنيا-نىڭ ئىشىنى تۈگەتكەن، سىز تۈگىتەلەمتىڭىز؟ ئەگەر بىراۋ ماڭا «ئۆمرىڭنىڭ يېرىمى ئۆتتى، يېشىڭ بىر يەرگە باردى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلماقچىسەن؟» دەپ سورىسا، چايخانىدا يانپاشلاپ يېتىپ، ئىككى - ئۈچ بۇرادەر بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە پاراڭ سوقۇپ ئۆتەتتىم، دەيمەن. سىز بولسىڭىز... ھەي، قويىڭە!

سەپەر شاھىچى زورىغا كۈلدى، دوپپىسىنى قېشىغا سۈرۈپ، بوينىنى قاشلىدى.

— يارمەتئۇاي، سىز بالىلارنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان ئادەم، تەشۋىشىڭىز يوق، يەنە بىر جەھەتتىن كەتمەن چېپىشقىمۇ يارد-مايسىز. نېمە قىلاتتىڭىز چىلىمنى خورۇلدىتىپ يۈرمەي. بىراۋ سىزنى چايخانىدىن ھەيدەمتى؟

يارمەت دولاب سەپەر شاھىچىنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە شاھىچى تېخىمۇ غەمكىن، ئىچىنى نېمىدۇر كۆيدۈ-رۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىندى.

— ئىچىڭىزدە بىر دەردىڭىز بار، ئېيتمايۋاتىسىز، سەپەر ئاكا. سىزگە بىر ئىش بولغان، بىزگە ئېيتالمايۋاتىسىز. نېمە گەپ زادى؟ ئېيتىڭە، يەڭگىللەپ قالىسىز... ھە، ئەمدى بىلدىم، سىزگە بىر كەمپىر كېرەك، تاپتىممۇ؟

— تاپتىڭىز، تاپتىڭىز. كەمپىر تېپىلسا، ياخشى بولاتتى، — دېدى سەپەر شاھىچى گەپنى قىسقىلا قىلىپ.

— سىز ھە دەڭ، مانا، بىزلەر تاپىمىز، — دېدى يارمەت دولاب سەپەر شاھىچىنىڭ چاقچىقىنى راست دەپ ئويلاپ. ئۇ يېنىدىكى شېرىكىگە ئىما قىلدى، — تېپىۋېرەيلىمۇ؟

— تېپىڭلار دېسەمغۇ تاپىسىلەر، لېكىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا سىغىشماي، جاڭجاللىشىپ يۈرىدىكەنمىز ئەمەسمۇ، — دېدى شاھىچى.

— نېمىشقا سىغىشمايدىكەنسىلەر؟ سىزگە سېمىزىدىن ئەمەس، ئۆزىڭىزگە ئوخشاش، سىزگە باب كېلىدىغان ئورۇقىدىن تاپىمىز.

— گەپ ئورۇق - سېمىزلىكتە ئەمەس، — شاھىچى مىيىقىدا كۈلدى.

— نېمىسىدە ئەمىسە؟

— ئىككىمىز بىر كارىۋاتقا چىققاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە ئۇ بۇرۇنقى ئېرىنى، مەن ئۆلگەن خوتۇنۇمنى ئەسلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن تۆت كىشى بولىمىز. ئوتتۇرىغا ئىككى كىشى سوقۇلغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكىمىزدىن ھەر ئىككىمىز كارىۋاتتىن يىقىلىپ چۈشىمىز.

— گەپنى ئېلىپ قېچىڭە! — دېدى يارمەت دولاب.

ئۇنىڭ شېرىكى بولسا:

— سەپەر ئاكىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟ توي قىلمىغان قىز تېپىڭ، دەۋاتىدۇ...

سەپەر شاھىچى بىر گەپ قىلىپ، بىر كۈلسىمۇ، ئىچىنى ئىت تاتىلاۋاتىدۇ. خىيالىدا زامانئەلى، بىرەر يېڭىلىق يېتىپ كېلەر-مىكىن، دەپ ئىككى كۆزى كوچىدا. سەۋر - تاقىتىمۇ تۈگەپ بېرىدۇ-ۋاتىدۇ، ئۆزىغۇ بىرەر چارە ئىزدەش ئۇچۇن يەڭ شىمايلاشقا تەييار، ئەمما زامانئەلىنىڭ «مەن سىزگە بىرەر نەرسە دېمۇگىچە، جىم يۇرۇڭ» دېگەن گېپى يولىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ. قېرىشقاندەك نەسىر-دىن ئەپەندىمۇ «پېشىنگىچە قايتىمەن» دەپ سەھەردە قەيەرگىدۇر كەتكەن، بارىدىغان مەنزىلىنىمۇ ئېيتمىغان. تا ھازىرغىچە دېرىكى يوق...

قازى خېلىدىن بېرى بەتلەنگەن مىلتىقتەك تەييار بولۇپ تۇرغانىدى، زامانئەلىنى كۆرۈشى بىلەنلا «ئېتىلىپ» كەتتى:

— قەيەردە يۈردۈڭ مۇشۇ چاغقىچە؟ بارىدىغان يېرىڭنى ئېيتىپ ماڭمامسەن؟ ئادەمنى تىت - تىت قىلىپ ئۆلتۈرەي دېدىڭغۇ!

— قەيەرگىمۇ باراتتىم؟ ساندۇقسازلار مەھەللىسىگە باردىم - دە، — دېدى زامانئەلى، — سىزنىڭ ئىشىڭىز بىلەن.

قازىنىڭ ئاچچىقى پەسەيدى، ئەمما تورقى ئۆزگەرمىدى.

— كۆن پېشىن بولاي دېدى! بوگۇن پەيشەنبە، قازىكالاننىڭ سورۇنى يادىڭىزدىن كۆتۈرۈلمىگەندۇ؟ بولدى، ساندۇق تاپتىڭمۇ؟

— تاپتىم، تەقسىر.

— مەن ئېيتقاندەك، ئۇجمە ياغىچىدىن ياسالغىنىدىنمۇ؟ باشقىسى بولۇپ، شەرمەندە بولمايلى يەنە. «ئال بۇ نېمەڭنى» دەپ ساندۇقنى بېشىمىزغا ئېتىپ يۈرمىسۇن. قازىكالاننىڭ جەھلى قاتتىق. ئۇ كىشى ھەدىيە قىلغان ئاتنىڭمۇ چىشىنى كۆرۈپ ئالىدۇ!

— شۇندىقىدىن تاپتىم، لېكىن ئۇستىنىڭ ئۆزىنى ئۇچرىتالمىدىم، — زامانئەلى ئەتەي گەپنى مۇجمەل قىلدى، — ئايالىغا «ئىنىڭ ئۆيدە تۇرسۇن، پېشىندىن كېيىن كېلىمەن» دەپ قاتتىق جېكىلىدىم!

— ساندۇقنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۇم، ماڭا ياقتى، سىزنىڭ دىتىڭىزغا ياقامدۇ - يوق، ئۆزىڭىز بېرىپ كۆرسىڭىز ياخشى بولاتتى. شۇڭا مەن بىلەن بىرگە ئۇستىنىڭكىگە بارارسىزمىكىن؟ ئۆزۈم ساندۇقنى ئېلىپ كەلگەن بىلەن ئۇ سىزگە ياقمىسا، كېيىن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى زامانئەلي. ئۇنىڭ مەقسىتى قازىنى ئۇستا مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭدا گۇمان قالدۇرماسلىق ئىدى.

— ئىشنى پىشۇرۇپ كەلگەن بولساڭ بولدى، بىرگە بارىمىز! — دېدى قازى تارتىنماي، — چىقىمى كەم مالغا سۇسلۇق قىلىشنىڭ يولى بارمۇ؟ كېرەك بولسا، ئەرزان مال ئۈچۈن مەككەتۇللاغا بېرىشقىمۇ تەييارمەن.

قازىنىڭ بېرىپ كۆرۈشكە كۆڭلىنى ياخشى بولدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى كۆرۈپ، ئاشۇ يەردىن قازىكالاننىڭكىگە ئۇدۇل ئۆزى ئېلىپ بارسا ياخشى - دە. تاسادىپىي بىرەر گەپ چىقىپ قالسا، قازىنىڭ

ئۆزى ئەيىبدار، جاۋابىنىمۇ ئۆزى بېرىدۇ. زامانئەلى پىلاننى پىششىق قىلدى. ئىشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى ھېسابلىدى. ئەزگۈ نىيەت ۋە ياخشىلىق ئۇچۇن باشلانغان ئىشتا چېچەن ئادەم ھەربىر ئىشنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىنىمۇ ھېسابقا ئالىدۇ، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئىشنى دادىل يۈرۈشلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. زامانئەلىمۇ دەل شۇنداق يولنى تاللىدى، قازىدا ھېچقانداق شۈبھە قالدۇرماستىن ئۇنى دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ سوغارماي قايتۇرۇپ كەلمەكچى.

زامانئەلى ئالدىدا، قازى يان تەرىپىدە بىر ئات ھارۋىسىنى يالاپ، ساندۇقسازان مەھەللىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ يولدىكى تەسىراتلار ھەققىدە ئىنچىكىلەپ ئولتۇرۇشنى ئۆزىمىزگە ئەپ كۆرمىدۇق ۋە ئۇستا مەنسۇرنىڭ ئىشىكىنى تاقىلداتتۇق.

ئۇستا مەنسۇرنىڭ تاشقى ئىشىكى تاقىلدىغاندا، ئىچكىرىدىن ئايال كىشىنىڭ «مانا، ھازىر» دېگەن ئاۋازى ئىشتىلدى. زامانئەلى ئېتىنىڭ باشبېغىنى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئىلىپ قويۇپ، ئىشىككە يېقىنلاشتى.

— يەڭگە، بۇ مەن، زامانئەلى، مەنسۇر ئاكىنى بۇياققا چاقىرىۋېتىڭ! — دېدى ئىشىك يوچۇقىدىن مارىلاپ.

— تۆرەم ئۆيدە يوق ئىدى، — دېدى ئايال ئىشىكنى ئاچماستىن.

— بۇ مەن — زامانئەلى، سەھەردە كېلىپ، ساندۇق مەسىلىسىدە سىزگە جېكىلەپ كەتكەنىدىم. ئېرىڭىزغا ئېيتقانمىدىڭىز؟

— ۋاي، ئۆلەي، بۇ سىزمۇ؟ تۆرەمگە ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ھېلى ئېيتىمەن دەپ تۇرغانىدىم... ئۇ چۇقۇر كۆۋرۈككە خەتمىقۇرئانغا بارىمەن دەپ چىقىپ كەتكەنىدى. كېلىشىڭىزنى بىلگىنىمدە باغلاپ قوياتتىم. ئۆزىڭىزمۇ تېزلا كېلىمەن دېمىدىڭىز يا...

— كېلىمەن دەپ كەتتىمغۇ باياتىن! يەنە قاچتىمۇ؟ — دېدى زامانئەلى قازىغا بىر قاراپ قويۇپ، — بۇ مېنىڭ نەچچىنچى قېتىم كېلىشىم، يەڭگە؟

— سانىغۇم يوق، ئۇكام.

— سانىغۇسىمۇ يوقىمش... كىرەك بولغاندا قەرز بېرىپ، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئادەم. قولۇڭ بىلەن بېرىپ، ئاياغ بىلەن ئالىسەن، دېگىنى شۇ بولسا كېرەك، — دېدى زامانئەلى مۇغەمبەرلىك بىلەن، — ھازىرلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېگۈدەك كەلدۇقغۇ! يەنە ئېرىم ئۆيدە يوق، دېيىشكە ئۇيالامسىز، يەڭگە؟ بۇياققا چاقىرىڭ ئۇستىنى!

— يوق ئادەمنى يوق دەيمەن - دە، ئۇكام! — ئۆگىتىپ قويۇل-غان تۇتى قۇشتەك سايرىدى ئايال، — ئۇ كىشى بىلەن بىللە كەلگەن بولسىڭىز كەلگەنسىز! بىزنىڭ ئۆيىنىڭ بىرلا ئىشىكى بارمىدى؟ سىز بۇ ئىشىكتىن كىرگەنلىكىنى كۆرگەندۇرسىز. ئۇ كىشى بولسا قوشنا تەرەپتىكى دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى، قوشنا بىلەن بىرگە كەتتى. ئوچۇقىنى ئېيتسام، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ماڭىمۇ ئۆزىنى تۇتقۇزغىنى يوق.

زامانئەلى راستتىن غەزەپلەنگەن بولدى:

— قەرز بېرىپ مۇتتەھەم بولدۇممۇ ئەمدى؟ بىر يىلدىن بېرى رەڭگىمنى سامان قىلدىڭلار. تىرىكچىلىكىمنى بىر ئىزغا سېلىۋالاي دېگەچكە ساۋابىمۇ كېرەكقۇ، دەپ قەرز بەرگەنىدىم. ماڭا پايدىسى كېرەك ئەمەس، ئۆزۈمنىڭكىنى قايتۇرساڭلار بولاتتى، يەڭگە!

— بېرىدۇ، ئۇكام، قېچىپ كەتكىنى يوققۇ، — ئايال بۇ قېتىم مۇلايىم ئاۋازدا جاۋاب بەردى، — ئۆزىمۇ ھەر كۈنى «زامانئەلىنىڭ ئالدىدا سەت بولدى» دەپ خىجىل بولۇپ يۈرىدۇ. ئاشۇ قەرزنى ئۆزىمەن دەپ قوللىرىدا ھەرە - ئۇشكە، تاڭ سەھەردىن تاكى خۇپتەنگىچە ياغاچ يونىدۇ. قاسساپ بىر مالنى سويۇپ، بىر قاپ ئاقچا تاپسا، بۇ كىشى بىر ياغاچنى يونۇپ، ئىككى قاپ قىرىندا چىقىرىدۇ.

— ھەر كۈنى ئۆيدە بولسا، نېمىشقا بۈگۈن ئۆيدىن تېپىلمايدۇ؟

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ قەرزىڭىزنى يەپ كەتمەيدۇ! — دېدى يەنە زەردە بىلەن ئايال، — مەن سىزگە بىر گەپنى ئېيتايمۇ؟

— خوش، نېمە گەپ؟ — دېدى زامانئەلى ۋە قازىغا «سىزمۇ ئاڭلاڭ» دېگەندەك ئىما قىلدى.

— نېسىپ بولسا، يېقىندا قەرزىڭىزنى بەرسە كېرەك! — دېدى ئايال خۇشاللىق بىلەن.

— «يېقىندا» دېگىنىڭىز قاچان، قىيامەتتىمۇ؟ — دېدى زامانئەلى ۋە قازىغا قاراپ جىلمايدى. قازى بېشىنى چايقاپ قويدى.

— نەپسىڭىزنى ئىسسىق قىلىڭ، ئۇكا! — دېدى ئايال يەڭگىلغىنە يۆتىلىپ قويۇپ، — يېقىندا دەيمەنغۇ.

— يېقىن دېگىنىڭىز قاچان دەيمەن؟

— ئۇ ئاخشام كېلەر ھەپتە بىرسىدىن قەرز ئېلىپ بازاردىن ئۆچكە سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

زامانئەلى ئايالنىڭ گېپىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا سەۋر قىلمىدى.

— ئۆچكە سېتىۋېلىپ، سۈتىدىن چۈشكەن پايدىدىن قەرزىنى ئۈزمەكچىمۇ؟

ئايالنىڭ ئاۋازى يەنە مۇلايىملاشتى. ئۇ خۇددى مازاق قىلىنىۋاتقاندەك ئىدى.

— نېمانچە بىتاقەت ئادەمسىز، ئۇكام؟ گېپىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاڭ دەيمەن!

— سۆزلەڭە قېنى!

— سۈت بېرىدىغان ئۆچكە قىممەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكىرەكىدىن ئالىدۇ. بىز ئۆچكىنىڭ يۇڭىنى قىرقىۋېلىپ، كېيىن يىپ قىلىپ ئىگىرىمىز...

— يىپتىن پايپاق توقۇيسىز، شۇنداقمۇ؟

— سەۋر قىلىڭ، ئۇكام، سەۋر قىلىڭ! پايپاق توقۇشقا ۋاقتىم نەدە مېنىڭ؟ يىپنى بازاردا ساتساقمۇ چوڭ گەپ. ئەنە شۇنىڭ پايدىسىدىن سىزنىڭ ۋە ئۆچكە سېتىۋېلىشقا قەرز بەرگەن كىشى-

نىڭ قەرزىنى ئۈزۈمىز. خاتىرجەم بولۇڭ، ئىرىم ھازىرغىچە بىرەرسىنىڭ ھەققىنى يەپ كەتكىنى يوق! بۇنى ئۆزىڭىزمۇ ياخشى بىلىسىز.

زامانئەلى بۇرۇن تۆشۈكلىرى ۋە يەلكىسى بىلەن، قازى بولسا پىخىلداپ كۈلدى. بۇ ئىككى كۈلكىگە ئاتىنىڭ كىشنىشى، ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشى ۋە ھارۋىكەشنىڭ قاقاھلىغان كۈلكىسى قوشۇلدى.

— بەك يېقىنكەنغۇ قەرزنى ئۈندۈرۈشۈڭ، زامانئەلى، — دېدى قازى كۈلكىدىن ئاران ئۆزىنى تۇتۇپ.

ئىچكىرىدە تۇرۇپ قاقاھلىغان كۈلكە ئاۋازىنى ۋە قازىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئايال:

— نەق ئالىمەن دەپ كۈلىسىز ـ ھە، ئۇكام؟ — دېدى قاتتىق خاپا بولۇپ، — ئۆچكە يۇڭىدىن يىپ ئىگىرىشنىڭ ئازابىنى بىلمەيسىز. كۆنبويى بىر سىقىم يۇڭنى چاقتىن ئۆتكۈزۈش ئاسانمۇ؟

ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا قازى چىدىيالماسلىقى ئېنىق ئىدى. زامانئەلى بىرئاز جىددىيلىشىپ، بولغان گەپلەرنى كۈلكىگە بۇراپ، ئىشىكنى تېخىمۇ قاتتىقراق تاقىلداتتى:

— يەڭگە، سىزمۇ ئىرىڭىزگە ئوخشىغان يالغانچى ئىكەنسىز! قارىغاندا، سىز ئىشىكنىڭ ئىچكىرىسىدە، مەن سىرتىدا تۇرۇپ، بىرەر ئىشنى بېجىرەلمىگۈدەكمىز. شۇڭا پەرەنجىنى بېشىڭىزغا تاشلاپلا، ئىشىكنى ئېچىڭچۇ!

— ۋاي، ئۆلەي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن نامەھرەمگە ئىشىك ئېچىپ، كالتەك يەپ ئۆلىمەنمۇ؟ سىزدە ئىنساب يوق ئىكەن. ئەركىكى يوق ئۆيگە كىرىۋېرەمسىز؟

— كىرىۋېرىمەن. چۈنكى مەن يامان نىيەتتە كەلگىنىم يوق بۇ يەرگە. يەنە بىر جەھەتتىن يېنىمدا گۇۋاھچىم بار. قېنى، ئەمدى ئىشىكنى ئېچىڭ!

— قانداق گۇۋاھچى؟... ئەرمۇ، ئايالمۇ؟
— خۇدا خالىسا، ئەركەك. نامازخان تۆرە قازىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟
— قەرز دەپ ئېرىمنى تۇتقۇن قىلماقچىمۇسىز؟ — دېدى ئايال غەمكىن ئاۋازدا. زامانئەلى گەپنىڭ ئاھاڭىدىن ئايالنىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى بايقاپ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى:
— ھېچكىم ئېرىڭىزنى تۇتقۇن قىلماقچى ئەمەس. تۇتقۇن قىلىنسا، مەن قەرزىمنى كىمدىن ئۇندۇرىمەن؟ ئىشىكنى ئېچىڭ، قورقىسىڭىز قوشنىلاردىن بىرەرىنى چاقىرىڭ.
ئايال «گەپ ـ سۆز كۆپىيىپ كېتىدۇ» دەپ قوشنىسىنى چاقىرماستىن تەۋەككۇل قىلىپ، ئىشىكنى ئاچتى. قىيسىق ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. زامانئەلى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان قازىغا ئىما قىلىپ:
— قازى جانابلىرى، بەھۇزۇر ئىچكىرىگە كىرگەي، — دېدى ۋە ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىدى.
قازى بىر خىل خۇدۇكسىرەش بىلەن زامانئەلىدىن كېيىن بوسۇغا ئاتلاپ، سەل بىر يانغا ئۆتۈپ تۇرغان ئايالنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ـ دە، سۇپا تەرەپكە ئۆتتى.
— بىمەھەل قەدەم تەشرىپ قىلدۇق، ئۆزرىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز، يەڭگە، — دېدى قازى ھويلا ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، — دىلىمىزدا يامان نىيەت يوق، ھەممىسى ياخشىلىق، خۇشاللىق ئۈچۈن.
— بۇ كىشى قازى جانابلىرى بولىدۇ، — دېدى زامانئەلى قازىنى كۆرسىتىپ، — شەھرىمىزنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق قازىسى. بىر يېقىنىڭغا ساندۇق كېرەك ئىكەن، شۇ سەۋەبلىك بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم.
ئايال چۈمبىلىنىڭ بىر ئۇچىنى ئازراق كۆتۈرۈپ، قازىغا قارىـ ۋىدى، قازى ئالدىراقسانلىق بىلەن:
— شۇنداق، يەڭگە، شۇنداق، — دېدى.

— بىزنىڭ هويلا بازارمۇ؟ — دېدى ئايال ئۆزىدىن چوڭ ئادەمنىڭ ئۆزىنى «يەڭگە» دېگىنىگە ئاچچىقى كېلىپ، — ساندۇق كېرەك بولسا، بازارغا ئېلىپ بېرىڭلار، ساندۇق دېگەن بازاردا تولا!

— بازاردا قازى جانابلىرى ئىزدىگەن ساندۇق يوق ئىكەن، — دېدى زامانئەلى، — مەن «ئۇستام قولى گۈل ساندۇقچى. ئۇنىڭ بىلەن يېقىندا كۆرۈشكەندە ياخشى ساندۇقلىرىم بار، دېگەنىدى. يورۇلۇڭ، شۇ يەرگە بارىمىز» دەپ تەخسىرىمنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم. بۇگۈن سەھەردىلا ئېرىڭىزنى ئىزدەپ كەلگىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى. ئۆيدە تەييار ساندۇقلار بارمۇ؟

— بار، بىر ساندۇق بار. بۇ تەخسىرىم سېتىۋالارمۇ؟ ئەگەر سېتىۋالسا پۇلىنى سىزنىڭ قەرزىڭىزگە بېرەتتۇق.

— هەئە، — دېدى زامانئەلى قول قوۋۇشتۇرۇپ، — شۇ ساندۇقنى جانابلىرىغا ساتىسىز. سىز قورقماڭ، نەرقىنى ئۆزۈم كېسىپ بېرىمەن. ئۇستا ئەرزان سېتىپسەن، دەپ سىزنى ئۇرمايدۇ. تاسادىپىي ئۇرۇپ ـ تىللاپ يورسە، ئۆزۈم كېلىپ، چۈشەندۈرۈپ، ئىككىڭلارنى ياراشتۇرۇپ قويىمەن.

ۋەزىيەت نازۇك ئىدى. ئايال زامانئەلىنىڭ «ماقۇل دەۋېرىڭ» دېگەن ئىشارىسى بىلەن رازىلىق بىلدۈردى.

— ساندۇق ئىچكىرىكى ئۆيدە، ئېلىڭلار ئەمىسە، — دېدى ئايال بىر چەتكە ئۆتۈپ، — لېكىن ئاچقۇچى يوق ـ تە.

— ئاچقۇچى كىمدە؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى زامانئەلى.

— ئاكىڭىز بىلىدۇ، — يالغاندىن زەردە قىلىپ جاۋاب بەردى ئايال.

— بولدى، بولدى، يەڭگە، — دېدى زامانئەلى ئايالنى كۆپ گەپ قىلغۇزۇشنى خالىماي، — قازى جانابلىرى ساندۇقنى هازىرچە ئېلىپ كېتىۋەرسۇن. مەخسۇس ساندۇق ئۈچۈن يىراق جايدىن هارۋا ئېلىپ كەلگەن. ئاچقۇچنى دەپ يەنە ئاۋارە بولمىسۇن. ئەتە ـ

ئۆگۈن ئاچقۇچنى ئۆزۈم كېلىپ ئېلىپ كېتىمەن.

چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق ئىچكى تۇيغۇغا بېرىلگەن ئايال كۇتۇلمىگەندە ھاياجان بىلەن يىغلاپ كەتتى.

زامانئەلى قازىنىڭ سودىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئايالنى بەزلىدى:

— يىغلىماڭ يەڭگە، مەن بولىدىغان گەپنى دېدىم.

— مەنمۇ توغرىسىنى دېدىم، — دېدى ئايال كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ئەنە، كىرىپ ئىچكىرىدىن ساندۇقنى ئېلىپ چىقىڭلار.

زامانئەلى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھارۋىكەش ئىچكىرىگە كىرىپ، ئۇزۇن ساندۇقنى سۆرىگە ئېلىپ چىقتى، كېيىن ئايال بىلەن سودىلاشتى.

— يەڭگە، مۇشۇ ساندۇق بىلەن ئۇستا مەنسۇر قەرزىدىن قۇتۇلدى، — دېدى زامانئەلى، — ئۇستا مەنسۇرغا ئۆزۈم چۈشەندۇ-رىمەن، سىز ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ.

بەھەيۋەت ساندۇقنى ئۈچ كىشى بىرلىشىپ ھارۋىغا بېسىشتى. قازى پۈكۈلگەن گەۋدىسىنى تىكلەپ، بېلىنى سىلىغاچ:

— ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇق پۇكلۇك بولىدىكەن، — دېدى زامانئەلىگە قاراپ، — ئېغىرلىقىغا قارا، نەق يەتتە پاتمان كەلگۈدەك دېسە...

— مەن سىزگە ناچار مالنى ئېلىپ بېرەتتىممۇ، قازى جاناب-لىرى، — دېدى زامانئەلى قازىنىڭ مەمنۇنلۇقىدىن ئۆزىمۇ خۇرسەن بولۇپ، — قازىكالان بۇنى كۆرسە، سىز بىلەن مەندىنمۇ بەكرەك سۆيۈنىدۇ. ئەمدى سىز ئاتقا مىنىڭ، مەن ئىچكىرى كىرىپ، ئاچقۇچنى ئېلىپ كەتكىلى قاچان كېلىدىغانلىقىمنى سوراپ چىقاي.

زامانئەلى ئىچكىرىگە كىرگەندە، ئايال پۇتى كۆيگەن توخۇدەك

ھويلا سەھنىسىدە تېپىرلاپ تۇراتتى. زامانئەلىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئەنسىزلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، زامانئەلى! — ئايال رومالىنىڭ ئۇچىنى چىشلىدى، — ئاكىڭىزدىن ئۆزىڭىز خەۋەردار بولىسىز ئەمدى. ئاكىڭىزنى سىزگە، سىزنى خۇداغا تاپشۇردۇم.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ پىلانىم پۇختا، — دېدى زامانئەلى ۋە ئايالنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## مەجلىس

قازىكالاننىڭ ھويلىسى قوش قاناتلىق ھەم نەقىشلىك دەرۋا-زىدىن كىرگەندىن كېيىن ئىككىگە — ئىچكى ۋە تاشقى بۆلمە-لەرگە بۆلۈنەتتى. تاشقى ھويلىنىڭ سەھنىسى كىچىكرەك باغچە بولۇپ، باغچىنىڭ قىبلە تەرىپىگە ئىككى ئۆي؛ ھويلىنىڭ شىما-لىغا بولسا خىش بىلەن سېلىنغان، ئالتە تۈۋرۈكلۈك، زىننەتلەنگەن دالانلىق چوڭ مېھمانخانا جايلاشقان. مېھمانخانىنىڭ ئىچ تاملىرى نەقىشلىك بولۇپ، شەرققە خاس شەكىل بېرىپ ئىشلەنگەن تەكچە-لەردە ئېسىل چىنىلەر ۋە لوڭقىلار تېرىلغانىدى. سۇپىغا چوغىدەك ئىراني گىلەم، گىلەم ئۈستىگە — تۆرگە دۇخاۋا كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. ئوتتۇرىدا قويۇلغان ئۇزۇن شىرە ھەرخىل نېمەتلەر بىلەن تولغانىدى. ئۆينىڭ كۈنچىقىشقا قارىغان دېرىزىسى بولۇپ، دېرىزىدىن كەڭ باغ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

تاشقى ھويلىدا بىر توپ خىزمەتكارلار بۈگۈنكى زىياپەتكە قانداق تائاملارنىڭ تارتىلىدىغانلىقىنى، قايسى سازەندە، قايسى ئاشپەزلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى قىزغىنلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىشاتتى، كىمنىڭ قايسى خىزمەتكە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئۆزئارا كېلىشەتتى. چۈنكى، بۈگۈن شەھەرنىڭ ئەڭ كاتتا كىشى-لىرى بۇ ئۆيگە جەم بولىدۇ.

— قۇشبېگى پايانمۇ كېلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى خىزمەت-كارلاردىن بىرى ھەمراھىدىن.

— ناتايىن جۇمۇ! — دېدى شېرىكى ئۇنىڭ گېپىنى رەت

قىلىپ، — كەلمىسە كېرەك. ئۇنىڭ بىرەر قېتىم بۇ ھويلىغا كەلگىنىنى كۆرمىگەنمەن.

— ھاكىم تۆرە كەلسە كېرەك ـ ھە؟

— ھاكىم تۆرىمۇ بۇ قېتىم چاقىرىلمىغان.

— ئۇنداقتا كىم كېلىدۇ زادى؟

— قازىكالاننىڭ ئۇلپەتلىرى كېلىدۇ. ئاڭلىشىمچە، — ئاۋا-زىنى تۆۋەنلەتتى خىزمەتكار، — مەجلىستە ئاللىقانداق سىرلىق گەپلەر بولارمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت قازىكالانغا يېقىن كىشى-لەرلا كېلىشىدىكەن...

خىزمەتكارلار بۇگۈنكى سورۇن ھەققىدە بارىنىمۇ، يوقىنىمۇ قوشۇپ چېتىپ بىر ـ بىرلىرىگە چۈشەندۈرەتتى. لېكىن ھەربىر-لىرىنىڭ خىيالىدا بىرلا مەقسەت: ئۆز خىزمىتى بىلەن غوجى-سىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇش.

مېھمانلارنىڭ ئالدى كۆرۈنگەندىن كېيىن، يوگۇر ـ يوگۇر باشلىنىپ كەتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ «پالانچى، ئىشىككە قارا! پوكۇ-نچى، قولغا سۇ قوي! سەن ئىچكىرىگە قارا، سەن ئاشپەزلەرنىڭ ئالدىغا بار!» دېگەن ئەمرانە ئاۋازى ياڭرىدى...

مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئېلىشتى. سازەندە تەمبۇرنى چېرتىپ ناخشا باشلىغاندا، ھەممىسى ئۇنچە-قارماي سازەندىنىڭ ۋە تەمبۇرنىڭ نالىسىغا قوشۇلدى، بەزىسى ئىككى ياقفا تەۋرىنىشكە باشلىدى.

قوي گۆشى ۋە مېيى چالىراق قورۇلۇپ، ئاچچىق ئالما تاشلانغان شورپا ئىچىلىپ، كاسىلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن بازار ئاقساقىلى ئورتاقىباي رەئىستىن:

— بۇخارا بازارلىرىدا نېمە گەپلەر بار؟ — دەپ سورىدى باخشىللا خەلىپە يول ـ يول قورۇق قاپلىغان پېشانىسىنى سىلاپ، — مولچىلىقمۇ؟

— مولچىلىق، باخشىللا ئاكا، — دېدى ئاقساقال. ئاندىن سەل

تۇرۇۋېلىپ، ئاۋازىغا نارازىلىق ياكى مىسكىنلىكتەك ئاھاڭ بېرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىراق، چەتتىن كەلتۈرگەن ماللار ئازلاپ كەتتى. بارلىرىمۇ ئىككى خىل باھادا. بىزنىڭ سودىگەرلەر ئېلىپ كېلىۋاتقان ماللار قىممەت، چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ئەرزان.

— نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ خىراجىتى كۆپمۇ؟

— بۇخاراغا كەلگەن كارۋانلاردىن بىزنىڭكىلەر ئارتۇقچە باج تەلەپ قىلمايدۇ، سەۋەبى، شەھەرگە مال كۆپ كىرسۇن، نەرخى ئەرزان بولسۇن، دەيدۇ. بىزنىڭ سودىگەرلەر بولسا بارىدۇ ھەم كېلىدۇ. شۇنداقلا بەك كۆپ باج ـ خىراج تۆلەيدۇ. كېيىن ئۇلار تارتقان چىقىملىرىنى مال ئۈستىگە يۈكلەپ، قىممەت ساتىدۇ. يېقىندا بىر نەچچە ئاشلانغان تېرىنى يېقىنلىرىم ئارقىلىق ھاجى تارخانغا ئەۋەتسەم، ئېلىپ بارغان يېقىنلىرىم خاپا بولۇپ قايتتى. چۈنكى، رۇسىيەنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك باج تەلەپ قىلارمىش. شۇنچە كۆپ يول باسقانغا يارىشا پايدىمىز زىيىنىمىزنى قاپلىمايۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندىكىن، قايسى سودىگەر چەتتىن مال ئېلىپ كېلىشنى ياكى ئېلىپ چىقىشنى خالىسۇن؟ ھازىر بازارلاردا كىمخاپ، مەخمەل دېگەندەكلەر كاسات بولۇپ تۇرۇپتۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى، بۇلارنى چەتكە ساتقىلى بولمايۋاتىدۇ. يوللار خەتەرلىكتۇر. بىر تەرەپتىن قىپچاقلار، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركمەن ۋە قازاق كۆچمەنلىرى كارۋانلارغا تىنچلىق بەرمەيدۇ. قاراقچىلارنىڭ دەستىدىن نى ـ نى سودىگەرلىرىمىز ۋەيران بولدى.

— ئەمىرىمىز سىياسەت چىقىرىپ، يول توسارلارنىڭ ئەددىپىنى بېرىپ، باج ـ خىراج بالاسىنى يوقاتسا بولماسمۇ؟

ئورتاقباي رەئىس بىلەن باخشىللا خەلىپە ئارىسىدىكى پاراڭ مۇشۇ سوئالدىن كېيىن پۈتۈن سورۇن ئەھلىنى ئۆزىگە قاراتتى.

— ئەمىرىمىز بۇ مەسىلىلەردە بىرئاز ئاقسايدۇ، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن خەلىل مۇنشى مەجبۇرىي كۈلۈمسىرەپ، — خەۋىرىڭىزدە بار، ئەمىر ئىزچىل ئىرانغا تەھدىت سېلىپ تۇرماقتا.

بىر يىلدىن بېرى مەرۋى ھاكىمى بايرام ئەلىخان بىلەن تىركىشىپ ۋاتقاندى، ئاخىر ئۇنى يوقاتتى، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە ئۈچ تۈمەن تۇتقۇننى ئېلىپ كىردى. مەرۋى دەپ نام چىقارغان بۇ تۇتقۇنلار ھەر ئىككى شەھەرنىڭ ئاۋاتچىلىق ئىشلىرىغا سەپەرۋەر قىلىندى. بۇ جاڭجاللار ئەلۋەتتە بازارلىرىمىزدىكى ئەھۋالغا زىيان كۆرسەتمەي قالماس. كارۋانلار توختاپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپتىكى ماللار كاسات بولىدۇ.

— يېڭىدىن قولغا كىرگۈزۈلگەن يەرلەرگە ئەمىرىمىز ئۆز ئۇكىسى ئۆمەربەگنى ھاكىم قىلىپ كۆتۈردى، — دېدى يېڭىشبەگ مىراخور زور يېڭىلىقنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئەمدى ئىرانغا ئۆتۈش يوللىرىدىكى خەتەر ئازلاپ، سودىگەرلىرىمىزگە ئاسانچىلىق بولسا كېرەك. يەنە بىر يېڭىلىق، ئەمىرىمىز مۇرغاب ئېتەكلىرىدە ئىسلامئاۋات دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەلئە تىكلەش نىيىتىدە.

— شۇنداق، — مىراخورنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى خەلپە، — مېمارلار ئىشنى تېزلىتىۋېتىپتۇ. ئۇل قەلئەگە كۆيۈئوغۇللىرىنى مەسئۇل قىلىش ئېھتىمالى باردۇر. بوخارادا شۇنداق مىش - مىشلەر تارىلىپ يۈرۈپتۇ. ئىشەنچلىك ئادەملەردىن ئاڭلىشىمچە، ئۆمەربىينىڭ ئاكىسىدىن ئايرىلىپ چىقىش نىيىتى باردەك...

— بۇ ھەقتە مەنمۇ ئاڭلىغانمەن، — گەپكە قوشۇلدى قازى - كالان، — ئۆمەربىيدىن كۆپچىلىك يىراقلاشماقتا. ئۇنىڭ ئايرىلىپ چىقىشتىكى مەقسىتى ئېنىق: ئۇ ئىسلامئاۋات قەلئەسىگە كۆز تىكىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىنتايىن ھىيلىگەر ئادەم، ناۋادا ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا جاڭجال چىقسا، ئۇ كىشى غالىب كەلمىسىدى، دەپ قورقىمەن. شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا، بىزلەرگە تېخىمۇ قىيىن بولغاي. يەر - سۈيىمىز، مال - مۈلكىمىز قولدىن كەتكەي...

پارلاق تازا ئەۋجىگە چىققاندا تاشقىرىدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن

بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار پەيدا بولغاندى، ئىچكىرىدە بولسا يېنىپ تۇرغان شامنىڭ يورۇقى تەكچىلەردىكى چىنە ئىدىش ۋە كۈمۈش كوزىلاردا ئەكس ئېتىپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ساقال ـ بۇرۇتىنى سىلاپ، پاراڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان نامازخان تۆرە قازى ھەممە ياقتىن سۆزلەۋاتقان چېقىر كۆز، دىقماق بەخشىللا خەلپىنى خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قارىدى.

— سورىغانىنىڭ ئەيىبى يوق، خەلپە. سىزنىڭ شەھەردىكى كۆپلىگەن ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز بار، قەيەردە نېمە گەپ، بۇ شەھەرگە كىم كېلىپ ـ كېتىۋاتىدۇ — ھەممىنى بىلىسىز. بىز قازىخانىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل، ھېچ يەرگە چىقالمايمىز...

— يەنە سودا ـ سېتىق ھەققىدە سوراۋاتامسىز، قازى جانابلىرى؟ — دەپ سورىدى خەلپە قازىنىڭ گەپنى ئەگىتىۋاتقانلىقىدىن نارازى بولغاندەك.

— ياق ـ ياق...، — دېدى قازى ئالدىراپ ـ تېنەپ، — نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بۇخاراغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن قەسىردىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بارمۇ ـ يوق، شۇنى سورىماقچى ئىدىم.

قازىنىڭ بۇ سوئالنى سورىشى ۋە سوئالغا جاۋاب ئېلىشى ئۈنچىلىك مۇھىم ئەمەس، مەقسەت پاراڭ ئەھلىنى، جۈملىدىن قازىكالانىنىڭ پىكرىنى نەسىردىن ئەپەندىگە قارىتىش ئىدى.

— نېمىشقا خەۋىرى بولمىسۇن، بار! — دېدى خەلپە كۈلۈپ تۇرۇپ، — تىڭتىڭچىلار بارچە گەپنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بىر گەپ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، تاشقىرىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى قەسىردىكىلەر سىز ـ بىزدىن بۇرۇنراق ئاڭلايدۇ. سىزدە ئىككى قۇلاق بولسا، ئۇلاردا تۆتتۇر.

— راست دەيسىز، خەلپە، مەن بۇ ئىشنى ئېھتىيات قىلىش كېرەك، دەپلا سوراپ قويدۇم، — دېدى قازى گەپنى ئايلاندۇرۇپ، — قەسىردىكىلەر نەسىردىننىڭ كۈلكىسىگە نىشان بولۇپ قالمىغىيدى، دېمەكچىمەنغۇ. ئۆتكەن ھەپتىدە بەقا زېمىندارنىڭ مەرىكى-

سىدە مۇھەممەد تۆرە ئەمرى مەرۇپ قىلدى. ئاشۇ يەرگە نەسىردىن كىلىپ قالدى ۋە ھەزرەتنىڭ زىتىغا تېگىپ: «ھەزرىتىم، سىز بىلمىگەن ئىلىم ـ ھۈنەر، سىز يېشەلمىگەن سىر يوق، دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ راستمۇ؟» دەپ سورىدى. ھەزرەتمۇ «ھەئە، شۇنداق» دېگىنىنى بىلىدۇ، نەسىردىن سوزۇپ ئىسقىرتىپ قويىدى «بۇ ئاۋازغا تۆت تۇگمە قاداپ بېرىڭ» دېدى. ھەزرىتىم شۇنچىلىك خىجىل بولدى، رەھمىم كېلىپ كەتتى.

— شۇنداق بولسىمۇ، پېقىر ـ پۇقرالار ئۇنىڭدىن خۇرسەن، دەپ ئاڭلايمەنغۇ، — دېدى خەلىل مۇنشى...

— مەن سىزگە ئېيتسام، خەلىلبېك، نەسىردىن ئەپەندى دېگىنى ئېنىقلا جادۇگەر! — دېدى چىرايى پۇرۇشۇپ كەتكەن ئابدۇرەپى ئەئلەم. ئۇ شۇنداق تاتىرىپ كەتتىكى، يۈزى داكىدەك ئاقىرىپ، چېكە تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىقتى، پۇچۇق بۇرنىنىڭ سول يېنىدىكى ماشتەك قارا مېڭى لىكىلداپ ئوينىدى. ئۇنىڭ زەردىسى قايناپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇزمەي كېكىرەتتى، — شۇنداق، ئۇ جادۇگەر! جادۇگەرلىك — شەيتاننىڭ ئىشى. دېمەك، نەسىردىن ئەپەندى شەيتان! ئىسپاتىمۇ بار، — ئۇ قارشىسىدا ئولتۇرغان بازار ئاقساقىلىغا قولىنى شىلتىدى، — ئىسپاتى كۆپ. گېپىم راستمۇ، ئورتاقباي؟

سەمرىپ كەتكەن، ياپىلاق يۈزلۈك، ئۈستىدىكى سېرىق يەكتەك ئىچىدىن ئۇچ بەلباغ باغلىۋالغان، گەۋدىسىگە قارىغاندا قوللىرى ئۇزۇن، گەپ قىلغاندا ئولۇق كۆزى تولا قىسىلىپ تۇرىدىغان، لېۋىنىڭ چېتىدە تارتۇقى بار ئورتاقباي رەئىس قەددىنى تىكلەپ ئابدۇرەپى ئەئلەمگە نارازىلىق بىلەن قاراپ قويىدى ـ دە، يەنە بېشىنى ئەگدى. ئولتۇرغانلار «نېمە دەركىن» دېگەندەك، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغاچقا، ئورتاقباي رەئىس ئامالسىز قالغاندەك ئېغىز ئاچتى:

— بىلمىدىم ئەمدى... راستمۇ ـ يالغانمۇ، بۇنى ماڭىمۇ بىرسى ئېيتقان. بىر كۈنى نەسىردىن ئەپەندى بازار ئارىلاۋېتىپ،

بىرنەرسە سېتىۋېلىپتۇ ۋە بەلبېغىنىڭ قېتىدىن چوڭ ھەميان چىقىرىپ، سېتىۋالغان ئادەمگە پۇل تۆلەۋاتقاندا، ئاشۇ يەردە تىمىسقلاپ يۈرگەن ئىككى ئوغرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئولجىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، نەسىردىن ئەپەندىنى خالىيراق جايدا تۇتىمىز، دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. يولنىڭ توقايزار ھەم ئادەمسىز يېرىگە بېرىپ، ئەمدىلا ھۇجۇمغا تەييارلانغاندا، يەردىن چىقتىمۇ، ئاسماندىن چۈشتىمۇ، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئىككى ئاتلىق پەيدا بولۇپ قاپتۇ، — ھېكايىنى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن كىمدۇر بىرى «يا ئاللاھ، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ!» دەپ قويدى. لېكىن بۇ گەپ ھېچكىمنى چالغىتمىدى. ھەممەيلەن ھېكايىنىڭ داۋامىغا ئىنتىزار ئىدى، — شۇڭا ئوغرىلار قول سالالماپتۇ، ئەمما ئولجىنى پايلاشنى داۋام قىلىپ، تاكى سەپەر شاھىچىنىڭ چايخانىسىغىچە بېرىپتۇ. نەسىردىن ئەپەندىگە ئەگەشكەن ئاتلىقلار دەل شۇ يەرگە بارغاندا كۆزدىن غايىب بولۇشۇپتۇ، — ئورتاقباي ئاقساقال ئېيتىۋاتقان گېپىنى ئۆزىمۇ ھازىر ئاڭلاۋاتقاندەك، چۆچۈش ئىچىدە سۆزلەيتتى، — «بۇ ئىككى ئاتلىق نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان ئوغرىلارمۇ كەينى - كەينىدىن چايخانىغا كىرىپ، بىر چەتتە ئولتۇرۇشۇپتۇ. نۆۋەت بىلەن «بۇرادەر، سىزگە ئەگىشىپ كەلگەن ئاتلىقلار كىم ئىدى؟» دەپ سورىسا، نەسىردىن ئەپەندى: «قايسى ئاتلىق، مەن ئاتلىق - پاتلىقنى كۆرمىدىمغۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئورتاقباي ئاقساقالنىڭ ھېكايىسىگە ئىشەنگەنلەر ھەيرانلىقتا پاتسا، ئىشەنمىگەنلەر مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈشتى. يېڭىشىبېك مىراخورمۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

— ئوھۇ، سىز نەسىردىن ئەپەندىنى ئەۋلىياغا چىقاردىڭىزغۇ، — دېدى بىر كۆزلىرىنى تېخىمۇ قىسىپ.

— مانا، مەن دېمىدىممۇ، — دېدى ئورتاقباي تىترەڭگۈ ئاۋاز

بىلەن، — گېپىمگە ئىشەنمەيسىلەر دېسەم، سۆزلەپ بېرىڭ، دەپ ئۆتۈندىڭلار. مەن بۇنى ئۆزۈم توقۇمىدىم، ئاڭلىغىنىمنى ئېيتتىم. مەنغۇ ئاشۇ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىسام دەيمەن.

— ئورتاقباينىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق، — رەئىسنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى شەمسىددىن پانساد، — نەسىردىن ئەپەندى جادۇگەر بولمىسا، ئۇنى بىر زامانلارغا سۇغا چۆكتۈرۈۋەتكەندىن كېيىنمۇ تىرىلەرمىدى؟ ياكى باغدادنىڭ خەلىپىسى ئۇنىڭ بېشىنى كەسكەندىن كېيىنمۇ يېڭى باش ئۆسۈپ چىقارمىدى؟ نەسىردىن ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ جادۇگەر! بۇنداق ئىشلار پەقەت جادۇگەرلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. جادۇگەرلەر شەيتاننىڭ مالىيىدۇر!

— ئۇ ئەبلەخنىڭ كوزىچى قىشلىقىدىكى تەنەباينى يۈز تىللاغا ئوڭدا قويغىنىغا نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ گەپكە قوشۇلدى نامازخان تۆرە قازى، — ئاڭلاپ يىغلىشىمىنىمۇ، كۈلۈشۈمنىمۇ بىلمەي قالدىم.

«شۇمۇ دېگۈدەك گەپمىدى» دېگەن ئويدىمۇ ياكى قەستەن تەگكۈزۈپمۇ:

— ئۇنىڭ بىراۋغا بۆدۈنە ساتقىنىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنسىزدە، نامازباي؟ — دېدى قازىكالان چوپچوڭ نۇرسىقىنى سىلاپ كۈلۈپ. نامازخان تۆرە يالت قىلىپ گەپ ئىگىسىگە قارىدى ۋە دۆڭ پېشانىسى پۇرلۇشۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ «قازىكالان ھەممە گەپنى ئاشكارىلايدۇ، مەن بىر توپ ئادەمگە كۈلكە بولۇپ بېرىمەن» دەپ ئەنسىرەشكە چۈشتى. ئەمما، قازىكالان ئۇنىڭ نامىنى ئاشكارىلىمىدى، — «بۆدۈنەم بەئەينى خىزمەتكار» دەپ ئاشۇ يارىماسقا ساتقىنىكەن، ئۇ يارىماسمۇ سىنالمىغان مالنى يۈز تىللاغا سېتىۋالغىنى يەتمىگەندەك، دوستلىرى بىلەن قىمار ئويناپتۇ تېخى.

— ئۇتۇپتىمۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئورتاقباي رەئىس.

— ئۇتقان بولسا كۈلكىگە قالاتتىمۇ؟ ئۇتتۇرغان ـ دە! بۆدۈنىنىڭ خىزمەتكارلىق قىلغىنىنى كىم كۆرۈپتىكەن؟ — دېدى

قازىكالان مەسخىرە قىلىپ.

— ئەجەب بوپتۇ، خوپ بوپتۇ! — دېدى شەمسىددىن پانساد، — ئاشۇ نەسىردىننىڭ سېپى ئۆزىدىن سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى بىلىدىسەنغۇ، نېمىشقا بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يەنە يېقىن بارىسەن، سەن نادان؟ ھە راست، سېتىمۇالغۇچى زادى كىم ئىكەن؟ يۈز تىللاغا بۇدۇنە ئالغىنىغا قارىغاندا، بۇ چوقۇم بىر باي - بەدۆلەت ئادەم. ئۇنى تونۇۋېلىشىمىز زۆرۈر.

— كىملىكىنى دېمىدى، لېكىن مۇشۇ شەھەردىكى كالامپايلار - دىن بىرى دېيىشتى. ئەگەر نامازباي تونۇمىسا، بىز تونۇمىدۇق.

نامازخان تۆرە «ئۇھ» دەپ يەڭگىل نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ بەختىگە ئورتاقباي ئاقساقال باشقا بىر پاراڭنى باشلاپ، نامازخان تۆرىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلدى:

— بىر كۈنى بىزنىڭ بازاردا تۆت تاغار سەۋزىنى بىر اقىلا ئوسمان سودىگەرگە ئۆتكۈزۈپ قايتىۋاتقان قىشلاقلىق دېھقان ماڭا: «شەھەردە ئادەم كۆپ ئىكەن، لېكىن تىرىقچىلىق قىلىدىغان يېرى كەم ئىكەن. بۇنچە ئادەم نېمە بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟» دەپ تۇرغانىدى، قەيەردىندۇر نەسىردىن ئەپەندى گەپكە قوشۇلدى: «شەھەردىكىلەر پېشىنگىچە سىزگە ئوخشاش دېھقانلارنى، پېشىنىدىن كېيىن بولسا بىر - بىرلىرىنى ئالداپ تىرىكچىلىك قىلىشىدۇ» دەيدۇ سەت ھىجىيىپ. دېھقاننىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك ئۇياتقا قالدىم، يەر يېرىلغان بولسا تىك كىرىپ كېتەتتىم.

— ئۇنىڭ سەپەر شاھىچى دېگەن ھەمتاۋۇقى بار، — ئوتقا ياغ چاچتى نامازخان تۆرە، — ئۆزى قوقان تەرەپلەردىن كېلىپ قالغان. ھازىر چايخانىدا. ئۆزىچە نەسىردىن ئەپەندىگە يان بېسىپ يۈرىدۇ. ئەپتى - بەشىرىسىگە قارىساڭ، بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان كىشى. لېكىن گەپنى چوڭ قىلىدۇ. سىلەرگە ئۇنىڭ سەپسەتىسىنى ئېيتىپ بېرەي: نەسىردىن ئەپەندى بوخارانىڭ ۋىجدانى ئىمىش. ئۇنىڭغا قول كۆتۈرگەن كىشى ھەقىقەتكە قول كۆتۈرگەن سانىلارمىش!

— قانداق ۋىجدان، قانداق ھەقىقەت؟ بىلىسەڭلار، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى ئىبلىسنىڭ ئۆزى! — ئاخىرقى باھانى بېرىۋاتقاندەك مەمنۇن تاماق قىردى ئابدۇرەپى ئەئلەم، — يېقىندا پايى كەلانغا كىرىپ بىر گەپنى ئېيتتىكى، ئاڭلاپ، تەرىتىم بۇزۇلاي دېدى.

— نېمە دېدى؟ — قىزىقىش بىلەن سورىدى قازىكالان.

— ئۇ بەدبەختىنىڭ تۆت تۆگە يۈكى بارمىش، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەئلەم، — بىر تۆگىسى زۇلۇم ئىكەن، ئەمەلدارلارغا ئىمىش؛ بىر تۆگىسى خىيانەت ئىكەن، بايلارغا ئىمىش؛ بىر تۆگە-سى ھاۋايى - ھەۋەس ۋە تەنە ئىكەن، ئۆلىمالارغا ئىمىش؛ يەنە بىر تۆگىسى بولسا ھىيلەئىي شەرئىي ۋە تەمە ئىكەنكى، بۇ قازىلارغا ئىمىش... بۇ نېمىدېگەن ئازغۇنلۇق؟! ئۇنى بىر ياقىلىق قىلمىسا، بىمەنە لەتىپىلىرى بىلەن ئابرۇيىمىزنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىدۇ، بۇ مۇتتەھەم.

مېھمانلار يالىت قىلىپ ئۆي ئىگىسىگە قارىدى. قازىكالان «ھۇ، ئەبلەخ!» دەپ بېشىنى ئاچچىق چايقىدى، كېيىن ئەئلەمنىڭ تەكلى-پىنى توغرا تېپىپ:

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك! — دېدى ۋە تەكلىپىنىڭ ئابدۇرەپى ئەئلەمدىن چىققىنىدىن مەمنۇن قىياپەتتە نامازخان تۆرە بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالدى ۋە غەزەپكە ئۆتتى، — بىمەنىلىك! كىم تەمەخور ئىكەن؟ ئۇ بىتەۋىق كىم بىلەن ئوينى-شىۋاتقىنىنى بىلەمدىغاندۇ زادى؟ بىزلەرنى ئەخمەق دەپ ئويلاپ قاپتۇ - دە؟ ئەخمەقلىقنى كۆرسىتىپ قويىمەن ئۇنىڭغا! بۇ شەھەر-نىڭ ئىگىسى يوق دەپ ئويلاپ قالغان چېغى! رەئىسىيەت ئالدىدا بىزدەك ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇ ئىتنىڭ بالىسىغا كۆرسىتىپ، مىڭ توۋا قىلدۇرىمەن تېخى!

— ھەممە گېپى سەپسەتە! توۋا قىلدۇرۇڭ، تۆرەم، ئەدىپىنى يېسۇن تازا! — دېدى ئابدۇرەپى ئەئلەم قازىكالاننى قۇترىتىپ، —

ئەدىپىنى بەرمىسىڭىز، ئۇ ھارامزادە ئاۋۋال سىزنىڭ، ئاندىن بىزنىڭ ئەملىمىزگە يەنە نېمىلەرنى توقۇپ يۈرمەيدۇ دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئەڭ يامان يېرى تىلى! ئاشۇ زەھەرخەندە تىلىنى سوغۇرۇۋېلىش كېرەك!

— چوقۇم شۇنداق قىلىمىز! — دېدى قازىكالان ئىشەنچ بىلەن، — تىلىنى سوغۇرۇۋالىمىز!

قازىكالان يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ پوپوزا قىلدى، ئاندىن بوسۇغىدا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتكارغا قاراپ:

— تارتىڭلار! — دېدى.

ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ تۇرغان كۈتكۈچىلەر قازىكالاننىڭ ئىماسى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كاۋاپنىڭ ئىشتىھانى قوزغىغۇچى خۇشبۇي ھىدى تېزلىكتە ئۆينى قاپلاپ، مېھمانلارنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. سۆھبەت ئۈزىچىلا ئۈزۈلدى. دېمىسىمۇ تاماق كۆڭلىنى دەي ـ دەيگە سېلىۋاتقاندا، كاللىغا گەپ كىرەمتى؟

كاۋاپخورلۇق باشلانغاندا كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي ئوچۇق دېرىزە ئۇدۇلىغا كېلىپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان باغدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچى تۇن شامىلىدا يېنىك شىۋىرلاپ تۇراتتى. شۇ چاغدا بىردىنلا چاقماق چېقىپ، باغ ئىچىنى يورۇتۇۋەتتى.

— چاقماقمۇ؟ — دېرىزىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان كىمدۇر بىرى ئاغزىدىكى لىق گۆشنى چاينىغاچ سورىدى.

— كۈز پەسلىدە چاقماق چاقىدۇ، يامغۇر ياغىدۇ ـ دە، — سورغۇچىنىڭ سوئال ئاھاڭىغا ماس جاۋاب بەردى يەنە بىرى.

شۇنىڭدىن كېيىن دەرەخ بەرگىلىرى سۇ سەپكەندەك پىرىسلاشقا باشلىدى. ئورتاقباي ئاقساقال «يامغۇردا قالىدىغان بولدۇق ـ تە» دەپ ھايال ئۆتمەيلا پىرىسلاشقا باشلىغان يامغۇر توختىدى.

— خەيرىيەت، — دېدى ئۇ قايتىدىن، — ياغىدۇ دەپ تۇرۇۋېدىم، تامچىلاپ توختاپ قالدى.

ئابدۇرەپى ئەئلەم ئاغزىدىكى كاۋاپنى چايناۋېتىپ:
— يامغۇرغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ياغىمەن دېسە، ياغىدۇ. ياغماستىن بۇرۇن ئۆيىمىزگە يېتىۋالساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى.
— قوزغىلىشقا ئالدىرىماڭلار، قوغۇننى كەلتۈرىدۇ تېخى، — دېدى قازىكالان مايلىشىپ كەتكەن بارماقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ قول ياغلىقىغا سۈرتۈۋېتىپ، — هەي، نەسرۇللا! قوغۇننى ئېلىپ كىرىڭلار!
ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتكار تېلىپ، تەق قىلىپ قويۇلغان قوغۇننى داستىخانغا كەلتۈردى. قورساقلىرىغا باشقا نەرسە سىغمىغۇدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تائام هۆرمىتى ئۈچۈن بىرەر تىلىمدىن قوغۇن يېگەن مېهمانلار بىردىن ـ ئىككىدىن قوللىرىنى تارتىشتى.
بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى نەسىردىن ئەپەندىنى يوق قىلىش پىكرى مېڭىسىگە پاشىدەك يېپىشىۋالغان نامازخان تۆرە «هېلىقى گەپ چالا قالدىمۇ ـ نېمە؟» دېگەندەك قازىكالانغا مەنىلىك قارىدى. قازىكالان دەرهال مېهمانلارنى توختاشقا ئۈندەپ:
— گەپ چالا قالمىسۇن، نەسىردىن ئەپەندىنى قانداق قىلىدىغان بولدۇق ئەمدى؟ — دېدى.
— ئۇنىڭ داۋاسى پەرپى چەپەنى! — دېدى ئابدۇرەپى ئەئلەم دەرهاللا، — ئازراق بىر نەرسە بەرسەك، نېمە قىلىشنى ئۆزى بىلىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر شۇنچىلىك تېز-تەرەققىي قىلدىكى، بىر پەستىلا هەممىنى ئۆز دولقۇنىغا تارتىپ كەتتى، رەقىبلەر دۇنيادىكى هەممە ئىشنى ئۇنتۇپ، جوشقۇنلىشىپ كەتتى. هەممىنىڭ خىيالى، ئوي ـ پىكرى نەسىردىن ئەپەندىنى يوق قىلىش بىلەن بەنت بولۇپ قالدى. ئۇلار بۇ مەسىلىگە شۇنچىلىك بېرىلىپ

كەتتىكى، ئۆينىڭ بىر يېنىغا جايلاشتۇرۇلغانساندۇقتىن چىققان ئاۋازنىمۇ بايقىماي قېلىشتى. بايقاپ قالغان ئورتاقباي ئاقساقالمۇ گېپىنى چاقچاققا ئۆرىدى:

— ساندۇقتا چاشقان بارمۇ - نېمە؟ — دېدى ئۇ ھەممىنى بىر ئاغزىغا قارىتىپ، — كىتىرلايدىغۇ!

— ۋاي - ۋۇي، — دېدى ئابدۇرەپى ئەئلەم، — تەقسىرىمنىڭ مۇبارەك ئۆيىدە چاشقان نېمە قىلسۇن؟ بۇ ئائىلىدە چاشقانغا ئىش قالمىغان.

— ئېھتىيات قىلىش لازىم، سىياسەت توغرىسىدا گەپ بولغان- دا چاشقانلارنىڭمۇ قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى يېڭىش- بېك مىراخور، — پارسىنىڭ «دېۋار مۇش دارەد، مۇش گۆش دارەد» دېگەن گېپى بار. يەنى تامنىڭ چاشقىنى بار، چاشقاننىڭ بولسا قۇلىقى بار.

— ئوھۇ، چاشقانلارمۇ سىياسەتنى چۈشىنىدىكەن - دە؟

— سىياسەتنى چاشقانلارمۇ چۈشەنسۇن - دە!

— بەك قورقۇنچاق بولۇپ كەتمەڭلار. قۇشقاچتىن قورققان ئۇرۇق چاچمايدۇ، دېگەن گەپ بار. چاشقاندىن قورقساڭلار ئاچ قالىسىلەر! — دەپ رەئىسنىڭ گېپىنى كۈلكىگە ئالدى قازىكالان ۋە ئۈزۈلۈپ قالغان گەپنى داۋام قىلدى، — پەرپى چەپەنگە كېلىپ توختىغانمىدۇق - ھە؟ ئۇنداقتا بۇ ئىش قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟

— يەكشەنبە كۈننى بېكىتەيلى، — دېدى نامازخان تۆرە، — مەن پەرپىنى تاپتۇرۇپ، ھەممە گەپنى جېكىلەيمەن. ھازىر ئۇ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— نېمىشقا يوشۇرۇنىدۇ؟

— بالائۆستەڭ مەسچىتىدە كېينىگە ئادەم چۈشكەنىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن.

— كىم كېينىگە چۈشۈپتۇ؟

— نەسىردىن ئەپەندى.

— يوق گەپنى قويۇڭ، قازى، — دېدى يېڭىشىپىك مىراخور قول سىلكىپ، — پەرپىنى بىلمىسىزغۇ، توگمەنگە چۈشسە پۈتۈن چىقىدۇ ئۇ. بالا - قازادىن قورقمايدىغان ئادەم نەسىردىن ئەپەندىدىن قورقاتتىمۇ؟ يوق گەپ! ھەممىسى يالغان!

— نېمىشقا ئىشەنمەيسىز ئەمدى؟ — دېدى قازى غىڭشىپ، — ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىدىم. ئۆزى كېلىپ دېدى ماڭا.

— گەپنى كۆپەيتمەڭ، — دېدى ئورتاقباي ئاقساقال، — پەرپى ھەقىقەتەن قورقۇنچاق ئادەم ئەمەس. كۈندۈزى يوشۇرۇنسىمۇ، كېچىسى شەپەرەڭگە ئوخشاش كوچا كېزىدۇ. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يېتىپ - قوپىدىغان جايى قەيەردە زادى؟

— تاپىنى يوق كىشىنىڭ جايى قەيەردە بولاتتى، چايخانىدا - دە، — دېدى نامازخان تۆرە، — سەپەر شاھىچىنىڭ چايخانىسىدا! پەرپىنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويسىڭىزمۇ ئۇ يەرنى تېپىپ بارىدۇ.

— مەسىلە ھەل بولدى، يەكشەنبە كۈنىنى پىلانلاۋېرىڭلار! — پاتىھە بەرگەندەك قولىنى يۈزىگە سۈرتتى قازىكالان، — نەسىردىن ئەپەندىنى بىر ياقلىق قىلىپ، چايخانىنىڭ ئۆزىدە يەرگە پاتۇرسۇن. ئەتىسى نامازباي مىرشابلىرى بىلەن چايخانىغا بېرىپ، مېيىتنى كولاپ ئالىدۇ - دە، چايخانىچىنى گۇناھكار قىلىدۇ. خوش، نەسىر - دىن ئەپەندىنىڭ كاللىسى ئۈچۈن قانچە تىكىسىلەر؟

نامازخان تۆرە «ئۆزىڭىز ئېيتىڭ» دېگەندەك قازىكالانغا قارىدى.

— ئۇ يارىماسنىڭ كاللىسى ئۆزى ئۈچۈن قىممەت تۇرسىمۇ، بىز ئۈچۈن ئۇ كاللىغا بىر تىللا بېرىشىمۇ ئۇيات! بوپتۇ، پەقەت پەرپىنى رازى قىلساڭلارلا بولدى..

بۇ ھاياتلىق نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تەقدىرى بىلەن بەك كۆپ ئويناشقان: بىر بەختسىزلىك كەينىدىن يەنە بىرىنى روبىرو قىلغان، گاھ ئاشكارا، گاھ نىقابلانغان مەخلۇقلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرغان، ئىزتىراب چېكىشكە، بەزىدە ھەتتا ئۆلۈمگە قەدەر سۆرەپ بارغان. نەسىردىن بولسا ھېچ قاچان خەۋپ - خەتەرنى

خىيالىغا كەلتۈرمەي، چارچاش، قورقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ھەق ئۈچۈن قىلىدىغان كۈرەشلىرىنى داۋام قىلىۋەرگەن. خۇددى چۆچەك قەھرىمانلىرىدەك ئالدى ـ كەينىگە قارىماي، ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن تىمىسقىز ئالغا بېسىۋەرگەن. خەلقنىڭ ئىشەنچىسى، ياخشىلارنىڭ ياردىمى، جۈملىدىن، ئۆزىنىڭ تاپقۇرلۇقى، يۈرەكلىك-لىكى كۈچىگە كۈچ قوشقان. ئەگەر ئىنسان توغرا بولسا، ھەقىقەت تەرىپىدە بولسا، ئۇ كۈرەشتە ھەمىشە يېڭىپ چىقىدۇ. بۇنداقلاردىن گېزى كەلسە ئەجەلمۇ قورقىدۇ. نەسىردىن ئەپەندىمۇ خۇددى قەقنۇسقا ئوخشاشتۇر، ئۇ دائىم ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدۇ، ئوتتا كۆيسىمۇ يەنە قايتا تىرىلىپ ھاياتقا ئىنتىلىۋېرىدۇ، ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىۋېرىدۇ. مانا، ئۇ يەنە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى.

مەجلىس تۈگىدى. ئابدۇرەپى ئەئلەم قول كۆتۈرۈپ «قېنى، دۇئا قىلىڭلار» دېگەندى، قازىكالان «ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن» دېدى.

— قېنى، ئامىن، — كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىنى بىر سىلكى-ۋېتىپ دۇئانى باشلىدى ئەئلەم، — نەسىردىن ئەپەندى ئودۇل بېرىپ دوزاخنىڭ تۆرىگە چۈشسۇن! بايتۆرەمنىڭ مەرتىۋىسى بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولۇپ، خۇدايىم ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! ئاللاھۇ ئەكبەر!

مېھمانلار قوزغىلىشتى، خىزمەتكارلارمۇ مېھمانلارنى ئۇزات-قىلى تاشقىرىغا چىقتى. ئۆيئىچىدە ھېچكىم قالمىغان چاغدا، ساندۇق ئىچىدىكى «چاشقان» مۇ ئاستاغىنە ئارقا دېرىزىدىن چىقىپ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولدى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## سوئال ئاسماندىن، جاۋاب نۇگمەندىن

ئۆلۈمگە قىرىق بىرىنچى، ياق، قىرىق ئىككىنچى قېتىم پەتىۋا بېرىلىۋاتقان كۈنى نەسىردىن ئەپەندى مىرىيۇسۇپ قۇشبېگىنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ، قەسىرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ئىران ئەلچىلىرىنىڭ قارشىسىدا تۇرۇۋاتاتتى.

ئەلچىلەر سوئاللىرىغا لايىق جاۋاب ئالالماي تاقىتى تاق بولغان، قۇشبېگى بولسا قىزىرىپ ـ تەمتىرەپ تۇرغان ۋاقىتتا نەسىردىن ئەپەندى ئىشىكئاغىسىدىن ئىچكىرىدىكى ۋەزىيەتنى بىلىپ، يېشىلمىگەن تۈگۈنلەرنى يېشىشكە، قۇشبېگىنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىشقا قاتناشقۇسى بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. قۇشبېگى دەرھال ئۇنىڭغا ئىچكىرىگە كىرىشكە رۇخسەت بەردى.

قارچىغا بۇرۇن، كەكەساقال قۇشبېگىنىڭ چىراي ـ تۇرقى قورقۇنچلۇق كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنچىلىك قوپال ئادەم ئەمەس ئىدى. ئاۋازى مەيىن، گەپ قىلغىنىدا ناھايىتى مۇلايىم بولسىمۇ، سەل غەزىپى تۇتسا، خىرقىراق ئاۋازى بىلەن ئاڭلىغۇچىنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى. بالىلىقىدا قۇلىقىغا بىرەر ئىش بولغان بولسا كېرەك، تاكى ھېلىغىچە سول قۇلىقىغا پات ـ پات چىمچىلاق بارمىقىنى تىقىپ، سىلكىپ قوياتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرغان نەسىردىن ئەپەندىنى تونۇمايتتى (ئەگەر تونۇغان بولسا، ھەرگىز بۇ يەرگە يېقىنلاتمىغان بولاتتى)، ئۇنى سارايغا قىزىقتۇرۇلغان ئالىملاردىن بولسا كېرەك، دېگەن گوماندا ئىدى. نەسىردىن ئەپەندىمۇ قۇشبېگىنىڭ كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان گومانىنى پەملەپ،

ئۆزىنى يېقىندا بۇخاراغا كەلگەن باغدادلىق ئۆلىما ــ مۇسلىم ئەبۇ سۇريان، دەپ تونۇشتۇردى.

«بۇ ياراتقۇچىنىڭ ماڭا قىلغان ئىنايىتىدۇر» دەپ ئويلىغان مىريۇسۇپ قۇشبېگى بېشى كۆككە يەتكەن هالدا:

ــ ئەي، ئەبۇ سۇريان، قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدىن دىللىرىمىز شادلىققا تولدى، ــ دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئەلچىلەرنى بىر - بىر تونۇشتۇردى، ــ ئۇستىدىكى قىممەت باھا كىيىملەر كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئادەمدە ھەۋەس ئويغىتىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ ياشانغىنى ــ ساقىلى ئاپئاق، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى ياش كىچىك ــ خۇشرويگىنە، ئۈچىنچىسى، قىرىق ياشلاردىكى دومىلاق يۈزلۈك قارا ساقال مەردەك ئىكەن، ــ بۇ مېھمانلار ئىرانىيدۇر. ئەركانى دۆلەت مەسلىلىرىنى ئادا قىلىپ، ئەمدى ئىلمۇ ئىرپاندىن سوئال - جاۋاب قىلغانىدۇق. ئەزىز مېھمانلىرىمىزنىڭ بەزى سوئاللىرى تاش ياڭاققا ئوخشاش چىشقا پاتۇر. بۇنىڭدىن بىز بىرئاز خىجالەتتىدۇرمىز. ئېھتىمال، تاشيا-ڭاقلارغا سىېنىڭ چىشىڭ ئۆتەر؟

ئەلچىلەر ئاددىيلا كىيىنگەن نەسىردىن ئەپەندىنى نەزىرىگە ئىلمىدىمۇ، «ئەبۇ سۇريان» نىڭ سالىمىنى خۇشياقمىغاندەك ئىلىك ئالدى. نەسىردىن ئەپەندىمۇ ئالدىدىن تون پىچىشنى ئۆزگە لازىم كۆرمەي، قۇشبېگىگە تەزىم بەجا قىلىپ:

ــ سوئاللىرىغا مۇشتاقمەن!ــ دېدى.

قۇشبېگى ئەلچىلەرگە ئىشارە قىلىۋىدى، يېشى چوڭ ئەلچى ھاۋادا يۇمىلاق شەكىلنى سىزدى - دە، ھومايىغاندەك تۇرىۋەردى. نەسىردىن ئەپەندى «بۇ نېمىسى؟» دېگەندەك قۇشبېگىگە قارىدى.

ــ بۇ سوئال، ــ دېدى قوشبېگى جىلمىيىپ.

نەسىردىن ئەپەندى بارمىقىنى چىشلەپ، تورۇسقا تىكىلىپ خېلى ئۇزاق تۇردى - دە، كېيىن تىزلىكتە ئۇمۇ ھاۋاغا يۇمىلاق شەكىلنى سىزىپ، ئۇنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ سىزىق تارتتى ۋە

يۇمىلاقنىڭ يىرىمى ئۆزىگە، يىرىمى ئەلچىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە ئىشارە بەردى.

جاۋابتىن مەمنۇنلۇقنى يوشۇرالمىغان قىرى ئەلچى باش لىڭشىتقان هالدا بىر قەدەم ئارقىغا ئۆتۈپ، شېرىكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئەلچى ئالدىغا چىقىپ، قورسىقىنى سىلىدى ۋە ئىككى قولىنى ئىككى يېنىغا قانات قاققاندەك سىلكىپ، ئۇمۇ جىم تۇرىۋەردى.

— بۇ ئىككىنچى سوئال! — دېدى مىرىيوسۇپ قوشىبېگى نەسىردىن ئەپەندىگە ئىشارە قىلىپ، — جاۋاب بەر!

بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بىلەن تۈگەيدىغانلىقىنى هېچكىم بىلمەيتتى، جاۋابلارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغىمۇ كاپالەت بېرەلمەيتتى.

نەسىردىن ئەپەندى يان تەرىپىگە قارىۋېدى، ئالتە قىرلىق نەقىشلىك شىرە ئۈستىدىكى كاسىدا تۇرغان بىر دانە تۇخۇمغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ، ئاشۇ تۇخۇمنى قولىغا ئالدى، ئۇنى ئەلچىگە كۆرسىتىپ، ئۆز قورسىقىنى سىلىدى، ئاندىن يۇزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ئۇچۇشقا تەييارلانغان خورازدەك قانات قاقتى.

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ هەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، سوئال ئىگىسى بېشىنى مەنىلىك قىمىرلىتىپ، ئۆز ئورنىنى تاپتى. ئەلچىلەرنىڭ جاۋابلاردىن رازى بولۇۋاتقانلىقىدىن سارايىنىڭ باشقا ئۆلىمالىرى بىر - بىرلىرىگە هەيرانلىق بىلەن قاراپ، ئېغىزلىرى سەككىزىنچى كالاچتەك ئېچىلىپ قالدى.

ئۈچىنچى ئەلچى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋەردى. نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭغا «سوئالنى قاچان سوراركىن»، دەپ قاراپ تۇرغىنىدا، قوشبېگى:

— ئەبۇ سۇريان، جاۋاب بەر! — دېدى چىمچىلاق بارمىقىنى سول قولىغا تىقىپ سىلكىپ تۇرۇپ، — بۇ ئۈچىنچى سوئال.

جاۋابىڭ توغرا بولسا، مۇكاپاتقا لايىقسەن، ئۇنداق بولمىسا، مىرغە-زەبنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن!

نەسىردىن ئەپەندى سوئالنى تېزلا چۈشىنىپ، تەھدىت سالغاندەك ئەلچىگە ئىككى بارمىقىنى تەڭلىگەندى، ئەلچى ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ چاۋىكى سوئالنىڭ داۋامى ئەمەس، بەلكى تەن بەرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— بەللى، بۇ ئىلمۇ ئېرپاندا تەڭدىشى يوق ئالىم ئىكەن! — دېدى يېشى چوڭ ئەلچى شېرىكلىرىنىڭمۇ ئويلىغانلىرىنى جەم قىلىپ نەسىردىن ئەپەندىگە باھا بېرىپ، — ئۇچىلىمىزنىڭ سوئالىمىزغا توغرا جاۋاب بەردى، بىزلەرنى لال قىلدى، ئاپىرىن!

قۇشبېگىنىڭ خۇشاللىقىدىن پايدىلىنىپ، نەسىردىن ئەپەندى ئەلچىلەرگە ئۆزرىسىنى بايان قىلدى:

— ئەزىز مېھمانلار! — دېدى ئۇ باشلىرىنى ئېگىپ تۇرغان ساراي ئۆلىمالىرىنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئۆلىمالار ھەر قانچە سوكۇت قىلسا ئەرزىيدۇ، چۈنكى يۇقىرىقىدەك سوئاللارغا ئەجدادلىرى جاۋاب بېرىپ قويۇشقان، تەكرارلاشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ بۇلار ھازىرچە ئاشۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جاۋابى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرى جاۋاب تېپىشقا سەل ئېرىنچەكلىك قىلىدۇ، — كېيىن قۇشبېگىگە يۈزلەندى، — شەھەربىيار، مېھمانلارغا شەھەرنىڭ قەدىمىي ئابىدىلىرىنى كۆرسەتتىڭىزمۇ؟ بۇخارانىڭ قەدىمىي ئابىدىلىرى يەر يۈزىدە يېگانىدۇر. بۇنىڭدەك نادىر سەنئەت نەمۇنىلىرىنى كۆرمەك — ئۆتمۈش بىلەن ئۇچراشماق دېمەكتۇر. ئۆتمۈش بىلەن ئۇچراشقانلار، بۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسىلەر.

مىريۇسۇپ قۇشبېگىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى يورۇپ، ئەبۇ سۇريان ۋە باشقا ساراي ئۆلىمالىرىنى سالامخانىغا چىقىرىپ قويدى - دە، ياساۋۇلغا ئەلچىلەر ئۈچۈن زەرباپ تونلاردىن كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە ئەلچىلەردىن:

— ئېيتىڭلارچۇ، قانداق سوئاللار بېرىپ، قانداق جاۋابلار ئالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

يېشى چوڭ ئەلچى ئاۋۋال تازىم قىلىپ، كېيىن جاۋاب بەردى:

— ئۆلىمائى شەرىپىڭىز ھەقىقەتەن دانىشمەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا «يەرنىڭ يۇملاقلىقىغا ئىشىنەمسەن؟» دەپ يۇملاق سىزسام، ئۇ مېنى قاتتىق ھەيرەتكە سالدى، يەنى يۇملاقنى ئىككىگە بۆلۈپ، يەر يۇملاق، لېكىن يېرىمىنىڭ قۇرۇقلۇق، يېرىمىنىڭ سۇدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. جاۋابى ماڭا بەك ياقتى!

ئىككىنچى ئەلچىمۇ بىرىنچىسىگە ئوخشاش چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، ئاندىن ھەمراھى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ، ئورۇن ئالماشتى.

— كۈتۈلمىگەن جاۋابتىن ھەيرانمەن، شەھرىيار، — دېدى ئۇمۇ، — ئۇنىڭدىن «يەر يۈزىدىكى جىمىكى مەۋجۇداتلار نېمىدىن پەيدا بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، تۇخۇمنى كۆرسىتىپ، مېنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئاپىرىن!

ھەمدۇساناسى كۆپىيىپ كەتكەن ئىككىنچى ئەلچى پۈكۈلۈپ - تۈگۈلۈپ چوڭقۇر تەزىم بىلەن ئۆز جايىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— مەن بىر بارمىقىمنى كۆرسىتىپ، ئاللاھنىڭ يېگانىلىقىنى ئېيتسام، — دېدى ئۈچىنچى ئەلچى ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — ئۇ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ، «ئاللاھ يېگانە، لېكىن ئۇنىڭ يەردىكى سايىسىمۇ بار، ئۇ پادىشاھتۇر» دېدى. مەن كۈتكىنىمدىنمۇ ئارتۇق جاۋاب ئالدىم، شەھرىيارا!

مۇرادى ھاسىل بولغان ئەلچىلەرنىڭ ئالدىدا قۇشبېگىنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ ئاشتى. قۇشبېگىمۇ ئۇلارغا كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتتى، ياساۋۇل ئېلىپ كىرگەن زەرباب تونلارنى كىيدۈرۈپ، مەخسۇس ئاجرىتىلغان باغ - ھويلىغا ئۇزاتتى. ئاندىن نەسىردىن ئەپەندىنى ھۇزۇرىغا قايتا چاقىرىپ:

— ئەبۇ سۇريانغا زەر تون يېپىلسۇن! — دېدى ئىشكتىن كىرىۋاتقان نەسىردىن ئەپەندىگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، — يەنە خەزىنىدىن يۈز تىللا مۇكاپاتمۇ ئىنئام قىلىنسۇن!

پەرمانى ئالىي ناھايىتى تېزلىكتە ئادا قىلىندى. نەسىردىن ئەپەندىنى قۇشبېگىنىڭ ئۆزى قۇتلۇقلىدى.

— تونلار مۇبارەك بولسۇن، ئەبۇ سۇريان! سەن بۇ ئىلىمگىنى خار قىلماي، بۇخارا مەدرىسەلىرىدىكى تالىپلارغا ئۆگەت! سېنىڭدەك ئۆلىماغا ھەر قانداق تالىپ ئەگەشكەي.

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بەزىدە بىرئاز مەغرۇرلىنىپ كېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ قۇشبېگىنىڭ ماختاشلىرىدىن ئېرىپ:

— بۇ مېھمانلار بۇخاراغا قاچان كەلگەنىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ كۈن بولدى، ئەبۇ سۇريان، — دېدى قۇشبېگى، — بۇنى سورىشىڭدىن مەقسەت نېمە؟

— ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۇلارغا ئاش - تاماق بەرمەپسىز - دە.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن، ئەبۇ سۇريان؟

— مېھمانلارنىڭ قورسىقى ئاچ ئىكەنغۇ!

— نېمىشقا ئاچ بولىدىكەن؟ — ئەجەبلەندى قۇشبېگى، — ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى جايىغا قويۇپ، ھەر كۈنى قوي گۆشى ۋە قوي مېيىدىن پولو دەملەپ بەردۇق. داستىخانغا بوخارا بازارلىرىدىكى ھەممە نازۇنېمەتلەرنى تۆكتۇق. يەنە نېمە قىلىشىمىز كېرەك ئىدى؟

— ئۇنداقتا، نېمىشقا ئۇلار تاماق بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوئال سورايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچلىقتىن گەپ قىلغۇدەكمۇ ماغدۇرى يوق، ئىما - ئىشارىلەر بىلەن مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشىۋاتىدۇ. ئەجەبا، ئۇلارغا بىر يۇتۇم سۇنىمۇ راۋا كۆرمەي، مېھمانغا لايىق ئىشلارنى جايىدا قىلالمىغانسىزمۇ؟ بىزنىڭ يۇرتتا ئەگەر مېھمان كەلسە، ئاۋۋال ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ھەر خىل تائاملار كەلتۈ-رۈپ قويۇلىدۇ. ئاندىن مېھمان ئۇيالمىسۇن دەپ، ئۆزلىرى تاشقى-

ـرىغا چىقىپ كېتىدۇ. بىر كىشى ئىدىش ـ تاۋاقلارنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن مېھمان ئالدىدا قالىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن يەپ ـ ئىچىپ، قورسىقى تويغىنىدىن كېيىن ئۆي ئىگىسى كىرىپ كېلىدۇ ۋە سۆھبەتلىشىدۇ، خالىسا سوئال ـ جاۋاب قىلىدۇ...

شەھرىيارنىڭ ھەيرانلىقى ئاشتى. نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

ــ نېمە؟ بىز ئۇنداق قىلماپتۇقمۇ؟ ــ دېدى قاشلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ بىزمۇ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاش ـ تاماق قويدۇق، ھۆرمىتىنى جايىدا قىلدۇق. ئەنە ئۇنىڭدىن كېيىن سوئال ـ جاۋابقا رۇخسەت بەردۇق. خوش، ئۇلار تاماق مەسىلىسىدە قانداق سوئاللارنى سوراشتى؟

ــ ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، ــ بىرىنچى ئەلچىنىڭ سوئالىنى ئەسلەتتى نەسىردىن ئەپەندى، ــ يۇمىلاق سىزىپ، «بىر لېگەن ئاش بولسا نېمە قىلاتتىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن يۇمىلاقنى ئىككىگە بۆلۈپ، «يېرىمىنى سەن، يېرىمىنى ئۆزۈم يەيتتىم» دېدىم. ئىككىنچىسىنىڭ ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ «يېيىشكە بىرەر نېمە تېپىپ بەر» دەيدۇ. مەن تۇخۇمنى كۆرسىتىپ: «ئۆزۈممۇ ئاچمەن، ئاچلىقـ ـتىن بەدىنىم قۇرۇپ، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتەرمەنمىكىن» دېدىم. ياش ئەمەسمۇ، ئاچلىققا چىدىيالمىغان ئۈچىنچىسى بولسا، «تاماق تېپىپ بەرمىسەڭ كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن» دەپ ماڭا بارمىقىنى شىلتىۋاـ ـتىدۇ، مەن ئىككى بارمىقىمنى كۆرسىتىپ: «مەن سەندىنمۇ ئاچمەن، كېرەك بولسا، ئىككى كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن» دەپ ئىككى بارمىقىمنى شىلتىگەندىم، قورقىقان چېغى، چاۋاك چېلىپ تەسلىم بولدى.

ــ ياقەي، ئۇنداق بولمىسا كېرەك؟ ــ دېدى قۇشبېگى ھەيرانـ ـلىقى ئېشىپ.

ــ توغرا، دەل شۇنداق! ئەمىرىڭىز ئۇرۇش ـ جاڭجاللارغا

بىرىلىپ كېتىپ، خەلق غېمىدىن يىراقلاشقان ئوخشايدۇ. بەلكىم، قېرىلىقتا جېنى تاتلىق بىلىنىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— بىزنىڭ ئەمىر ھەرۋاقىت ئاۋام - پۇقرانىڭ غېمىنى يەيدۇ، — دېدى قۇشبېگى ئەمىرنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، — ئۆزى يېمىسىمۇ يېمەيدۇكى، ئاۋامغا ئېشىنىدۇ.

— ئۇنداقتا ئەركانى دۆلەت خەزىنىسىنى ئاچ كۆز ئەمەلدارلارغا تاشلاپ قويۇپتۇ - دە. ئۇ نەپسى بالا ئەمەلدارلار خەزىنىنى ئۆز مەئىشەتلىرىگە سوروپ، پۇقرالارنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاچقا، مېھماننىڭ ئالدىغا قويىدىغان نەرسىلىرى قالمىدىمۇ تېخى!

بۇ گەپ مىريۇسۇپ قۇشبېگىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانچىلدى ۋە ئەمىر ئەلمۆمىنگە ئاۋام - پۇقرانىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بىر نامە كىرگۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، نەسىردىن ئەپەندىنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى:

— يەنە ئېيتىمەن، بىزنىڭ ئەمىرىمىز مېھماندوست، خەلقپەرۋەر ئادەمدۇر، ئۇل زاتنىڭ «ئەمىرى مەسۇم» دېگەن لەقەملىرى باردۇر. يەنى بۇ لەقەمنىڭ تۈركىيچە «بىگۇناھ ئەمىر» دېگەن مەنىسى باردۇر، — دەپ قوشۇپ قويدى، — بىزنىڭمۇ مېھماندارچىلىقتا ماختانغۇدەك ئادەتلىرىمىز بار. سىزنىڭ يۇرتۇڭدا مېھماننى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرسا، بىزدە ئۇنداق قىلماس. مۇبادا مېھمان كېچىسى كېلىپ قالسا، ئاتايىن شامنى ئۆچۈرۈپ، ئۆينى قاراڭغۇ قىلۇر.

— مېھمان تائامنى كۆرمىسۇن، دەپمۇ؟ — كۈلۈپ كەتتى نەسىردىن.

— كۈلمە، ئۇنداق ئەمەس! مېھمان داستىخاندىكى نېمەتلەردىن ئۇيالماستىن يېسۇن دېگەن مەقسەتتە. قاراڭغۇدا مېھمان قورسىقى تويغۇچە تاماق يەيدۇ.

— ياخشى ئادەت ئىكەن. ئۇستاتلىق قىلىپ كۆڭلىڭىزگە ئازار يەتكۈزگەن بولسام، ئەپۇ قىلغايسىز!

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ۋاقتى كېلىپ ئۆگىنىۋالارسەن، خىجالەت بولما، — دېدى قۇشبېگى نەسىردىن ئەپەندىگە يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — سەن ئابرۇيۇمنى كۆتۈردۈڭ. سەن سەۋەبلىك شەرمەندىلىك بىزدىن يۈز ئۆرۈدى. بۇ خىزمەتلىرىڭ ئۈچۈن مەن سېنى مېھمان قىلماقچى ئىدىم، ئەمما دۈشمەنلەر ئارقىمىزدىن يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى تارقىتارمۇ، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— توغرا ئويلاپسىز، شەھرىيار. شۇنداقلارنىڭ بىر قىسمىلىرى سالامخانىدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار ماڭا خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختىسىمۇ، ئىچلىرىنى ھەسەت ئوتى كۆيدۈ-رىدۇ. دۈشمەنلىك ھەسەتتىن تۇغۇلۇر...

نەسىردىن ئەپەندى زەر چاپاننىڭ يانچۇقىغا يۈز تىللانى سېلىپ، سىرتتىن قارىماققا تىنچ - جىمجىت، ئەمما ئىچكىرىسى پىتنە - پاسات بىلەن تولۇپ كەتكەن ئوردا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، قاراكۆلدىن قايتىۋاتقان شېرىبەگ سىنچى ئۇنى كۆرۈپ قالدى. «بۇ بەدبەخت قەسىردە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن ئېتىغا قامچە ئۇردى ۋە بۇ خەۋەرنى نامازخان تۆرە قازىغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

بىزنىڭچە، نەسىردىن ئەپەندى ئوردىغا ئەلچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. مەقسىتى، قۇشبېگى بىلەن تونۇشۇش ئىدى. ئەلچىلەر سورۇنى بولسا ياخشى باھانە بولدى. ئەگەر ئۇدۇل ھالدا كۆرۈنگەن بولسا، تۇنجى ئۇچرىشىش چوقۇم شىددەتلىك كۆرەش ئاستىدا ئۆتەتتى. بۇ كۆرەشتە نەسىردىن ئەپەندى يا يېڭىلەتتى، ياكى قۇشبېگىنى ئوسال قىلاتتى. ھەر ئىككىلا ھالەتتە قۇشبېگى ئۇنى ئالدىغا سېلىپ قوغلايتتى. ئەل

ئارىسىدا «نەسىردىن ئوردىغا بارغانىكەن، ئىتتەك قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلاتتى. ئەمما بۇ قىيتىملىق كۆرۈشۈش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. ئەڭ قىزىق يېرى، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قەسىردىن خۇشال ھالدا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى شېربەگ سىنچىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى كېيىنكى ۋەقەلەرگە ناھايىتى ئوبدان مۇقەددىمە بولدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## ئۆتمۈشتىن ھېكايەت ياكى نەسىردىن ئەپەندى مەسىنى سالغاندا

نەسىردىن ئەپەندى سەككىز دانە نان ۋە قەنت ـ گېزەكلەرنى تۈگۈپ، خۇرجۇننىڭ بىر پېيىغا سېلىپ، ئېشىكىنىڭ بېشىنى چىتگەران مەھەللىسىگە تارتىۋېتىپ، قەدىردان بۇرادىرى ئابدۇ ـ راھمان بۆزچى ھەققىدە خىيالغا پاتتى.

ئابدۇرەھمان بۆزچى ئۆز ۋاقتىدا ياش ۋە ناھايىتى تېتىك بولۇپ، ماڭسا ئايىغىدىن ئات چاقنايتتى. بۆزچىلىق بىلەن شۇغۇل ـ لىناتتى. تالايلىغان شەھەرلىكلەر بوزىغا خۇشتار بولۇپ، ھەممىسى ئابدۇرەھمان بۆزچىنىڭ ئېتىكىنى ھىدلاپ يۈرەتتى. ئەمەلدارلار بەزمە ـ مەشرەب قىلغاندا، چوقۇم شۇنىڭ بوزىسىنى ئىچەتتى. ئۇ تەييارلىغان بوزىنىڭ تەرىپى بوخارادىن ھالقىپ يېقىندىكى باشقا يۇرتلارغىمۇ تارقىلىپ كەتكەندى. بەلكىم، ھازىر ئۇنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسا كېرەك. «مېنى كۆرسە، تونۇماسلىقىمۇ مۇمكىن، — دېگەنلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزدى نەسىردىن ئەپەندى، — چۈنكى كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق يىللار بولدى، نەچچە خان، نەچچە ئەمىرلەر كېلىپ كەتتى. كىم بىلىدۇ، ئابدۇرەھمان بوزچىنىڭ ئۆزىمۇ دۇنيادىن كەتتىمۇ تېخى! ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بالىـ لىرى دادىسىنىڭ چىرىغىنى يېقىپ ئولتۇرۇشقاندۇر. دوستىنىڭ بالا ـ چاقىسىنى زىيارەت قىلىشىمۇ ساۋاب، دېگەن گەپ بارغۇ! ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، روھىغا تىلاۋەت، تىرىك بولسا، سۆھبىتى

جانان بولار...»

بۆزچىننىڭ ھويلىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئانچە ئۆزگەرمىگەنىدى: ئۇستى كىچىكرەك بالىخانا، ئاستىدىن ھويلىغا كىرىلىدىغان ئۇزۇن دالان. دالان ئىشىكىمۇ ئاشۇ — كىچىككىنە قوش قاناتلىق دەرۋازا، ئىچىلىپ - يېپىلىۋېرىپ قىيسىيىپ قالغان، ئويما نەقاشلىرى يىمىرىلىپ، قارىيىپ كەتكەن. بالىخانا سەل قىيسايغان. بۇ بالىخانىدا نەچچە قېتىملىغان بەزمىلەر، شېرىن - شېكەر سۆھبەتلەر بولغان. ئەسلىسەڭ، يۈرىكىڭ دولقۇنلايدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى بالىخانىغا بىر قارىۋالدى-دە، ئېشەكتىن چۈشمەي تۇرۇپ، كونا دەرۋازىنى تاقىلداتتى. ئىچكىرىدىن يۆتەل ئاۋازى ۋە شاپىلدىغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي يەلكىسى كەڭ، بېشى چوڭ، قېلىن لېۋى ئۇستىدىكى قويۇق بۇرۇتى ناھايىتى ياراشقان يىگىت چىقىپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يىگىت! — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاچ ئېشەكتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، — ئابدۇرەھمان بۆزچىننىڭ ھويلىسى مۇشۇمۇ؟

— ھەئە، مۇشۇ تاغا! قېنى، ئىچكىرىگە كىرىڭ! — دېدى يىگىت نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قولىدىن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالغاچ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، — بۈگۈن سەھەردە دادام كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ، ئۆيىمىزگە مېھمان كېلىدىغان چېغى، دەپ ئولتۇرۇۋېدى، دادام ئەۋلىيا ئىكەن.

— سىز ئابدۇرەھمان ئاكىنىڭ نېمىسى بولىسىز؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى يىگىتكە ئەگىشىپ كىرىۋېتىپ.

— كىچىك ئوغلى، تاغا. تارتىنماي كىرىۋېرىڭ، قېنى سۇپىغا چىقىڭ.

يىگىت نەسىردىن ئەپەندىنى سۇپىغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە قاراپ بويىنىنى سوزدى:

— دادا، مېھمانى ئامەت!

ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر توپ بالا ـ چاقا، خوتۇن ـ ئاياللار چۇرقىرىشىپ هويلىغا چىقتى. ھەممىسى مېھمانغا سالام بېرىپ، بىر تەرەپكە تىزىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن تاياقا تايانغان ھالدا ئاپئاق ساقاللىق كۆكسىگە يېيىلغان، بېشىغا ئاق سەللە، ئۇستىگە يەڭگىل يەكتەك كىيگەن بىر چال تاشقىرىغا چىقتى ۋە «كىم ئىكەن ئۇ؟» دېگەندەك مېھمانغا سىنچىلاپ تىكىلدى.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ، ئابدۇرەھمان ئاكا؟ — دېدى مېھمان تىترەپ تۇرغان چالنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ئايا تىنىڭىز ئايا يوق، راستىنى ئېيتىڭ.

چال قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، تۇمشۇقىنىڭ تېگىگە كېلىپ تۇرغان مېھماننىڭ يۈزىگە ئۇزاق تىكىلدى، لېكىن تونۇمىدى.

— بۇ قېرىنىڭ كۆزى ھېچ ئىشقا ئەسقاتماي قالغان...

— يېقىنلارنىلا كۆرەمسىزيا؟ — چاقچاق قىلدى مېھمان.

— ئادەمنىڭ سۇرىتىنى كۆرىمەن، ئۆزىنى تونۇمايمەن، — دېدى چال بىر ـ ئىككى قەدەم ئېلىپ، — ئاۋازىڭىز تونۇشلۇق، ئۆزىڭىزنى تونۇمايراق تۇرىمەن. رازاق كوسىنىڭ بالىسىمىكىن دېسەم، ساقىلىڭىز بار ئىكەن. ھەي، ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇڭ قېنى، ئېسىمگە كېلەر.

— ئاۋازىمنى تونۇيسىز، ئۆزۈمنىمۇ تونۇيسىز، — مېھمان قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە بالىخانىغا ئىشارە قىلىپ، — ئەنە ئاۋۇ بالىخانىدا بوزا ئىچىشكەنلىرىمىز ئاخشامدىكىدەك يادىمدا. ئەجەبا ئاشۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالغانسىزمۇ؟

— ھەي بۇرادەر، بۇ بالىخانىدا كىملەر مېھمان بولمىغان، قايسى بىرى ئېسىمدە قالغان، دەيسىز. بوزا ئىچىپ، بالىخانىنىڭ تاملىرىمۇ نەم تارتىپ كەتكەن. مەن تەييارلىغان بوزىلارنى سايغا ئېقىتسا، ئادەمنى ئاققۇزۇپ كېتىدۇ. نەچچىسى ئېقىپمۇ كەتكەن. ھازىر بالىخانىغا ھېچكىم چىقمايدۇ، ئوتۇنخانا بولۇپ كەتتى، ئۆھۆ... ئۆھۆ... ئىسمىڭىزنى ئېيتىڭ، مەن قېرىنى قىينىماي...

— نەسىردىن ئەپەندى بولىمەن. ئەمدى تونۇدىڭىزمۇ ياكى يەنە...
چالنىڭ تىنىگە قايتا قان يۈگۈرگەندەك بولدى، پۈكۈلگەن قەددىنى تىكلىدى، نۇرسىز كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
— ۋاي... ۋاي... — دېدى بوۋاي مېھمانغا قۇچىقىنى ئېچىپ، — ھە، ياشاپ كېتىڭ، ھېلىمۇ تىرىكمۇسىز؟
— تىرىك بولمىسام، سىزنى ئىزدەپ كېلەلەرمىدىم؟
— تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشار. كۆرۈشتۇرگىنىڭگە شۈكۈر، خۇدا. تېخى يىگىتتەك تۇرۇپسىزغۇ. بارىكاللا، بارىكاللا! بۇ ھويلىنى قانداق تېپىپ كەلدىڭىز؟ ئۆزىڭىز تاپتىڭىزمۇ ياكى بىرەر بوزىخور تېپىپ بەردىمۇ؟
— كۆڭۈل تېپىپ كەلدى، ئابدۇرەھمان ئاكا، كۆڭۈل، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.
— سەدىقىڭىز بولاي، قەدەملىرىڭىزگە يەنە بىر قېتىم مۇبارەك!
چال ئەتراپىدىكى بىر توپ ئادەملەر ئىچىدىن كىمنىدۇر قىدىردى:
— ھوي، بەشىم، قېنى سەن؟
— بەشىم ئاكام بازارغا كەتكەن، — دېدى ھېلىقى يىگىت چالنىڭ قولىقى ئاستىغا ۋارقىراپ. چال يىگىتنىڭ گېپىگە ئېتىبارمۇ بەرمەي:
— مېھمانخانىغا جاي تەييارلاڭلار! قېنى نەسىردىن، كىرىڭ. كۆردىڭىزمۇ باللارنى، مېنى گاس دەيدۇ، قولىقىمغا ۋارقىرايدۇ. قېرىساڭ، باللارغا شۇنداق ئويۇنچۇق بولۇپ قالىدىكەنسەن، — دېدى كۈلۈپ.
بىر توپ ئادەم تېزلىكتە تۆت تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. كىمدۇر ھويلىنى رەتلەيتتى، كىمدۇر مېھمانخانىغا جاي ھازىرلايتتى، كىمدۇر ئاشخانىغا يۈگۈرەيتتى. يىغىپ ئېيتقاندا ھەممىنىڭ ئايىغى ئالتە، قولى يەتتە بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي مېھمانغا داستىخان

سىلىندى. چال دۇئا قىلغاندىن كېيىن، نەسىردىن ئەپەندىدىن قايتا ھال - ئەھۋال سورىدى.

— دۇرۇس، دۇرۇس، — دېدى چال كۆكرىكىگە يېيىلىپ تۇرغان ساقىلىنى سىلاپ، — كېلىپ بەك ياخشى قىلدىڭىز. سىزنى ۋابىكەنتتە دەپ يۈرگەنىدۇق، ئۇ يەرلەردىنمۇ كېتىپسىز. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇخارادا يوق سىز، قەيەرلەرگە كەتتىڭىز؟ بوزىچى ئاكام بار دەپ يوقلاپمۇ قويمىدىڭىز؟ ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىسىز؟

— مەن ئېيتماي، سىز ئاڭلىماڭ، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

— ئېيتمىسىڭىز، ئاڭلىمايمەن - دە، — دېدى بوۋاي.

— ۋابىكەنتتىن كەتكىنىمگە نەچچە يىل بولدى. دۈشمەنلەرنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن ئۇ يەرلەرنىمۇ تەرك ئېتىپ، بالا - چاقا بىلەن يىراقلارغا كەتكەنىدۇق.

— يىراق دېگىنىڭىز قەيەر؟

— بۇ يەردىن كۆرۈنمەيدۇ.

— كۆرۈنمەيدىغان جايلاردا يۈرۈۋېرىڭ قېنى، قانداق بولىدىكىن...

— ئاخىرقى بارغان جايىم تۈركىيە بولدى.

— ئوھۇ، بۇخارانىڭ بىر چېتىگە بېرىپسىز - دە، — دېدى چال بېشىنى چايقاپ، — بۇخارامۇ كەڭ جاي ئىكەن - ھە، ئۇ ياقلار ئاۋاتمۇ؟

— تۈركىيە بۇخارادا ئەمەس، ئۇ بەك يىراقتا.

— قەيەردىلا بولسىڭىز ساق بولۇڭ، باللىرىغىمۇ شۇ گەپنى ئېيتىمەن.

— ھەي... ئابدۇرەھمان ئاكا، ئادەمزات ھەممە يەردىلا ياشاپ كېتىۋېرىدىكەن، لېكىن ۋەتەن بەربىر ۋەتەن بولۇپ قالىدىكەن. ئازەر يۇرتلىرىدا بولدۇم، كاشغەرىدە بولدۇم، دەمەشىقتە بولدۇم... ئىشقىلىپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. لېكىن بۇخارادەك جاينى تاپالمىدىم. ئاپاغ مۇشۇ تەرەپكە تارتىپ تۇرغىنى تۇرغان. مانا، يەنە

سېغىنىپ كەلدىم.
— بالا - چاقىلارنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغانمۇ سىز؟
— ھەئە، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا، ئائىلىلىك بولۇپ كەتكەن.
— كەمپىر قانداق، ساق - سالامەتمۇ؟
نەسىردىن ئەپەندى ئېغىر تىن ئالدى.
— كەمپىردىن ئايرىلىپ قالدۇق. يەنە بىرسىنى نىكاھىمغا ئالغانىدىم، ئۇمۇ ۋاپا قىلمىدى.
— ئۆلۈممۇ؟
— بىر يىل بولدى... ماڭىمۇ، بالىلارغىمۇ مېھرىبان ئىدى رەھمەتلىك.
— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ... مېنىڭمۇ كەمپىرىم، جايى جەننەتتە بولسۇن، تاشلاپ كەتكىنىگە ئون يىل بولدى. بىچارە، مىسىلداپلا قىلىپ يۈرەتتى، بىراۋغا زىيىنى تەگمەيتتى... نېمە بولدى بىلمىدىم، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، — چال كۆزىگە ياش ئالدى ۋە تېزلا كۆز يېشىنى يېڭىگە سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈپ قويدى، — بىر گېپى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ: «تەكىينى بېشىڭىزغا قويايمۇ ياكى ئايىغىڭىزغىمۇ؟» دەيتتى.
— نېمىشقا ئۇنداق دەيتتى؟ — قىزىقىپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.
چال گېپىنىڭ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئالدىن پىخىلداپ كۈلۈۋالدى.
— بىر كۈنى بوزنى سېتىپ، بازاردىن قايتىۋاتسام، ئۈچ - تۆت ئۈلپەت بۇرادەرلەر تۇيۇقسىز ئالدىمدىن چىقىپ قالدى، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى چال، — شاپپىدە توختىدىم، «ئۆزۈڭنىڭ بوزاڭدىنغۇ ئۆلسەڭمۇ بەرمەيسەن. ئەمدى ھېچبولمىسا، بوزاڭنىڭ پۇلىغا بوزا ئېلىپ بەر» دېيىشتى ئۇلار. ياق، دېيەلمىدىم. دوستۇم-نىڭ بوزخانىسىغا كىرىپ، ئېشەكتەك ئىچىپتىمىز. بىر ئامال بىلەن ھويلىغا يېتىپ كېلىپتىمەنۇ، يىقىلىپ تاشتەك يېتىپ

قاپتىمەن. سەھەردە ئىغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئايىغىم تەكىيدە، بېشىم پەستە يېتىپتىمەن. رەھمەتلىك كەمپىر كايىشقا چۈشتى: «ئەھۋالىڭىزغا قاراڭ، شۇنچىلىكمۇ ئىچەمسىز؟ تەكىينى ئاياققا ئەمەس، باشقا قويىدىغۇ!» دەپ چالۋاقاپ كەتتى. شۇ چاغدا كاللامنىڭ ئىشلىگىنىگە قاراڭ: «ھە خوتۇن، بۇ ئىشنى ئەتەي قىلدىم. كېچىدىن باشنىڭ گېپىگە كىرىپ، مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشتۇم. ئايىغىمغا رەھمەت، مېنى ئاداشتۇرماي ھويلىغا ئېلىپ كەلدى. شۇنداق بولغاچقا، تەكىيگە ئاياغ لايىقمۇ ياكى باشمۇ؟» شۇنىڭدىن كېيىن رەھمەتلىك ئورۇن راستلىسا: «تەكىينى ئايىغىڭىزغا قويايمۇ ياكى بېشىڭىزغىمۇ؟» دەپ سورايتتى.

— سىزمۇ يامان ـ دە، — دەپ كۈلدى نەسىردىن ئەپەندى، — لېكىن ھەدىمىز جەننەتتى ئايال ئىدى. بىز كەلسەك، ئارام ئېلىشنى بىلمەيتتى. دەررۇ داستىخان، تاماق تەييارلايتتى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن! ئۆزىڭىز نەچچىگە كىردىڭىز؟

— جەۋزادا ئۆرۈك پىشسا، ساپمۇساق 80 گە كىرىمەن.

— تېخى ياش ئىكەنسىزغۇ. بىر جۈپ ئاچا ـ سىڭىلنى تاپاي، باجا بولامدۇق؟

— ئۇغۇ بولاتتى، لېكىن سوۋۇپ قالغان چال كىمگە كېرەك؟ — چال ئورىدەك ئاغزىنى ئېچىپ كۈلدى، — ئەمدى بىزگە تەگكەن كەمپىر كېچىلىرى توخلاپ چىقىدۇ.

— گېپىم مايدەك ياقتى، ئىچىڭىزدە خۇش بولۇپ تۇرۇپسىز. خوتۇن دېسە، گۆرنىڭ ئاغزىدىن قايتىسىزغۇ سىز...

— ھەي قويۇڭ، باللارنىڭ ئالدىدا ئۇيات بولىدۇ. كېلىنلەر نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دەيتتى، ئوبدان گەپ دەيدۇ.

— نەدە «ئوبدان گەپ» دېسۇن؟ بىر نانخور ئىككى بولدى، دەيدۇ. كېيىن...

قوي گۆشى ۋە يېغى چالىراق قورۇلۇپ، ئىچىگە ئاچچىق ئالما

سىلىنغان قورۇما شورپا ئېلىپ بىر يىگىت كىرىۋېدى، چالنىڭ گېپى ئۈزۈلدى، ھەممىنىڭ ئېتىبارى داستىخانغا بۇرالدى. يىگىتـ مۇ مېھمانلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

— ئىسمىڭ نېمە، يىگىت؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى يىگىتنىڭ قەددى ـ قامىتىگە نەزەر تاشلاپ.

— ئەشىم، — دېدى يىگىت شورپىغا نان تۇگۇرگەچ.

— دادىمىز باللارنىڭ ئىسمىنى ئاھاڭداش قىلىپ قويغان ئىكەن ـ ھە: چوڭى بەشىم، بۇنىڭ ئەشىم. خەشىممۇ بارمۇ يەنە؟

— ئىككى ئوغۇلمىز، تاغا، قالغانلىرى قىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئەشىم.

— ئۆمرۈڭلارنى بەرسۇن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — بىر ـ بىرىڭلارغا ئەش بولۇپ يۈرسەڭلار كەملىك كۆرمەيسىلەر. بوۋايمۇ شۇنى نىيەت قىلىپ، سىلەرگە شۇنداق ئوخشاش ئىسىم قويغان. مېنىڭمۇ زامانئەلى دېگەن تۇتۇنغان ئۇكام بار، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئىنتايىن ئەدەپلىك يىگىت.

يىگىت يالت قىلىپ نەسىردىن ئەپەندىگە قارىدى:

— قايسى زامانئەلى؟ نامازخان تۆرە قازىنىڭ مۇلازىممۇ؟

— ئۇنى تونۇمسەن؟

— ئۇ مېنىڭ دوستۇم، بەك ياخشى يىگىت. بىر قېتىم قازىـ نىڭ غەزىپىدىن قۇتقۇزۇپ، ياخشىلىق قىلغان ماڭا. شۇنىڭدىن بېرى يېقىن دوست بولۇپ قالدۇق. بۇ ھويلىغا بىر ـ ئىككى قېتىم كەلگەن.

— قايسى دوستۇڭنى دەۋاتىسەن، ئەشىم؟ — دەپ سورىدى چال.

— ۋەردانزەلىك دوستۇمچۇ، بازار ئاقساقىلى ئىككى كوزا بوزا سەۋەبلىك جاڭجال چىقىرىپ ئۆچەكەشكەندە، مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان دوستۇمچۇ...

— ھە، بولدى، بولدى، — چال كاسىنى كۆتۈرۈپ شورپىدىن

خورۇلدىتىپ ئىچىپ، ئاندىن داستىخانغا قويۇۋېتىپ دېدى، — ياخشى بالا. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەلمىدىمۇ نېمە؟

— يېقىندا كەلدىغۇ، — دېدى ئەشىم بوشىغان كاسىلارنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — دادا، مەن بەشىم ئاكامنىڭ ئالدىغا بېرىشىم كېرەك، بىرەر گېپىڭىز بارمۇ؟

— نېمە گېپىم بار ئۇنىڭغا؟ بۇرۇنراق قايتىڭلار، مېھمان خاپا بولىدۇ.

— مەن ھازىر كېتىمەن، بالىلارنى ئىشتىن قالدۇرماڭ، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئۆزرە ئېيتىپ.

— قاياقىا كېتىسىز؟ — دېدى چال زەردە بىلەن، — كەلمەي - كەلمەي ئاران بىر كېلىپ، كېتىمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ كېلىش مېھماندىن، كېتىش ساھىبخانىدىن، دېگەن گەپ بار. قاچان رۇخسەت بەرسەك، شۇ چاغدا كېتىسىز... سەن ئېيتقاننى قىل ئەشىم، مېھمان ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. شۇنداققۇ ھە، نەسىردىن. بىر پاراڭ سوقايلى.

— مەيلى، مەيلى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

— ئەمىسە ماڭا رۇخسەت، — دېدى ئەشىم خوشلىشىپ.

بوۋاي بىلەن نەسىردىن ئەپەندى يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ئابدۇرەھمان بوزىچى:

— قېنى، گەپ قىلىڭ، — دېدى.

— نېمىنى دەيمەن، ئابدۇرەھمان ئاكا؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى. ئەمما ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا گەپخانىسى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆتمۈشتىن چۆچەك باشلىغانىدى...

دەرۋەقە، بۇ چۆچەكسىمان ھېكايە تۈركلەر دىيارىنىڭ كىچىك - كىنە سەھراسىدا يۈز بەرگەنىدى. ئەگەر كىتابخانىلارغا بۇ ۋەقەلەر ئۇنچىلىك قىزىق تۇيۇلمىسا، بۇ سەھىپىلەرنى تاشلاپ، كېيىنكى «ھىيلەئى شەرئىي» دېگەن سەھىپىگە ئۆتۈپ كېتىۋەرسىمۇ بولىدۇ، ئەسەردىكى ۋەقەلەرنىڭ راۋاجىغىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، نەسىردىن ئەپەندى ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ۋابكەنتتىن چىقىپ شاشقا باردىم، ئەمىرنىڭ ئايغاقچىلىرى كەينىمدىن ئىز قوغلاپ دېگۈدەك ئەگەشتى. شاشتىن ئۇدۇل كاشىغەرگە كەتتىم، ئۇ يەردىمۇ كۆپ بىرىشمىدى، كېيىن ئىرانغا، ئۇ يەردىن تۈركلەر دىيارىغا ئۆتۈپ، چىغىر دەپ ئاتىلىدىغان سەھرادىن ماكان تاپتۇق. قىشلاق ئاقساقىلى قاتتىق قول بولسىمۇ، ياخشى ئادەم ئىكەن. تاغ ئېتىكىدىن بىر كۆلبە، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىش تېپىپ بەردى، بەرىكەت تاپسۇن. ھەممە جايدا بولغىنىدەك، بۇ قىشلاقتىمۇ يامانلار تالاي ئىدى. چەتتىن كەلگەنلەرنى قىلچە مەنسىتمەيتتى، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە مەسخىرە قىلىشنى ياقتۇراتتى. دائىم قىڭغىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى، بايلىقلىرىمۇ قىڭغىر ئىشلىرىغا ئەگىشىپ كېلەتتى. شۇنداق ئىشلىرىدىن بىر — ئىككىسىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئاقساقالغا ئېيتىپ بەردىم. ئاقساقال كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى سازايى قىلغاندەك تازا ئەدىپىنى بەردى. كېيىن ئۇلار بۇنىڭ مېنىڭ ئىشىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ماڭا ئەكسىچە ئىش كۆرۈشكە باشلىدى. سەھرادا ئاقساقالدىن باشقا يۆلەنچىكىم بولمىسىمۇ، ئۇلارغا بوزەك بولمىدىم، ئارسلاندەك ئېلىشىپ يۈردۈم. بىر كۈنى ئىككى تاغار بۇغداينى ئېلىپ تۈگمەنگە باردىم. تۈگمەنچى بۇغداينى تارتىپ بەردى، ئەمما تۈگمەندىن چىققان ئۇننى تاغارغا قاچىلاۋاتقاندا، قارىسام، ئۇن مۆلچەرىمدىن كەم تۇرىدۇ. تۈگمەنچىنىڭ مەن بىلەن زىتلىشىپ يۈرگەنلەردىن بىرىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، مىسران بىلەن تۈگمەن تېشىنىڭ تېگىدىكى تاختىنى كۆتۈردۈم، ئۇ يەردە مەخپىي تۆشۈك بولۇپ، بۇغداينىڭ يېرىمى تۆشۈكتىن پەسكە چۈشىدىكەن. چۈشكەن بۇغداينى قېرىندىشى ئارقىلىق باشقا يۇرتتىكىلەرگە ساتىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ تۈگمەنچىنىڭ يېلىنىپ — يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئۇدۇل ئاقساقالنىڭ ئالدىغا باردىم، سەھرانىڭ يۈزلۈك

كىشىلەردىن ئۈچ ـ تۆتىنى گۇۋاھ قىلىپ ئاۋامنىڭ رىزقىنىڭ يېرىمىنى شولۇپ يەۋاتقان تۇگمەنچىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدىم. ئاقساقال قاتتىق قول ئەمەسمۇ، تۇگمەنچىنىڭ شەرمەندىسىنى چىقىرىپ، تۇگمەندىن ھەيدىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ قېرىندىشى ھەمتاۋاقلىرى بىلەن «بۇ كەلگىندىنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسەك، بىزگە كۈن بەرمەيدۇ»، دېيىشتىمۇ، ھەر كۈنى يولۇمنى مارىلايدىغان بولۇپ قېلىشتى.

تۇتۇق بەرمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، بىر كۈنى تۈندە كۆلبىـ مىزگە كېلىشىپتۇ. يېرىم كېچىدە تام گۇمبۇر ـ گۇمبۇر قىلدى. «بۇ نېمە بالا ئەمدى؟» دەپ ھويلىغا چىقتىم ئەنسىرەپ. خوتۇنۇممۇ ماڭا ئەگەشتى. كېيىن بىلسەم، خوتۇننى ئەجەل ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغان ئىكەن. كاززاپلار تامدا پايلاپ يېتىشقانىكەن، بىر چوڭ تاشنى ئېتىشتى. تاش ماڭا ئەمەس، خوتۇنۇمغا تېگىپ، بىچارە تىن تارتماي جان تەسلىم قىلدى. دۈشمەنلەر قېچىپ كەتتى، مەن بالـ چاقا بىلەن يىغلاپ قېلىۋەردۇق.

ــــ ھۇ پەدەرى لەنتىلەر! ۋۇ، ئىت يېمىگەنلەر! ــــ ئابدۇرەھمان بوزچى كۆزىگە ياش ئالدى. يانپاشلىغان يېرىدىن قەددىنى رۇسلىـ دى، ــــ خۇدادىن قورقماس ئىكەن ـ دە! بۇنداقلارنىڭ بوينىنى ئۈزۈش كېرەك ئىدى.

ــــ خۇدادىن قورققان بولسا، بۇنداق ئىشنى قىلىشارمىدى؟ ــــ دېدى نەسىردىن ئەپەندى مىسكىن ئاۋاز بىلەن ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، ــــ سەھەرگىچە جەسەتنى قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلاپ چىقتۇق. خورازلار تۈن بىلەن خەيرلىشىپ، تاڭنى قارشى ئېلىۋاتقان چاغدا ئاقساقال كەلدى، تەسەللى بەردى، گۇناھكارلارنى تېپىشقا ۋەدە قىلدى. بۇنداق پەيتتە تەسەللى كار قىلاتتىمۇ؟ قېنىم قايناپ، ئۆزۈمنى قويارغا جاي تاپالماي بېشىمنى تاملارغا ئۇردۇم. ۋۇجۇدۇم قىزىپ، ئىچىمنى قىساس ئوتى كۆيدۈرەتتى.

ــــ يىغلاشتىن پايدا يوق، جەسەتنى يەرلىككە قويايلى، ــــ دېدى

ئاقساقال يەلكەمگە ئۇرۇپ، ــ خوتۇنۇڭنىڭ ئۆلۈملۈكى تەييارمۇ؟

خوتۇن ياش، ئۆلۈملۈكى قەيەردە بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمرىمىز سەرسانلىقتا ئۆتۈپ، بىر ـ ئىككى تەڭگە يوشۇرۇپ قويغان يېرىمىزمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئاقساقالغا «ھېچ نەرسەم يوق» دېيىشكە يۈزۈم چىدىمىدى.

ــ مەن خوتۇنۇمنىڭ ئۆلۈكىنى بۇ سەھرانىڭ مازىرىغا قويمايمەن، ــ دېدىم غەزەپ بىلەن، ــ تاغگۇلى قىشلىقىنىڭ مازىرىغا قويىمەن.

ئاقساقالنىڭ نەسىھەتلىرىگە قارىماي، باللارنى ئۇنىڭ ئۆيىدە قالدۇردۇم ـ دە، يامانلارغا نامايىش قىلغان ھالدا جەسەتنى يەلكەمگە ئېلىپ، تاغگۇلى قىشلىقىغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ قىشلاقتىكى قول ـ ئىلكىدە بار موللىنى تونۇيتتىم، پۈكۈلگەن ھالدا ھويلىسىغا باردىم ـ دە، جەسەتنى تاشقىرىدا ــ پاكارراق تام ئۈستىدە قويۇپ، ئىچكىرىگە كىردىم. موللا ئىنتايىن ساددا، قولى ئوچۇق ئادەم ئىدى. ئۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ، نېمە بولغىنىنى سورىماي، ئالدىمغا داستىخان سالدى، چورەك سۇندۇردى.

ــ «چورەك» دېگىنى نېمىسى، نەسىردىن؟ ــ دەپ سورىدى ئابدۇرەھمان بوزىچى.

ــ ئۆزىمىزنىڭ نېنى ـ دە، ــ دېدى نەسىردىن ئەپەندى داستىخاندىن بىر پارچە ناننى قولىغا ئېلىپ، داستىخانغا يەنە قويۇپ، ــ نان سۇندۇردى، مەن بىر پارچە ناننى بىر چىشلەپ، قالغىنىنى قوينۇمغا سالدىم. موللا سىزىپ قېلىپ:

ــ ناننى نېمىشقا قوينۇڭغا سالىسەن؟ تويمىساڭ، يەنە بېرىمەن ئەمەسمۇ؟ ھەتتا يولغا چىقساڭ، بىر ـ ئىككىسىنى تۈگۈپمۇ بېرىمەن، ــ دېدى.

ــ تاشقىرىدا خوتۇنۇم بار، ماغدۇرسىزلىنىپ تامغا يۆلىنىپ قالغان، بۇ ناننى شۇنىڭغا دەپ ئېلىۋالدىم، ــ دېدىم. موللا گېپىمگە چىن پۈتۈپ، خوتۇنۇمنى چاقىرىپ كىرگىلى قىزىنى

چىقارتتى. قىز چىقىپ كېتىپ يەنە تېزلا قايتىپ كىردى.
— چاقىرسام گەپ قىلمايۋاتىدۇ، ئۆزىڭىز ئېلىپ كىرىڭ، — دېدى ماڭا قاراپ.

— قاتتىقراق چاقىرىڭ، خوتۇنۇمنىڭ قۇلىقى پاڭ، ياخشى ئاڭلىمايدۇ، — دېدىم بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ. ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان قىزنىڭ يۈزىگە قاراپمۇ باقمىغانىدىم، — يىڭىدىن تارتىسىڭىز ئەگىشىدۇ.

قىز يەنە چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. موللا، خوتۇنى ۋە مەن ئېتىلىپ چىقساق، جەسەت يەردە يېتىپتۇ، قىزنىڭ بولسا كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ، بۇدتەك قېتىپ قاپتۇ. مەن دەررۇ ئۆزۈمنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، خوتۇنۇمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان بۇ ئائىلىگە لەنەت ياغدۇرۇشقا باشلىدىم. موللا مالامەتتىن قورققان بولسا كېرەك، يۈگۈرۈپ كېلىپ يەلكەمدىن كۆتۈردى، باغرىغا باستى. چۇقان كۆتۈرمەسلىكىمنى سوراپ، يېلىنىپ - يالۋۇردى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلدىم، ئۇنىڭ بولسا قويۇپ بەرگۈسى كەلمەيتتى.

— بولار ئىش بولدى، ھېچ ئادەم بۇ دۇنيادىن تاق ئۆتمىگەن، خوتۇنۇڭ ئۆلگەن بولسا، ساڭا قىزىمنى بېرىمەن، كېرەك بولسا ئاقچىمۇ بېرىمەن، ئائىلەڭنى پۈتۈنلىۋالىسەن، — دېدى ئاخىر.

— رازى بولماپسىز - دە، نەسىردىن، — دېدى ئابدۇرەھمان بوزچى ئەپسۇسلانغاندەك، — ئۆلگەن ئادەم قايتىپ كېلەرمىدى؟ بالىنى ئۆيلاش كېرەك ئىدى.

— رازى بولماي قەيەرگە باراتتىم؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، — ئۆزۈم بىر ئۆلۈكنى كۆمەلمەي يۈرگەن تۇرسام! ئۇنىڭ ئۈستىگە، يات جايلاردا سەرسانمەن، ئاكا - ئۇكام، قان - قېرىنداشىم يوق. ھېچنېمىسى يوق سەرگەردانغا خوتۇنلۇققا كىم قىزىنى بېرەتتى؟ ئاشۇ كۈنى قائىدە - يوسۇن

بويىچە مىيىتنى يەرلىككە قويدۇق. خوتۇنىنىڭ «قىرىقى» ئۆتۈپ موللا قىزنى ماڭا نىكاھلاپ بەردى.

ئاشۇ كۈنى قاتتىق قايغۇدا بولغانلىقىم ئۈچۈن قىزغا ئانچە ئېتىبار بىلەن قارىمىغانىكەنمەن، كېيىن قاراپ، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. بويى بويۇمدەك، بېلى بىر بوغۇم، ئېڭەكلىرى يېڭى پىشقان قىزىل ئالمىدەك، چېھرى بىر ئۆيىنى يورۇتىدۇ، كېچىسى شامنىڭمۇ كېرىكى يوق.

— پەرىشتىگە يولۇقۇپسىز ـ دە، نەسىردىن؟ — دېدى ئابدۇ ـ رەھمان بوزچى پىخىلداپ كۈلۈپ.

— پەرىشتە دېگەنمۇ گەپمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى يەنە قىزنى تەرىپلەپ، — بۇخارانىڭ ئالۇچىسىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى ئارىسىدىن سەل ـ پەل كۆرۈنۈپ تۇرغان چىشلىرىنى دۇر دەيسىز. ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قاقسا، يۈرەكنىڭ ھارارىتىنى قايتۇرىدۇ. ئۈستىدە يارىشىملىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىدا رومال، بىلەكتەك ئۆرۈلگەن بىر جۈپ چېچى بېلىدە تولغىنىدۇ. مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بۇ قىز ئالدىن تۇرمۇش قۇرۇپ، ئېرى ئۆۋغا بېرىپ، قايتىپ كەلمىگەن ۋە تاكى ھېلىغىچە ئەركەك ھىدىنى ھىدلىمىغان تۇل ئىكەن.

— ئېرى ئەخمەق ئىكەن ـ دە ئۇ جۇۋاننىڭ، — دېدى ئابدۇ ـ رەھمان بوزچى «ھەي، ئەپسۇس» دېگەندەك بېشىنى چايقاپ، — شۇنداق، خوتۇنۇڭ بار ئىكەن، ئۆۋغا چىقىپ نېمە قىلىسەن؟ مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، ئۆيدىن چىقمايتتىم.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، ئابدۇرەھمان ئاكا؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى كۈلۈپ، — ئاشۇ بەدبەخ ئەر ئۆۋغا چىقمىغان بولسا، بۇ ھۆرلىقا ماڭا قەيەردىن نېسىپ بولاتتى؟ شۇنداق قىلىپ، جۇۋانمۇ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغانىكەن، شۇڭا كۆپ قارشىلىق قىلمىدى. يېڭى كېلىننى ئات ھارۋىدا چىغىرغا ئېلىپ كەلدىم. موللا بەرگەن ئاقچىلار بىلەن ئائىلەمنى ئىزىغا سالدىم. ھېچ نەرسە

كۆرمىگەندەك ياشاپ يۈرگەنىدۇق، جاھالەتتىن قاينىاپ تاشقان يامانلار يېڭى تۆھمەت ئويلاپ تېپىشتى.

— بەچچىغەرلەر، يەنە نېمە بالانى باشلاشتى؟ — دېدى ئابدۇرەھمان بوزچى غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئەسكى ئەسكىلىكىنى قويمايدىكەن - ھە؟

— ئۆيىمىزگە ئوت قويۇشتى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى كۈتۈلمىگەندە، — خەيرىيەت، ئاشۇ كۈنى ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. خوتۇن باللارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭكىگە كەتكەن، ئۆزۈم دالىدا ئىدىم. قىشلاق تەرەپتىن كۆككە ئۆرلەۋاتقان قارا تۈتۈننى كۆردىمۇ، يۈرىكىمگە ۋەھىمە چۈشتى. ئۆپكەم ئېغىزىمغا تىقىلىپ، چېپىپ كەلسەم، ئۆيىمىزدىن نىشان يوق، بىر ئوچۇم كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. قىشلاق ئادەملىرى خېلى كۈچەپ بېقىپتۇ، ئەمما ئوتنى ئۆچۈرەلمەپتۇ. خورلۇق ئىچىدە ئۆيۈمنىڭ كۈلىگە تىكىلىپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىدىم. خوتۇنۇمغىمۇ بۇنچىلىك يىغلىمىغانىدىم.

— خوتۇن دېگەن تېپىلىدىغان نەرسە، دەپ ئويلىغان بولغىيدىتىڭىز؟

— گەپ قىلماڭ، ئىچىمنى تازا بوشىتىۋالغاندىن كېيىن ئىككى تاغار تېپىپ، ھەربىرىنىڭ تېگىگە بىر - ئىككى تىللادىن تاشلاپ، ئۈستىدىن چالا - يېرىم كۆيگەن كۆمۈردىن كۈل ئارىلاش سېلىپ، ئېشەككە ئارتتىم - دە، يولغا چۈشتۈم. بۇ قېتىم ھىنالىق قىشلىقى تەرەپكە يۈگۈردۈم. بۇ قىشلاقنىڭ ئادەملىرى ساددا، ئاق كۆڭۈل، خۇددى ئۆزىمىزنىڭ شەكەرقىشلاقتىكى كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. قىشلاق يېنىدا چوڭ ئۆستەڭدە سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن ئۈستىبېشىم قاپقارا بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، تاغارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ قويۇپ ئۆزۈم سۇدا يۇيۇنۇۋاتقىنىمدا ئۆستەڭدە سۇغا چۆمۈلىۋاتقان باللار شوخلۇق قىلىپ، تاغارلارنى سۇغا ئاقتۇرۇۋېتىپتۇ. قارىسام، ئېرىق سۈيى قاپقارا ئېقىۋاتىدۇ. پۈتۈن جان - جەھلىم بىلەن تاغارلارغا يېپىشتىم. ئەمما كۆمۈر سۇدا ئېرىپ،

تاغارلار سولىشىپ قاپتۇ. تاغارلارنى سۆدىن ئېلىپ چىقتىم ـ دە، داد ـ پەرياد كۆتۈردۈم. قىشلاق ئاسمىنىنى لەرزىگە سالغان پىغاننى ئاڭلىغان قىشلاق ئادەملىرى تېزلا يېتىپ كېلىشتى.

ــــ نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسەن؟ ــــ دەپ سورىدى بىرسى.

ــــ يىغلىماي، كۆلەيمۇ؟ ــــ دېدىم ئاچچىقلىنىپ، ــــ خۇدا بىخەۋەر بالىلىرىڭىز ئىككى تاغار تىللارىمنى سۇغا ئاقتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۆيۈم كۆيدى! خەپ، بۇ ئىشىكلارنى قارىغا ئېيتىپ، ھەممە تىللارىمنى ئۈندۈرۈۋالمىسام ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن!

شۇم ئېغىز بالىلار «تاغاردا تىللا ئەمەس، كۆل ئارىلاش كۆمۈر بار ئىدى» دەپ ئاتىلىرىغا زارلىنىشتى.

ــــ تەكشۈرۈپ كۆرىمىز، ــــ دېدى بىرسى تاغارلارغا يېپىشىپ، ــــ تاغارنىڭ تېگىدە بىر نېمە باردۇ.

ئۇلار تاغارلارنى قېقىشقانىدى، باياتىن تىگىگە تاشلاپ قويغان تىللالار شىلدىرلاپ يەرگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گېپىمگە راستىنلا ئىشىنىشتى ۋە شەرمەندە بولۇشتىن قورقۇپ، ھەربىر ئائىلىدىن بىر تىللادىن يىغىپ بېرىشتى.

ــــ بەرىكەت تېپىشسۇن، بۇ دۇنيادا ياخشى كىشىلەرمۇ بار ـ دە، ــــ دېدى ئابدۇراھمان بوزچى ھوشيارلىشىپ، ــــ كېيىن قانداق بولدى؟

ــــ كېيىن قىشلاققا قايتتىم، ــــ دېدى نەسىردىن ئەپەندى يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرگەن ھالدا، ــــ تىللالارغا يېڭى ئۆي سېلىشقا باشلىدىم. ئۆي پۈتەي دېگەندە، رەقىبلىرىمدىن بىرى كېلىپ، گەپ ئالماقچى بولدى.

ــــ ئەپەندىم، تاپقان ـ تەرگىنىڭىزمۇ تايىنلىق، كىچىككىنە ئۆيىڭىزمۇ كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان تۇرسا، يېڭى ئۆينى قايسى بايلىقىڭىزغا سېتىۋاتىسىز؟ ياكى كۆمۈپ قويغان خەزىنىڭىز بارمىدى؟

گېپىگە ئاۋۋال كۈلدۈم، كېيىن چاقچاق ئارىلاش:

ــــ ئۆيۈمنىڭ كۆيگەن كۆمۈرنى ھىنالى قىلىشقا ئېلىپ

بارغانىدىم، ئۇ يەردە ئوتتۇن كەمچىل ئىكەن، تاغىرىنى ئەللىك تىللادىن ئېلىشتى، ــ دېدىم.

ــ ھىم، شۇنداقمۇ، ــ دېدى ئۇ ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ. قارىسام، كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس. بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا كەتتى. مەن تاغىگۇلىدىن ــ قېينئانامنىڭ ئۆيىدىن خوتۇن ـ باللارنى ئېلىپ كەلگىلى كەتتىم، بىر كۈن ئۆتكۈزۈپ قايتسام، ئاچ كۆزلەر ئۆز ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، كۆمۈرىنى ئات ـ ھارۋىغا ئارتىپ، ھىنالى قىشلىقىغا بېرىپ ئالتۇنغا ئايرىباشلايمىز دېيىشىسە، ھىناللىقلار «بىزلەرنى ئەخمەق دەپ ئويلىدىڭلارمۇ؟» دەپ ئالدىغا سېلىپ سۇ ـ تۇقاي قىلىۋېتىپتۇ.

ــ بابلابسىز، نەسىردىن، بابلاپسىز! ــ شادلىقتىن كۆزلىرى ياشناپ كەتتى ئابدۇرەھمان بوزچىنىڭ، ــ بۇنداقلارنىڭ جازاسى شۇ. ئۇلار سىزگە يەنە زىيان يەتكۈزۈشمىدىمۇ؟

ــ راسا كۈلكىگە قېلىشتى، ــ دېدى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ پىخىلداپ كۈلۈپ، ــ ئاخىر كۈدە ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ قىشلاقتىن كۆچۈشتى. بىزلەرمۇ بىر مۇددەت قىشلاقتا ياشاپ تۇردۇق ـ دە، يەنە باللارغا زىيان يەتكۈزۈشمىسۇن، دېگەن ئەندىشە بىلەن بۇرساغا كۆچۈپ كەتتۇق. باللار چوڭ بولدى، ئىككىلىسىنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلدىم. ئۇلارنىڭ كۆڭلى سودىگەرچىلىككە مايىل بولۇپ، ياۋروپا تەرەپلەرگە چىقىپ كەتتى، خوتۇن بىلەن ئىككىمىز بۇرسەدا قالدۇق. بىر ـ بىرىمىزگە تايىنىپ يۈرگەندۇق، بىر يىلى بۇرۇن، خوتۇن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، يېرىم كۈنىمۇ ياتماي بەندىلىك قىلدى. ئۇ ئۆلگەندە بۇ دۇنيا كۆزۈمگە قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى.

ــ دۇنيا دېگەن شۇ، ــ دېدى ئابدۇرەھمان بوزچى ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ، ــ مانا، مەنمۇ قاراڭغۇدا ياشاپ يۈرۈۋاتىمەن. قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ، خۇدانىڭ ئېيتقىنىغا كۆنىمىز ـ دە، كۆز ئوچۇق بولسا، كۆرىدىكەنسەن.

— ھەئە، ئابدۇرەھمان ئاكا، كۆرىدىكەنسىز، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى جىلمىيىپ، — لېكىن بۇ دۇنيادىن ئۆرتەنگەن بىرسى: «ئەگەر بۇ دۇنيانىڭ تەشۋىشىدىن قۇتۇلاي، غەم - غۇسسىلىرىنى ئۇنتاي دېسەڭ، ئۆزۈڭگە تار مەسە سېتىۋال» دېگەنىكەن. مانا، مەنمۇ مەسىنى سالغانىدىم، كۆردىڭىز، قانچىلىغان گەپ چىقتى...

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ھىيلەئى شەرئىي

زامانئەلى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەگمىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خوجا مەسچىت ئالدىدا ئۇستا مەنسۇر بىلەن ئۇچراشتى. ساندۇقتا دىمىقىپ، ئۇستىبېشى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۇستىنىڭ ئۇستىگە چاپىنىنى كىيدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئېتىغا مىندۈردى ـ دە، يوگىنىدىن يېتىلەپ شاھچىنىڭ چايخانىسى تەرەپكە ماڭدى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئۇستا ئات ئۇستىدە ئاران ئولتۇرۇپ، بەزگەكتەك دىر ـ دىر تىترەيتتى.

زامانئەلى ئۇنىڭ تىترەۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، دالدا بېرىشكە سۆز تاپالماي، بېشىنى سالغىنىچە جىم كېتىپ باراتتى.

شاھچى ئۇستىنىڭ ئۇستىبېشىنى كۆرۈپلا نېمە ئىشلىقىنى دەررۇ چۈشەندى، ئوپۇل ـ توپۇل ئورۇن تەييارلاپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزدى. ئوچاققا ئوت قالاپ، چۆگۈننى ئاستى. ئۇستا مەنسۇر قايناق سۇ ئىچىپ، تىترىكى بىر ئاز بېسىلغاندىن كېيىن، ئاڭلىغانلىرىنى ئېغىنتماي ـ تېمىتماي ئېيتىپ بەردى. ئۇستىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ زامانئەلى چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندى. بەلكىم، ئۇ ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە پىلان تۈزۈۋاتقان بولسا كېرەك.

— ھۇ پەدەرى لەنىتىلەر! — دەۋەتتى سەپەر شاھچى ئىختىيارسىز، — ھۇ مۇتتەھەملەر! ھۇ چايانىنىڭ يېغىنى يالىغانلار!

تۈن قاراڭغۇسى يېيىلماقتا ئىدى. بۇ يەردىكى ئۈچ ئادەممۇ بىئاراملىق قاراڭغۇلۇقىغا پاتماقتا ئىدى. خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن زامانئەلى ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى:

— نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— سەھەردە چىقىپ كەتكەندى، — دېدى غەزەپتىن چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن سەپەر شاھىچى، — كوچىدا بىرەر تونۇشىنى ئۇچرىتىپ، شۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتىمۇ، مۇشۇ كەمگىچە دېرىكى يوققۇ. باياتىن ئازراق يامغۇر تامچىلىغانىدى، «يامغۇردا قالىسىز» دەپ دوستلىرى تۇتۇپ قالدىمۇ يا. قەيەردە بولسۇن، ساق بولسىلا بولدى...

— تاغامغا بۇ گەپنى دېسەكمىكىن؟ — دەپ سورىدى ئۇستا زامانئەلىگە مەسلىھەت سېلىپ.

— ياق، مەنسۇر ئاكا، — دېدى زامانئەلى كەسكىنلىك بىلەن، — تاغىڭىزنىڭ بىلمىگىنى ياخشى. بۇنى ئۆزىمىز بىر ياقلىق قىلساقمىكىن، دەيمەن.

تۈن قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى شەھەر ئۈستىگە يايغان بولۇپ، تۇرلۇك ھاشاراتلارنىڭ چىرىلدىشى ۋە يىراقتىكى ئىتلارنىڭ ئاندا ـ ساندا بوغۇق قاۋاشلىرى سۈكۈناتنى بۇزۇپ تۇراتتى. زامانئەلى نېمىلەرنىدۇر مۇلاھىزە قىلاتتى، سەپەر شاھىچى قاراڭغۇلۇققا تىكىلگەنچە خىيال سۈرەتتى. ئۇستا مەنسۇر ئۆيىگە كەتكەندى.

— بىرەر پىلانىڭىز بارمۇ، بەك ئويلاپ كەتتىڭىز؟ — دېدى شاھىچى بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن زامانئەلىنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

— ھازىرچە بىر نېمە دېيىش قىيىن، سەپەر ئاكا. نەسىردىن ئەپەندىگە ۋاقتىنچە باشقا قونالغۇ تېپىپ بەرسەكمىكىن، دەيمەن. ئىلاج بولسا، يىراقراق يەرگە كەتكۈزۈش كېرەك...

ئۇستا مەنسۇر راستتىنلا ئۇخلاپ كەتتى. سەپەر شاھىچىنىڭ بولسا، ئۇيقۇسى قۇش ئۇيقۇ — كۆز يۇمۇق، كۆڭۈل ئويغاق. زامانئەلى بولسا بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى.

سەھەردە چوڭ جامە تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەزان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ خورازلارنىڭ چىللىشىمۇ قۇلاققا چېلىناتتى. نامازنى ئادا

قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە جەم بولۇشتى.

— مەن بىر كېچە ئويلاپ چىقتىم، — دېدى زامانئەلى قىزار-غان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — ئۆگۈنلۈككە يەكشەنبە. مەنسۇر ئاكا، سىز بېرىپ، تىرىكچىلىكىڭىزنى قىلىپ، يەكشەنبە كەچتە مۇشۇ يەرگە كېلىڭ. مەن تاغىڭىزنى بىر ئامال بىلەن بىخەتەر يەرگە ماڭدۇرىمەن.

— نېمە دەپ ماڭدۇرىسىز، زامانئەلى؟

— بىر ئامالى بولار، مەنسۇر ئاكا.

— بوپتۇ، تاغامنى يوشۇردۇقمۇ دەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟

— شەھەردە بىر - ئىككى يېقىنلىرىم بار، دىيانەتلىك يىگىت-لەر، سىپىمىزگە قېتىلىدۇ. مانا، سەپەر ئاكا، سىز، مەن ۋە ئاشۇ بۇرادەرلىرىم ئىككى - ئۈچ كىشىگە تەڭ كېلەلمەسمىزمۇ؟

— توغرا ئويلاپسىز، زامانئەلى! — دېدى سەپەر شاھىچى، — بىر باشقا بىر ئۆلۈم. بىر ئادەمنى ھىمايە قىلالمىساق، بۇ سۆلەتنى نېمە دەپ كۆتۈرۈپ يۈرۈيمىز؟

ئۇستا مەنسۇر مۇشتلىرىنى تۈگۈپ:

— ھەق گەپ، ئەركەك مەرد كەلمىسە، بېشىغا رومال ئارتىشى كېرەك. كۈرەش قىلايلى!...

※ ※ ※

بۈگۈن قۇياش سۇس تۇمان ئىچىدە بوزىرىپ تۇراتتى. كەچقۇ-رۇنقى تۇتۇق ھاۋا سەھەردىمۇ ئېچىلمىدى. زامانئەلىنىڭ چىرايىمۇ كۈننىڭ ئەلپازىدەك تۇتۇق. ئۇ نەسىردىن ئەپەندىنى كوزىچى قىشلىقىغا كەتكۈزۈۋېتىشنى نىيەت قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ، لېكىن ئۇياققا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن سە رىكىلىن ئېرىقىنىڭ بۇ قېتىدىن تېپىلسا، نېرىقى تەرىپىگە سەۋەب تاپالمايۋاتىدۇ. ئويلاپ - ئويلاپ، ئاخىر، ئۇنىڭ ئېسىگە ۋەردانزىگە بارغىنىدا ئۆيدىكىلىرىگە مۇستاپا

دېھقاننىڭ قىزىدىن گەپ ئاچقىنى كەلدى. شۇ چاغدا ئاتىسى: «بۇرۇنقىلار ئۆتمە» دېگەنىكەن. لېكىن، نەچارە، قېشىڭنىڭ ئارىلىقى يىراق ئىكەن. يەنە بىر جەھەتتىن يىراقتىن بولسىمۇ تېپىلغىنى ياخشى بوپتۇ. بىز نېمە دەيتتۇق، تەقدىر پېشانە ئىكەن» دەپ رازىلىق بەرگەنىدى. قايتىشتا زۇلپىيزەرنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە مۇستاپا دېھقاننىڭكىگە كىرىمەن دەپ نىيەت قىلغان بولسىمۇ خىجىل بولۇپ كىرەلمىدى. قىشلاق چايخانىسىغا كىرىپ، دەردىنى پەرمان ئاكىسىغا ئېيتتى.

بۇ يىگىتنىڭ مۇستاپا دېھقاننىڭ ئۆيىگە كۆپ قاتنايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن قىشلاق ئەھلى «بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دېگەندەك، ئۆزلىرىچە ئىشق داستانىنى توقۇپ يۇرۇشكەنىدى. «ئىشق داستانى» نىڭ بىر پارچىسى پەرمان ئاكىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، زامانئەلىنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلارمەن، دەپ جىم يۈرەتتى. مانا، يىگىت قىزىرىپ ــ تاتىرىپ ئۇدۇلىدا تۇرۇپتۇ.

ــ ئىنىم، بىزنىڭ باغ تەرەپكە ئۆتۈڭ، ــ دېدى پەرمان ئاكا تۆۋەن ئاۋازدا، ــ بېغىمىز مۇستاپانىڭ بېغى بىلەن تۇتاش. تېخى كۇنپېتىشقا ئازراق بار، زۇلپىيزەرنى ئانىسى بىلەن باغدا كۆرگەنىدىم. بېرىڭ، ئىلاجىنى تېپىپ سۆھبەتلىشەرسىز. لېكىن بۇ ئەقلىنى مېنىڭ كۆرسەتكەنلىكىمنى بىراۋ بىلمىسۇن.

زامانئەلى ئېيتىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، پەرمان ئاكا ئېيتقان يول بىلەن باغقا باردى. ئىككى باغنى شاخ بىلەن ئېتىلگەن پاسىل ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ پاسىل چېتەن ئارىسىدىن قوشنا باغنى ماردىلىدى، زۇلپىيزەرگە كۆزى چۈشتى ۋە شۇ ھامان يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. مۇستاپا دېھقاننىڭ خوتۇنى ئۇلپىيە ھەدە قىزىدىن خېلى يىراقتا بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. زامانئەلى بوغۇق ئاۋازدا قىزنى چاقىردى، قىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىۋاتقىنىنى بىلمەك ئۈچۈن ئەتراپقا قاراشقا

باشلىدى. ئاخىر، ئاۋاز ئىگىسىنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ زامانئەلى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، لېۋىنى چىشلىگەنچە ئۇياق ـ بۇياققا، ئاندىن ئاستاغىنە بوينىنى سوزۇپ ئانىسى تەرەپكە قارىدى. ئانىسى خېلى يىراقتا، ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە. ئۇ دەرەخلەرنىڭ دالدىسى بىلەن يىگىت تەرەپكە كەلدى. يىگىتكە يېقىنلاشقانسېرى يۈرەك سوقۇشى تېزلەشتى، ئىچىدىكى ئەنسىزلىكتەك تۇيغۇ كۈچەيدى. قىزلىق غۇرۇرى يول قويمىدىمۇ، نىشانغا بارماي تۇرۇپ توختاپ قالدى.

ـــ قورقماڭ، بۇ مەن، ـــ دېدى زامانئەلى تېخىمۇ پەس ئاۋازدا، ـــ نېمىشقا توختاپ قالىسىز؟ يېقىنراق كېلىڭ.

زۇلپىزەر بىر ـ ئىككى قەدەم سالدى ـ دە، يەنە توختىدى. ئۇ يىگىتكە تەلپۈنەتتى، ھاياسى بولسا ئۇنى ئارقىغا تارتاتتى. ئاخىر تۇرغان جايىدا ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى بىر كۆتۈرۈپ تاشلىدى:

ـــ نېمىشقا كەلدىڭىز؟ـــ دېدى ناز بىلەن، ـــ دادام كۆرسە ئىككىمىزنى تەڭ سويىدۇ.

ـــ سىزنى كۆرگۈم كەلدى، زۇلپىزەر! ـــ زامانئەلىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

ـــ كۆرگۈڭىز كەلسە، ئاۋۋال دادامغا تويلۇق تۆلەڭ، ئاندىن. ـــ ئۇ «ئاندىن قانچىلىك كۆرۈشكىڭىز كەلسە، كۆرۈشۈۋېرىسىز» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئۇيىلىپ گېپىنى يۇتۇۋېتىپ، قېشىنى سۈس پۈرۈشتۈردى، ـــ ئەمدى كېتىڭ، باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ!

يىگىت ئالدىراپ قالدى.

ـــ كۆرسە نېمە بولىدۇ؟

ـــ گەپ قىلىدۇ. كېتىڭ!

ـــ كەتمىسەمچۇ؟

ـــ كېتىسىز...

قىز «كېتىڭ، كېتىڭ» دەيتتى ـ يۇ، لېكىن ئۆزى جايىدىن

مىدىرلىمايتتى.

— ھەيدەۋاتامسىز مېنى، زۈلپىزەر؟

— ھەيدىمەي نېمە قىلاي؟ يات قىزغا گەپ تاشلىغىلى ئۇيالـ
مامسىز؟

— سىز يات ئەمەسسىز، زۈلپىزەر!

— يات بولماي، كىم؟

— جېنىم!

— ئوھو، — دېدى زۈلپىزەر ئاۋازىنى سوزۇپ، — ئۆزىـ
ڭىزنىڭ جېنىڭىز يوقمۇ؟

— مەن جېنىمنى سىزگە بەرگەنمەن، زۈلپىزەر.

— نېمىشقا؟

— جېنىم بولۇشىڭىز ئۈچۈن.

— ئۇياتسىز! — دېدى قىز جىلمايغان ھالدا. ئاندىن ئارقىـ
سىغا قايتىپ ماڭدى.

— يەنە بىر ئاز تۇرۇڭ، زۈلپىزەر، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

— گېپىڭىز بولسا، ئەلچى ئەۋەتىڭ! — دېدى قىز ئارقىسىـ
غىمۇ قارىماي. ئاندىن يۈگۈرگەن پېتى كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈۋاتقاندا،
يىلاندەك تولغانغان بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچى گاھ ئوڭ بېقىـ
نىغا، گاھ سول بېقىنىغا ئۆتۈپ، زامانئەلىنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ
كۆيدۈرۈۋەتتى...

زامانئەلى شۇ ئۇچرىشىشنى ئەسلەپ، يوقاتقان نەرسىسىنى
تېپىۋالغاندەك خۇرسەن بولۇپ كەتتى.

— تاپتىم، نەسىردىن ئەپەندىنى ئەلچىلىككە بىرىشقا كۆندۈـ
رىمەن. ئاخىر، بۇنىڭغا جان دەپ كۆنىدىغۇ! راست، ئۇياققا غوجامنى
قۇرۇق قول ماڭدۇرىمەنمۇ؟...

زامانئەلىنىڭ قازىدا ئېلىشى، ئېنىقى ئامانىتى بار ئىدى.
ھازىر قازىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئامانىتىنى سوراپ ئالىدۇ، شۇنىڭ
ئون تىللاسىنى توي خىراجەتلىرىگە دەپ مۇستاپا دېھقانغا بېرىدۇ.

زامانئەلى شۇ نىيەت بىلەن قازىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان ھەم ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆزىتىدىغان بولدى...

— قازى جانابلىرى! — زامانئەلى پەگادا تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇردى، — خۇش خەۋەر.

قازى چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرگەن ھالدا:

— قانداق خۇش خەۋەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئائىلىلىك بولاي دەۋاتىمەن.

— مۇبارەك بولسۇن!

— قۇللۇق، قازى جانابلىرى.

— بىزدىن نېمە خىزمەت؟

— رەھمەت، قازى جانابلىرى، — دېدى زامانئەلى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — توي چىقىمسىز بولماس، قازى جانابلىرى، شۇڭا ئامانەتنى...

زامانئەلىنىڭ ئامانەتنى سورىشى ئورۇنسىز بولدىمۇ ياكى قازىنىڭ خىيالى باشقا ياقتىمۇ:

— قانداق ئامانەت؟ — دېدى.

— ئامانەت ـ تە، — دېدى زامانئەلى جىددىيلىشىپ، — مەن شەھەردە يالغۇزمەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم يوق. ھۇجرام كىچىك ـ كۇندۇز ئوچۇق. ھەرخىل ئادەم بار، دەپ سىزگە ئوتتۇز تىللا بەرگەنىدىم، شۇنى سوراۋاتىمەن ـ دە، قازى جانابلىرى.

— ئەسكە ئالالمايۋاتىمەن، قانداق ئامانەتنى سوراۋاتىسەن؟ — مەسخىرىلىك كۈلدى قازى.

قازىنىڭ ئىككىنچى قېتىم مەسخىرىلىك كۈلۈشى زامانئەلىگە ھار كەلدى.

— قازى جانابلىرى، چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ بەرگەنمەن سىزگە!

— بەرگەن بولساڭ، ئالدىم دەيمەن ـ دە! نېمە، ئوتتۇز تىللانى دەپ گۇناھقا پاتىمەنمۇ؟ ھۆججىتىڭ ياكى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟

زامانئەلى ئۆڭۈپ كەتتى، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

— قازى جانابلىرى! — دېدى زامانئەلى تىترەڭگۈ ئاۋازدا يۆتەلىۋالدى، — ئارىمىزدا لەۋز بار، ئادەمگەرچىلىك بار...
بۇ گەپلەردىن قازىنىڭ تېخىمۇ غەزىپى كەلدى.
— سەن تېخى ماڭا ئادەمگەرچىلىكنى ئۆگەتمەكچىمۇ؟ ياكى لەۋزىڭدە تۇرمايسەن، دېمەكچىمۇ؟ ھۆججىتىڭ بولسا كۆرسەت، گېپىڭگە ئىشىنىمەن. قازىلىقنىڭ قائىدىسىنى بىلمىسەڭمۇ، بىر پارچە قەغەز لەۋزدىن، ئادەمگەرچىلىكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ!
زامانئەلى ھەيرانلىق بىلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. بىر چاغلاردا تەنەبايمۇ گۇۋاھسىز تىلىدىن كېتىپ قالغانىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى چۈشتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ «تويىنىڭ خىراجىتى تەل، نەسىردىن ئەپەندىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىمەن» دەپ خۇشال بولغان چېغىدا، ئۇ شۇ ئامانەتنى نەزەردە تۇتقان ئەمەسمىدى؟ قانداق ئادەم بۇ ئەمدى؟
زامانئەلىنىڭ قازىغا بولغان نەپرىتى شۇنچىلىك كۈچەيدىكى، پەرپى چەپەنى قېلىپ، ئۇنى بوغۇزلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. «مال ئاچچىقى — جان ئاچچىقى» دېگەن گەپ بارغۇ. بايلىقى پىخسىپ — سېسىپ ياتسىمۇ، ھەر قانداق زەردارنىڭمۇ تەڭگىسى يوقالسا، جېنى ئېچىشىدۇ. ئىمانى بوشلار بۇنداق پەيتتە بىرەر بالانى كۆتۈرۈپ قوپۇشى ھېچ گەپ ئەمەس.
زامانئەلىنىڭ ئىمانى پۇتۇن ئىدى، شەيتانغا ھاي بەردى. ئۇ قازىغا يېلىنىپ، غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغۇسى كەلمىدى. «نېمىشقا ئادەملەردە ئىنساب ـ دىيانەت قالمىدى؟ — دېگەن ئوي كەلدى ئۇنىڭ خىيالىغا. كېيىن بۇ پىكرىنى ئىنكار قىلدى، — ياق، بىر قازىنى دەپ باشقىلارنى دىيانەتسىزگە چىقىرىش ئورۇنلۇق ئەمەس. توغرا، ئاۋامنىڭ نامىدىن ۋەزخانلىق قىلىدىغان نامازخان تۆرىگە ئوخشاشلار شۇنداق قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەسىرى باشقىلارغىمۇ يۇقۇشى مۇمكىن. يولباشچىسى ناباب پۇقرا ئاياغسىز بولار. بۇنداق باشلارغا بويۇن ئېگىش ئەيىب!...»

زامانئەلى كۆڭۈلسىز ھالدا تاشقىرىغا چىقتى. «كىمدىن قەرز ئالسا بولار؟ ئۆزىنىڭ تەشۋىشلىرى بىلەن يارۇ دوستلىرىنى خىجالەتتە قويۇش نىيىتى يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھالى ھالىقەدەر، تاپقانلىرى ئائىلىسىگە ئاران يېتىدۇ». ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن ئاتىنىڭ باشبېغىنى قويۇۋەتكەن بولغاچقا، ئات ئۇنى چايخانىغا ئېلىپ كەلدى. نەسىردىن ئەپەندى شۇ يەردە ئاخشامقى ئىشلىرىنى ئېيتىپ، ئۈچ ـ تۆت كىشىنى ئېغىزىغا قارىتىپ ئولتۇراتتى. زامانئەلىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى. لېكىن زامانئەلىنىڭ كەيپىياتى ناچار، ئاران ئۆرە تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنى كۈتۈۋېلىپ كەلگەن سەپەر شاھچى بىر ئىشنى سەزگەندەك:

— نېمە گەپ، زامانئەلى؟ كەيپىياتىڭىز ناخۇشقۇ؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ پەدەرىم كېسەل دەۋاتاتتىڭىز، ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى دۇرۇسمۇ؟ — دەپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— دۇرۇس!

زامانئەلى نەسىردىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇھسىنغان ھالدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

— ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتىمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى تاقىتى تاق بولغان ھالدا، — نېمىشقا گەپ قىلمايسىز، زامانئەلى؟ دۇنيانىڭ ھەممە ئىشى سىزنىڭ يەلكىڭىزگە چۈشتىمۇ؟

— ھەي، سورىماڭ، — دېدى زامانئەلى ئۇھ تارتىپ.

— بۇنچىلىك قايغۇرۇشقا ئەرزىيدىغان نېمە ئىش سادىر بولدى، دەڭا قېنى؟

— قازىدا ئازراق ئامانىتىم بار ئىدى، بۈگۈن سورىسام، تېنىۋاتىدۇ. شۇڭا بېشىم قېتىپ...

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ قايغۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ. قازىنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى ئەمدى كۆرۈۋاتامسىز يا؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى زامانئەلىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئويلىماڭ ئۇكا، بىر ئامالىنى قىلىمىز!... ئامانەت ئىش ئاۋارە قىلىدۇ، دېگەن شۇدە!

كۆڭلىڭىز خاتىرجەم بولسۇن، ئامانەتنى قىيامەتكە قالدۇرمايمىز. قازى بىلەن ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن. ئەمدى قاپىقىڭىزنى ئېچىپ، كۆڭلىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ!

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تەسەللىسى تەسكىن بەردىمۇ، زامانئەلى ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدى، گەرچە چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇرمىسىمۇ، بۇرۇنقىدەك بەك غەمكىن ئەمەس ئىدى، كۆزلىرىدە سۇس ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس يالتىرىدى. شاھچىنىڭ نىگاھى بولسا زامانئەلىنىڭ ھازىرقى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى سۇندۇرۇپ، باشقا بىر تۇيغۇنى ئويغىتىپ قويغانىدى، ئۇ شاھچىغا «ئۇندىمەڭ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى.

— ئەشىم دېگەن دوستىڭىز بار ئىكەن، زامانئەلى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى پاراڭنى باشقا ياققا يۆتكەپ.

— ھەئە، بار، — دېدى زامانئەلى. ئۇ سەھەردە سەپەر شاھچىغا «بىر ـ ئىككى دوستلىرىم بار، ئېيتسام، سېپىمىزغا قېتىلىدۇ» دېگەن چاغدا دەل شۇ ئەشىمنى نەزەردە تۇتقانىدى، — قەيەردە كۆردىڭىز ئۇنى؟

— ئاتىسى بىلەن كونا قەدىردانلاردىن ئىدۇق، كېچىچە شۇنىڭكىدە قونۇپ قالدىم. گەپتىن گەپ چىقىپ، سىزنى تىلغا ئالغانىدىم، ئەشىمباي «تونۇيمەن، ئۇ مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ» دېدى. ئىنتايىن ئەدەپلىك يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلغان ئىكەنسىز، ئاغزىدىن بال تېمىپ سىزنى ماختىدى.

— قانداق ياخشىلىق قىلغان بولغىيتتىم؟

— قانداق ياخشىلىق قىلغىنىڭىزنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز ـ دە تېخى؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — بىلمىگىنىڭىز ياخشى. ياخشىلىق قىل ۋە قىلغان ياخشىلىقىڭنى سۇغا تاشلا، ئۇنى ئادەملەر بىلمىسە، بېلىق بىلەر، دېگەن گەپ بار. بۇ ئادىتىڭىز ياخشى.

— ئابدۇرەھمان ئاتا ساق ـ سالامەتمىكەن؟ — دەپ سورىدى زامانئەلى.

— ياخشى تۇرۇپتۇ، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — بوۋاي خېلى قېرىپتۇ. ئەمما تېنى ساغلام ئىكەن، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ھەمداستىخان بولغانمىز.

— تونۇمايدىغان ئادىمىڭىز يوقمۇ، تاغا؟

— ھەي... مەن شۇ ئادەملەر بىلەن تىرىكمەن ـ دە، زامانئەلى. ئادەملەرنى تونۇمىساڭ، سېنىمۇ ھېچكىم تونۇمايدۇ.

سەپەر شاھىچى تاۋاقتا ئىككى نان، بىر سىقىم ئۈزۈم ئېلىپ كېلىپ، ئوتتۇرىغا قويدى:

— سىلەر قورساقنىڭمۇ ئەرزىنى ئاڭلامسىلەر ياكى ئاناڭلار گەپ ئۈچۈنلا تۇغقانمۇ؟

— ھەقسىز بولسا تاماقنىمۇ گەپكە قوشۇپ يەۋېرىمىز، — دېدى چاقچاق قىلىپ نەسىردىن ئەپەندى.

— ئۇنداقتا، قېنى، مانا بۇلاردىن ئېلىڭلارچۇ! — دېدى سەپەر شاھىچى...

※ ※ ※

قازى نەسىردىن ئەپەندىنى ئالاھىدە تەكەللۇپ بىلەن كۈتۈۋالـ ـسىمۇ، ئىچىدە «بۇ كاساپەت يەنە بىر بالانى باشلاپ كەلدىيا...» دەپ ئويلىدى.

— چۈشۈمدە ئايان بولغانىدى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى تامدىن تارشا چۈشكەندەكلا سۆز ئېچىپ، — چۈشۈمدە قازىكالانىنىڭ ئېشەكلىرى قۇيرۇقسىز تۇغۇپتۇ.

— چۈش ئىكەنغۇ، — دەپ كۈلدى قازى، — چۈشكە نېمىلەر كىرمەيدۇ دەيسىز، نەسىردىن؟ ئېشەك قۇيرۇقسىز تۇغسا تۇغمامدۇ، شۇنىڭغىمۇ قازىخانىغا كېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— توغرا، ئىشەك ئوڭىڭىزدا قۇيرۇقسىز تۇغسا، قۇيرۇقسىز ئېشەك يۈك بىلەن لايغا پاتسا، نەرىدىن تارتىپ چىقىرىشنى بىلەلـ ـمەي جىلە بولىسىز. ئەگەر بۇ ھالنى چۈشىڭىزدە كۆرسىڭىز،

ئالامىتى يامان. ئۇچ كۈن بۇرۇن شۇ چۈشنى كۆرگىنىمدە، قازىكالان لايغا پېتىپتۇ ـ دە، دېگەن پىكىر كۆڭلۈمدىن ئۆتكەنىدى. قاراڭ، كۆڭلۈمدىن ئۆتكىنى بولدى مانا!

قازىنىڭ خىيالى قۇيرۇقسىز ئېشەككە قاچتى ۋە بىر ئۆلۈم- تۈك پاشىغا كەيپىنى تارتقۇزۇپ قويغان بەڭگىدەك كۆزىنى ئاران ئاچتى.

— ئاخشام ئۆيگە بارغانىدىم، بۇ ھەقتە گەپ قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقسىز تۇغقىنىنىمۇ ياكى لايغا پاتقىنىد- نىمۇ؟

— ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ، — بەڭگىنى بىئارام قىلغان پاشىلار ئەمدى قازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تىنىمسىز غىڭشىدى.

— ھەي، تەقسىر، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى بىر ئاز يۇمشاپ، — بۇنى سىزگە ئەتەي ئېيتمىغان گەپ. ھەممە ئۆز دەردى- نى ئۆزى بىلىدۇ.

— سىز بۇنى قەيەردىن بىلدىڭىز؟

نەسىردىن ئەپەندى:

— ئالدى بىلەن چۈش... ئاندىن قالسا، ئاخشام قۇشبېگى — ئۆلىمائى كەبىر مىريۇسۇپ جانابلىرى «ئاتامنىڭ دوستلىرىنى كۆرسەم، ئۆزىنى كۆرگەندەك بولىمەن» دېگەن نىيەتتە كەمىنىنى يوقلاپ قاپتۇ، — دەپ قازىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى. قازى بايا- تىنلا كېلىپ ـ كەتكەن شېرىبەك سىنچىنىڭ: «نەسىردىن ئەپەن- دىنىڭ قەسىردىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگىنىنى ئەسلىدى ۋە ئالدىراپ ـ تېنەپ:

— چاقىرىشتىكى مەقسىتى نېمە ئىكەن، شەھىريارنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

نەسىردىن ئەپەندى جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن زامانئەلىنىمۇ چاقىرتتى:

— زامانئەلى، مېنىڭ ئېيتقانلىرىم سىزگىمۇ ئىبرەت

بولسۇن، ئاڭلاڭ... قوشىبېگى جانابلىرى مېنى شۇ سەۋەبلىك چاقىرتىپتۇكى، سەۋەبى ئۇشبۇدۇر: ماڭا زەر تون ياپتۇرۇپ، ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەرگەندىن كېيىن، قۇلىقىمغا ئاستاغىنە «بوتەباي قازىكالان قېرىدى، ئەمدى ئۇنى يولغا سالۇرمىز» دېدى. كېيىن بىر سۈكۈتكە پاتتى. ئارىدىكى جىمجىتلىق ئىچىمنى قىزدۇرۇۋەتتى. ئۇستۇمدىن سۇ قۇيۇلغاندەك تەر ئاقتى. كېيىن ئۇ: «سىز جاھاندىكەزدى، كۆپنى كۆرگەن ئادەم، ئېيتىڭچۇ، شەھىرىمىزدە قازىكالانلىق مەنسىپىگە لايىق ئادەم بارمۇ؟» دەپ سورىدى ۋە يەنە سۈكۈتكە پېتىپ، مەندىن جاۋاب كۈتتى.

قازى ساراسىمىگە چۈشتى. ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ، يەنە ئولتۇرۇۋالدى ۋە بوينىنى سوزۇپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن سورىدى:

— خوش ـ خوش، سىز نېمە دېدىڭىز؟

نەسىردىن ئەپەندى قازىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى خالىشىنى بىلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنى سىنىماق نىيىتىدە گەپنى ئىمكان قەدەر سوزدى.

— مەن ئالدىراپ قالدىم، — دېدى ئۇ قازىغا ئەمەس بەلكى زامانئەلىگە قاراپ، — بۇ مەنسەپكە كىم مۇناسىپ كېلەر، دەپ خىيال دەرياسىدا جەۋلان قىلدىم. فىقھى ئالىمىنىڭ ئەللامىلىرى باركى، ھەممىسىنى خىيال ئەينىكىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدۈم، لېكىن بىرەرسىنىڭ چىراي ـ تۇرقى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى مېنىڭ نازۇك ئۆلچىمىمگە چۈشمىدى..

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ زامانئەلىگە قاراپ گەپ قىلىۋاتقانلىقى قازىنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە سالدى: «بۇ نادان، قازىكالانلىققا مۇلازىمىمنى لايىق كۆرۈپتۇ ـ دە» دېگەن ئويغا كېلىپ، بىرئاز بوشىشىپ تۇرغان چاغدا نەسىردىن ئەپەندى تېزلىك بىلەن قازىغا بۇرۇلۇپ:

— بىردىنلا كۆز ئالدىمدا سىزنىڭ سىمايىڭىز نامايان بولدى، — دېدى.

تاپـنـىدىن بـاشلاپ سوۋۇپ، ماغدۇرسىزلـىنىپ كېتىۋاتقـان قازىنىڭ ۋۇجۇدىغا بـىردىنلا جـان كـىرىشكە باشلـىدى ۋە قەددىنـى غازدەك تىكلەپ:

— قۇدرىتىڭدىن ئۆرگىلەي، خۇداۋەندى كەرىم! — دېدى.

— كۆز ئالدىمدا سىمايىڭىز نامايان بولـدى - يۇ، — گەپنـى يەنە ئارقىغا تارتتى نەسىردىن ئەپەندى، — ئىسىم - شەرىپىڭىزنـى ئېيتالىسام نېمە دەي؟ شۇ دەمدە ھەممىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن.

— نـامازخان تۆرە ئىبنى كازىمخان تۆرە، — ئۆز ئىسمـى - شەرىپىنى ئېيتتى قازى جىددىيلىشىپ.

— ياق، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭ گېپىگە ئېتىبار بەرمەي، — مىرىۇسۇپ جانابلىرى مېنىڭ خىيال دەرياسىغا غەرق بولغىنىمنى كۆرۈپ، «بوپتۇ، ئۆزىڭىزنى كۆپ قىينىماڭ، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئېيتىسىڭىزمۇ رازىمىز» دېگەندىن كېيىن كۆزۈم ئېچىلىپ كەتتى. «ناماز» غا «خان» بىلەن «تۆرە» نى جەملەپ، «نامازخان تۆرە قازى!» دەپ توۋلىدىم.

— شۇكۇر... ئاللاھ! — دېدى قازى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تۇمشۇقىغىچە تېگەي دەپ قالغان بېشىنى ئىتتىكلا كۆتۈرۈپ. ئاندىن پېشانىسىدىكى تەرنى يەڭگى بىلەن سۈرتۈپ قويدى.

— مەن «نامازخان تۆرە» دېگەندىن كېيىن شەھرىيار سۈكۈتكە چۆمدى، — نەسىردىن ئەپەندى بۇ گېپىگە ئالاھىدە ئۇرغۇ بەردى، — مەن «ئاپلا، گېپىم ياقمىدى» دەپ ئويلاپ، جىددىيلىشىپ كەتتىم. سىز بىلەن ئۇ زاتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىختىلاپ بار بولغىيـمىدى، دېگەن گۇمانغا باردىم.

— شەھرىيار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوقتۇر! — قىزىپ كەتكەن قازى قايتا سوۋۇدى، — ئېھتىمال، ئىككىمىزنى ئايرىماق نىيىتىدە بىرەر كاساپەت دۈشمەنلىك قىلغان، مەن غەپلەتتە قالغاندۇرمەن. مەن توغرۇلۇق ئۇ زاتقا پىتنە - پاسات قىلغان يارىماس كىمكىن زادى؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، لېكىن بۇ خىياللارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ ئىكەن.

— مېنىڭكىمۇ؟

— سىزنىڭكىمۇ، مېنىڭكىمۇ. قۇشبېگى جانابلىرى سۆكۈت قويىنىدىن باش كۆتۈرۈپ، يەنە سورىدى: «ئېيتقان ئادىمىڭىز قازىكالانلىقا مۇناسىپمۇ؟»

— فىقھە ئىلمىنى سۇدەك ئىچىپ بولغان، دېمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ جىددىيلەشتى قازى نەسىردىن ئەپەندىگە گەپ ئۆگىتىۋاتقاندەك.

— دېدىم ۋە يەنە دېدىمكى، ئەنۇشىرۋانى ئادىل ئىككى كىشىنىڭ ئاغزىغا تۈكۈرگەن بولسا، بىرسى شۇ، يەنە بىرسىمۇ شۇ نامازخان تۆرە قازى بولىدۇ!

— ئەنۇشىرۋانى ئادىل قەيەردە، بىز قەيەردە؟ — دەپ كەمتەرلىك قىلدى قازى.

— قويۇڭ، ئۇ گەپنى! ئەنۇشىرۋانى ئادىل سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا تۈكۈردىمۇ يا، يۈزىڭىزگىمۇ — بۇنى قۇشبېگى جانابلىرى قەيەردىن بىلىپ ئولتۇرىدۇ؟ — نەسىردىن ئەپەندى قول سىلكىدى، — ھاتەم تاي تىرىك بولغان بولسا، قازى جانابلىرىنىڭ ھاتەملىكلىرىنى كۆرۈپ زەر تون ياپقان بولاتتى، دېدىم.

— ئۇ گەپكە شەھەربىيار ئىشەندىمۇ؟

— تەقسىر، شۇمۇ گەپمۇ! ھاتەم تاي ئۈستىڭىزگە تون ياپتىمۇ ياكى كىيىپەنمۇ — بۇنى سىزمۇ، مەنمۇ، قۇشبېگى جانابلىرىمۇ بىلمەيدىغۇ. ئىنساب - دىيانەتتە «ئابى ھايات» بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن خىزىر بوۋىمىز ئۆز قولى بىلەن تەخسىرىمگە سۇ بەرگەن، دېدىم.

— سۇ دېدىڭىزمۇ؟

— نىجاسەت بەرگەندىمۇ سىز قايتۇرماستىڭىز، توغرىمۇ، تەخسىر؟... گەپنىڭ داۋامىنى ئاڭلىسىڭىزچۇ! يەنە، بىز ئۇ كىشى-

ـنىڭ تاكى ھازىرغىچە بۇخارادا بىرەر كىشىنىڭ مىلىغا ياكى ئاما ـ نىتىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغان؛ تەمەنى پارا دەپ بىلىدۇ ۋە پارىنىڭ كېيىنى ئاڭلىسىمۇ تەرەتلىرىنى يېڭىلايدۇ، دېدىم. دېمەك، مانا شۇ چوڭ ئەمەلگە مۇناسىپ كۆرۈپ، سىزنى كۆرسەت ـ تىم، يەنە شۇنداق تەرىپلەرنى ئېيتتىمكى، مىرىيۇسۇپ جانابلىرى باھانىگە سەۋەب تاپالماي ھەيرەت بارماقلىرىنى چىشلەپ: «ماقۇل، ئىناۋەتكە ئالۇرمىز! مەن بۇ ھەقتە ئەمىرگە بەلگە بېرۇرمەن» دېدى. ئەمدى، تەقسىر، بۇنىڭدىن كېيىن تەييار تۇرۇڭ، چاقىرتقان چاغدا ئالدىراپ قېلىشتىن ساقلىنالايسىز. بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە چاقىرتمىسا، شەھرىيارغا يەنە ئەسلىتەرمىز...

— بەك ساۋاب ئىشلارنى باشلاپسىز، نەسىردىن. بارىكاللا! بارىكاللا! — دېدى قازى كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى، — ئوتتۇرد ـ مىزدىكى بۇ گەپنى يەنە بىر يات ئادەمگە ئېيتىپ يۈرمەڭ، سىز، مەن ۋە مانا بۇ مۇلازىمىڭىز بىلسە يېتىدۇ. ناۋادا، سىزنى كۆرەلمەيدىغان دۈشمەنلىرىڭىز، جۈملىدىن، قازىكالان تاسادىپىي غەزەپ ئېيتىغا قامچە ئۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكنى سىياھ، ھەسەتنى قەغەز قىلىپ، ئۈستىڭىزدىن نامە يازسا، مۇبارەك نامىڭىزغا داغ چۈشكەي. شۇڭا تىلىڭىزغا مەھكەم بولۇڭ. ھەممە بالا تىلدىندۇر. تىلدا شېكەرمۇ باردۇر، زەھەرمۇ باردۇر. ئەگەر كىشى پاكتۇر — تىلىدىن بال، ناپاك بولسا، زەھەر ـ زەققۇم تامغاي. يۈزىڭىزگە قارا سۇرسىڭىز تېخىمۇ ياخشى، كۆز تەگمەيدۇ...

مەنسەپكە ئولتۇرۇشقا نەپسى تاقىلداپ كەتكەن قازى قوينىدىن بىر شايى ھەميان چىقىرىپ:

— سۆيۈنچىسى، — دېدى ۋە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قولىغا زورلاپ تۇتقۇزدى.

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشى زامانئەلىنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ھەتتا نەسىردىن ئەپەندىدىن يىرگىنىشكە، ئۇنىڭ ھاياتىدىن

ئەنسىرەپ يۇرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشقا قەدەر باردى.

نەسىردىن ئەپەندى ھەميانىنى قوينىغا سالغاندىن كېيىن:

— سىزنىڭكى تەۋەررۇك! لېكىن بۇنىڭ بىلەن قۇتۇلالمايسىز، زىيايىتىگە قەرزدارسىز، — دېدى.

— نېسىپ بولسۇن دەڭ، ئاشۇ كۆنلەرگە يېتەيلى.

— نېسىپ بولسۇن دېسىڭىزمۇ، دېمىسىڭىزمۇ يېتىسىز، تەخسىر، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى دۇئاغا قول ئېچىپ، — ئامىن، يەنە بىر كەلگىنىمىزدە تەخسىرىمگە قازىكالان دېگەن ئىلتىپات كۆرسىتىشنى نېسىپ ئەيلىگەيسەن، ئاللاھۇ ئەكبەر!...

نەسىردىن ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن زامانئەلىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئاخىر، نەسىردىن ئەپەندى ئامانەتتىن ئېغىز ئاچمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىن يوق، ھېچ نەرسىدىن ئۈمىدىمۇ يوق، ئۇ يالغۇز، كىم نىجات قولىنى سۇنىدۇ؟ قەلبىدىكى قايغۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ، پۈتۈن تىنىنى يەپ كېتىۋاتاتتى.

«بولدىلا، بۇنچىلىك قىلىشىمنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ — دېگەن-لەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، — بىرەر نامەردكە دۇچ كېلىپ، يەر - بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىۋاتى-مەنمۇ؟ ئەرزىمىگەن ئۇچ - تۆت تىللاغا غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرۇۋا-تىمەنمۇ؟ نېمە دەپ بەل باغلىغان ئەزگۈ ئىشىمدىن ۋاز كەچكۈ-دەكمەن؟»

زامانئەلى ئامانەتنىڭ بەھرىدىن كەچتى، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ئىشتىياقى يۈرىكىدە يەنە ئوت ئالدى، تۇغرىلىق، ئادالەت يەنە غالىب كېلىشكە، تاللىغان يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەن-نىشكە باشلىدى. ئەتە، ئېھتىمال، ئۆگۈنلۈككە، قاچانلا بولسۇن، دۇچ كېلىشى مۇقەررەر بولغان خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلمىسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە نەسىردىن ئەپەندىگە نىسبەتەن ئازراق رەنجىش بار ئىدى. بۇ تۇيغۇ پات - پات ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. «نەسىردىن ئەپەندىمۇ قىزىق، ئەمدى كېلىپ ئۆزىنىڭ

كۆشەندىسىنى قازىكالانلىقتا لايىق كۆردىمۇ؟ بۇگۈنكى يىلاننىڭ ئەتە ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟»

زامانئەلى كەچتە نەسىردىن ئەپەندى بىلەن سۇسقىنا كۆرۈشتى، گەپنىمۇ كۆپ قىلمىدى. نەسىردىن ئەپەندى بۇنىڭ سەۋەبىنى دەررۇ بىلدى. ئالدى بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ، بۇرادىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولغانىدى، زامانئەلى پەرۋا قىلمىدى.

ــــ مېنىڭ بۈگۈنكى ئىشىمدىن خاپا بولدىڭىزمۇ، زامانئەلى؟ ــــ دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى ئاخىر.

ــــ ھەئە، خاپا بولدۇم! ــــ دېدى زامانئەلى تىلىنىڭ ئۇچىدا تۇرغان گېپىنى كەسكىن ئېيتىپ، ــــ خىيانەتكارلىقىنى كۆرۈپ ـ بىلىپ تۇرۇپ، شۇ كاززاپنى قازىكالانلىقتا لايىق كۆرۈپسىز ـ ھە؟

ــــ كىم؟ مەنمۇ؟

ــــ سىز بولماي، كىم؟ مېنىڭ ئالدىمدا ئېيتتىڭىزغۇ!

ــــ شۇنىڭغا دومسايغانمۇ؟

ــــ نېمە؟ خۇرسەن بولۇشۇم كېرەكمىدى؟

نەسىردىن ئەپەندى مىيىقىدا كۈلدى.

ــــ ئىنىم، بۈگۈن خاپا، ئەتە خۇرسەن بولغايسىز! مەن باياتىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغىنىم يوق. بۈگۈنكى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى ئويۇن، خالاس. بۇ ئويۇننىڭ سەۋەبى پەقەت بىر مەقسەتتە، يەنى ئامانەتنى قايتۇرۇۋېلىشقا قارىتىلغانىدى. ئەتە يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىمەن. ئۇ چوقۇم ئامانىتىڭىزنى تولۇق قايتۇرىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى بۈگۈنكى ئويۇننىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، زامانئەلى ئۆيلىغانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، نەسىردىن ئەپەندىدىن بىكار خاپا بولغىنىنى چۈشەندى ۋە بۇ قىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## شۇمۇ ئېغىرلىق بولدىمۇ؟

ئېشەكنىڭ بىر خىلدا يورغىلىشى خۇددى ناخشىغا ئوخشايتتىكى، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا «ناخشا» خۇشيېقىپ، خىيالغا بېرىلدى: «هايات تاسادىپىيلىقلارغا تولغان. بىر كۆڭۈلسىزلىكتىن قاچساڭ، باشقىسىغا دۇچ كېلىسەن. تۇن قانچە قاراڭغۇلاشسا، سۈكۈنات شۇنچە قورقۇنچلۇق تۇس ئالىدۇ. مانا شۇ قورقۇنچنى يېڭىش ئۈچۈن ئۈيقۇنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنىسەن. كېچىدە كۈندۈز ھەققىدىكى خاتىرىلەر خىيالىڭنى ئوغرىلايدۇ. ئويلاپ ـ ئويلاپ چارچايسەن ۋە ئەتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ئۆزۈڭگە تەسەللى بېرىسەن: ئەتە يەنە قۇياش چىقىدۇ، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈننىڭ قوينىغا سىڭىپ كېتىسەن...»

يېقىنلا بىر جايدىن سەككىز ـ ئون نەپەر تالىپلار مۇدەررىسنىڭ باشلامچىلىقىدا چۇۋۇلدىشىپ چىقىۋېدى، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ خىيالى چېچىلىپ كەتتى. باللارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، مۇددەرىستىن سورىدى:

— ئۇستاز، باللارنى سەيلە ـ ساياھەتكە ئېلىپ چىقتىڭىزمۇ؟

مۇدەررىس خىيالغا پېتىپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك، ئالدىرىغانچە:

— ھە ياق، بۇلارنى جىنتىپىگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

— جىنتىپىدە نېمە باركەن؟

— ھاۋاغا قاراڭ، قۇرغاق تۇرغىنى تۇرغان، بىر تامچە يامغۇر يوق. خۇدادىن يامغۇر سوراپ كېلەيلى، دەپ كېتىۋاتىمىز. بالىنىڭ

قەلبى پاك، ئۇلارنىڭ دۇئاسى تېز ئىجابەت بولىدۇ!

نەسىردىن ئەپەندى قاقاھلاپ كۈلۈپ، ئىشەكتىن يىقىلىپ چۈشەي دېدى. بۇنىڭدىن مۇدەررىسنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمىشقا كۈلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بالىلارنىڭ دۇئاسى تېز ئىجابەت بولغان بولسا، مەدرىسەلەردە بىرەرمۇ ئۇستاز قالمىغان بولاتتى، تەخسىر!

— ئېغىزىڭىزغا تاش! — دېدى مۇدەررىس چىشى ئاغرىۋاتقاندەك يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھەم قولىنى ھاۋادا سىلكىپ. نەسىردىن ئەپەندى بولسا كۈلۈۋېرىپ يۆتىلىپ كەتتى...

كەمبەغەلنىڭ مېلى كۆز ئالدىدا بولمىسا، كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. كارۋانسارايغا باغلاپ قويۇپ چىقىشقا ئېرىنىدىمۇ ياكى ۋاقتىنى تېجىدىمۇ، نەسىردىن ئەپەندى قەدىردان ئېشىكىنى يېتىلىگەن ھالدا بازارغا باردى.

سەھەردە گەپتىن گەپ چىقىپ، سەپەر شاھىچى ئاش دۇملەيدىغان، نەسىردىن ئەپەندى بولسا، بازارغا بېرىپ لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان بولغانىدى. بازارغا كىرگەن نەسىردىن ئەپەندى ئاۋۋال ھالۋىپەزدىن يېرىم قاداق ھالۋا، ئۈچ قاداق سۇ يېگۈدەك گۆرۈچ، سەۋزە ـ پىياز، قورۇق ئۈزۈم، بىر چىمدىمدىن زىرە، دورا ـ دەرمان ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى خۇرجۇنىغا سېلىپ، مېۋە ـ چېۋە كوچىسىغا بۇرۇلغاندا، ئارقىسىدىن بىر كىشى كېلىپ يەلكىسىگە قولىنى قويدى. نەسىردىن ئەپەندى قايرىلىپ قارىۋىدى، قارامتۇل كىشىنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى. بۇ قازىكالاننىڭ ئۆيىدىكى مەجلىستە نەسىردىن ئەپەندىسىنىڭ ئۆلۈمگە پەتىۋا بەرگەنلەردىن بىرى — ئورتاقباي ئاقساقال ئىدى. ئۇ تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە:

— ھەي، بۇرادەر، — دېدى مەجبۇرىي تەبەسسۇم قىلىپ، — بازارغا ئېشەكتە كىرىش مەنئى قىلىنغان!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندىمۇ مۇلايىم جىلمى-

يىپ، — بازارغا كىرگىچە ھېچكىم بىر نېمە دېمىدى. ئەمدى بازار-نىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ گەپمۇ؟ ئېشەكتە بازارغا كىرىش مەنئىي قىلىنغانىكەن، دەرۋازىغا ئادەم قويۇڭ، ئېشەكلەرنى بازارغا كىرگۈزمىسۇن.

— مەن بازار ئاقساقىلى ئورتاقباي رەئىس بولىمەن. بازاردىن تېز چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا مىرشاب چاقىرىمەن!

— توختاڭ، ئاقساقال! پوپوزىڭىز ئالەمنى بۇزاي دەۋاتىدۇ. سىز ئاۋۋال بۇ ئېشەككە ياخشىراق قاراڭ! بۇ ئېشەك قازىكالاننىڭ ئېشەكلىرىگە قېرىنداشتۇر. دېمەك، قازىكالانغىمۇ تۇغقانچىلىقى باردۇر! ئۆزى نەسىللىك يورغا، ئاتتىن كۈچلۈك، قويدىن ياۋاش، ياۋاشلىقىدىن ئۇستىگە ئولتۇرۇپ، ئېغىز كۆيدۇرمەي شورپا ئىچكىلى بولىدۇ. بىراۋغا زىيىنى تەگمەيدۇ.

ئورتاقباي ئاقساقالنىڭ بىرەر تۈكىمۇ قىمىرلىمىدى. ئۇ قازى-كالان بىلەن دوست ئىكەنلىكىنى پەش قىلماقچى بولدى-يۇ، لېكىن تىلىنى يىغدى.

— مېنى قورقۇتماڭ، بۇرادەر! — دېدى ئورتاقباي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — قازىكالان بىلەن سايىدا قېتىق يالىمىغان بولسامۇ، بۇ بازارنىڭ تەرتىپ-قائىدىسىگە مەن جاۋابكار. تېزدىن بازاردىن چىقىپ كېتىڭ!

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ غەزىپى تۇتتى.

— سىز قازىكالاننى ھۆرمەت قىلمايدىكەنسىز، ھېچبولمىسا، ئېشەكلىرىنىڭ قېرىندىشىنى ھۆرمەت قىلىڭ!

— مەن قازىكالاننىڭ ئېشەكلىرىنى تونۇيمەن، ئەقىللىك ئېشەك، لېكىن سىزنىڭ ئېشىكىڭىزنىڭ ئەقىللىكلىكىگە گۇما-نىم بار.

— ئېشەكلەرنىڭ پەرقىنى بىلەر ئىكەنسىز، ئېشەك بىلەن ئاشىنىدارچىلىقىڭىز بارمۇ-نېمە؟ قېنى ئېيتىڭچۇ، قازىكالاننىڭ ئېشەكلىرىنىڭ قانداق خىسلەتلىرىنى بىلىسىز؟

— تېپىدۇ، چىشلەيدۇ، يېنىغا يېقىنلاشتۇرمايدۇ...
— بولدى، بولدى، — ئۇنى توختاتتى نەسىردىن ئەپەندى، — دېمەك، ئۇ ئېشەك ئاينىپتۇ. بۇ ئېشەك بولسا باشقىچە. قاراڭ، تەكەللۇپنى بىلمەيدۇ، باغلاپ قويسىڭىز بىر يەردە تۇرىۋېرىدۇ. بۇنىڭدا مېھنەت قىلىشقا تاقەت بار، سىزدىچۇ؟ بۇ ئېشەك يەم يەيدۇ، ئەمما يوك كۆتۈرىدۇ، ئەمما سىزگە ئوخشاش هاڭرىغاق ئەمەس، — سۆز ئارىسىدا ئابدۇرەهمان بوزىچىنىڭ ئوغلى ئەشىمنىڭ ئېيتقىنى ئېسىگە كەلدى ۋە قوشۇپ قويدى، — سىزگە بازارچىلارنىڭ شۇڭغۇتىدىغان تۆت ـ بەش چاقىسى بولسا بولدى. قېنى، ئەمدى ئىنساب بىلەن ئېيتىڭچۇ، بۇنىمۇ ئېشەك دېگىلى بولامدۇ؟ ئورتاقباي، مەندىن خاپا بولماڭ، هازىر بازىرىڭىزدىن چىقىپ كېتىمەن.
— تېزراق چىقىڭ! — دېدى ئاقساقال ۋە بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇشنى خالىماي، تېرىككەن هالدا كېتىۋېتىپ: «يات يېقىندا ئېشىكىڭ يېتىم قالىدۇ» دېدى غودۇڭشىپ.
نەسىردىن ئەپەندىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇرىدى. بۇ سۆهبەتنى بىر چەتتە كۆزىتىپ تۇرغان بىر كىشى:
— رەئىسنى بابلىدىڭىز، تاغا، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ «مېھرىبان» كىشىنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق، هەرىكىتى گۇمانلىق ئىدى، — بۇ ئادەم راستىنلا شۇنداق ئالغۇر، هاڭرىغاق، ئاچ كۆز، ياتقا كۈن بەرمەيدۇ... هە راست، بۇ شەهەرگە مېھمان بولسىڭىز كېرەك ـ هە؟ سىزنى بۇرۇن كۆرمىگەن ئىكەنمەن.
نەسىردىن ئەپەندى بويى ئېگىز، كاللىسى چوڭ، شاپ بۇرۇت، چاپىنىنىڭ ئاستىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغان كىشىنىڭ تەكەللۇپنى ياقتۇرمىدىمۇ ياكى ئاقساقالنىڭ گېپىنى هېلىغىچە هەزىم قىلالمىدىمۇ، قاشلىرىنى پۈرۈشتۈرگەنچە:
— باشقا شەهەردىن كەلگەن ئوغرىمەن! بازىرىڭلاردا يۈرگىلى بولمايدۇ. هەر قەدەمدە بىر سوراق، جېنىڭغا ئارام يوق. رەئىسنىڭ

يەتمىگەندەك ساڭىمۇ جاۋاب بېرەيمۇ؟ كىمسەن زادى؟

— مېنى بەدەل كاللا دەيدۇ! — ئۇ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ، نەسىردىن ئەپەندىنى ئاستا چەتكە تارتتى، ئاندىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى - دە، خۇشامەتچىلىك بىلەن دېدى، — مەن بۇ بازارنىڭ ئوغرىسى بولىمەن، ئۇچراشقىنىمىز ياخشى بولدى، ئىككىمىز بىرلىشىپ ئىش قىلمايمىزمۇ؟ ئۆزۈمگە ياخشىراق شېرىك ئىزدەپ يۈرگەنىدىم. مۇشۇ يەرلىك ئادەممەن، ئېگىز - پەسنى بەش قولدەك بىلىمەن.

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قۇۋلۇقى تۇتتى. بەدەل كاللىنىڭ تۇرقى غەلىتىرەك تۇيۇلسىمۇ، «قېنى كۆڭلىگە قول سېلىپ كۆرەيچۇ، نېمە دەردى باركىن؟ ئاخىر ھەممە ئوغرىلار ئۇچرىغانغىلا سىرىنى ئېيتىۋەرمەيدۇ. قارىغاندا، بۇ گولراق ئوغرى بولسا كېرەك، چاقچاق - قىمغا ئىشىنىپ، كىملىكىنى ئاشكارىلىدى» دەپ ئويلىدى. شۇڭا گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال مەقسەتكە كۆچۈپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— ياخشى، مەنمۇ شۇ ھۈنەرنىڭ نېنىنى يەيمەن، ئوغرىلىقنىڭ سىر - ئەسرارلىرىدىن خەۋەردارمەن. خۇدا ئىككىمىزنى ياخشى ئۇچراشتۇردى. ئىككى كورنى قاراڭغۇدا ئۇچراشتۇرۇپتۇ، دېگەن شۇ بولسا كېرەك. قېنى ئېيتچۇ، ئىشنى قاچان ۋە قەيەردىن باشلايمىز؟

دەل شۇ چاغدا سەھرادىن كەلگەن ئادەم بولسا كېرەك، جۇلدۇر كىيىنگەن بىراۋ بۇلارغا ئۆرۈلۈپ قارىدى - دە، ئون قەدەمچە يىراقتا بېرىپ توختىدى.

— ناھايىتى كاتتا بىر باينىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ قويغانىدىم، — دېدى بەدەل كاللا پىسىلدىغان ئاۋازدا، — ئىنتايىن چوڭ سودىگەر. يىغقان مال - دۇنياسىنىڭ ھېسابى يوق.

— مال - دۇنياسىنىڭ ھېسابى يوقلۇقىنى قانداق بىلىسەن؟

— بىلىدىكى تۆت بەلباغدىن، — دېدى بەدەل كاللا بىلەر -

مەنلىك بىلەن. ئاندىن ئۇ بىلىپمۇ ياكى بىلمەيمۇ نەسىردىن ئەپەن-دىنى سەنلەشكە باشلىدى، — سەن قۇلۇپ بۇزۇشقا قانداقراق؟

— قۇلۇپ بۇزۇشنىڭ يەتتە خىل يولىنى بىلىمەن، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى بوش كەلمەي.

— ياخشى! ئۇنداقتا ئىشىمىز پۈتتى! ئوغرىنىڭ سەنئىتى قۇلۇپ بۇزۇشتا بىلىنىدۇ. شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساق، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە مەزە قىلىپ يۈرىمىز.

— ئەمىسە، تېزراق ئىشقا كىرىشەيلى! — ئۇنى ئالدىراتتى نەسىردىن ئەپەندى، — باشقىلار بىزدىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ، بىز ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە خار - زارلىقتا قالمايلى.

— سەن ئالدىراڭغۇ ئوغرى ئىكەنسەن، — دېدى بەدەل كاللا، — بۇنداق نازۇك ئىشلاردا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك. پۇختا پىلان تۈزۈپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشىش لازىم.

— كېتىۋېتىپ پىلان تۈزىمىز - دە، تەۋەككۇلچىنىڭ ئىشىنى خۇدا ئۆزى توغرىلاپتۇ، دەيدۇ كونىلار.

— سەن ھازىرلا دېمەكچىمۇ؟

— ئەمسە قاچان؟

— كەچقۇرۇن، نادان! — بەدەل كاللا ئەمدى بىمالال مەسخىرە قىلىشقا ئۆتتى، — ئوغرىلىق دېگەن كېچىسى قىلىنىدىغان كەسىپ. شۇنداق ئىكەن، كەچكىچە سەۋر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئون قەدەمچە نېرىدا تۇرغان جۇلدۇر كىيىملىك كىشى نەگە-دۇر غايىب بولدى. ئۇنىڭ كەلگىنىنى بىلمىگەندەك، كەتكىنىنىمۇ ھېچكىم سەزمىدى.

— ھېچبولمىسا، ھازىر ئاشۇ بايۋەچچىنىڭ ھويلىسىنى كۆرۈپ، كىرىدىغان جايىمىزنى بېكىتىۋالايلى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

— بولمايدۇ، خۇمپەر! — ئېتىراز بىلدۈردى بەدەل كاللا، — بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، ئەتە شەرمەندە بولىمىز. ھەممىسى

قاراڭغۇدا بولغىنى ياخشى. بىلەمسەن، كەچقۇرۇننى نېمىشقا پەيدا قىلىپ قويغان؟

— نېمىشقا؟

— بارچە قىڭغىرلىقلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن!

— كۈندۈزنى نېمىگە چىقىرىپ قويغان ئەمىسە؟

— كەچقۇرۇندىكى قىڭغىرلىقلارنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن!

— پاھ، سەن مەندىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەنسەنغۇ؟

— ئەخمەق، بۇ كاتتا كاللىنى نېمىگە بېرىپ قويغان؟

— ئىشلىتىش ئۈچۈن.

— ئۇنداقتا ئىشلەتمەمسەن؟ ھە راست، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە ئىدى؟

— مۇسلىم ئەبۇ سۇريان.

— چىرايلىق ئىسمىڭ بار ئىكەن، ئەرەبمۇسەن؟

— ياق، ئوغرىنىڭ مىللىتى نېمە قىلىسۇن؟ — دېدى نەسىردىن ئەپەندى...

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ گېپى ئېغىزىدا قالدى. بازاردا توپىلاڭ باشلىنىپ، مىرشابنىڭ پۈشتىكى ياڭرىدى. بىرىنچى پۈشتەككە يەنە بىر پۈشتەك قوشۇلدى. مىرشابلارنىڭ بىكارغا پۈشتەك چالمايدىغانلىقىنى بەدەل كاللا ياخشى بىلەتتى. ئىككى مىرشاپ ئالامانىڭ شاۋقۇن - سۈرەننى بېسىپ - يانچىپ بۇ ياققا باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. نېمە ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى بىلمىگەنلەر ئالدىراپ - تېنەپ ئۇلارغا يول بوشىتاتتى. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قىزىقىشى ئېشىپ، بىر قەدەم سالغانىدى، بەدەل كاللا ئۇنىڭ يېڭىدىن مەھكەم تۇتتى.

— قاچما! قاچساڭ كىملىكىڭنى سەزدۈرۈپ قويىسەن. ئۇلار باشقا ئوغرىنى تۇتۇشماقچى. بىز تېخى ھېچ ئىش قىلغىنىمىز يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن تىك تۇرا!

بەدەل كاللىنىڭ ئويلىرى خام خىيال ئىدى. چۈنكى، ۋەلى مىرشاب بىلەن دەلى مىرشاب ئۇدۇل بەدەل كاللا بىلەن نەسىردىن

ئەپەندىنىڭ يېنىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. مىرشابلارغا بولسا جۇلدۇر كىيىملىك ئادەم يول كۆرسىتىپ، ئالدىدا يۈگۈرەيتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋەلى مىرشاب جۇلدۇر كىيىملىكتىن «مۇشۇلارمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ «ھەئە» دەپ تەستىقلىدى. بەدەل كاللا ساتقىنىنىڭ كىملىكىنى بىلدى ۋە مىرشابنىڭ قولىدىن يۇلقۇندى.

— خەپ، سېنى مەخپىي بىر ياقلىق قىلمىسام ھېساب ئەمەس!... سەزمەي قالغىنىمنى قارا!...

بەدەل كاللا قولغا چۈشۈش بىلەن قورقۇنچقا پېتىپ، بىر ئاز بۇرۇنقى باتۇرلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇ كىچىك بالىدەك يىغلىنىشقا باشلىدى. يىغلىغانسېرى ئۇنىڭ پۈتلىرى تىترەپ، دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن مىرشابلار ئۇنىڭ يىغلىنىشلىرىغا قۇلاق سېلىشمىدى. كېسەلگە ئوخشاش سىلىنىۋالدى، پايدىسى بولمىدى. ئاخىر بوغۇزىغا پىچاق سۇرۇلگەن قويدەك كۆزلىرى چەكچىيىپ، تەقدىرگە تەن بەردى.

نەسىردىن ئەپەندىگە ھېچكىم بىر نەرسە دېمىدى، ئۇ يەنىلا تىك تۇرۇپتۇ. ھېلىغىچە ئېتىبار بېرىپ قارىمىغان بولسا كېرەك، دەلى مىرشاب ئۇنى تونۇپ:

— ۋاھ! — دەپ سالدى كۆزلىرى چاقناپ، — قاراڭ ۋەلى ئاكا، بۇ كىشى نەسىردىن ئەپەندىغۇ!

ۋەلى مىرشاب دەرھال ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

— بۇ سىزمۇ نەسىردىن ئەپەندى؟ يامانلارغا قېتىلىپ يۈرەمسىز؟ سىزنى خېلى تۈزۈك ئادەم دېسەك، ئوغرىبېشى ئىكەنسىزغۇ! — دېدى.

بەدەل كاللا ھوشىنى يوقاتتى. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بۇخارادا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرمىگەنىدى. ئۆزىچە بۇ ۋەقەنى تىوزاق دەپ ئويلاپ، بولۇشىغا تىللىماقچى بولغانىدى، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ گېپى ئۇنى توختىتىپ قويدى.

— ئەمدى مەسلىھەت قىلىشۋاتقانىدۇق، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى تەپ تارتماي، — ئېشىمىز پىشاي دېگەندە، سىلەر پاشا بولۇپ قوندۇڭلار - دە.

شۇ تاپتا نەسىردىن ئەپەندى راست گەپ قىلىۋاتامدۇ ياكى قۇۋلۇق قىلىشۋاتامدۇ، چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا قارشى هالدا بەدەل كاللىغا شېرىك بولۇۋاتامدۇ ياكى ئۇنى بۇ خاتا يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن هىيلە - نەيرەڭ كۆرسىتىۋاتامدۇ؟ بىزنىڭچە، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاداشقان بىر بەندىنى توغرا يولغا سېلىش، قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدۇرۇش، ئەينەك تۇتۇپ ئۆزىنى ئۆزىگە كۆرسىتىش بولسا كېرەك. بەدەل كاللا بۇنى چۈشىنەرمىكىن؟ پۈتۈن ئۆمرى خاتا يولدا ئۆتكەن بىر كىشى ئۆز قىياپىتىنى ئۇنتۇمىغانمىدۇ؟ ئەسلىي ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرسە، تونۇرمىكىن؟

هازىر بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش بەدەل كاللىنى بىئارام قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوي - خىيالى بۇ تۇتقۇن- لۇقتىن بىر ئامال قىلىپ چىقىپ كېتىش.

— نېمىنىڭ مەسلىھىتىنى قىلىشۋاتقانىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ۋەلى مىرشاب.

— ئاۋال ئاقساقالنىڭ ئېشىكىنى ئوغرىلايمىز، ئاندىن بازار- دىن تاغار بىلەن ئارغامچا سېتىۋالىمىز. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرىقپۇرۇشنىڭ ئىسرىقىنى ئوغرىلىماقچى ئىدۇق، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى.

ۋەلى مىرشاب كۈلۈپ كەتتى:

— قىزىق ئىكەنسىلەرغۇ؟ ئېشەكنىغۇ ئوغرىلىسا ئەرزىيدۇ، لېكىن...

— گەپنىڭ نۇقتىسىنى ئاڭلىماي تۇن پىچماڭ، بۇرادەر. ئالدى بىلەن گەپكە تولۇق قۇلاق سېلىڭ. بىز ئېشەكنى پەقەت ۋاقىتلىقلا ئوغرىلاپ، ئىسرىقنى مەنزىلگە يەتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، يەنە

جايىغا باغلاپ قويماقچى ئىدۇق.

— ئاشۇ ئىشنى ئۆزىڭىزنىڭ ئېشىكىڭىز بىلەن بېجىرسىڭىز بولماسمىدى؟

— بولۇشىغۇ بولىدۇ، ئەمما ئېشىكىم ئىنتايىن ھەقىقەتچى، ھاڭراپ سىلەرنى چاقىرىپ قالسا، شەرمەندە بولارمىزمىكىن، دەپ قورقتۇق.

غەزەپكە تولغان كۆزلىرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان دەلى مىرشاب «ھىم» دەۋەتتى.

— ھىم، ئوغرىلىقنىڭ ئامانىتىمۇ بولامدۇ؟

— ئىش پۈتكىچە ـ دە، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ئۇنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن سەۋەب كۆرسىتىپ، — ئېشەكنى بېشىمىزغا قاقىرا قىلماقچى ئەمەس ئىدۇق. ئۇنىڭ يەم ـ خەشىكى ئۈچۈن يەنە كىمنىدۇر قان قاقشىتىش ياخشىمۇ؟ ئوغرى بول، ئىنسابلىق بول، دەيدىغۇ!

مىرشابلار «بۇ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نەيرىڭى بولسا كېرەك!» دېگەننى ئويلاشتى. ئېھتىيات بىلەن پاراڭلاشمىسا، جۇمەش باققال ـ دەك شەرمەندە بولۇشى مۇمكىن.

— ئىسرىقنىڭ ئەللىك باغلىمىنى بىر تەڭگىگە ئالمايدىغۇ! — دېدى ۋەلى مىرشاب ئۆزىچە پەملەپ، — شۇمۇ ئوغرىلىق بولامدۇ؟

— خوش، سىزنىڭچە نېمىنى ئوغرىلىشىمىز كېرەك ئىدى؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.

— تايىنلىق ئوغرىلىق قىلغاندىكىن ئەمىرلىكنىڭ خەزىنىـ ـسىنى ئوغرىلىساڭچۇ! — دېدى ۋەلى مىرشاب. بۇ ئۇنىڭ تىلىدىن ئىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

— ھەممە ئىشنىڭ ئالدى بىلەن شۇندىقى بولىدىكەن ـ دە، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى جىلمىيىپ، — سىلەرگە ئوخشاش تەجرىبىلىك بىرەرسى چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسا، بىزمۇ بولار ـ بولماس كىچىك ئوغرىلىقنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىپ ئولتۇرمىغان

بولاتتىۋق. ئەگەر ئەمىرلىكنىڭ خەزىنىسىگە كىرىش يولىنى بىلسەڭلار، بىزنىمۇ شېرىك قىلىڭلار، بىجاندىل خىزمىتىڭلاردا بولىمىز.

بۇ پاراڭلارنى تاماشا قىلىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشى بىلەن تەڭ ۋەلى مىرشابنىڭ يۈزى قىزىسىپ، قاشلىرى پۈررۈلدى. باياتىن بېرى سۆزمەنلىكى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە قاراتـقان مىرشاب غەزىپىنى قانداق بېسىشنى بىلمەي ھاسىرىغاندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. ئاخىر نەسىردىن ئەپەندىگە قاراپ سوپىنىڭ ئەزان ئېيتىۋاتقىنىدەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— يوقىلىڭلار بۇ يەردىن! سىلەردىن قاچان تايىنى بار گەپ چىققاندى؟ — كېيىن ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا ۋەلى مىرشابقا بۇيرۇ-دى، — ئۇنى قويۇۋەت، بۇنىسىنى مىرشابخانىغا ئېلىپ ماڭ! ئاشۇ يەردە ئەدىپىنى يېسۇن!...

ۋەلى مىرشاب نەسىردىن ئەپەندىنى قويۇۋېتىپ، ۋەلى مىرشابقا ياردەمگە ئالدىرىدى. ئىككىسى بىرلىكتە بەدەل كاللىنى سۆرەشكە باشلىدى.

بەدەل كاللا ھەر قانچە يۇلقۇنسىمۇ، مىرشابلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى توق ئىدى. ئۇ مىرشابلارنىڭ قولىغا كۆپ چۈشكەن، ھەر قېتىم ئاسانلا چىقىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇنىڭ پەرپى چەپەندەك يۆلەنچۈك تېغى بار.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## توغرا ھېساب

كېلىدىغان خۇشاللىقنىڭ «ئەنە، مانا» سى كىشىنى تالجىقتۇرۇپ قويىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى كەتكەندىن بۇيان قازىنىڭ تىنچلىقى يوقالدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ، قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەيدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونىمەن دەپ تۇرىدۇ، قازىكالانىلىق ئەمىلىگە ئولتۇرسىلا ئوشۇقى ئالچە چۈشىدۇ، قولى تېخىمۇ ئۇزىراپ نېمىگە ئوزاتسا يېتىدۇ. قۇشبېگىگە يېقىن بولىدۇ، ئەمىرنىڭ نەزىرىگە چۈشىدۇ، بەگلىكلەردىكى قازىلار ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى سۆيۈپ، خىزمىتىگە تەل تۇرىشىدۇ. دوست — دۈشمەنلىرى ئەلەمدىن، ھەسەتتىن يېرىلىپ ئۆلىدۇ. «بۇ ئۆينى ساتىمەن، ئوردىغا يېقىن جايغا يېڭىدىن كاتتا قەسىر سالدۇرىمەن. يەنە بىر ئات ئالىمەن، بىردە ئۇنىڭغا، بىردە بۇنىڭغا مىنىمەن. خوتۇنىمۇ ئىككى قىلسام بولارمۇ ياكى كېنىزەك ئالساممىكىن؟ كېنىزەك ياخشى، خوتۇن دېگەندىن ئاسانلا كۆڭۈل سوۋۇيدۇ، غوۋغاسى كۆپ. ئەتە قول بازىرىغا بارىمەن. بازاردا ھاۋادەك كۆپكۆك كۆزلۈك، قوڭۇر چاچ، ئىنچىكە بەل، ئاقبىلەك پەرەڭ قىزلىرى بار، كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگىنىدىن بىرىنى سېتىۋالىمەن. نامى كېنىزەك، ئۆزى توقال بولىدۇ. بەردىنىياز قول سودىگىرىگە ئېيتسام، ئەڭ ياخشىلىرىدىن تېپىپ بېرىدۇ. ئەيش — ئىشرەت قىلىمىز، ئەيش. ئاھ، نىيەتلىرىمگە ئۆزۈڭ يەتكۈزگىن، ئەي خۇدا!»

قازىنىڭ ئارزۇلىرى قارىنىدىنمۇ كاتتا ئىدىكى، يولدا بېرىۋاتقىنىدا بۇ ئارزۇلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئاتنىڭ بېلى ئېگىلىپ كەتكەن-

ـدەك بولدى. ئۇ ئاتنىڭ ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ: «ئاز قالدى، چىدا، — دېدى ئىلھام بەرگەندەك، — ساڭا شېرىك ئېلىپ بېرىمەن، ئېغىلدا جىن ـ شەيتانلار بىلەن ئەمەس، شېرىكىڭ بىلەن گەپلىشىپ، زېرىكمەي ياتىسەن ئەمدى! — كېيىن ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا زامانئەلىگە يۆتكەلدى، — ئۇ يالاڭ تۆشىنىڭ ئامانىتىنى قايتۇرۇش كېرەك. قايتۇرمىسام، نەسىردىن ئەپەندىنى ئازدۇرۇپ، ئىشىنى بۇزۇپ يۈرمىسۇن. ئەتە چاقىرتىمەن ـ دە، ئاله دەپ، قولىغا تۇتقۇ ـ زىمەن. گەپ كوچىلىسا، بىر نېمە بىلەن ئاغزىغا ئۇرىمەن. ياق ـ ياق، چاقىرىپ بەرمەيمەن، ياخشىسى، ئۆزى سورىسا بېرىمەن. ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بەرسەم، گەپنى كۆپەيتمدۇ»

يۇقىرىدىن قارىغان كىشىگە تۆۋەندىكى نەرسىلەر ئىنتايىن كىچىك كۆرىنىدۇ. دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، قازىنىڭ كۆزىگە چوڭ دەرۋازە كىچىككىنە كۆرۈندى. گويا چوڭ ئارزۇلىرى بۇ دەرۋازىدىن سىغمايدىغاندەك. «توغرا ئويلىغان ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ دەرۋازىسىغا قاراپ، — بۇنداق ئەبجەق دەرۋازىلىق ھويلىدا تۇرۇش قازىكالاندەك كىشىگە ئەيىب. چوقۇم ئوردىغا يېقىن مەھەل ـ لىگە چوڭ قەسىر سالدۇرىمەن!» ئۇ مىس بىلەن زىننەتلەنگەن، ھەر خىل ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن دەرۋازىنى تاقىلداتقاندا، ئىرانلىق ئاغۋات خىزمەتكارى يۈگۈرۈپ كېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى، ئۇزەڭگىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قازىنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ياردەم ـ لەشتى. ئاندىن ئاتنى ئېغىل تەرەپكە يېتىلەپ كەتتى. قازى دالاندىن ئۆتۈپ، ئىچكىرى ھويلىغا كىردى، شۇ ھامان خوتۇنى ئالدىغا چىقىپ:

— ياخشى كەلدىڭىزمۇ، تۆرەم؟ — دېدى تەزىم بىلەن. قازىنىڭ كۆزىگە بۈگۈن خوتۇنى باشقىچىراق، يەنى خېلى قېرىراق كۆرۈندى.

— كۆپ گەپ قىلما! — دېدى قازى بىپەرۋالىق بىلەن. ئاندىن يەنە كۆڭلىدىن: «يەنىلا كېنىزەك ئالغان ياخشى ئىكەن. كېنىزەك باشقىچە ـ دە...» دېگەن خىيال كەچتى.

قازى كىچىسىمۇ ئۇخلىيالمىدى، تولغىنىپ چىقتى. يەنە خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى: «بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە بۇخارادا ئىككى چوڭ ۋەقە سادىر بولىدىغانلىقى ئېنىق. بىرىنچىسى، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمى، ئىككىنچىسى، كەمىنىنىڭ قازىكالانلىق ئەمىلىگە ئولتۇرۇشى. ياق ـ ياق بىرىنچىسى، كەمىنىنىڭ قازىكالان ئەمىلىگە ئولتۇرۇشۇم، ئىككىنچىسى، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمى. ھەئە، دەل شۇنداق! بۇ گەپلەرنى شېرىبەك سىنچى بىلەن تۇردى مەخسۇم ئاڭلىسا، قانداق ئويلاركىن ـ ھە؟ بېشى ئاسمانغا يېتەرمۇ ياكى ئېغىزلىرى يەر سۈرەپ قالارمۇ؟ يەنە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدا ماڭا شۇنداق ھىممەت كۆرسىتىپ كەتكەنلىكىنى بىلسە، قەيەرلىرى بىلەن كۈلۈشەركىن؟ نەسىردىن ئەپەندىگە شەپقەت قىلسام بولارمۇ ـ يا؟ شەپقەت قىلسام، ھەممە ئىش بەرباب بولىدۇ. ياخشىسى، بۇ ئىشنى تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇرغان تۈزۈك. پەرپىگە ئېيتارمىز: ئالدىرىما، ئۆلگىدەك كالتەكلە، جىگىرىنى زەخىملەندۈر، قىرىق كۈن ئۆتۈپ، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلىدۇ. شۇنداق قىلۇرمىز. نەسىردىن تىرىك ئىكەن، قازىكالان بولغاندىن كېيىنمۇ ئاق تۆگىسىنى ئەسلىتىپ، تېخىمۇ ئارامىمدا قويمايدىغانلىقى ئېنىق...»

قازى تاڭغىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ چىقتى. سەھەردە خوتۇنى:

— تۆرەم، كېچىسى تولا ئۇھسىنىپ، ئۆرۈلۈپ چىقتىڭىز، بىرەرسىنىڭ كۆزى تەگكەن ئوخشايدۇ. بۈگۈن ئەزىمخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دۇئا سۈيى قىلدۇرۇپ كېلەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەزىمخانىڭنى قوي، خوتۇن، — دېدى قازى خۇشال كۈلۈمسىرەپ، — ساڭا شۇ تاپتا «قازىكالاننىڭ خوتۇنى بولىدىغان بولدۇڭ» دېسەم، نېمە قىلىسەن؟

— سىز مېنى قازىكالانغا بەرمەكچىمۇ؟ — دېدى خوتۇن ھەيرانلىق بىلەن، — ئۇنىڭدىن كۆرە تىرىك پېتى گۆرگە كۆمۇ-

ۋىتىلىڭ! بۇ نېمە شەرمەندىلىك!

قازى پىخىلداپ كۈلدى.

— قازىكالانغا خوتۇن بولۇش شەرمەندىلىكمۇ؟

— شەرمەندىلىك بولماي نېمە؟ مەن قازىكالانىڭ خوتۇنى بولسام، سىز نېمە قىلىسىز؟

— مەن قازىكالان بولىمەن، ئەخمەق! — قازى شۇنداق دېدى - يۇ، بىردىنلا لېۋىنى چىشلىدى. «ئاپلا، نەسىردىن ئەپەندى بۇ گەپنى ھېچكىمگە ئېيتما دېگەن ئىدىغۇ!» دېگەننى ئويلىغان قازى قوشۇپ قويدى، — بىراۋلارغا ئېيتىپ يۈرمە يەنە!

خوتۇن خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى.

— ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، لېكىن مەندىن ئاڭلىغانلار ئېيتىسچۇ؟

— باشقىلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ئۆزۈم ياپىمەن!...

قازى كەتكەندىن كېيىن، خوتۇن ئىسكەندەرنىڭ مۆڭگۈزىنى كۆرۈپ، قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن ساتىراشتەك ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي، قوشنىسىنىڭكىگە چىقىپ كەتتى...

نامازخان تۆرەنىڭ قازىخانىغا كېلىپ قىلغان تۇنجى ئىشى شۇ بولدىكى، بۇرادەرلىرى شېرىبەك سىنچى بىلەن تۇردى مەخسۇمنى چاقىرتىپ كەلدى.

— دۈشمەننىڭ گېپىگە ئىشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى تۇردى مەخسۇم ئەپسۇسلۇق بىلەن. ئۇ قازىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەنىدى، — بۇ يەنە بىر نەيرەڭ ئەمەسمىدۇ؟ ئۇ قۇشبېگىگە مەسلىھەت بەرگىدەك كىم ئىدى؟ ئۇنداقلار ئوردىغا يېقىنلاشسا، ئۇرۇپ پاچىقىنى سۇندۇرىدۇ!

مۇكچىيىپ ئولتۇرغان شېرىبەك سىنچى قەددىنى رۇسلىدى. ئۇ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئەرك دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقىنىنى كۆرگەن، بۇنىڭ يالغىنى يوق، ئەمما قازىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەن-

مەي تۇردۇ. ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپ! سىنچى نېمە دېيىشىنى بىلمەي، قازىنىڭ خۇشال چېھرىگە بىر ھازا قاراپ تۇردى ــ دە، كېيىن ئىككىلەنگەندەك يەلكىسىنى قىستى:

ــــ مەخسۇم، مۇلاھىزىلىرىڭىزگە قوشۇلساممۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ خوتۇنتالاقنىڭ ئوردىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن، بۇ ھەقتە نامازغا ئېيتقانىدىم. سىزگىمۇ ئېيتتىم، ئېھتىمال؟

ــــ ماڭا دېمىدىڭىز، ــــ دېدى مەخسۇم ئاۋازىنى يەنە بىر ھەسسە كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتاتتى، ــــ سىز بىلەن ئاخشام كۆرۈشمىگەن بولساق كېرەك. چۈنكى، مەن سودىگەرنىڭ ئۆيىدە ئىدىم، كۈچۈكى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، ئاشۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇدۇم.

ــــ مەخسۇم، ھوشىڭىز جايىدىمۇ سىزنىڭ؟ كۈچۈككىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلامدۇ؟ ــــ دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن سىنچى.

ــــ ئاقچە بەرسە، ئېشەككىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىۋېرىدۇ!

ــــ ئاقچە تېپىپ، ئەقىل تاپمىغان قايسى سودىگەرنى دەۋا-تىسىز زادى؟

ــــ سەئىدئەلى سودىگەرنىڭ!

ــــ ھە... ئۆيىگە ئوغرى كىرگەن ھېلىقى سەئىدئەلى سودىگەرمۇ؟ كۈچۈكى بار ئىكەن، ئوغرى قانداق كىرگەن بولغىيتتى ئۇنىڭ ئۆيىگە؟

ــــ كۈچۈك ئەمەس، قوي. كۈچۈك بولسا، ئوغرىنى يېقىن يولاتارمىدى؟ لېكىن، ئوغرىلىغان ماللىرىنى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ كېتىشىپتۇ...

ــــ قويۇڭلار شۇنى! ــــ دېدى قازى دوستلىرىنى سىلكىگەندەك، ــــ بولىدىغان گەپنى دېيىشەيلىچۇ. شۇنداق قىلىپ، مەخسۇم، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەسلىك كېرەك-

مۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ئەللىك تىللا سۆيۈنچىمۇ بەردىم.
مەخسۇمنىڭ گۇمانى يەنىلا بۇلۇتتەك ئەگىپ يۈرەتتى.
— بۇنى زادى قوبۇل قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى ئۇ جاھىللىق بىلەن، — بوپتۇ، ئۇ سىزگە ياخشىلىق قىلىدىمۇ دەيلى. لېكىن ھېلىقى گېپىڭىز نېمىگە ھېساب؟
— قايسى گېپىم؟ — دەپ سورىدى قازى.
— ئۆزىڭىز ئېيتتىڭىزغۇ، مەجلىستە نەسىردىن ئەپەندىنى يالغانچىغا چىقىرىپسىز، ئەمدى يەنە ئۇ مۇتتەھەمنىڭ يالغانلىرىغا ئىشىنىپ ئولتۇرىسىز. ئۇ ياقتا پەرپىنىمۇ قوزغاپ قويدىڭىز. ئەمدى بۇ يېقى قانداق بولىدۇ؟
— بۇ يېقى ياخشى بولىدۇ، كۆڭلىڭىزنى كەڭ قىلىڭ، تۇردىباي، — دېدى قازى بىپەرۋالىق بىلەن، — بەزىدە دۈشمەنمۇ ئۆزى بىلمەي دوستىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، خۇددى چايانغا تاشپاقا خىزمەت قىلغاندەك. ئۇ بىزگە قانچىلىك ياخشىلىق قىلسۇن، مەجلىسنىڭ ھۆكمى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەگەر پەرپىنىڭ نەسىردىن ئەپەندىنى بىر ياقلىق قىلغىنىنى بىراۋ بىلىپ قالسا، قازىكالاننىڭ ئۆزى پەتىۋا بەرگەن دەيمىز. بۇ بىزگە مۇناسىپ كېلىدۇ. قازىكالاننىڭ پەتىۋا بەرگىنىنى ئاڭلىغان قۇشبېگى: «قازىكالان ئۆز ئورنىغا نامازخانتۆرىنى كۆرسەتكىنى ئۈچۈن نەسىردىن ئەپەندىنى ئۆلتۈرگەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشى ئېنىق. ئەگەر قازىكالان مېنى چېقىپ: «ئۇنى نامازخان تۆرە ئۆلتۈرگەن» دېسە، قۇشبېگى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە «ئۆزىگە يان باسقان ئادەمنى نامازخانتۆرە نېمىشقا ئۆلتۈرىدۇ، ئەكسىچە، قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ. سەن تۆھمەت قىلىۋاتىسەن» دەپ تېخىمۇ بېسىمغا ئالىدۇ ۋە مىرغەزەبنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. كۆرىسىلەركى، بۇ ئويۇندا بىز ئۇتۇپ چىقىمىز.
— ناۋادا ئاشۇ مەجلىستە سىزنىڭمۇ بارلىقىڭىزنى، نەسىردىن ئەپەندىنى يوقىتىش تەكلىپىنى ئالدى بىلەن سىزنىڭ بەرگەنلىكىڭىزنى قۇشبېگىگە ئېيتىشسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ —

دېدى ئېتىراز بىلدۈرۈپ مەخسۇم.

— سىز شۇنداق دەپ ئويلايسىز، — دېدى قازى، — باشقىلار بولسا باشقىچە ئويلايدۇ. چۈنكى، بەختكە قارشى بۇ تەكلىپ كەمىدىن ئەمەس، ئابدۇرەھمان ئەئلەمدىن چىقتى. بۇ تەرەپتىنمۇ بىز ئاپئاق.

شېرىبەك سىنچى ئەسكەرتتى:

— بۇ قالتىس ئويۇندا يېڭىلىپ قالمىغايسىز قازى! نەسىردىن ئەپەندى ئىنتايىن ھەييار.

— ئەنسىرىشىڭىز ئورۇنسىز، دوستۇم، — دېدى قازى تەكەببۇرانە جىلمىيىپ، — نەسىردىن ئەپەندى ھەييار ئىكەن، بىز ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ھەييارمىز! ئۇ بېلىق بولسا، بىز لەھەڭمىز! ئۇ ئات بولسا، بىز تۆگىمىز! ئۇ تۈلكە بولسا، بىز بۆرىمىز! ئامىتى كەلگەن كۈيۈ ئوغۇلنىڭ ئالدىدىن يەڭگىسى چىقىپتۇ، دېگەندەك.

— جۇۋالدۇرۇزنى تاغارغا يوشۇرغىلى بولمايدۇ بۇرادەر، بەرىبىر تېشىپ چىقىدۇ. بۇنىمۇ ئۇنتۇماڭ، — دېدى گۇمانىدىن كەچمەيۋاتقان مەخسۇم، — ھازىرغۇ ھەممە گەپ سىزنىڭ، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئىشنىڭ مىزى چىقىپ قالسا، بىزلەرنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمىغايسىز...

— خوپ، ئارىلاشتۇرمايمەن، — دېدى قازى ئاچچىقلىنىپ، — ئەمما ئەتە - ئۆگۈن قازىكالان بولۇپ قالسام، ئالدىمغا كېلىشىڭلارنىمۇ ئويلاڭلار! ئاغىنىدارچىلىق قانداق كۈندە كېرەك؟ — كېيىن بىرئاز پېتىدىن چۈشتى قازى، — بوپتۇ، ئىشنىڭ يۈزلىنىشىگە قارارمىز. سۇنى كۆرمەي ئىشتان سالمايلى...

زامانئەلى ئۆز ئورنىدا ئىدى. قازى ئۇلپەتلىرىنى ئىشىككىچە ئۇزۇتۇپ، قايتىۋېتىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر - ئىككى قەدەم ئۆتۈپ كەتتى - يۇ، ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك، ماڭغان يېرىدە توختاپ، زامانئەلىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى:

— زامانئەلى، ئاخشام مەندىن بىر نېمە سورىغاندەك قىلدىڭمۇ

نېمە؟ — قازى زامانئەلى بىر نەرسىنى سوراپ ئۆتتۈپ قالغاندەك، شۇ نەرسە ئەمدى ئېسىگە كەلگەندەك مەندە سورىدى.

— هەئە، — دېدى زامانئەلى خىجالەت بولۇپ، — سىزگە بېرىپ قويغان ئامانىتىمنى سورىغانىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ ئامانەت نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟

— تويغا، ئاخشام سىزگە ئېيتقان ئىدىمغۇ، — دېدى زامانئەلى قازىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ.

— توي؟ — دېدى قازى، — ھە، راست، ئاخشام ئېيتقاندەك قىلىۋېدىڭ. قانداق توي؟

— ئۆيلەنمەكچىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — قازى ئەجەبلەندەك بولدى، — ئىنتايىن ياخشى، ئىنتايىن ياخشى! ياخشى ئويلاپسەن. مەن ساڭا ئېيتسام، بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە. ئەمدى يېشىڭمۇ بىر يەرگە باردى - دە... نەچچە ئىدى؟

— يىگىرمە بەش... — دېدى زامانئەلى.

— مانا، يېشىڭمۇ يىگىرمە بەشكە بېرىپتۇ، ئەقلىڭنى جەملەپ، ئالدىڭغا قارايدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. ئەقلىڭنى ئەمدى ئائىلىگە سەرپلە. ئۆيۈم دېگىن، ئائىلەم دېگىن. يىگىرمە بەش ياش... ساڭا مۇستەقىل ئىش بەرسىمۇ بولىدىكەن. مەدرىسەدە ئوقۇغانسەن، ئىككى يىلدىن بېرى قازىخانىنىڭ نېنىنى يەپ، خېلى سىر - ئەسرارلاردىن خەۋەردارمۇ بولۇپ قالدىڭ. قويۇپ بەرسە، قازىلىقنىمۇ ئەپلىيەلەيسەن. ئەقلىڭ پۈتۈن، — قازىنىڭ ئېيتقانلىرى نەسىھەتكە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ بىرەر قېتىم ئېچىلىپ - يېيىلىپ بۇنداق دانا سۆزلەرنى ئېيتىپ باقمىغانىدى. زامانئەلى ئۇنىڭدىن پەقەت دەككە ياكى دەشنام ئاڭلايتتى، خالاس. قازى نەسىھەت قىلىۋېتىپ، كىچىك بىر ساندۇقنى ئېچىپ، ئامانەتنى ئېلىپ زامانئەلىگە بەرگەچ سورىدى، — كېلىن قەيەردىن؟

— قىشلاقتىن، قازى جانابلىرى.

— قىشلاقنىڭ قىزلىرى ئىشچان كېلىدۇ، — بىراۋدىن ئاڭلىغان گەپنى تەكرارلىدى قازى، — سىيىرنىمۇ ساغىدۇ، ئوتۇن-نىمۇ يارىدۇ، يەر چاپىدۇ، مال باقىدۇ... كېلىن ئۆزۈڭنىڭ قىشلاقىدىنمۇ؟

— ياق، قازى جانابلىرى. ۋەردانزىگە ئۆتۈپ - قايتقىنىمدا...

قازى گەپنىڭ داۋامىنى ئۆزى توقۇۋالدى.

— ئۆتۈپ - قايتىپ - دە... كۆڭۈل ئىشى ئىكەن - دە، دۇرۇس، بەختلىك بولۇڭلار! لېكىن، تويغا ئېيتىش ئېسىڭدىن چىقمىسۇن.

— سىزسىز توي بولاتتىمۇ، قازى جانابلىرى.

— شۇنداق بولسۇن، شۇنداق بولسۇن! — دېدى قازى ساندۇقنى ياپقاچ...

※ ※ ※

زامانئەلى كۈندىلىك ئىشلىرىنى بېجىرىۋەتكەندىن كېيىن، بازارغا باردى، زۇلپىزەرگە سوۋغات ئېلىپ، ئۇنى تۇگۈنلەپ، شاھىچىنىڭ چايخانىسىغا باردى. نەسىردىن ئەپەندى شۇ يەردە ئىكەن، كەيپىياتى چاغ، كىملەر بىلەندۇر سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇ-ۋاتقانىكەن. زامانئەلى شاھىچى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى - دە، خىجىللىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— غوجام، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى... — زامانئە-لىنىڭ يۈزى ئوتتەك قىزىپ، گېپىنىڭ داۋامىنى دېيەلمىدى. زامانئەلىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان سەپەر شاھىچى ئۇنىڭ تىل ئۇچىدا تۇرغان گېپىنى ئاشكارا قىلدى:

— ئەتە ئەلچىلىككە بارىسىز، نەسىردىن ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — بىر ساۋاب ئىش ئىكەنلىكچۇ!

— كىم ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى نەسىردىن ئەپەندى.

— زامانئەلى ئۈچۈن - دە.

نەسىردىن ئەپەندى زامانئەلىنىڭ يەلكىسىگە قاقتى:
— سادىغالىڭ كېتەي زامانئەلى! شۇنداق كۈنگە يەتكۈزگىنىگە شۈكۈر! خوش، قەيەرگە باراي؟
— كوزىچى قىشلىقىغا، — دېدى زامانئەلى بېشىنى ئېگىپ.
— كوزىچىغا؟ ناھايىتى ياخشى! كىمنىڭ ئۆيىگە؟
— ئۆزىڭىز بىلىدىغان مۇستاپا دېھقانىنىڭكىگە.
— يا ئاللا! سىزنى كوزىچىغا ئەجەب كۆپ قاتنايدىغان بولۇپ قالدى دېسەم، ئەسلىي گەپ باشقا ئىكەن - دە! ئىشنى ئاستىرتتىن پىشۇرۇپ يۈرۈپسىز ئەمەسمۇ، شەيتان! ياخشى، ياخشى، بەختىڭىز كەلسۇن! مۇستاپا دېھقانىنىڭكىگە بولسا، تاڭ سەھەردىلا قوشتەك ئۇچىمىز!...

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## تۇندىكى شەپىلەر

ئالدى پېشايۋانلىق چايخانىنىڭ بىر تەرىپى سۇپىلىق هويلا بولۇپ، هويلىغا ئۆتىدىغان چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپى گۈلزارلىق ئىدى. چىغىر يولنىڭ سول تەرىپىگە رەيھان ۋە هىدى دىماقنى غىدىقلايدىغان ئاللىقانداق گۈللەر ئۆستۈرۈلگەن، ئاشۇ تەرەپكە قويۇلغان كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالسىڭىز، كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرىپىگە تىكىلگەن ئاق لەيلى، كۆك لەيلىلەر ئادەم بويى ئۆسكەن هەم پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ يەرگە يەنە ياۋايى زەنجىۋىلمۇ تىكىلگەن، زەنجىۋىلنىڭ ئۇرۇقىنى سەپەر شاھىچى قوقاندىكى قېرىنداشلىرىدىن ئەكەلدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ئوتقا ئوخشىسىمۇ، ئەمما يىلتىزى ناهايىتى پايدىلىق: يىلتىزىنىڭ دەملىمىسى ئىچىلسە، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سامساق ۋە پىيازنىڭ هىدىغا ئوخشاش بەدبۇيلارنى يوق قىلىدۇ. بۇنى بىلگەن بوزىخورلار شاھىچىدىن شۇنداق دەملىمە قىلىپ بېرىشنى سورىشىدۇ. سەپەر شاھىچى يەنە رەيھاننىڭ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان بەرگىلىرىنى ئالما قېقىغا ئارىلاشتۇرۇپمۇ شەربەت تەييارلايدۇ، ئۇنى ئىچسىڭىز، چارچاشلىرىڭىز يوقىلىپ، تېنىڭىزگە قۇۋۋەت كىرىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ ۋە يەنە بەدەندىكى باشقا خىلىتلارنى هەيدەيدۇ. بۇ هەقتە سورىسىڭىز، سەپەر شاھىچى گەپنى سوزماي: «ئىبن سىنا بوۋام ئېيتىپ كەتكەن» دەپلا قويىدۇ، خالاس. هويلىدىن سەل يىراقلىقتىكى كىگىز ئورنىدەك ئېتىزغا ئاشلىق زىرائەتلەر تېرىلغانىدى، هازىر

ئاشۇ يەرگە كۆچۈرۈلگەن سامساق ـ پىيازلار قۇلاق چىقاردى. بۇ يەردىكى گۈللەرنى، زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىش سەپەر شاھىچى ئۈچۈن ئادەملەرگە خىزمەت قىلىشتىنمۇ كۆڭۈللۈك.

زامانئەلى نەسىردىن ئەپەندىنى ئەزان مەھەلدە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئارقىسىغا قايتقاندى. سەپەر شاھىچى بامداد نامىزىنى ئوقۇپ، جايىنامازدىن تۇرغاندا، زامانئەلى ئۇنى چايخانا ھويلىسىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بىرلىكتە ناشتا قىلىشتى ـ دە، زامانئەلى كېتەر چېغىدا، شاھىچىدىن بۈگۈن بازارغا بېرىپ، پۈتۈن بىر ئۆچكە گۆشى ئەكىلىپ قويۇشنى جېكىلىۋىدى، سەپەر شاھىچى:

ــ ئۆچكە گۆشىنى قانداق قىلىسىز؟ ئۇ ئىسسىقلىققۇ! ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، بەدەننى بىر قىزدۇرايلى، ــ دېدى زامانئەلى ۋە باشقا ھېچ نەرسە دېمەي خوشلىشىپ كەتتى. سەپەر شاھىچىمۇ گەپنى كولاپ ئولتۇرمىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە شاھىچىمۇ ئاسانلا چارچايدىغان بولۇپ قالغا ـ نىدى. زەخمىلەنگەن ئايىغىمۇ سالقىن چۈشۈپ بولغۇچە چىم ـ چىم ئاغرىشنى باشلايدۇ. بولۇپمۇ كېچىلىرى ئاغرىق كۈچىيىپ، بېشىغىچە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ھويلىدىكى كارىۋاتقا يېرىم چازا قۇرۇپ، ئاغرىغان پۇتىنى سىلاپ ئولتۇردى. چايخانىغا ساتىم چىلانگىرنىڭ ئوغلى، خىزمەتچى مىرزارەھىم چىقىپ كېلىۋېدى، ئۇنىڭدىن ئاتىسىنى سورىدى. بالا ئاتىسىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ــ ئاتاڭنىڭ بارىدىغان يېرى بولمىسا، بىردەمدىن كېيىن ئېشىكىڭنى ئېلىپ چىققىن، ــ دېدى شاھىچى، ــ ھازىر ئوچاققا ئوت يېقىپ، چۆگۈنلەرنى ئېسىپ قوي، ئاندىن ئىچكىرىدىكى كۆرپىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كارىۋاتلارغا سال. مەن ھېلى بازارغا بېرىپ كېلىمەن. چايخانىغا ئۆزۈڭ قاراپ تۇرىسەن.

مىرزارەھىم چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇستىسىنىڭ ئىپتىقانلىرىنى بىجىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشەكنى توقۇملاپ چىقتى...

ئىشەكنى كارۋانسارايغا باغلاپ قويۇپ، بازارغا كىرگەن سەپەر شاھىچىنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالما ئاتسالڭ يەرگە چۈشمەيدۇ. ۋارقىراش - جارقىراش، شاۋقۇن - سۈرەنلەر جاھاننى بىر ئالغان. سىنچىلاپ قارىسىڭىز، قولى - قولىغا تەگمەيۋاتقان ھۈنەرۋەن - دېھقانلارنىڭ بازىرى چىقىپ كەتكەندەك. ئالدى - ساتتىنىڭ دولقۇنى قوزغىلىپ كەتكەن. تۆۋەندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزان خۇددى بۇلۇتتەك بازار ئۇستىدە ئۇزۇپ يۈرىدۇ.

سەپەر شاھىچىنىڭ بازار ئايلانغۇسى، نەرخ - ناۋانى بىلگۈسى كەلدى.

— شايىنىڭ نەرخى قانچە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ پارچىلانغان نان بىلەن ئۈزۈم يەپ ئولتۇرغان ئىككى بۆزچىگە سالام بېرىپ، — شايىنىڭ بازىرى ئىتتىكمۇ؟

— بازىرى تېز، تاغا، — دېدى سېمىزراقى چايناپ تۇرغان لوقمىسىنى «غورت» ئىدە يۇتقاندىن كېيىن لېۋىنى يىڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — بۈگۈن كارۋانسارايغا چەتتىن بىر كارۋان چۈشۈپتۇ. نېسىپ قىلسا، ئانچە - مۇنچە مال ئۆتكۈزۈۋالارمىز. ھازىرچە سەككىز توپ شايىنى ئون تۆت تەڭگە دەپ تۇرۇپتىمىز.

— نېمانچە قىممەت؟

— ئۇنداق دېمەڭ، تاغا! شايى دېگەننىڭ مېھنىتى ئېغىر. پىلە تارتىپ، چاق ئايلاندۇرۇپ يىپەك ئىگىرىسىز، ئاندىن ئۇنى بوياپسىز، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، شايى قىلىپ توقۇيسىز. بۇلار دوزاخنىڭ ئازابىغۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سەپەر شاھىچىغا تونۇش ئىدى، شۇڭا مېلىنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان بۆزچىلەرنىڭ گېپىگە

كۆلدى.

— بۇ ماللىرىڭلارنىڭ نەرقى ئون تەڭگە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقى زىيادە، — دېدى سەپەر شاھچى، — ئادەمگە ئىنساپمۇ كېرەكتە.

— ھەي تاغا، مالنى يەرگە ئۇرمىسىڭىزچۇ، — دېدى ئاۋاق بۆزچى ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇگۈنچە نەرقى شۇ، ئەتە يەنە قاراپ باقارمىز. ئەگەر ئالسىڭىز ئون ئۈچ تەڭگىدىن بېرەي، ئالمىسىڭىز بىزنى ئاۋارە قىلماڭ. سىز قىممەت دەۋاتىسىز! مۇشۇ يەردە قاراپ ئولتۇرۇڭ، ھېلى خېرىدارى كېلىپ، ئىندىمەي ئېلىپ كېتىدۇ. سىرتقا ئېلىپ چىقىپ يىگىرمە تەڭگىدىن پۇل قىلىدۇ. ئەنە شۇلارنى نائىنساپ دېسىڭىز بولىدۇ.

— خاپا بولماڭ يىگىت، — دېدى سەپەر شاھچى جىلمىيىپ، — مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئۆزۈممۇ بىر چاغلاردا شايە-نىڭ نېنىنى يېگەنمەن.

— مانا، مانا... ئۆزىڭىز بىلىدىكەنسىزغۇ، يەنە چاقچاق قىلىد-سىز. مەن ئاغرىقچان ئىدىم، پۈركىنىپ يېتىۋاتاتتىم، مانا بۇ ئۆكۈز، — سېمىزنى كۆرسەتتى ئۇ، — يۈرۈڭ، بىرگە چىقىمىز دەپ مەجبۇرىي بۇ يەرگە ئېلىپ چىقتى...

دەل شۇ چاغدا بازاردا ۋارقىراش - جارقىراش باشلىنىپ، بۆزچىنىڭ گېپى چالا قالدى. سەل نېرىدا ئىككى كىشى بىر - بىرىنىڭ ياقىسىغا چاڭ سېلىپ، تارتىشاتتى. ھېچكىم ئۇلارنى ئايرىپ قويۇشقا پېتىنالمايتتى: «سەن ماڭا، مەن ساڭا تەگمە» دېگەندەك ھەممە تاماشىبىن ئىدى.

جاڭجال ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، ئاخىر، بىرى ئىككىنچىسىنى تېگىگە بېسىۋالغاندا، قەيەردىندۇ ۋەلى مىرشاب بىلەن دەلى مىرشاب كېلىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئىككى تەرەپكە ئايرىدى. ئىككىسىدىن بىرى قاتتىق ئازار يېگەن بولسا كېرەك، قارشى تەرەپنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇ كەڭ غوللۇق، دېھقان سۈپەت ئادەم بولۇپ، گېپىدىن قارىغاندا، بىر چاغلاردا يىپىند-

ـدىكى مانـا بۇ بۇرادىرىـگە، يەنى ئـادەمگە قارىـغاندا، كۆزلـىرىنـىـڭ قارىسى بىر يەرگە يىغىلىۋالىدىغان كىشىگە قەرز بېرىپ، ئالالماي يۈرگەن، بۈگۈن ئۇنى بازاردا كۆرۈپ، قەرزىنى تەلەپ قىلغان.

ئۇلارنىڭ قايىسىنىڭ توغرا، قايىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بېشى قاتقان مىرشابلار قازىغا ئادەم ئەۋەتتى. قازى كەلگۈچە يەنە خېلى گەپلەر بولۇپ ئۆتتى. سەپەر شاھچى ئەمدى كېتىمەن دەپ تۇرغاندا، قازىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىنىڭ زامانئەلىنى باشلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ توختىدى.

كۆزى بىر تەرەپكە كېتىپ قالىدىغان — چېقىر كۆز زامانئە-لىگە دادلىنىپ، نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ھاياتىدا ھېچكىمدىن قەرز ئالمىغانلىقىنى، دەۋاگەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى ۋە يەنە قانداقتۇر قوي - ئۆچكىلەر، كالا - مۈزايلار ھەققىدا ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، دېھقان سۈپەت كىشى تۆھمەتچى ئىدى.

ئۇ دادلاۋاتقان دەۋاگەر بىر - ئىككى قېتىم گېلىنى قىردى، لېكىن لام - جىم دېمەي، ئۆزىدىن سوئال سورىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋەردى. زامانئەلى سىڭار كۆزنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن تۈزۈك بىرنەرسىنى ھېس قىلالماي، دېھقان سۈپەت كىشىدىن سورىدى:

— سىز بۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، دوستۇم بولىدۇ، ئىسمى شادىمان، — دېدى دەۋاگەر ۋە تۇيۇقسىز كۆزى ياشلاندى. ئۇ كۆز يېشىنى يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، قوۋزىنى ھاۋاغا تولدۇرۇپ، كېيىن لېۋىنى سوزۇپ پۈۋلىدى - دە، بوشاشقاندەك بېشىنى ئەگدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن دوستىنىڭ خىيانىتىدىن قاتتىق ئەزىيەت چېكىۋات-قانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— دوستىڭىزغا قەرز بەرگەنمىدىڭىز؟ بەرگەن بولسىڭىز، قاچان ۋە قەيەردە بەرگەن؟

دەۋاگەر بۇ قېتىم ئىككى قوۋزىنى يەنە بىر تولدۇرۇپ ھاۋا

سۈمۈرۈپ، ئاندىن كۆچەپ پۈۋلىدى.
— بالىلىرىم كۆپ ئادەممەن، كاسىپچىلىق قىلىمەن. بۇ تام قوشنام، ئۇنىڭ ئۇستىگە دوستۇم، بالىلىقىمىزدىن تارتىپ بىرگە چوڭ بولغانمىز.
— نەق گەپنى ئېيتتىڭ! — دېدى زامانئەلى ئۇنى ئالدىرىتىپ.
— بىر يىل بۇرۇن مال بازىرىغا بارغانىدىم، — دېدى ئۇ يۆتەلىپ قويۇپ، — سۈت بېرىدىغان كالا ئېلىش نىيىتىم بار ئىدى. شۇنداق كالىنى تاپتىم، ئەمما پۇلۇم يەتمىدى. شۇڭا ئامالسىز سۈت بېرىدىغان ئۆچكە سېتىۋالدىم. ئۆچكىنىڭ سۈتى پايدىلىق، بەلغەمنى تېزلا ھەيدەيدۇ... خوپ، قىسقا سۆزلەي... چۆنتىكىمدە يەنە يىگىرمە ئىككى تەڭگە ئېشىپ قالدى. ئۆچكىنى يېتىلەپ قۇرۇپ كەتكەن ئۇجمىنىڭ يېنىغا كەلسەم، بۇ بۇرادىرىم شادىمان مەيۇسلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن «نېمىشقا بۇنچە غەمكىنلىشىپ كەتتىڭ؟ ئاقچاڭنى ئوغرىغا بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىسام، بازارغا سىيىر ئالىمەن دەپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما ئاقچىسى يەتمىگەنلىكىنى ئېيتتى. «قانچىلىك كەملىدى؟» دېسەم، «يىگىرمە تەڭگە» دېدى. شارتتە يىگىرمە تەڭگە چىقىرىپ قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئۇ بازارغا كىرىپ كەتكەندە مەن ئۇجمىنىڭ تېگىدە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا مۇزايلىق بىر كالىنى يېتىلەپ چىقتى. قارىسام، مەن سېتىۋالمىغان سىيىر. قەيەردىن بىلدىڭ دەڭ، مۈڭگۈزىدىن! مۈڭگۈزىنىڭ بىرسى سۇنۇق ئىدى. بوپتۇ، شۇنىڭ رىسقى، دېدىم. يەنە نېمە دەيمەن؟... خوپ، تېز سۆزلەيمەن... شادىمان شۇ چاغدا سىيىر سۈتىدىن قالغاندىن كېيىن، مۇزىيىنى سېتىپ، قەرزىنى ئۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. سىيىرى سۈتتىن قالغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى، ئەمما نە مۇزىيىنى ساتسۇن، نە مېنىڭ قەرزىمنى قايتۇرسۇن؟ خۇدا بەرگەن كۈنى ئىشىكىگە بارىمەن، مېنى كۆرۈپ قاچىدۇ. دەسلەپ خىجىل بوپتۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەسلى بىلمىگەن ئىكەنمەن، بۇنىڭ كەسپى شۇ ئىكەن... بۈگۈن ئۆيگە لازىمەتلىك-

لەرنى ئالاي دەپ بازارغا كەلسەم، بۇ ئاكام تاماشا قىلىپ يۈرۈپتۇ. شارتتە ئالدىغا چىقىپ: «قەرزنى قاچان بېرىسەن؟» دېدىم. مەن شۇنچە ئىنساب قىلدىم، ئۇ كۆزىنى پولتايتىپ: «قانداق قەرز؟» دەيدۇ. ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك ئىدى؟ كاپپىدە ياقىسىدىن ئالدىم شۇ...

— كۆپ گەپ قىلىدىكەنسىز؟ — دېدى زامانئەلى.

— تېخى گەپ كۆپ ئىدى، ھېلىمۇ سىز ئادەمنى ئالدىراتتىڭىز.

— ئۇنى - بۇنى قويۇڭ، يىگىرمە تەڭگىنى بېرىۋاتقىنىڭىزدا گۇۋاھچى بارمىدى؟

— گۇۋاھچى؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئۇ.

— سىلەردىن باشقا يەنە بىرەر ئادەم بارمىدى، دەپ سوراۋاتىمەن؟

— باشقا ئادەمنىڭ نېمە كېرىكى بار بىزگە؟ ئىككىلىمىز دوست ئىدۇق...

— بۇ يەردە ئاغىنىدارچىلىق ئەسقاتمايدۇ. ياخشى ئويلاڭ، گۇۋاھچى بارمىدى؟

— يوق ئىدى، — ئۇ لېۋىنى چىشلەپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مىسكىن ئاۋازدا، — گۇۋاھچى ئاشۇ يەردىكى قۇرۇپ كەتكەن ئۆجمە شۇ، — دېۋىدى، سىڭار كۆز كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۆجمىمۇ گۇۋاھلىقتىن ئۆتەلەمدۇ؟ تىلى يوققۇ ئۇنىڭ... — دېدى.

— باشقا ئىلاجى بولمىغاندا ئۆجمىمۇ گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ! — دېدى زامانئەلى ئۇنىڭ سىڭار كۆزلىرىگە تىك بېقىپ. ئۇ كۆزىنى ئېلىپ قېچىۋېدى، ئەيىبدارلىقى مەلۇم بولدى. زامانئەلى داۋاگەرگە قاراپ، — ئاكا، سىز مانا بۇ مىرشاب بىلەن ئاشۇ ئۆجمىنى كۆرۈپ كېلىسىز، قېنى، ئۇ ئۆز ئورنىدا بارمۇ - يوق؟

ۋەلى مىرشابقا قوشۇلۇپ ماڭغان دەۋاگەر كۆزدىن يىتكەندىن كېيىن، شادىمان سىڭار كۆز:

— بەربىر قورۇق قايتىدۇ، — دېدى مەسخىرىلىك كۈلۈپ.
— نېمىشقا قورۇق قايتىدىكەن؟ — دەپ سورىدى زامانئەلى ئۈنىگدىن.
— ئۇ ئۇجمە ئاللىقاچان ئوتۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن!
— شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىدىڭىز؟
— بۇ تۆھمەتچى ئەدىپىنى يېسۇن، دېدىم!
— دېمەك، دوستىڭىزنىڭ سىزگە قەرز بەرگىنى راست ئىكەن ـ دە؟
— يالغان!
— ئەگەر يالغان بولسا، ئۇجمىنىڭ كېسىلىپ كەتكىنىنى قانداق بىلىسىز؟
سىڭار كۆز بۇ سوراقتىن قاپقانغا چۈشكەن توشقاندەك تىپىرلاپ كەتتى. ئالامىنىڭ كۈلكىسى بولسا ئۇنىڭ سىرىنى پاش قىلدى. سىڭار كۆز بوشاشقان هالدا تىزلاندى.
— مېنى كەچۈرۈڭ! گۇناهىمغا ئىقرارمەن! ئۇ ماڭا يىگىرمە تەڭگە بەرگىنىنى تەن ئالىمەن! بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ، قازى جانابلىرى!
سىڭار كۆزنىڭ «قازى» دەپ يالۋۇرۇشىدىن هاياجانلانغان زامانـ ئەلىنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. نېمە دېگەن يېقىملىق ئىلتىپات. ئۇ تاماشىبىنلارغا ئوغرىلىقچە كۆز قىرىنى تاشلىدى ۋە ئىككى يۈزى قىزىرىپ كەتتى. سەپەر شاهىچى ئىچىدە: «بۇ يىگىت قازىلىق مەنسىپىگە ئېرىشكەي، ئىنشائاللاھ!» دەپ ئويلىدى.
ئادەملەرنى يېرىپ چىققان بىر كىشى ئۇنى تونىغان چېغى، ھەممىنىڭ ئېتىبارىنى سىڭاركۆزگە قاراتتى:
— ئوهو! شادىمانغۇ بۇ! — دېدى ئۇ، — يالغان گەپنى كۆپ قىلغانلىق سەۋەبىدىن سىڭار كۆز بولۇپ قالغان!
— ئادەم يالغان گەپنى كۆپ قىلسا سىڭار كۆز بولۇپ قالامدىـ كەن؟ — دەپ سورىدى كىمدۇر بىرى يۇقىرى ئاۋازدا.
— ئەلۋەتتە، يالغان گەپ قىلىۋاتقاندا بىر كۆز سۆھبەتدىشىغا،

بىر كۆز يۇقىرىغا قارايدۇ - دە.

— نېمىشقا بىر كۆزى يۇقىرىغا قارايدۇ؟

— يۇقىرىغا قارىغان كۆزى بىلەن خۇداغا يالۇۇرىدۇ: «ئەي خۇدا، يالغىنىمغا بۇ ئادەمنى ئىشەندۇر» دەپ.

— ئۇنداقتا، دەۋاگەرنىمۇ تونۇيدىكەنسىز؟ بۇلار دوستلاردىن - مىدى؟

ھېلىقى ئادەم ھېلىقى ئادەمدىن سورىدى:

— بۇ قېتىم كىمدىن قەرز ئالغان ئىدىڭ؟

— تېشەدىن، — دېدى سىگار كۆز خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي.

— تېشەدىن؟ ئۆزىمىزنىڭ كاسىپىمىزدىنمۇ؟ سېنىڭ قەرز ئالمىغان ئادىمىڭ قالمىدىغۇ زادى؟ تۇفى، ئادەم بولماي كەت سەن ئىپلاس!

ۋەلى مىرشاب بىلەن تېشە قايتىپ كەلدى.

— بۇ ئادەم يالغانچى ئىكەن، — دېدى ۋەلى مىرشاب ئۇنىڭ پۇتىنى ئىگەردىن ئاشۇرۇپ چۇشۇشكە تەمشەلگەچ تېشەنى كۆرسىتىپ، — ئۇ يەردە ئۇجمە - پۇجمە يوق ئىكەن! شۇنچە ئاۋارە بولۇپ بېرىپ كەلگىنىم بىكار بولدى.

— سىلەر كېتىشىڭلار بىلەن، ئۇجمە بۇ ياقتىن كەلدى، ھەممە گەپنى ئېيتىپ، ھازىرلا قايتىپ كەتتى، — دېدى زامانئەلى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

ۋەلى مىرشاب:

— ۋاي، بولدى قويۇڭە! — دېدى ئىشەنمەي.

— سىزدىن قەرز ئالغىنى راست ئىكەن، — دېدى زامانئەلى تېشەگە قاراپ، — دوستىڭىز ئەيىبىگە ئىقرار بولدى. ئەمدى ئۆزدىڭىز ئېيتىڭ، خىيانەتكار دوستقا قانداق جازا بېرىش كېرەك؟

— ئامانلىق بېرىڭ، قازى ئاكا، ئامانلىق! — دېدى تېشە دوستىنىڭ ئەھۋالىغا رەھمى كېلىپ، — شەرمەندىلىكنىڭ ئۆزى

ئۆنىڭغا چوڭ جازا بولدى.

زامانئەلى:

— مانا، دوستىڭىز سىزگە ئامانلىق سوراۋاتىدۇ. قەرزنى قايتۇرۇپ بېرەرسىزمۇ ئەمدى؟ — دېۋىدى، سىگار كۆز باش تەۋرىتىپ رازى بولدى. زامانئەلى يۇقىرى ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ئەمدى كېتىڭلار ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارغا قايتا يېقىن يولىماڭلار...

ئادەملەر زامانئەلىنىڭ تەدبىرىگە بارىكاللا ئېيتىپ، نامەرتنى ھاقارەتلەشكەچ تارقىلىپ كەتتى. سەپەر شاھىچىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا سىڭىپ كەتتى.

※ ※ ※

شامغا يېقىن ئۇستا مەنسۇر، ئاندىن پالۋان سوپەت ئىككى يىگىت — زامانئەلىنىڭ دوستلىرىدىن ئەشىم ۋە نەۋرۇزلارمۇ چايخانىغا كىرىپ كېلىشتى. يەڭگىل شامال گاھ ئاستا، گاھ كۈچلۈك چىقىپ، يول بويىدىكى تېرەكلەرنى بوشۇكنى تەۋرەتكەندەك ئەللەيلەيتتى. سۈس تۇمان ئىچىدىكى خىرە ئاي كۈچسىز نۇرى بىلەن ئەتراپنى ئاران يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەمما، بۇ يورۇقلۇقتا كوچىدىكى كۆلەڭگىنى كۆرگىلى بولاتتى.

كەچ بولغاندا شامالمۇ تىنىپ، تۈن ئىختىيارىنى سۈكۈناتقا تاپشۇردى. ئەمدى تىرىقىدە قىلغان تاۋۇشمۇ قۇلاققا ئېنىق ئاڭلىناتتى.

ئەزىز كىتابخان، سىزنىڭ ۋەھىمىگە پاتماسلىقىڭىز ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەممە ئۇيقۇدا بولغانلىقى سەۋەبلىك ۋەھىملىك «تە – تە – تە – رەم» رېتىمىدىكى مۇزىكىنى ئېتىبارىڭىزغا ھاۋالە قىلىشنى لازىم تاپمىدۇق. ئەگەر سىز قاراڭغۇلۇقتىن، تاسادىپىي ۋارقىراش – جارقىراشلاردىن چۆچىسىڭىز، دەل شۇنداق مەزمۇنلار تەسۋىرلەنگەن قۇرلارنى كۆز يۇمۇپ ئوقۇشىڭىز مۇمكىن. ئالدىن ئېيتىپ قوياي.

لى، بۇ سەھنىدە ھېچقانداق قان تۆكۈلمەيدۇ. بىزگە بىمالال ئەگىشىپ كېلىۋېرىڭ. مانا، كوچا تېمىغا سۈركىلىپ دېگۈدەك، ئاللىقانداق كۆلەڭگىلەر چايخانا تەرەپكە كېلىشمەكتە. ئىچكىرىدىكىلەرگە ئېيتايلى، ھوشيارلىقىنى ئاشۇرسۇن، بولمىسا، غەپلەتتە قېلىشى مۇمكىن.

كۆلەڭگىلەرنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلانغاندا، ئىچكىرىدىكىلەر ھوشيارلاشتى. بۇنداق ھالەتتە ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرگە ۋەھىمە ۋە ھاياجان ھۆكۈمران بولىدىغانلىقى ئېنىق. زامانئەلى ئاياغ ئۇچىدا مېڭىپ، ھۇجرا ئىشىكىنى ئازراق ئېچىپ ھويلىنى كۆزىتىپ، سۇپىغا چۈشكەن ئۈچ ئۇزۇن سايىنى كۆردى، سايىلەر يېقىنلاشقانسېرى كىچىكلەپ، ئاخىرىدا ئادەمگە ئايلاندى. ئاي نۇرى ئۇلارنىڭ يۈزىنى خىرە يورۇتتى. كاللىسى چوڭ، لېكىن ئېگىز كۆلەڭگىنى تونۇش قىيىن ئىدى، قاراڭغۇدىمۇ تاكان چىشلىرى بىلىنىپ تۇرغىنىنىڭ پەرپى چەپەنى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئاۋۇ بىرى كىم بولغىيتتى؟ يا ئاللا، ئۇ بۈگۈن زامانئەلى بازاردا سوراق قىلغان شادىمان سىڭار كۆزغۇ!

پەرپى جايىدا توختىدى، شادىمان بىلەن ئېگىز بويلۇق كەلگىنى ئايۋانغا يېقىنلاشتى، ئاندىن ھەر ئىككىلىسى قۇلىقىغا قولىنى كانايچە قىلىپ ئەتراپقا سەپ سالدى، كېيىن چەپەنگە باش لىڭشىتىپ ئىشارە بېرىپ، ئايۋاننىڭ پەشتىقىغا قەدەم باستى، پەرپىمۇ ئاستاغىنە ئايۋانغا قاراپ سىلجىدى. ئالدىدىكى ئىككى ئادەم ھۇجرا ئىشىكىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرغان زامانئەلى ئۆزىنى يان تەرەپكە ئېلىپ، شېرىكلىرىنى خەۋپتىن ئاگاھلاندۇردى. تۇنجى بولۇپ بەدەل كاللا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شادىمان سىڭار كۆز ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئەشىم بىلەن نەۋرۇز ئۇلارغا تەڭلا تاشلاندى، قاراقچىلار ئالدىراپ قالدى. زامانئەلى ۋە ئۇستا مەنسۇر قوللىرىدىكى تاغارنى ئۇلارنىڭ بېشىغا كىيدۈردى. ئىچكىرىدىكى تۆپۈر - تۆپۈرنى ئاڭلىغان پەرپى ئاۋۋال

بىر قەدەم ئالدىغا باستى، كېيىن قورقۇپ كېتىپ ئورنىدا توختىدى ۋە «قاچ» دېگەن بوغۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئاتتى.

ئىككى قاراقچىنى جىمىقتۇرۇپ، هويلىغا چىققان بۇرادەرلەر پەرىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش بىهۇدە ئىدى.

سەپەر شاهىچى شام كۆتۈرۈپ يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. شام تارغىنە هۇجرىنى يورۇتتى. قولغا چۈشكەن قاراقچىلارنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ، غال ـ غال تىترەيتتى. زامانئەلى، سەپەر شاهىچى شادىماننى تونۇدى.

ــ بۈگۈن بازاردا دوستىنى تۆهمەتچىگە چىقارغان كاززاپقۇ بۇ! مۇنداق كەسپىڭمۇ بار ئىكەن ـ هە؟ ــ دېدى سەپەر شاهىچى سىڭار كۆزگە قاراپ. ئاندىن ئۇ كاللىسى چوڭ كىشىگە قارىدى ــ سەنچۇ بەدەل، ئىنسابلىق ئوغرى ئىدىڭ، نېمە بولۇپ، بۇنداق ئىشلارغا قوشۇلۇپ قالدىڭ؟

بەدەل كاللا چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى دېدى، شادىمان سىڭار كۆز زامانئەلىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىماقچى بولغانىدى، زامانئەلى ئۇنىڭ يەلكىسىگە چاڭ سالدى.

ــ دوستۇڭنىڭ گېپىگە كىرىپ ئامانلىق بەرگەنىدىم، ــ دېدى زامانئەلى ئاچچىقلىنىپ، ــ ئىنساب ـ ديانەتنى بىلمەيدىغان نائەهلى ئىكەنسەن! كىم ئەۋەتتى بۇياققا سەنلەرنى؟

ــ مەن بىلمەيمەن، ــ دېدى سىڭار كۆز تىترەپ.

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن، ــ دېدى بەدەل كاللا.

ــ ئۇنداقتا كىم بىلىدۇ؟ ــ دوق قىلدى ئۇستا مەنسۇر.

ــ پەرىي چەپەنى، ــ دېدى بەدەل كاللا، ــ بىزنى ئاشۇ بۇياققا باشلاپ كەلدى.

ــ هېچ بولمىسا، نېمە مەقسەتتە كەلگىنىڭلارنى بىلىشەرسەن؟ ــ دەپ سورىدى زامانئەلى سىڭار كۆزنى سىلكىپ.

ــ نەسىردىن ئەپەندىنى كالتەكلەش ئۈچۈن، ــ دېدى ئۇ

تىترەپ.

— ھەربىرىڭ يەنە مۆشتۈمزورنىڭ ناغىرىسىغا ئۇيناپ، ئايىغىنى يالاپ يۈرۈشۈپسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى زامانئەلى. ئارىنى بىر ئاز جىمجىتلىق قاپلىغاندىن كېيىن ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى، — خوش، ئەمدى ھالىڭلار قانداق بولىدۇ؟ ئەتە جازاغا تارتىلىپ، خوتۇنۇڭلارنىڭ تۇل، بالىلىرىڭلارنىڭ يېتىم بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ سەنلەرگە نەسىردىن ئەپەندىدىن نېمە يامانلىق تەگدى؟ ئارپىلىرىڭنى خام ئورىدىمۇ ـ يا؟

— بىزنى شەيتان ئازدۇردى، سەپەر تاغا، ئېيتىڭ، بىزگە رەھىم قىلسۇن! — دېدى ھەر ئىككىسى شاھىچىنىڭ ئايىغىغا يىپىشىپ، — بىزنىڭ ئەيىبىمىز يوق، پەرپى بىزنى يولدىن ئازدۇردى! نەسىردىن ئەپەندىنى يامان ئادەم، دېدى، ئۇنى بىر ياقلىق قىلساق، بىزگە جىق ئاقچە بېرىدۇ، دېدى.

— كىم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتىمۇ؟

— ياق! ئەگەر قويۇپ بەرسىلە، پەرپىنى ئۆزىمىز تۇتۇپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىمىز. قەسەم ئىچ دېسىلە، ئىچەيلى.

— قەسەمخورنىڭ قەسىمىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ — دېدى زەردە بىلەن ئۇستا مەنسۇر، — نەپسكە قۇل نېمىلەرسەن! جازاغا تارتىش كېرەك سەنلەرنى! شۇ چاغدىلا كۆزۈڭلار ئېچىلىدۇ!

— بوپتۇ، — دېدى زامانئەلى نېمىنىدۇر ئويلانغان ھالدا، — گۇناھىمىزنى يۇيىمىز دېسەڭلار، مېنىڭ شەرتىمگە كۆنىسىلەر، باشقا ئىلاجىڭلار يوق!

— بۇيرۇڭ، قانداق شەرتىڭىز بولسا، ھەممىسىنى بېجىرىمىز. تىلىكىمىز، پەقەت بالىلىرىمىزغا رەھىمىڭىز كەلسۇن، يېتىم بولۇپ قېلىشمىسۇن!

تۇتقۇنلارغا كەتمەن بېرىپ، ھويلىدىكى گۈلزارنىڭ چەللە تەرىپىدىن ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەز كېلىدىغان چوڭقۇر ئازگال قازدۇرۇشتى. چوڭقۇر قېزىپ بولغاندىن كېيىن، سەپەر شاھىچى

بازاردىن ئېلىپ كەلگەن، تېرىسى شىلىنغان ئۆچكىنى ئورەككە كۆمۈشتى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، زامانئەلى:

— بۇ شەرتنىڭ ھەممىسى ئەمەس، — دېدى دانە ـ دانە قىلىپ، — ئەتە قازىخانىغا بېرىپ، قازىغا پەرپىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداق بولسىمۇ ئىشنى ئۆزۈڭلارنىڭ پۈتكۈزۈپ، نەسىردىن ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈپ، كۆمۈۋەتكەنلىكىڭلارنى ئېقىتىماي ـ تېمىتماي ئېيتىسىلەر. ئاندىن ئۆزۈڭلار بىر مەزگىل غايىب بولىسىلەر. ئەگەر ئېيتقانلىرىمنى بېجىرمەي قاچىدىغان بولساڭلار، خوتۇن، بالا ـ چاقاڭلار زىنداندا چىرىيدۇ!

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمىز! — دېدى ھەر ئىككى قاراقچى تەزىم قىلىپ. ئاندىن ئۇلار جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن شۈكۈر قىلىپ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولۇشتى.

# ئونتوزىنچى باب

## ئاچچىقنى ئاچچىق كېسىدۇ

نامازخان تۆرە جۇمە كۇنىدىن بېرى شېرىن خىياللار قوينىدا ئاسمان ـ پەلەكلەردە ئۇچۇپ يۇرەتتى. لېكىن، ئارىدىن ئىككى ـ ئۇچ كۇن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوردىدىن ھېچكىم يوقلىمىغانلىقى كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. نەسىردىن ئەپەندى يەنە ئالدىدىمىكىن؟ قۇياش ئىككى تېرەك بويى كۆتۇرۇلگەن بولسىمۇ، پەرپىدىن دېرەك يوق. بۇ ئەخمەقمۇ ئالدىغانمىدۇ؟ بۇگۇن بىرەر خۇشخەۋەر ئاڭلاش نېسىپ بولارمىكىن؟ ھېچ بولمىغاندا، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆلۇ ـ مى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىسىمۇ كۆڭلى كۆتۇرۇلەتتى، چوڭ دۇشمەندىن خالاس بولغانلىق ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى قازىكالانغا يەتكۇزەتتى، شۇ باھانە بىلەن ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆزىتىۋالاتتى. قازىكالانىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ئېنىق بولسا، ھەرىكىتىنى كۆرەت ـ تى، ئوتتۇرىغا ئادەم قويۇپ، قۇشبېگىگە سوۋغا ـ سالام ماڭدۇ ـ راتتى. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆلۇمى ھەققىدىكى خەۋەر ئوردىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قۇشبېگى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئېيتقىـ نىنى ۋەسىيەت دەپ بىلىپ، نامازخان تۆرىنى قازىكالانلىققا كۆتۇ ـ رۇشى مۇمكىن...

تاشقىرىدىن ئاڭلانغان ئاياغ تاۋۇشى قازىنىڭ خىيالىنى ياۋايى كەپتەردەك ئۇچۇرۇۋەتتى. ئىككى كىشى سالام بېرىپ، پەرپىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزغا ئالغاندىن كېيىن، قازى بىلەن كۆرۇشۇپ، ئەزىز مېھمان سۇپىتىدە ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. «ئەزىز مېھمان» لارنىڭ بىرى بەدەل كاللا، يەنە بىرى شادىمان سىڭار كۆز ئىدى.

ئۇلار كىچىدىكى ۋەقەنى زامانئەلى ئۆگەتكەندەك بايان قىلىشتى. قازى ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىشتىن بۇرۇن يەنە بىر خىزمەتنى بارلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن بىزگە روخسەتمۇ، قازى جانابلىرى؟ — دەپ سورىدى شادىمان بىردە شېرىكىگە، يەنە بىردە قازىغا ئۈمىدلىك بېقىپ، — بۇ شەھەردىن تېزراق چىقىپ كەتمىسەك، پېيىمىزغا چۈشىدۇ.

— شادىماننىڭ ئەنسىرىشى ئورۇنلۇق، — دېدى بەدەل كاللا. ئۇمۇ بۇ شەھەرنى تېزراق تەرك ئېتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بەدەل كاللا زامانئەلىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشتىن ھېيىقىپ، ئىشىك تەرەپكە ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى.

— مۇشۇك بىكارغا ئاپتاپقا چىقمايدۇ، — دېدى قازى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك تالاي نەرسىلەرنى ۋەدە قىلىپ، — بۇيىقىنىمۇ خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك بېجىرىپ بەرسەڭلار، سىلەرنى قۇرۇق قالدۇرمايمەن. ئەمىرلىك ۋەكىللىرىگە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن جاينى كۆرسىتىپ قويۇپ، كېتىۋېرىسىلەر — تۆت تەرەپ قىبلە.

— قان چاقىرىدۇ، دەيدىكەن قازى جانابلىرى، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، تىلىمىز چۈلدىرەپ، شۇنچە قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىمىز ئۇچ پۇلغا ئايلانمىسۇن، — بەدەل كاللىنىڭ بېشى سىلىندى. ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىۋېدى، خانىنىڭ بەدبۇي ھىدى دىمىقىنى غىدىقلىدى. شۇ چاغدا تاشقىرى ئىشىك غىچىرلىۋېدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىككى تەرەپلىمە قورقۇش ئىسكەنجىگە ئالغانىدى: بىرى زامانئەلىگە بەرگەن ۋەدىسى، ئىككىنچىسى قازىنىڭ ۋەزىپىسى. قانداق يول تۇتۇشقا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

— سىلەر مېنىڭ پاناھىمدا! — دېدى قازى ئىشەنچ بىلەن. ئەتە قازىكالان بولۇپ قالسا، بۇ ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى. ئەتە

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئۇنىڭ سايەئى دۆلىتىدىن پاناھ ئىزدەيدۇ...

ئىشىكتىن كىمدۇر كىرگەن بولسا كېرەك، گىرسىلدىگەن ئاياغ تاۋۇشى ۋە ساختا يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى. قازى ئىشىك تەرەپكە قۇلاق سېلىپ تۇردى ـ دە، كېيىن «زامانئەلى» دەپ چاقىردى. «ھە، مانا مەن» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ زامانئەلىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ شۇ تاپتا قازىنىڭ «قاياقلاردا يۈردۈڭ؟ نېمىشقا بۇنچە كېچىكىپ كېلىسەن؟» دېگەن سورىقىنى كۈتەتتى، لېكىن قازى بۇ سوئالنى سورىمىدى، ئەكسىچە:

— بۇياققا كىر! ئولتۇر بۇ يەردە! — دېدى ئۇدۇلىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ. زامانئەلى ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — زامانئەلى، بۈگۈن كېچىدە بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپتۇ، خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— قانداق كۆڭۈلسىزلىك، تەقسىر؟ — چالا ئۇيقۇلۇق كىشىدەك گاراڭ ھالەتتە سورىدى زامانئەلى.

— نەسىردىن ئەپەندىنىڭ جېنىغا قەست قىلىنىشىپتۇ! — قازى بۇ خەۋەرنى ئاغزىنى تولدۇرۇپ ئېيتتى ۋە بۇ خەۋەر قانداق تەسىر قىلاركىن، دەپ مۇلازىمغا سىنچىلاپ قارىدى.

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن! ياخشى ئادەم ئىدى، — دېدى زامانئەلى.

— ياخشىلىقى قۇرۇسۇن، — دېدى قازى، — ياخشى بولسا، ئۆز بېشىنى ئۆزى يەرمىدى؟ ماڭا نېمە كارامەتلەرنى كۆرسەتمىدى؟ تىنچلىقىمنى بۇزدى. توغرا، شۇ قازىكالان بولسۇن، دەپ قۇشبېگىگە ئېيتىپ، ماڭا ياخشىلىق قىلدى. لېكىن، قازىكالانلىقنىڭ مەسئۇلىيىتىچۇ؟ كېچىلىرى ھالاۋىتىمنى ئوغرىلايدۇ. مەن ئۇنىڭدىن شۇنى سورىغانمىدىم؟

بۇ ساختىپەزلىكنى زامانئەلى دەررۇ سەزدى. قازىنىمۇ، نەسىردىن ئەپەندىنىمۇ ئاقلىمىدى. نەسىردىن بىلەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن قازى خەۋەردار، بىپەرۋالىق قىلسا، قازى گۇماند-

لىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ئۆز جېنىغا قەست قىلىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى زامانئەلى.

— ئۆزىنىڭ دوستىدىن جازاسىنى يەپتۇ، — دېدى قازى پاراڭنىڭ داۋامىنى ئۆزى توقۇپ. ئۇ مۇلازىمىنىڭ قاراشلىرىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى، بىراق، گۇمانلىق بىرەر ھەرىكەتنى سەزمىگەچكە، قورقماستىن ئوچۇق - ئايدىڭ گەپ قىلدى، — سەپەر شاھىچى ئۇرۇپ، يەرگە كۆمۈۋېتىپتۇ. بۇ بىۋاپا دۇنيا دېگەندە دوستنىڭ خىيانىتى شۇ - دە!

قازىنىڭ «دوستنىڭ خىيانىتى» دېگەن گېپى شادىمانغا بازار - دىكى ۋەقەنى ئەسلەتتى ۋە زامانئەلىدىن خىجىل بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— سەپەر تاغا؟ — ھەيرانلىق بىلەن قازىغا قارىدى زامانئەلى، — ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇنى كىم ئېيتتى سىزگە، تەقسىر؟

— مانا، — خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلەرنى كۆرسەتتى قازى، — مانا بۇلار گۇۋاھ!

— سەپەر تاغا قانداق ئوي بىلەن بۇنداق نالايىق ئىشقا قول تىققاندۇ؟ ھېچ ئەقىل يەتمەيدۇ، — زامانئەلى گۇۋاھچىلارغا يۈزلەن - دى، — قاچان شۇنداق بولدى؟

ئىككى گۇۋاھچى زامانئەلىگە ئۈمىدلىك قارىغاندى، قازى ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلىپ، گەپنى ئۆزى ئېلىپ قاچتى:

— قانداق قىلىمىز ئەمدى، ئىش بولۇپ بوپتۇ، — دېدى قازى يەلكىسىنى قىسىپ، — تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ماڭا ئېيتقانلىرىڭلارنى بۇنىڭغىمۇ ئېيتىڭلار! باشقا ئامال يوقتۇر.

بەدەل كاللا نائىلاج ھازىرلا قازىغا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايى - سىنى قايتىلاشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئىش يوشۇرۇن قالمايدىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى بەدەل كاللا قىچىشمىغان بېشىنى قاشلاپ، —

چايخانچىمۇ بۇ ئىشىمنى بىراۋ كۆرىدۇ دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتى. خۇدايىممۇ ئۇنى بىر شەرمەندە قىلاي دېگەن بولسا كېرەك...

— بىز سورۇندىن كەچ قايتمۇاتقان ئىدۇق، — دېدى شادىمان سىگار كۆز. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىككى تەرەپكە ئىرغىپ تۇراتتى، شۇڭا كىمگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— يا سەن سۆزلە، يا مەن سۆزلەي، شادىمان! مەن باشلىغاندىكىن، سەن جىم ئولتۇر! — دېدى گېپىنى بۆلگىنى ئۇچۇن تىرىككەن بەدەل كاللا شادىمانغا ئالىيىپ، — بىر شەرمەندە قىلاي دېگەن بولسا كېرەك.. ئىناي كۆنچى بىلەن بۇرۇندىنلا يېقىن ئىدۇق، ئاشۇنىڭكىگە باردۇق. سورۇن تۈگەپ، ھەممە قايتىشتى. بىزمۇ تاشقىرىغا چىقمۇېدۇق، ئىناي «سىلەر بىر ئاز ئولتۇرۇڭلار» دەپ ئىككىمىزنى ئۆيدە ئېلىپ قالدى. بوپتۇ، دەپ يەنە بىردەم ئولتۇردۇق. بىر چاغدا شادىمان «ئەمدى تۇرايلى، ئىناي بۇرادەرمۇ ئارام ئالسۇن» دېگەندىن كېيىن خوشلىشىپ، چايخانىنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا گۇڭۇر - مۇڭۇر گەپلىشىپ كېلىۋاتاتتۇق، چايخانىنىڭ ھويلىسىدا بىر كىشى «ھەھ» دېگەنچە كەتمەن چېپىۋېتىپتۇ.

— كېرىم كېچە، ھەممە ئۇخلىغان چاغدىكى بۇ ئىشتىن ھەرخىل خىيالغا كېلىدۇ ئادەم... — دېدى سىگار كۆز گەپ قىستۇرۇپ.

— مېنىڭ گېپىم ياقمايۋاتقان بولسا، تۇرۇپ كەت! بولمىسا، زۇۋانىڭنى يىغىپ، گەپنى ئاڭلا!... — دېدى بەدەل كاللا سىگار كۆزنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىككىلىمىزنىڭ دىمىمىز ئىچىمىزگە چۈشتى. ئوبدان قارىساق، چايخانچىنىڭ ئۆزى ئىكەن. «ئۆزىنىڭ يېرى، خالىسا كۈندۈزى چاپىدۇ، خالىسا كېچىسى» دېدىم مەن. ئەمما، مانا بۇ شادىمان: «ئاكا، ئالدىرىماڭ، بۇ يەردە بىر گەپ باردەك قىلىدۇ. چايخانچى يىغقانلىرىنى يەرگە كۆمىۋاتامدۇ - نېمە؟» دەپ ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇردى.

«بۇنىڭ نېمىسى بار، يەرگە كۆمىدىغان؟ بۇمۇ بىزدەك بىر يوقسۇل بەندە تۇرسا... يۇر، كېتىمىز!» دېدىم مەن شادىماننى ئۈندەپ. ئەمما شۇ ھامان بۇ نىيىتىمدىن ياندىم: «توغرا ئېيتتىڭ، شادىمان، كەل، ماراپ باقىمىز» دېدىم...

بۇ ھېكايىنى قازى مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇرۇپ، زامانىئەلى بولسا «دېگىنىمدىنمۇ زىيادە پىششىقلاپ، قازىنى ئىشەندۈرگىدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈۋەتتىڭغۇ» دېگەن ئويدا بەدەل كاللىنىڭ گەپلىرىگە مەھلىيا بولۇپ ئاڭلىدى. ئولتۇرغان جايىدا پات ـ پات چايقىلىۋالغان بەدەل كاللا ۋەقەنى تېخىمۇ قىزىقارلىق تەرزدە ھېكايە قىلاتتى.

ـــ كېيىن ئىككىلىمىز ئىگىشىپ...

ـــ چايخانىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا كىرىۋېلىپ مارىلاشنى باشلىدۇق، ـــ سىگار كۆزنىڭ گېپى ئاغزىدا قېلىپ، گەپنىڭ يۆگىنىنى يەنە بەدەل كاللا ئۆز قولىغا ئالدى، ـــ مۇن... داق... قاردىساق، ـــ خۇددى پايلاپ ئولتۇرغاندەك سەل ئىگىشتى ئۇ، ـــ چايخانىچى يەر كولاۋاتماپتۇ.

ـــ نېمە قىلىۋېتىپتۇ؟ ـــ دېدى قازى دوقۇر پېشانىسىنى سىلاپ. ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا زامانىئەلى بىلىپ قالمىسۇن، دەپ بىردىن جىددىيلەشكەن بولدى.

ـــ ئورا قېزىۋاتقان ئىكەن، ـــ بەدەل كاللا بىلەن شادىمان سىگار كۆز تەڭلا جاۋاب بەردى. كېيىن يەنە بەدەل كاللا سۆزنى داۋام قىلدى، ـــ ئورىنى كولاپ بولغىچە پايلاپ ئولتۇردۇق. كېيىن قىزىق بولدى: ئۇ ئورىنى كولاپ بولۇپ، ئۆزى ئورىغا چۈشۈپ، يېتىپ كۆردى. ئۆزى كولىغان لەھەتتە گوركارلار يېتىپ كۆرەتتى، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلىدۇق. «توختا قېنى، ئەمدى نېمە قىلىدىكىن؟» دېدىم مەن. كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى ـ دە، ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ بىر نەرسىنى دولىسىدا كۆتۈرۈپ چىقتى. نېمىدۇ دەپ قاراپ ئولتۇرساق...

— ئادەم ئىكەن! — دەۋەتتى سىڭار كۆز سەۋر قىلالماي.

— قىلىقىڭ قۇرۇسۇن سېنىڭ ئالغاي، — دېدى جىملە بولۇپ كەتكەن بەدەل كاللا، — بېشىدا ئۆزۈڭ سۆزلىسەڭ بولماسمىدى... بولمىسا، گەپنى... ئاڭلاپ ئولتۇر.. ئادەمنى كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە، يەرگە ئاستا قويماي، گۈپپىدە قىلىپ كولىغان ئورىغا تاشلىدى. مەن ئۇ ئادەمنى ئۆلدى دېدىم، — ئېچىنغاندەك بېشىنى تەۋرەتتى بەدەل كاللا، — ياق، ئۇ ئەسلى مۇردا ئىكەن.

— ئۇنىڭ مۇردا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى زامانئەلى ھەم ئېچىنغاندەك، ھەم ھەيران بولغاندەك ئەلپازدا.

— چايخانچى ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراق تاشلاشنى باشلىغاندىن كېيىن بىلدۇق!

— يۈگۈرۈپ بېرىپ شاپپىدە قولىدىن تۇتمىدىڭلارمۇ؟

— بۇنداق چاغدا كۆزى قانغا تولغان ئادەمنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشقىلى بولامدۇ؟ — دېدى سىڭار كۆز. بۇ قېتىم بەدەل كاللا تېرىكمىدى.

— كەتمەن بىلەن بېشىڭىزغا ئۇرۇۋېتىنىمۇ يانمايدۇ ـ دە بۇنداق ئادەم، — دېدى «كاللا»، — كۆمۈپ بولسۇن، كېيىن بارد- مىز، دېدۇق. ئەشنى پۇتكۈزۈپ سۇپىغا ئۆتۈۋېدى، ئاستاغىنە ئايلىنىپ باردۇق. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەپتىنى بىر كۆرسىڭىز ئىدى: قاپقارا كېچىدە ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بىز ئۆزىمىزنى ھېچنې- مە كۆرمىگەنگە سالدۇق. ئۇمۇ شۇنداق دەپ ئويلىدىمۇ، بىزگە «كېلىڭلار، كېلىڭلار» دەپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. مەن كىرەيلى دېسەم، شادىمان كىرمەيلى، دېدى.

— قورقتۇم ـ دە، بەدەل ئاكا، — دېدى سىڭار كۆز بۇ گەپنى خۇددى ئاشۇ ۋاقىتتا ئېيتقاندەك، — كىرسەك، بىزنىمۇ بىر ياقلىق قىلىدۇ ھەقىچان...

— خوپ، شۇنچە كۆپ تاماشانى كۆرۈپسىلەر، ئەمما ئاشۇ

مۇردىنىڭ نەسىردىن ئەپەندى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭلار؟ يا قورقۇپ كېتىپ سەپەر ئاكا ئۆزى دېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى زامانئەلى.

— بۇنچە ئالدىراپ كەتمەڭ، تېخى گەپ كۆپ، — دېدى بەدەل كالىلا، — بىز چايخانىچىدىن چاقچاق قىلىپ سورىدۇق.

— نېمىنى؟ — قىزىقسىندى قازى.

— «ئورىغا تىللا كۆمدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم چايخانىچىدىن — دېدى بەدەل كالىلا، — ئۇنىڭ تىترىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، «بۇلار ھەممە گەپنى بىلىدۇ» دەپ ئويلىدىمۇ، ئۆزىنى «گۆپ»پىدە ئايىغىمىزغا تاشلىدى.

— دەرھال ئىقرار بولدىمۇ؟ — دېدى زامانئەلى.

— ياق، بىزگە تىللا بېرەي، دەپ يېلىندى، — گەپكە قوشۇلدى سىڭار كۆز، — «مەن سىلەرگە تىللا بېرەي، بۇ گەپنى ئاشكارا قىلماڭلار» دېدى.

— ھەئە، شۇنداق دېدى، — سىڭار كۆزنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى بەدەل كالىلا، — «ئاغزىڭلارنى يۇمساڭلار تىللا بېرىمەن» دېدى. «ئاغزىمىزنى يۇمۇپ، نېمىنى دېمەسلىكىمىز كېرەك؟» دەپ سورىدىم. «مەن نەسىردىن ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈپ، يۈز تىللاسىنى ئېلىۋالدىم» دېدى ئۇ...

— مۇنداق دەڭ. كاللىسى يوق ئەپەندى، تىللاسىنى شاھچىغا كۆرسەتكەنىكەن ـ دە. بىراۋنىڭ قولىدا تىللا كۆرگەن كىشى تىنچ ئولتۇرارمىدى؟ نىيىتى بۇزۇلىدۇ ـ دە! تىللانى دەپ ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ پىچاقلىشىپ كەتكەن يەردە، بىر ـ بىرىگە يات بولغان چايخانىچى بىلەن نەسىردىن ئەپەندىلەر شۇنداق بولماي قالارمىدى؟

بەدەل كالىلا گەپنى داۋاملاشتۇرغىسى كېلىپ، ئاغزىنى بىر نەچچە قېتىم قۇرۇق ئېچىپ ـ يۇمدى، ئاخىرى سەۋر قىلالماي سۆزلەپ كەتتى:

— بىلسەڭ، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ نەسىردىن ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈپ،

تىللاسنى ئالغانىكەن، بىزگە تىللالارنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن بىزگىمۇ بەرمەكچى بولۇپ: «ھېچكىمگە ئېيتمىساڭلار بېرىمەن» دېدى.

— بەردىمۇ راست؟ — دەپ سورىدى زامانئەلى، — قانچىدىن بەردى؟

— بەرسىمۇ ئالمىدۇق، — ھەزەر قىلغاندەك يۈزىنى پۈرۈش-تۈردى بەدەل كاللا، — بىرسىنىڭ خۇنى ھەققىگە كەلگەن تىللا كىمگە كېرەك! سىزگە بەرسە، ئالامسىز؟ — ئۇ ئاۋۋال زامانئە-لىدىن، ئاندىن قازىدىن سورىدى، — سىزچۇ، قازى جانابلىرى؟... دېمەك، بىزمۇ ياق، دېدۇق. ئۇ بولسا ئېلىڭلار دەپ بەك يېلىنىدى. تىللانى ئالمىساق، قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس. بىزمۇ بىردىنلا شەيتانلىق قىلدۇق. «بوپتۇ، بىز كۆرگەنلىرىمىزنى ھېچكىمگە ئېيتمايمىز. تىللايىڭىز كېرەك ئەمەس. چايخانىڭىزغا كەلسەك، بىكاردىن چاي بېرىپ تۇرسىڭىز بولدى» دېدۇق. چايخانىچى دەررۇ رازى بولدى. ئىككى قەدەم باسقىنىمنى بىلمەن، ئېسىمگە گۈپپىدە بىر پىكىر كەلدى. «تاغا، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى مازارغا يۆتكىۋېتىڭ، چايخانىنىڭ سۇپىسىدا خار بولۇپ يېتىشى ياخشى ئەمەس. بۇ يەرگە تاھارەتلىكمۇ، تاھارەتسىزمۇ كېلىدۇ، مۇسۇلماندى-چىلىقىمۇ توغرا كەلمەيدۇ» دېدىم ئۇنىڭغا.

— كېيىنچۇ، كەتتىڭلارمۇ؟ — ئالدىراتتى زامانئەلى.

— كەتمەي يېتىپ قالامدۇق ئەمىسە، كەتتۇقتە ئۆيگە، — دېدى بەدەل كاللا ۋە بىردىنلا رەڭگى ئۆزگەردى، — ئۆيگە بېرىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم. كۆزۈمنى يۇمىشىمغىلا نەسىردىن ئۆيگە كىرىپ كېلىۋەردى، مەن بولسام «ئاھ» دەپ چۆچۈپ تۇرۇپ كېتىۋەردىم. بىر چاغدا ئۇ يەنە ئۆيۈمگە كىرىپ: «ئورنۇڭدىن تۇر — دېدى ماڭا، — سەن بېرىپ، قازىغا مېنىڭ قاتىلىمنى ئېيت!» دېدى. تاڭ سەھەر-گىچە نەسىردىن ئەپەندى بىلەن گەپلىشىپ چىقتىم، بىلسەڭلار...

— مەنمۇ شۇنداق بولدۇم، — قوشۇپ قويدى سىڭار كۆز، —

سەھەرگىچە سۇپىدا مېڭىپ چىقتىم. ئۆيگە كىرسەم، مېنىڭ ئورنۇمدا نەسىردىن ئەپەندى ياتقان بولىدۇ. بىزنىڭكىگە كىم كەلدى، دەپ خوتۇن ھەيران، باللار ھەيران... ئەزان مەھەللىدە بەدەل ئاكام ھويلىمىزغا كەلدى ــ دە: «يۇر شادىمان، قازىغا ئېيتمىساق، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ روھى بىزنى تىنچ قويمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى... كېيىن بۇ يەرگە كەلدۇق، ـــ سىگار كۆز بىرھازا جىم ئولتۇردى ــ دە، كېيىن مۇھىم گەپ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەندەك ئالدىراپ قوشۇپ قويدى، ـــ ئەگەر ھازىر بېرىپ، چايخانىچىنى زىندانغا تاشلىمىساڭلار، ئۇ مېيىتنى بىر ئامال قىلىپ بىر ياقلىق قىلىۋېتىدۇ!

زامانئەلى ئۆزىنى خۇددى كۆڭلى يېرىم بولۇپ، خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغاندەك ھالەتكە سالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ئاستىرتتىن كۆزىتىپ ئولتۇرغان قازى زامانئەلىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى:

ـــ بىلىمەن، نەسىردىن ئەپەندى سېنىڭ يېقىنىڭ ئىدى، ئۆلۈم دېگەننى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىكەن. ئەمدى غەم ـ ئەندىشىنىڭ ئاچچىق شارابىنى ئىچىشتىن نە پايدا؟ تېزدىن سەپەر ـ نى تۈتۈپ، گۇناھىنى بويىنىغا ئارتىپ، جازاغا تارت! ئىككىنچى مۇھىم ئىش، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن ئېلىپ، جامائەت ئىچىدە نامىزىنى ئوقۇپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن مازارغا دەپنە قىلايلى... زامانئەلى، سەن بۇنداق مۆڭلىنىپ ئولتۇرماستىن، قازىكالاننىڭ ئالدىغا بار، قازىكالان ئەمىرلىكتىن تەھلىلچى چاقىرسۇن. مەن بۇ گۇۋاھچىلارنى، شۇنداقلا كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى مىرشابخانىدىن ۋەلى مىرشاب بىلەن دەلى مىرشابنى ئېلىپ ئۇدۇل چايخانىغا باراي. ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن، دەرھال تۇر، ئاتقا مىن! بۇنداق ماتەم تۇتۇشتىن پايدا يوق.

زامانئەلىمۇ ئۆز كۆڭلىدە، قازىمۇ ئۆز كۆڭلىدە بۇ ھېكايىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. قازى ھەييارلىق قىلىۋاتقان بولسا،

زامانئەلى مەككارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئىككى گۇۋاھچى بولسا ئوتتۇردىكى دەللالغا ئوخشايدۇ...

قازىنىڭ گەپ قىلغىنىنى بايقىمىغاندەك ئۆزىنى گاراڭ ھالەتكە سېلىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان زامانئەلى تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى سەپەر شاھچىدىن نەپرەتلەنگەندەك مۇشتلىرىنى شۇنداق تۈگدىكى، بارماقلىرى غىرىسلاپ كەتتى:

— تەخسىر، — دېدى ئۇ غەزەپتىن بوزدەك ئاقىرىپ، — ھازىر قازىكالان ـ پازىكالان قىلىپ يۈرمەيلى، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي ئودۇل چايخانىغا باستۇرۇپ بارايلى. مەن ئۇ مەلئۇن چايخانىچىنى ئۆزۈم پۇت ـ قولىنى باغلاپ، ئوردىغا — ئەمىرنىڭ ئىختىيارىغا يەتكۈزەي. شۇنداق قىلمىسام، كۆڭلۈم تەسكىن تاپمايدۇ. تەپتىش ـ تەھلىل دېگەن كېيىن بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىز تەدبىر قىلغۇچە، ئۇ يارىماس قېچىپ كەتمىسۇن يەنە! مانا بۇ ئىككى گۇۋاھچىنى چايخانىغا ئېلىپ بارساق، قاتىل بۇلارنى تونۇيدۇ ۋە مالامەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ۋاقتىنچە يولغا سېلىپ قويايلى. مۇبادا شاھچى گۇناھىغا ئىقرار بولمىسا، ئاندىن بۇلارنى يۈزلەشتۈرۈپ، گۇناھىنى بوينىغا ئارتارمىز.

«بۇنىڭ كۆڭلىنى ئەجەب چالغىتىۋەتتىم» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن قازى زامانئەلىنىڭ تەكلىپىگە تېزلا ماقۇل بولدى. قازى ئۈچۈن سەپەر شاھچىنى ئۇنداق گۇناھكار قىلسىمۇ، بۇنداق گۇناھكار قىلسىمۇ بەرىبىر ئىدى. بەدەل كاللا بىلەن شادىمان سىگار كۆزمۇ زامانئەلىنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ ئولتۇرماقتا.

— ياخشى گەپ! — دېدى قازى ئورنىدىن تۇرغاچ زامانئەلىنىڭ مەسلىھەتىنى قوللاپ، — ئۇنداق بولسا سەن ئىككى مىرشابنى ئېلىپ، چايخانىغا بار، بۇياقتىن مەن باراي. بوپتۇ، بۇ ئىككىسى ئۆيىدە بىكىنىپ ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، زۆرۈر بولغاندا چاقىرارمىز...

# ئونتۇز بىرىنچى باب

## ئوچىدا كۆرگەن چۈش

شىربەك سىنچى تۈردى مەخسۇم بىلەن تام قوشنا، باغ ـ ھويلىسى تۇتاش. سىنچىنىڭ بىغىنىڭ يېرىمى مېۋىلىك دەرەخزار بولۇپ، يېرىمىغا تۇرۇپ، سەۋزە، پىياز قاتارلىق كۆكتاتلار تىكىلگەن. تۇرۇپ بىلەن پىيازنى يىغىشتۇرۇپ بولغان، ئەمما سەۋزە بىلەن چامغۇر يىغىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىرەر خىزمەتكارى بولغان بولسا، كولاپ بازارغا ئاپىرىپ ساتقان ياكى ئورا كولاپ جايلىغان بولار ئىدى. بىر ـ ئىككى مەدىكار ياللاپ كەلسە بولارمىكىن ـ يا؟ مەدىكارغىمۇ ئىككى قېتىم تاماق، ئىش ھەققى بېرىش كېرەك. سىنچى چىقىمنى يامان كۆرىدۇ. ئۈچ قىزىنى تۇرمۇشلۇق قىلىپ، ئەر ـ خوتۇن چوڭ ھويلىدا بوزلىغان بوز تورغايدەك يالغۇز قېلىشقان، مال ـ دۆلىتى بىسيار بولسىمۇ، سىقىپ ئىشلىتىدۇ. بىرەر كۈنى ئەگەر مۆلچەرىدىن سەل كۆپرەك خىراجەت قىلسا، ئورنى تولىمغۇچە قازاننى مىدىرلاتمايدۇ. ناۋادا قازان ئېسىلسا، خوتۇنىنى تويغۇزىدۇ، داستىخانغا تاماق تارتىلغاندا بولسا تاماق يېگىلى قويمايدۇ، بۇ گۆشنىڭ يېرىمىنى سالساڭ، قالغىنى ئەتە يەنە قازاننى ئاۋات قىلاتتى... بىر دانە چامغۇرنى ئىككىگە بۆلۈپ سال، بىر بۆلىكى ساڭا، بىر بۆلىكى ماڭا... تۇزنى نېمانچە ئايىماي سالىسەن؟...، كىيىمنى تاغاردا چىرىتىسەن... سۇپۇرگىنى ئازراق ئىشلەت، كىگىزنى تېشىۋېتىسەن، سۇپىنى ئازراق سۇپۇر، پەسلەپ قالىدۇ... دېگەندەك گەپلەر. خوتۇن ئېرىنىڭ ئېچىلىپراق ئولتۇرغىنىنى ياكى خۇشالراق كۈلگىنىنى بىلمەيدۇ؛ دائىم قاپىقى

تۇرۇك، كۆلسىمۇ ئىستىهزالىق كۈلىدۇ، ئىچىلىپ ئولتۇرسىمۇ، پايدىنى كۆزلەپ كۆڭلى داۋالغۇيدۇ.

خوتۇنمۇ سەل - پەل ئەرگە تارتقان. ئوتتۇز ئىككى يىلدىن بېرى بىر ئۆيدە ياشىغان تۇرسا، تارتمىسۇنمۇ؟ پىلەك پىلەكتىن رەڭ ئالىدۇ، سۇنۇقتىن باشقىسى يوقىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، خوتۇندا ئازراق ئىنساب - دىيانەت بار.

سىنچى سەھەردىكى ناشتىدا ئەتكەن چاي ياكى شوۋىگۈرۈچ ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاسان ھەزىم بولىدىغان تائام. بۈگۈن ئەتىگەن خوتۇنى شوۋىگۈرۈچ قايىنىتىۋېتىپ، قولىغا شوۋى- گۈرۈچ تۆكۈۋالدى.

— پىخسىقلىقىڭىزنى بىر تاشلىمىدىڭىز دېسە... بىر ئۇززۇمنى قىرىق كىشى يېگەن دەپ بىر تال قاق بىلەن يۈز كىشىنىڭ كۆڭلى- نى ئالىسىز - دە سىز! — دەپ ئېرىگە چېچىلدى خوتۇن قولىدىكى كاسىنى داققىدە قىلىپ قويۇپ. شۇ ھامان شوۋىگۈرۈچ «پالاق» قىلىپ داستىخانغا تۆكۈلدى، — بۇ ئۆيگە كەلگىنىمدىن بېرى بىرلا گەپ: تېجەپ ئىشلەت، تېجەپ ئىشلەت! تېجەشكە ئۆزۈمنىڭمۇ ئەقىل - پاراسىتىم يېتىدۇ، سىزنىڭكى ئارتۇقچە. تېجەلگەن نەرسىنى يەنە قانداق تېجەي؟ كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، بىر چامغۇرنى ئىككىگە بۆلۈپ سېلىۋاتىمەن.

خوتۇنىنىڭ زەردىسىگە سىنچى كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن چامغۇرنىڭ كىچىكىنى ئەمەس، چوڭىنى سېلىۋاتىسەن. قازانغا بىر نېمە سالساڭ، تەمى چىققىدەكلا بولسا بولدى - دە، — سىنچى بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنى سەل ئارقىسىغا سۈرۈپ، داستىخاندىكى داغنى كۆرسەتتى، — مانا قارا، بۇ شوۋىگۈرۈچنىڭ سۈيىمۇ؟ بىر قوشۇق مايغۇ! داستىخاننىڭ يېرىمىنى داغ قىلدىڭ. بۇ سۇ بولغان بولسا، ئاللىقاچان قۇرۇپ دېغى قالمىغان بولاتتى. مۇشۇنداق بولسا، ئائىلىدە سوپۇن توشامدۇ؟ يۇماقچى بولساڭ، كۈل بىلەن يۇغىن، سەل كۆچەپ يۇساڭ، ئۇمۇ

كىرنى ئالىدۇ. ئائىلە دېگەندە كىمدۇر ئەر، كىمدۇر خوتۇن بولۇشى كېرەك، بولمىسا، ھەممە نەرسە چىگىشلىشىپ كېتىدۇ...

— تاڭ سەھەردىلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلمىسىز، — دېدى خوتۇن ئىشتىھاسى بوغۇلغاندەك ئالدىدىكى كاسىنى سەل سۈرۈپ قويۇپ، — خەسىسلىكىڭىزدىن كوكىدەك ئاۋاقسىز. قوشنىمىز تۇردى مەخسۇمغا قاراڭ، سېمىزلىكىدىن كىندىكىنى كۆرەلمەيدۇ.

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، ئۇنىڭ كېسىلى بار...

— ھەممە گەپكە جاۋابىڭىز تەييار!

شېرىبەك سىنچى خوتۇنىنىڭ غۇدۇڭشىشلىرىغا ئېتىبار بەرمەي، شوۋىگورۇچنى خورىلدىتىپ ئىچتى. ئاندىن بوش كاسىغا سۇ قۇيۇپ چايقاپ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— بىلمىگەنلەر مۇشۇنىمۇ پىخسىقلىق دەيدۇ، ئەمما ئۇلار بۇنىڭ كاتتا ساۋاب ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ...

— قىلىقىڭىز قۇرىسۇن، ساۋاب دەپ دەسمالدىكى ماينىمۇ سىقىسىز! — مەسخىرە قىلدى خوتۇن، — ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، چوڭ ساۋابنىڭ كويىغا چۈشۈڭ. بۈگۈن بازاردىن مەدىكار ئېلىپ كېلىپ، سەۋزە بىلەن چامغۇرنى قازدۇرۇپ، بىر تەرەپ قىلىڭ.

سىنچى تىترىگەن ھالدا تامغا سۈۋۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەدىكارغىمۇ ئاش ـ تاماق بېرىمىزمۇ؟

— ئاش ـ تاماق بىر گەپ بولار، سىز ئېلىپ كېلىۋېرىڭە ئاۋۋال. تازا بولسا، چامغۇر قايىنىتىپ بېرەرمەن، شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرۇش كېتەمدۇ؟ — دېدى خوتۇن.

سىنچى ئۇستى ـ بېشىنى يېڭىلاپ، «شۇنچىلىك يەرگىمۇ ئات بىلەن بارىمەنمۇ؟ تاقىسى ئۇپراپ كېتىدۇ» دەپ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ دەرۋازىدىن چىقىپ، ئەمدىلا ئەگىلىۋىدى، بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىككى كىشىنى كۆردى. شۇ ھامانلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەلدىمۇ ياكى بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ، تېزلىكتە قايتىپ ئۆيىگە كىردى. داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقان خوتۇن

ئېرىنى كۆرۈپ:

— ناس قاپىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىزمۇ؟ — دەپ زىتىغا تەگدى.

سىنچى خوتۇننى ئىملاپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەر دەپ پىچىرلىغانىدى، خوتۇن «ئۆلەرسىز، ئىلاھىم!» دېدى ئالىيىپ. ئاندىن بېشىدىكى رومالىنى يەلكىسىگە چۈشۈرۈپ، دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، بىر نەچچە قېتىم «ياردەم بېرىڭلار، مۇسۇلمانلار!» دەپ چۇقان سالغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كىردى. بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ھېلىقى ئادەملەر خېلى يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، «نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دېيىشىپ، ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىشتى. ئۆيدە ئەر خوتۇنغا ھەيۋە قىلىۋاتاتتى، خوتۇن بولسا «ياردەم بېرىڭلار، مۇسۇلمانلار، ئېرىم مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ!» دەپ ھەريان قېچىۋاتاتتى. ئىككى كىشى دالاندىن ئۆتۈپ، سۇپىغا يېقىن بېرىشقانىدى، ئۇلارنى كۆرگەن ئەر:

— كىملەرنى باشلاپ كەلدىڭ مېنىڭ ئۇستۇمگە؟ — دەپ خوتۇنىنىڭ چېچىنى چاڭگاللىدى، — كىمنى دەيمەن؟

— ئەي تاغا، دىلئازارلىق مۇسۇلماننىڭ ئىشىمۇ؟ — دېدى كىرگەن ئادەمدىن بىرى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ. شۇ ھامان ئەر خوتۇننىڭ چېچىنى قويۇۋېتىپ، ھېلىقى كىشىگە يېپىشتى.

— سەن بۇ خوتۇننىڭ نېمە دېگىنىنى بىلەمسەن؟

— ياق، بىلمەيمەن، — جاۋاب بەردى يات ئادەم.

— بىلمىسەڭ، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىشىغا نېمىشقا ئارىلىشىسەن؟

— تاغا، مەن... بىز... بۇ ھەدىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ...

ئەر يەنە خوتۇنغا يېپىشتى:

— بۇلارنى سەن چاقىردىڭمۇ؟

— ياق! — خوتۇن بېشىنى چاڭگاللىدى، — مەن بۇلارنى تونۇمايمەن!

— تونىمىساڭ، نېمىشقا بۇلار ساڭا ئەگىشىپ يۈرۈيدۇ؟ يۈزىڭ ـ

نى ئېچىپ كوچىغا چىققىنىڭدا ئەگەشتىمۇ؟
— تونۇمايمەن، بىلمەيمەن دەۋاتىمەنغۇ!
— سەن تونۇمىساڭ، بۇلار سېنى تونۇيدىكەن ـ دە؟ — ئەر يەنە ھېلىقى ئادەمگە يۈزلەندى، — نېمىشقا خوتۇنۇمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرىشىسەن؟ بۇ خوتۇننى قانداق تونۇيسىلەر؟
— ھەدىمىزنىڭ ياردەم سورىغىنىغا... — دۇدۇقلىدى كىشى. «ھەئە... ھەئە» دەپ ئەنسىزلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى شېرىكى.
— نېمىشقا دۇدۇقلايسەن؟ سەنلەرنىڭ نىيىتىڭ بۇزۇق!
— بىز...
— نېمە بىز؟ نېمە بىز؟ — سىنچى ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدىكى بىر نەرسە سېلىنغان تۇگۈننى يۇلۇپ ئېلىپ، خوتۇنىغا ۋارقىردى، — تۇردى مەخسۇمنىڭكىگە چىقىپ، كۆيۈ ئوغلى دەلى مىرشابنى چاقىر! ئۆزگىنىڭ خوتۇنىغا كۆز تاشلىغاننىڭ كۆزىنى ئويۇۋەتسۇن!
— ھەي... ھەي، تاغا، تۇگۈننى بېرىڭ! — دېدى ھېلىقى كىشى، — شەيتانغا ھاي بېرىڭ، خۇدادىن قورقۇڭ! مالامەتكە قويماڭ ئادەمنى! تۆھمەتنىڭ گۇناھى يامان! ھەممىمىز بىر ئاتا ـ ئانىدىن: ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن كۆپەيگەنمىز؛ بىر ـ بىرىمىزگە يات يېرىمىز يوق، تاغا!
سىنچى دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى. ئاندىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى:
— ئەمدى گەپ قىلىشە، مەقسىتىڭ نېمە ئىدى؟ بۇ ھويلىنى دەرۋازىسىز دەپ قېلىشتىڭمۇ؟ مېنى «ياردەم ـ ياردەم» دەپ ئالدىيالمايسەن. تونۇمىغان ئادەمگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ سەنلەر بۇ خوتۇننى بۇرۇن تونۇيسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئارقىسىدىن ئەگىشىشتىڭ!
كېيىن ئەر بىردىنلا خوتۇنىغا بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— تېخى تونۇسەنغۇ؟ دەلى مىرشابنى چاقىر تېز! يا بولار ئاشناڭمىدى، تارتىشىپ تونۇدىغانغا؟

— ۋاي، مانا بۇ كىشىمۇ؟ — ئەجەبلەندى خوتۇن، — مەن بۇ ئەرلەرنى تونۇمايمەن! ئىپتىمال، ئوغرىدۇر! كۆزلىرىگە قاراڭ، غەلىتىلا...

— ۋاي ھەدە، توختاڭ! — دېدى ئىككى كىشى تەڭلا دۇدۇقلاپ، — كۈپكۈندۈزدە ئادەمنى شەرمەندە قىلماڭ.

— سەنلەرنى شەرمەندە قىلماي، نېمە قىلاي؟ — سىنچى قولىدىكى تۈگۈننى خوتۇننىڭ قولىغا بېرىپ، ئۇلارغا ھۆرپەيدى، — بىر پاكىز خوتۇنغا قارا سۈركىمەك نىيىتىدە ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەن كىشىنى قويۇپ بېرىمەنمۇ؟ قويۇپ بېرىپ، ئۆزۈم شەرمەندە بولىمەنمۇ؟

— نېمىشقا شەرمەندە بولىسىز، تاغا؟ بىزلەر ياردەم بەرمەكچى ئىدۇق...

— يەنە «ياردەم» دەپ بېشىمنى ئايلاندۇرىدۇ - يا! باشقا گېپىڭ يوقمۇ؟

سىنچى يەنە خوتۇنغا ۋارقىرىدى:

— تېخى تۇرسەنغۇ، چاقىر مىرشابنى!

ئەمدى ھەر ئىككىلا كىشى يېلىنىشقا ئۆتتى.

— ۋارقىرىماڭ، تاغا، ئاڭلىغانلار نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دەيدۇ؟... ئەدىپىنى بەر، دەيدۇ، — سىنچى خوتۇننىڭ قولىدىكى تۈگۈننى كۆرسەتتى، — بۇ تۈگۈندە نېمە بار؟

— سىيىرنىڭ پۇلى، — دېدى تۈگۈننىڭ ئىگىسى، — ئۆتكەن ھەپتە بازاردا سىيىر ئالغانىدۇق، شۇنىڭ پۇلىنى ئىگىسىگە بېرەيلى دەپ قوشنام بىلەن كېتىۋاتقانىدۇق.

— كىم ساتقان ئىدى بۇ كوچىدىن سىيىرنى سەنلەرگە؟

— لۇقمان كاسىپ ساتقانىدى.

— ئالدىما، لۇقمان كاسىپنىڭ نەدە سىيىرى بار؟... سەنلەر بۇ

تۈگۈننى بىرەر جايدىن ئوغرىلاپ كېلىشىپسەن! گۇناھلىرىڭ بىر پاتمان ئىكەن. خوتۇن، مىرشابنى چاقىر!

ئېرىنىڭ بىر نەچچە قېتىم «چاقىر، چاقىر» دېگىنى بىلەن خوتۇن جايىدىن بىر قەدەممۇ مىدىرلىمايتتى. ئۇنىڭ رەھىمدىللىقى تۇتتى.

— قويۇڭ، ئايشەجان، — چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئېرىگە مۇراجىئەت قىلدى خوتۇن، — بىچارىلەرگە ئۇۋال قىلمايلى!

«ئايشەجان» نىڭ تېخىمۇ جەھلى چىقتى:

— تىلىڭ بىرمۇ سەنلەرنىڭ؟ بۇلارنىڭ يېنىنى ئېلىۋاتىسەنغۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەستىم، ئايشەجان، — خوتۇن بېشىدىكى رومالى بىلەن يۈزىنى توستى، — ئېيتماقچىمەن، بۇلار ئېتىزلىقتىكى سەۋزە بىلەن چامغۇرنى قېزىپ بەرسە، سىز گۇنا- ھىدىن كەچسىڭىز. شۇنى ئېيتماقچى ئىدىم، خالاس.

«گۇناھكار» لارغا جان كىرگەندەك بولدى.

— مەيلى، مەيلى، بىز رازى، ئەمگەكتىن قاچمايمىز، — دېدى ئىككىلىسى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — شۇنداق بولسۇن ئەمىسە. شەرمەندىلىكتىن كۆرە...

— بولدى، — دېدى سىنچى غەزىپىنى باسقاندەك ھالەتكە كېلىپ، — مەنمۇ رازى، لېكىن تۈگۈنلەردىكى ئوغرىلىق مال، بارغىن خوتۇن، مىرشابقا ئېلىپ چىقىپ بەر! سورىسا، كوچىدىن تېپىۋالدۇق دېگىن.

— ئۇ سىيىرنىڭ پۇلى...

— ھەي... بولمىدى، جاھىل ئىكەن بۇلار، تۈگۈن - پۈگۈنى بىلەن دەلى مىرشابقا تاپشۇرايلى بولدى...

— بولدى، تاغا، بولدى!...

— مانا، ئوغرىلىق مال ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولۇشتى، — دېدى سىنچى، — ئەمدى بۇلارغا كەتمەننى كۆرسەت! يەرنىڭ كىندىكىنى ئېچىشسۇن...

سەۋزە بىلەن چامغۇرنى قىزىپ، تاغارلارغا قاچىلىغان «گۇناھ-كار»لار ئالدىغا قويۇلغان چامغۇر قايىنىقىنى ئىچىشكىمۇ رايى بارماي، «ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىغا چۇشكەننىڭ ئانىسىنى يۇز مىڭ» دەپ لەنەت ئېيتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى.

شېرىبەك سىنچى ئۆز نەيرىڭىدىن ئۆزى پىخىلداپ كۇلدى.

— نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نەيرەڭلىرى مېنىڭ نەيرەڭلىرىم ئالدىدا بىر تىيىن، — ماختاندى ئۇ خوتۇنىغا، — ئاقچىمىز يېنىمىزدا قالدى، بىر سىيىرنىڭ پۇلىمۇ. ئەگەر بۇ لەتىپە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا يەتسە بارغۇ، شەھەرنى تاشلاپ بېرىدۇ.

خوتۇن كۇلمىدى، چۇنكى ئۇ ئېرىگە شېرىك بولغىنىدىن پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

— بۇ ئىشنى يامان قىلدىڭىز، ئايشەجان، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ، — ئۆزىنى ئىشقا سالغىنىڭىز يەتمىگەندەك يېنىدىكى پۇلىنىمۇ ئېلىپ قالغىنىڭىز يامان بولدى. ئۆزگىنىڭ رىسقى هامان تىشىپ چىقىدۇ.

— ئەگەر ئۆزگىنىڭ رىسقى تىشىپ چىقىدىغان ئىش بولسا، قازىنىڭ قارنى ئالىلىقاچان ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كېتەتتى، خوتۇن! ئەنە، دېۋىدەك يۇرۇپتىغۇ. قورقما، تىشىپ چىقمايدۇ. سەنمۇ بىلمەيسەن، بەلكىم، بۇ ئاقچىلارنى ئوغرىلاشقاندۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ بولغان بولسا، جېنىنى تىكىپ بولسىمۇ تارتىۋېلىشاتتى. بوشاڭ مەدىكارلار ئىكەن.

— بەرىبىر كۆڭلۈم يېرىم.

— خوتۇنلارنىڭغۇ زادى ئىچى تار، — دېدى سىنچى ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىلەر بىلەن ئىش قىلىپ، كېيىن قېچىش كېرەك. كۆڭلۈڭنى كەڭ قىل. مەن بېرىپ، هاجى تەمبەل بىلەن گەپلىشەي، سەۋزە بىلەن چامغۇرنى كۆتىرە ئېلىپ، باققاللىق دۇكىنىدا ساتسۇن...

خوتۇن خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي،

رومالىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ پۇچۇلاندى. شىربەك سىنچى گەۋدە-سىگە ياراشمايدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن دىكىكاڭلاپ، زوق ـ شوققا تولغان ھالدا كوچىغا چىقتى.

خوتۇن ئۆيدە ئۆزىنىڭ يىغىدا ئۆزى قورۇلۇپ، دەردىنى كىمگە ئېيتىشنى بىلمەي ئامالسىز تۇرۇپ قالدى. يىغىپ قويۇلغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان تۇگۈن ئۇنىڭ كۆزىگە ئوتتەك كۆرۈندى. ئەگەر ئۇنى تۇتسا، قولىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى. كۆزدىن نېرى تۇرسۇن دەپ ئۇنى كۆرپىنىڭ قېتىغا تىقىپ قويدى. شەيتان يولدىن ئازدۇردى ـ دە! ھەي، گۇمراھ ئەر! ئۆزىگە قوشۇپ خوتۇنىنىمۇ دوزاخ ئىشىكىگە روبىرو قىلدىيا!

ھارۋىنىڭ غىچىرلىشى ۋە ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خوتۇن تۇرغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھاجى تەمبەلنىڭ يىگىتلىرى تاغارلاغا قاچىلانغان سەۋزە ۋە چامغۇرنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىشتى. سىنچى بەلبېغىدىن ھەميان ئېلىپ، خوتۇنىنىڭ قولاق تۈۋىگە ئەكىلىپ جىرىڭلاتتى.

— پۇلنىڭ جىرىڭى ئادەمنى ئەللەيلەيدۇ ـ ھە؟ — دېدى ئۆزد-ىنىڭمۇ قۇلىقىغا بۇ تاۋۇش خۇش يېقىپ، — ھاجى تەمبەل ھەممىنى كۆتۈرەگە ئالدى. بەرىكەت تاپسۇن، يۈكۈمنى خېلى يەڭگىللەتتى. ئاله خوتۇن، بۇنى يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئەڭ پىنھان يېرىگە تىق!

خوتۇن ھەميانىنى كۆرپىنىڭ قېتىغا تىقىپ قويدى...

كومۇشرەڭ لىگەندەك قۇياش شوڭغۇپ شامال باغ تەرەپتىن نەم تۇپراقنىڭ ھىدىنى گۈپپىدە ئۆيگە ئېلىپ كىردى. دەل شۇ چاغدا قەيەردىندۇر خورازنىڭ بوغۇق چىللىشى ئاڭلاندى. بۇ جانىۋارنىڭ سەھەردە چىللىغىنى ياخشى بولسىمۇ، بىمەھەل چىللىشىنىڭ ئالامىتى ياخشىلىق ئەمەس ئىدى. خوتۇنىنىڭ يۈزلىرى پۈرۈشۈپ، «بىمەھەلدە چىللاپ كەتكىنىنى... ئۆلەرسەن!» دەپ قارغىدى. شىربەك سىنچىمۇ بىر نەرسىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى.

كەچلىك شويلىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ بېشى

ئاغرىدى، جىنچىراقنىڭ پىلىكىنى پەسلىتىپ، ياستۇققا بېشىنى قويىدى. شىرىبەك سىنچى دەرۋازىنىڭ تاقىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئۇمۇ يوتقانىنىڭ ئاستىغا كىردى. ئاندىن ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. چۈنكى، ئۇ ئەتە چايخانىغا بېرىپ، بۈگۈنكى لەتىپىنى ھەممىگە ئېيتسا، بۇنى ئاڭلاپ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى.

سىنچى بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆرۈلدى، كېيىن پۈشۈلداپ نەپەس ئالدى، ئاخىر خورەك تارتىشقا چۈشتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ خورىكى جىممىپ قالدى. ئەمما ئېغىزىدىن ھەرخىل قالايمىقان ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، سىنچىنىڭ چۈشىگە سەۋزە ياكى چامغۇر ئەمەس، ئات كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى سىلكىپ قويۇشىدىن خۇددى ئاتتا كېتىۋاتقاندەك ئىدى. چۈش تۈۋەندىكىچە باشلاندى: چوڭ ۋە راۋان يول، ئېھتىمال، بۇ بوخارا بىلەن قاراكۆل ئارىلىقىدىكى يول بولسا كېرەك. يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۈگىمەس ئۆركىشىدەك ئېگىز ـ پاكار تېرەكلەر شامال بىلەن ئويىنىشىپ، ئۇسۇلغا چۈشمەكتە. سىنچى شۇ يول بىلەن پىيادە كېتىۋاتقۇدەكمىش. تۇيۇقسىز ئالدىدىن ئىگەر ـ جابدۇقلىرى تىللادىن، ئۆزى ئاپئاق بىر چىرايلىق ئات چىقىپ قالغۇدەك. «ئاھ، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا! ـــ دېگۇدەك سىنچى ھەيران بولۇپ، ـــ مانا تىللالىق ئات! بۇ تەقدىرنىڭ ماڭا قىلغان ھەدىيەسىمۇ؟ ياق، جىن ـ ئالۋاستى بولمىسۇن يەنە!...» ئۇ ئاتنى ئەگىپ ئۆتمەكچى بولغاندا، ئات ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تىلغا كىرگۇدەك: «مىنىۋال!» «ئادەم چۈشىدە ئاتقا مىنسە، ئامىتى كېلىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى سىنچى. ئۇ تىللا ئۈزەڭگىگە سول پۇتىنى قويۇپ، ئوڭ پۇتىنى ئىگەردىن ئاشۇرۇپ ئاتقا مىنەرمىش ۋە ئات قانات چىقىرىپ ئاسمانۇ پەلەككە قاراپ يەلدەك ئۇچارمىش. ھېلىمۇ ياخشى تىزگىننى چىڭ تۇتۇپ، ئاتنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋالغانىكەن، بولمىسا ئالدىدىن ئۇرۇۋاتقان

شامالنىڭ كۆچىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ پەسكە قاراشتىن قورقارمىش، چۈنكى پەستە يەر يوق، ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرگىدەك. باش ئۈستىدە قول ئۇزاتسا يېتىدىغان سانسىز چوڭ ـ كىچىك يۇلتۇزلار سېرىق، ئاق، قىزىل ئۇچقۇنلارنى چاقنىتىپ تۇرارمىش. ئۇنى ھەيران قالدۇر ـ غىنى، بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە يول بارلىقى ئىمىش. يولنىڭ ئىككى چېتىدە دەرەخلەر ھاۋادا مۇئەللىق تۇرار، ھۆل ـ ھۆل پىشقان ئالمىلار مارجاندەك ئېسىلىپ تۇرغانمىش (ھەئە، بۇ دېگەن چۈشتە، چۈشتە دەرەخ تەتۈر ئۆسۈشىمۇ مۇمكىن). بۇ ئالمىلارنى تېرىپ، بازاردا ساتسا، بايلىققا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ كىشى. سىنچىنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن سوقۇپ، ئاتنى توختاتقۇدەك ۋە تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغۇدەك: ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمىگىدەك. ئالمىدىن بىر دانە ئۈزۈشى بىلەن تەڭ شاختىكى ئالمىلارنىڭ ھەممىسى دەرەخ تېگىگە گۈرۈلدەپ تۆكۈلگىدەك. قولىدىكى ئالمىنى چىشلەيمەن دەپ تۇرغاندا، قارشىسىدا ئاپئاق يەكتەك كىيگەن، بېشىدا چوڭ ئاق سەللە، قولىدا ئۇزۇن ھاسا تاياق بار بىر چال پەيدا بولغىدەك.

ــــ كەلدىڭمۇ، بوتام؟ ـــ دەپ سورىغىدەك چال غەيرىي ئاۋاز بىلەن. چالنىڭ ئاغزى قىمىرلىمىسىمۇ، ئاۋازى ئېنىق ئاڭلانغۇدەك، ـــ ئالمىلىرىڭ پىشىپ كەتتى، قاچان تېرىۋالىسەن، قاچان بازاردا ساتىسەن؟

ـــ سىز كىم بولىسىز، ئاتا؟ ـــ دەپ سورىغىدەك شېرىبەك سىنچى كۆزلىرى چاقناپ.

ـــ نەسىردىن ئەپەندى بولىمەن، مۇشۇ باغنىڭ قاراۋۇلى، يەنى سېنىڭ خىزمەتكارىڭ. نەچچە كۈندىن بېرى يولۇڭغا كۆز تىكىپ ئۆتتۇم، دېرىكىڭ يوق؟ قەيەرلەردە لەيلەپ يۈردۈڭ؟

ـــ خېلى بولدى كۆرۈنمىدىڭىز، تىرىكمۇسىز؟

— تىرىكمەن، كىم ساڭا مېنى ئۆلدى دېدى؟ ئۆزۈڭ نېمىشقا بۇنچە ھايال بولۇپ قالدىڭ؟

— تىرىكچىلىكنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرىمىز. مانا كەلدىمغۇ، ئاتا، — دېگىنىدەك سىنچى ئاتىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ، — سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز، نېمە غېمىم بار؟ بۇ ئالىملارنى سېتىشقا ئۇلگۇرەلـ مىسەم، قاق قىلىمەن... ھە راست، قەدىردان دوستىڭىز قېنى؟

— قايسى دوستۇمنى دەيسەن؟

— ئېشىكىڭىز يوق، قەيەردە قالدى؟

— ئۆلدى، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى بېشىنى سىلىپ، — چىن دوست ئىدى.

— مېھرىبان دوستىڭىز ئىدى، ئۇنىڭسىز قىينىلىپ قالماـ دىڭىزمۇ؟

— سەن بارغۇ، نېمىشقا قىينالغۇدەكمەن؟

— توغرا ئېيتىسىز، بىز بار، — دېگىنىدەك سىنچى ۋە ئاتىسىن چۈشكىنىدەك، شۇ ھامان ئۇ ئايىغى يۇقىرى، بېشى تۆۋەن بولۇپ پەسكە شۇڭغۇغىنىدەك. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ كۆرپىسىنىڭ ئۇستىدـ گە گۇسسىدە يېقىلغۇدەك. ئۇ پەسكە شۇڭغۇۋاتقاندا، كۆزىنى يۇمۇپ: «ھازىر يەرگە چۈشىمەن ـ دە، سۆڭەكلىرىم پارچە ـ پارچە بولۇپ، ئۆزۈم تىرىكتەك چېچىلىپ كېتىمەن» دەپ ئويلارمىش. ئەمما، كۆزىنى ئاچقاندا، پۈتۈن بەدىنى ساق، يۈرىكى بەدىنىنى تىترىتىپ «دۈك ـ دۈك» ئۇرۇپ تۇرغىنىدەك، تېنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە پاتقان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يېتىۋاتارمىش. سىنچى جەينىكى بىلەن دېيىنىپ، بەدىنىنى ئازراق كۆتۈرۈپ، جىنچىدـ راقنىڭ بىر خىلدا لىپىلداپ يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. خوتۇنى ھېلىمۇ ئۇھسىناتتى، تاشقىرى بولسا قاراڭغۇ ئىدى. «شۇنچە ئېگىزدىن يېقىلدىم، بېلىم سۇنغان بولسا كېرەك» دەپ بېلىنى ئۇۋۇلىغىنىدەك سىنچى، لېكىن ھېچقانداق ئاغرىقنى سەزمىگىنىدەك. «خۇداغا شۈكۈر، بېلىم سۇنماپتۇ» دەرمىش ئۇ پىچىرلاپ. ئاندىن

يەنە بىشىنى ياستۇققا تاشلىماقچى بولغاندا، تاشقىرىدىن ئۈزۈك - ئۈزۈك تاۋۇشلار ئاڭلانغىدەك.

سىنچى بۇ تاۋۇشلارنىڭ قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ دېمىنى يۇتۇپ تۇرغىدەك، ئەمما ھېچنەرسىنى ئاڭلىيالماسمىش. كېيىن چۈشىدە (ئوڭىدىمۇ) كۆرگەنلىرىنى، مىنگەن ئېتىنىڭ رەڭگىنى، ھۆل - ھۆل پىشقان ئالمىلارنى، قاراۋۇل چالنىڭ گېپىنى ئەسلىگىدەك، ئەمما كۆز ئالدىغا ئېنىق كەلتۈرەلمىگۈدەك. ئاتتىن چۈشكەنلىكىنى، ئەگەر چۈشمىگەن بولسا، تۇگمەس دۆلەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ ئەپسۇسلىنارمىش، چوڭقۇر خۇرسىنغىدەك. «ئالدىرىما سىنچى، ئالدىرىما، — دەپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ئۇ، — قاراۋۇل چال ئۆزىنى نەسىردىن ئەپەندى دەپ چۈشەندۇردىمۇ ياكى خىزمەتكارىڭمىز دېدىمۇ؟ قىزىق، ئاسمان - پەلەكتە ئۇ نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۆزىمۇ ياكى روھىمۇ؟ ئۇ تەرەپلەردە پەقەت روھلارلا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. دېمەك، پەرىي چەپەنى ئۇنى بىرياقلىق قىپتۇ - دە!»

سىنچى خىيال بىلەن ئايۋانغا چىقتى. كۆكتىكى ئاي قىبلىگە ئېغىپ، تاڭ ئاقىرىشقا باشلاپتۇ، ھېلىقى ئۈزۈك - ئۈزۈك تاۋۇشلار يىغىغا ئايلىنىپ، قوشنىسى — تۇردى مەخسۇمنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئېرىم نەيرەڭۋاز ئەمەس! ئېرىم ھېچ قاچان پارا ئالمىغان! — دەپ چۇقان سېلىۋاتاتتى مەخسۇمنىڭ قىزى ئايجامال.

— سىلەر يېڭىلىشكەن بولساڭلار كېرەك! — دەۋاتاتتى مەخسۇممۇ خىرىلدىغان ئاۋازدا، — كۈيئوغلۇم تىللا يىگىت، ئۇ نەيرەڭنى بىلمەيدۇ. نەيرەڭۋاز دەپ...

شىرىبەك سىنچى ئالدىراپ قالدى. لوكىلداپ ئۆيىگە كىردى - دە، خوتۇنىنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى تارتتى:

— تۇر، ھازىر ئۆيىمىزنى تەپتىشچى باسىدۇ! — دېدى ئالدىراپ. خوتۇن چالا ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئاچتى:

— نېمىگە ئويغاتتىڭىز، تېخى ئەتىگەنغۇ!

— تۇر دەۋاتىمەن، ھازىر ئۆيىمىزنى تىنتىشىدۇ.

— نېمە قىلىدۇ؟

— تىنتىيدۇ، دەۋاتىمەن!

— نېمىشقا تىنتىيدۇ؟

— باياتىن ئالدىمىدىن ئات چىقتى...

— ئاتنىڭ ئىگىسىنى سوراپ كېلىشىپتىمۇ؟

— قانداق ئىگىسى؟ نېمانچە تىترەيسەن، كۆزۈڭنى ئاچ! — سىنچى تېخىمۇ بەك تىترەپ كەتتى، — ئات مېنى يىقىتىپ قاچتى.

— ئات قاچقان بولسا، سىز نېمىشقا قورقىسىز؟

— مەن ئۇنىڭدىن ئەمەس، مەدىكارلار شىكايەت قىلىشقان بولسا، ئوردا ئادەملىرى مېنى قىدىرىپ كەلدىمىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن. ھازىر ئۇلار تۇردىنىڭكىدە، نۆۋەت ھېلىلا بىزنىڭكىگە كېلىدۇ. ھېلىقىلارنىڭ تۇگۈننى ئېلىپ چىق!

— تۇگۈننى كۆمۈۋەتمەكچىمۇسىز؟

— كۆمۈشكە ئۈلگۈرمەيمىز! — دەپ قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى سىنچىنىڭ، — تۇردىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ قوياي، سەھەردە چىقىپ ئېلىۋالىمىز.

خوتۇن ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى، خاتىرجەم ھالدا يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ قېتىدىن تۇگۈن بىلەن قوشۇپ ئېرىنىڭ ھەميانىنىمۇ ئېلىپ، تامدىن قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ قويغاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن تىزلىرىنى قۇچاقلىغانچە دەرۋازىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشتى. تاڭ ئېتىپ، خورازلار چىللىغاندىمۇ، ھېچكىمدىن دېرەك بولمىدى، دەرۋازىنى بىراۋمۇ تاقىلداتمىدى.

— بىزنىڭ ھويلىغا كىرىش ئېسىدىن چىققان بولسا كېرەك، — دېدى سىنچى خوتۇنىغا، — شۇنداق بولغىنى ياخشى. سەن تاشقىرىغا چىق. كوچىغا قۇلاق سال، كېيىن ئاستاغىنە مەخسۇمنىڭكىگە كىرىپ، تۇگۈننى ئېلىپ چىق. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغاندۇ

ھەقىچان...
خوتۇن ئىتائەتكارلىق بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ھەممە-ياق تىپتىنچ. كىيىن دېرىزىدىن قوشنىسىنىڭكىگە كىردىيۇ، ھاڭ-تاڭ قالدى. سۇپىدا مەخسۇمىنىڭ خوتۇنى، قىزى ئايجامال كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ.
— ھەي، سارىخان، نېمە گەپ؟ — دېدى سىنچىنىڭ خوتۇنى سارىخان بىلەن ئايجامالغا قاراپ، — ئانا-بالا يىغلاۋېتىپسىلەرغۇ، تىنىچلىقتۇ؟
ئانا بىلەن قىز تەڭلا يەنە يىغلىشىپ كەتتى.
— ئاخشام كۈيئوغلۇمنىڭ ئۈستىدىن چېقىمچىلىق بولۇپ، كېچىدىن ئوردىنىڭ نۆكەرلىرى ئېلىپ كېتىشتى، — دېدى سارىخان ئۆز كۆكرىكىگە مۇشتلاپ، — كۆرەلمىگەنلەرنىڭ كۆزى ئېقىپ كەتكەي!
— ئۇنى چېقىپ بارىدىغان نېمە گۇناھى بار ئىكەن، قوشنام؟
— نەيراڭۋاز دەپتۇ، ئادەملەرگە كۈن بەرمەيدۇ دەپتۇ، — دېدى ئايجامال ئانىسىدىن بەتتەر يىغلاپ، — تاپقانلىرىڭنى چىقىرىسىپ بەر، دەپ ئۆيىمىزنى تىنتتى.
— بىرەر نېمە تاپتىمۇ؟
ئايجامال يىغلاپ كەتتى:
— بىرسى ئەنە ئۇ يەردىن، — دېدى ئۇ ھويلا ئوتتۇرىدىكى گۈلزارغا ئىشارە قىلىپ، — تۇگۈنچە بىلەن ھەميان تېپىۋالدى. تۆرەم «مېنىڭكى ئەمەس» دەپ قانچە زارلىسىمۇ ئەسقاتمىدى! قوللىرىنى باغلاپ، قويدەك يېتىلەپ كەتتى. ۋاي ئېسىت، پالۋا-نىمدىن ئايرىلدىمغۇ!
— بۇمۇ يەتمىگەندەك، «سەنمۇ شېرىك» دەپ دادىسىنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى، قوشنام، — دېدى سارىخان بېشىنى تەۋرەتكەن ھالدا يىغلاپ، — سايىبانىمدىن ئايرىلدىمغۇ!... قايسى ئۆيلۈك كۆيگۈر ھويلىمىزغا تۇگۈن بىلەن ھەميان تاشلاپ كەتكەن

بولغىيتتى؟ تاشلاپ كەتكۈچىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرمىسەم، رازى ئەمەسمەن! قوللىرى سۇنۇپ كەتكەي، ئىلاھىم!...

سىنچىنىڭ خوتۇنى مەخسۇمنىڭكىدىن مۇزدەك مۇزلاپ چىقتى ـ دە، هويلىدا سارائدەك پىرقىراپ ئايلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ـــ ئۆزى كەلدى يار ـ يار، ئۆزى كەتتى يار ـ يار!

ئۇ ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك چاۋاك چالاتتى، ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلەتتى. خوتۇنىنىڭ ناخشىسى ۋە ئۇسسۇلىغا مەھلىيا بولغان سىنچى هېلىمۇ چۈش كۆرۈۋاتىمەن، دەپ ئويلىدىمۇ، بىردىن چۆچۈپ كەتتى.

ـــ ئەي خوتۇن، چۈش كۆردۈڭمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

ـــ چۈش؟ قانداق چۈش؟ ـــ دېدى خوتۇن تەئەججۇپلىنىپ، ـــ كۆزى ئوچۇق كىشىمۇ چۈش كۆرەمدۇ؟

ـــ چۈش كۆرمىگەن بولساڭ، تۇگۇنچە قېنى؟

ـــ كەتتى ـ يا!

ـــ قەيەرگە كەتتى؟ هوشۇڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟ ئويلاپ گەپ قىلمامسەن؟

ـــ جايىدا، لېكىن تۇگۇنچە جايىدا ئەمەس! كېچىدىكى تىنتقۇچىلار ئېلىپ كېتىشىپتۇ!

ـــ ئېلىپ كېتىشىپتۇ؟! ـــ دېدى سىنچى ۋە تۇرغان يېرىدە تاشتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. قۇلىقىغا باشقا گەپ كىرمىدى. ئىشىنىڭ بۇ قەدەر تەتۈرگە كېتىشىنى كۈتمىگەن، ھەتتا ئويلىمىغان سىنچىنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ، تۈۋىدىن كېسىلگەن تېرەكتەك يانغا غۇلىدى.

# ئونتۇز ئىككىنچى باب

## توزاق

كۆك يەكتەك كىيگەن سەللىلىك ئادەم تورۇق ئېتىنى يورغىلىتىپ چوڭ جامە تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان زامانئەلى ۋەلى مىرشاپقا:

— كىم قازا قىلغاندۇ؟ — دېدى ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، — جىنازا نامىزىغا خەۋەر قىلىپ مېڭىپتۇ.

— ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!

— سەل غەمكىن تۇرىسىز، ۋەلى ئاكا، ئۆيدىكىلەر تىنچلىقمۇ؟

— دەلىنىڭ ئاخشامقى ئىشى كۆڭلۇمگە خىجىللىق سېلىپ تۇرىدۇ، — دېدى ۋەلى مىرشاب كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، — غاپپار ئاتالىقنىڭ جىيەنى بىلەن ئۆچەكىشىپ، ئۆزىگە غەلۋە كۆپەيتىۋالدى.

— ئاتالىقنىڭ جىيەنى كىم ئىدى؟

— ئۇچ - تۆت گۇماشتىسى بىلەن بۇ تەرىپى ھاجىتەرخانغا، ئۇ يېقى ھىندىستانغا مال ئاپىرىپ، مال ئەكەلدۇرۇپ ساتىدىغان كارچەلان. دەلى بىلمەستىن ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىدىن بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ قاپتۇ. ئاتالىقنىڭ جىيەنى ئۆكتەملىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ قىلىدىغانلاردىن. ئۇ «خەپ سېنى!» دەپ كەتتى. بۇگۈن سەھەردە ھويلىسىغا كىرىپ ئۆتەي دېگەنىدىم، قورقتۇم. قازى جانابلىرىغا ئېيتسام، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئاچچىقىدىن ياندۇرارمىكىن؟ ئۇن - يىگىرمە تىللا كەتسىمۇ مەيلى ئىدى، قانداق دېيىم، زامانئەلى؟

— بىلمىدىم ئەمدى، ئېيتىپ كۆرۈڭ قېنى، كارنايچىدىن يەل كېتەر.

— قاياققا كېتمۋاتىمىز ھازىر؟

— سەپەر شاھىچىنىڭ چايخانىسىغا.

— تېخى پېشىن بولماستا، چايخانىدا نىمە بار؟

— بىلمىدىم، قازى جانابلىرى «شۇ يەرگە ئۆتۈڭلار» دېدى. ھازىر ئۆزىمۇ شۇ يەردىمىكىن.

كۆك چاپانلىق ئاتلىق كىرىپ كەتكەن كوچىنىڭ ئوڭ تەرەپىگە، چايخانىغا يېقىنلاشقانسېرى زامانئەلىنىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ۋەلى مىرشاب ھەممە گەپتىن بىخەۋەر، پەقەت بۇ مېڭىشىنىڭ دەلىنىڭ ئىشى بىلەن ئالاقىسى بارمۇ ـ يوق، شۇ خىيال بىلەن بەنت.

زامانئەلى بىلەن ۋەلى مىرشاپ ئاتلىرىنى كوچا بويىدىكى ئۈجمە دەرىخىگە باغلاپ قويۇپ، چايخانىغا كىرگەندە قازى سەپەر شاھىچىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ زامانئەلى بىلەن ۋەلىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ مۇلايىملىقىنى ئۆزگەرتىپ، قاپىقىنى تۈردى.

سەپەر شاھىچى كېلىۋاتقانلارغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى، قازى «ئولتۇرىۋەر» دېگەندەك ئۇنىڭ تىزىدىن باستى. ۋەلى مىرشاب شاھىچىنىڭ سول تەرىپىدە، زامانئەلى كاردۋاتنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن قازى خاتىرجەم ھالدا:

— سەپەربايى، — دېدى قېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ، — بىمەھەل كېلىشىمىز سىزگە بىرەر گەپتىن شەپە بەرمىدىمۇ؟ — ئۇ شاھىچىنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىدى، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ تىلى يوشۇرغان دەردنى كۆزىنىڭ ئاشكارا قىلىدىغانلىقىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇڭا، شۇ تاپتىمۇ شاھىچىنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

— چاي ـ تائام ئۇچۇن كەلدىلە ـ دە! — دېدى شاھىچى. ئۇ قازىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە بىپەرۋا ۋە ئەركىن ئىدى، — خىزمىتىڭىزدىمەن، تەقسىر، نىمە بۇيرۇيدىلا؟

قازى «ھەيبارلىق قىلىۋاتقىنىغا قارا» دېگەندەك، زامانئەلىگە قاراپ قېشىنى كۆتۈرۈپ، مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزىڭىزنى بىلمەسكە سالماڭ، ئاكا! — كىنايە قىلدى قازى، — چاي ـ تائام ئۇچۇن ئىمىش تېخى!

قازىنىڭ بىردىن زەردە قىلىشى، تېرىكىشى سەپەر شاھىچىنى زەررىچە جىددىيلەشتۈرەلمىدى. ئۇ قايغۇنىمۇ، سۆيۈنۈشنىمۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن قارشى ئالىدىغان، بىراۋلاردىن بىھۇدە خاپا بولىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى.

— چاي ـ تائام بولمىسا، نىمە؟ — دەپ كۈلدى سەپەر شاھىچى. ئۇنىڭ كۈلكىسى قازىغا قەستەن جىنىغا تەگكەندەك تۇيۇلدى.

— يىغلاش ئورنىغا كۈلىدۇ يا ماۋۇ! نەسىردىن ئەپەندىنى نىمە قىلدىڭ؟ — دېدى بىردىنلا قازى سەنلەشكە ئۆتۈپ. بۇ گەپمۇ سەپەر شاھىچىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزالمىدى.

— نەسىردىن ئەپەندىنى نىمە قىپتىمەن؟ ئاخشام مۇشۇ يەردە ئىدى.

— ئاخشام دېگەن ئاخشام، بۈگۈن دېگەن بۈگۈن، شۇنداقمۇ؟ ئاخشام ھەميانىمدا يۈز تىللا بار ئىدى، بۈگۈن بولسا يوق.

— بۈگۈنمۇ كېلىدۇ، كەلمەي قەيەرگە باراتتى؟

— ئۇ ياققا بېرىش ئاسان، بۇياققا كېلىش قىيىن، — دېدى قازى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىگە ئىشارە قىلىپ.

— چۈشەنمىدىم، تەقسىر، — دېدى سەپەر شاھىچى بوغما ياقىلىق ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن كىيگەن بەقەسەم يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن كۆز جىيەكلىرىنى سۈرتۈپ قويۇپ. ئۇنىڭ بىپەرۋالىقى قازىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى، — سىز قايسى تەرەپنى ئېيتىۋاتىسىز؟

— نەسىردىن ئەپەندى كەتكەن تەرەپنى ئېيتىۋاتىمەن! — دېدى قازى قولىدىكى قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن قاڭشىرىنى قاشلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى شاھىچىغا چىنەپ، — يۈز تىللاسىنى ئالىمەن دەپ ئۇنى ئۇرۇپسەنغۇ!

— ئۆلۈمىدىن خەۋىرىم بار، بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق، تەقسىر!

— كىمنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋىرىڭ بار: ئۆزۈڭنىكىدىنمۇ ياكى نەسىردىن ئەپەندىنىڭكىدىنمۇ؟

— ئۆزۈمنىڭكىدىن، تەقسىر. ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈپتىمەنمۇ؟

— سەن بولماي، مەنمۇ؟ كۆرگەنلەر بار!

چايخانىچىنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ كەتتى. كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولغاندەك ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغانلارغا نۆۋەت بىلەن قاردى. ئاندىن قازىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ، تەزىم قىلدى:

— تەقسىر، سىزگە نالايىق گەپنى ئېيتىپتۇ. تۆھمەتچىنىڭ ئېيتقىنىغا ئىشەندىڭىزمۇ؟

— گۇۋاھچىلارنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى زامانئەلىمۇ ئاڭلىدى. شۇنداقمۇ زامانئەلى، ئېيت بۇنىڭغا!

— شۇنداق، تاغا، — دېدى زامانئەلى چايخانىچىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن مەنىلىك قاراپ قويۇپ. ۋەلى مىرشاپ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ھېلى قازىنىڭ، ھېلى شاھىچىنىڭ ئېغىزىغا تەلمۈرەتتى.

— ئەمدى نېمە دەيسەن، يەنە تانامسەن؟ — دېدى قازى قايتىدىن گەۋدىسىنى تىكلەپ، — گەپ قىل، تىلىڭنى ئۈزۈۋەتكەندەك تۇرماي!

— گېپىمگە ئىشەنمەيدىكەنسىزغۇ، تەخسىر، يەنە نېمىنى دەيمەن؟ — دېدى شاھىچى نارازى بولغان ھالدا، — مەندىن ئورۇنسىز گۇمان قىلىۋاتىسىز. گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ، دېگەن گەپ بار كونىلاردا.

— قېنى ئېيتە ئەمسە، سەن ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ، كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن گۇمانىڭ بار؟

— ھېچكىمدىن گۇمانىم يوقتۇر.

— ھېچكىمدىن گۇمانىڭ يوقتۇر، دېمەك، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۆلتۈرگەن، شۇنداقمۇ؟

سەپەر شاھىچى گەپ قىلمىدى. قازى باياتىن بېرى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئولتۇرغان ۋەلى مىرشابقا بۇيرىدى:

— باغلا قولىنى بۇنىڭ!

ۋەلى مىرشاب دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قوينىدىن پىششىق ئېشىلگەن يىپ ئېلىپ، شاھىچىنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىدى.

— مانا ئەمدى سەن بىلەن ئازادە پاراڭلىشىمىز، — دېدى قازى ئاساسلىق خەتەرنى بىرتەرەپ قىلغاندەك دېۋەيلەپ، — گۇناھىڭغا ئىقرار بولامسەن ياكى ئېغىز ئاچۇرىدىغان ئۇسۇللىرىمنى ئىشقا سالايمۇ؟ ئېيتە، نەسىردىن ئەپەندىنى ئۆلتۈرگىنىڭ راستمۇ؟

— راستىڭىزنى ئېيتىمىز، تاغا، — قازىغا خاس ئاۋازدا گەپكە قوشۇلدى زامانئەلى، — گۇۋاھچىلار بار، قېچىپ قۇتۇلالمايسىز.

— ھەي، ئىنىم، سىزمۇ ئىشەنمەيۋېتىپسىز ـ دە ماڭا؟ — دېدى شاھىچى كۆزى چەكچەيگەن ھالدا، — مەن بايىلىقنى دەپ ئەگرى يولغا ماڭارمەنمۇ؟ يا ئارقامدا قالىدىغان بىرەر مىراسخورۇم بولمىسا؟

— ئادەمنىڭ ئىچىدە شەيتان بار. ئېھتىمال، ئۇنىڭ كەينىدە يۈرگەندۇرسەن! تىللانى كۆرگەندە ئادەم ساراڭ بولىدۇ. سەنمۇ ساراڭ بولغانسەن بەلكىم! — دېدى قازى دوق قىلىپ.

— ئۇنداقتا سىز نېمىشقا ساراڭ بولمىغانسىز؟

— مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ساراڭلىقتىن ئۆتۈپ كەتكەنمەن.

— مەن بولسام ئىمانىمنى يەپ قويمىدىم.

قازى شاھىچىغا بېشىنى يېقىن ئەكىلىپ، ئۇسىكىدەك بولۇپ دېدى:

— ئەقلىڭنى يەپ قويدۇڭ!
— ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار... — دېدى تۇتقۇن زەردە بىلەن.
— خەۋىرىڭ بولسا، گەپ قىل! سەن، ئالدامچى ھىيلىگەرلىك قىلىپ، ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزۈڭنى ئاتقان. ئۇ سېنىڭ شېرىن گەپلىرىڭگە ئىشىنىپ، چۆنتىكىدىكى تىللالىرىنى كۆرسەتكەن. سېنىڭ بولسا نىيىتىڭ بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا چىققان، جەسەتنى ئەمدى بىر تەرەپ قىلىمەن دەپ تۇرغىنىڭدا ئىككى كىشى كېلىپ قالغان، ئۇلارغا كۇچۇڭ يەتمەي، ئېغىزىنى ياپماقچى بولغان، گېپىم توغرىمۇ؟.. مانا، گەپ قىلالمايسەن شۇنداق! سوكوت قىلىشىڭ ئالامىتى قوشۇلغانلىق! سەن كەلگىنىڭدىنلا نىيىتىڭ بۇزۇلغانلىقى بۇزۇق بولغان! يەنە تەكرارلايمەن: راستىنى ئېيت، ئۆلتۈرگىنىڭ راستمۇ؟
— خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ ئېيتىمەن: ئۆلتۈرمىدىم!
— ئۆلتۈردۇڭ! ماڭا ھەممىسى بەش قولدەك ئايان! — قازى ئالقىنىنى ئېچىپ، تۇتقۇننىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ قويدى، — ئۆلتۈرۈپ يەرگە كۆمدۇڭ!
تۇتقۇن زامانئەلىگە نىجاتلىق تىلىگەندەك قارىغانىدى، ئۇ يەلكىسىنى قىسىپ قويدى.
— قەسەم ئىچەيمۇ؟ — دېدى تۇتقۇن قازىغا قاراپ، — نېمە دەپ قەسەم ئىچەي؟
— سەندەكلەرنىڭ قەسىمى بىلەن ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنىڭ پەرقى نېمە؟ قەسەم ئىچەرمىش! ئۇنىڭدىن كۆرە بوينۇڭغا ئال، قەسەمنى ھارام قىلىپ نېمە قىلىسەن؟
تۇتقۇن سەۋر قىلالماي پارتلاپ كەتتى:
— بىلەمسەن، قەسەمنى ھارام قىلىدىغىنى سەن، قازى! مەن ھېچكىمنى ئۆلتۈرمىدىم! قولۇڭدىن كەلسە ئاس، ماڭا بەرىبىر!
سەپەر شاھىچىنىڭ سەنلىشى قازىنى قاتتىق ئوسال قىلدى.
— سەن... سەن... — دۇدۇقلىدى ئۇ، — گەپ ئۆگەتكەن ئۇستاڭ كىم؟! تىلىڭغا يىلاننىڭ زەھىرى سۈرتۈلگەنمۇ؟ ھازىر

ئاشۇ زەھەرلىك تىلىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن!

جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن قازى ۋەلى مىرشابقا قاراپ شۇنداق دېدى:

— گۈلزارلىققا قارا، مېيىتنى شۇ يەرگە كۆمگەن بۇ! چېپىلغان جاينىڭ بەلگىسى بولىدۇ. تاپقىنچۇ، كۆرىمىز بۇنىڭ يەنە بۇلبۇلدەك سايرىشىنى!

زامانئەلي ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچتى. بۇ «خاتىرجەم بولۇڭ» دېگەن ئىشارە ئىدى. ۋەلى مىرشاب ھاسىرىغانچە گۈللۈكنى ئايلىنىپ، چەللە تەرەپكە ئۆتتى ـ دە، تەڭگە تاپقان بالىدەك:

— تاپتىم، مانا بۇ يەرگە بىر نېمە كۆمۈلگەن، تۇپراق يېڭى! — دېدى.

قازىنىڭ دەرھال شۇ ياققا چاپقۇسى كەلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇپ، ئاچچىق بىلەن دېدى:

— بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ ئەمدىغۇ گۇناھىڭغا ئىقرار بولارسەن؟ يا يەنە تانامسەن؟... ئۇندىمەيسەنغۇ؟ دېمەك ئىقرار بوپسەن ـ دە!

قازى ھىجىيىپ قويۇپ، زامانئەلىگە يۈزلەندى:

— كۆردۈڭمۇ، ئۇندىيەلمەي قالدى! دېمەك، گۇناھىغا ئىقرار بولدى! قانداق قىلىمىز، باشلاۋېرىمىزمۇ ياكى ئوردىدىن ۋەكىل چاقىرىپ، شۇنىڭ ئالدىدا ھەل قىلايلىمۇ؟... ۋەكىل چاقىرغىنىمىز ياخشى، ئىشىمىز كۆزگە كۆرۈنىدۇ بىر ھېسابتا... سەن ئوردىغا دەرھال ئات چاپتۇر، ۋەكىل ئەۋەتسۇن...

زامانئەلى سەپەر شاھىچىغا «ئەنسىرىمەڭ» دېگەندەك قاراپ قويدى ـ دە، ئوردا تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. قازى مەھەللە گوركارى ئابدۇپەتتاھ ۋە ئۈچ ـ تۆت خالىس گۇۋاھچىلارنى يېنىدا ئېلىپ قالدى.

گۈللۈكتە چاپ ـ چاپ باشلاندى. ھەتتا مەھەللە ئىتلىرىنىڭ

بىئارامـلـىقى، ئۇياقتىـن ـ بۇياققا يۈگـۈرۈۋاتقانلـىقى چايخـانا تەرەپتـە كۆڭۈلسىز بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلـىكـىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتـ ـتى. ئادەملەرچۇ؟ ئىككى ـ ئۈچتىـن بولۇپ پىچىرلىـشاتتى، بەزىـ لىرى قىزىق ئىشتىـن قۇرۇق قالـمايلى، دېگەن كۆچلۈك ئىنتـىـ لىشنىڭ تۈرتكىسىدە كولىنىۋاتقان تەرەپكە سىلجىشتى. «نېمە ئىش بوپتۇ؟» دەيتتى كىملەردۇر ھەيران بولۇپ.

— بىلمىدىم، مەنمۇ ھازىرلا كەلدىم. ئۆزىڭىز بىلمەمسىز؟ — دەپ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بېرەتتى يەنە بىرسى.

— سەپەر شاھچىنىڭ قولىنى باغلاپ قويۇپتىغۇ؟ ئۇ نېمە ئىش قىپتۇ؟

— ئادەم ئۆلتۈرگەنمىش.

— كىمنى؟

— نەسىردىن ئەپەندىنى.

— ياقەي... ئىككىسى ئاپاق ـ چاپاق ئىدىغۇ!

— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە بولىدۇ، تاغا، — ياندا تۇرغان بىرى سۆھبەتكە قوشۇلىدۇ، — بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرگەندۇ، قولىنى بىكارغا باغلاپ قوياتتىمۇ؟

— ئەمدى ئۇنى دارغا ئاسسا كېرەك ـ ھە؟

— ئاسىدۇ، ئاسماي قويمايدۇ.

— ئېسىشتىن بۇرۇن بېشىنى ئېلىش كېرەك!

— باشسىز ئادەمنى قانداق ئاسىدۇ؟

— تەتۈر ئاسىدۇ!

— ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈش كېرەك!

— تېرىسىنى تەتۈر شىلىش كېرەك!...

شاۋقۇن ـ سۈرەن بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. ئادەملەرنىڭ كەيپىياتىغا ئوخشاش ھاۋامۇ بارا ـ بارا بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ۋەلى مىرشابنىڭ: «قازى جانابلىرى سەنلەرگە مايمۇن ئويىنىتىپ بېرىۋاـ تامدۇ؟ تارقىلىڭلار!» دېگەن دوقىغا پەرۋا قىلمىغان ئالامان ئارقىغا

چىكىنىمىدى. ئاپتاپتا سارغىيىپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن دوپپىنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە سەللە يۆگىۋالغان، قاش ـ كىرپىكلىرى چاچ ـ ساقاللىرىغىچە سېرىق، كۆزلىرى مەيۈس ئابدۇپەتتاھ گوركار ئالامانىنىڭ غەلۋە ـ غۇۋغاسىغا بىپەرۋا ھالدا كەتمەن دەستىسىگە ئېسىلىپ، تۇپراقنى قولى بىلەن تاتىلاۋاتاتتى.

يېقىنلا يەرگە كەتكەن زامانئەلىدىن ھېلىغىچە دېرەك يوق ئىدى. مەسچىتتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما بۇ يەردىكى ئادەملەر خۇددى نامازنى ئۇنۇتقاندەك بىرەرسىمۇ سىلجىمايتتى، ئەكسىچە، ئۇلار كۆپىيىپ بېرىۋاتاتتى. قازى كارىۋاتقا يانپاشلىغانچە تەسبىھ سىيرىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا كوچىدىن ئاتنىڭ گۈپۈلدەپ چاپقان ئاۋازى ئاڭلاندى. قازى سەگەكلەشتى. ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ئادەم چايخانىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، تىزگىنىنى تارتىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئالامانىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل قازىنىڭ ئالدىغا باردى. بۇ باياتىن زامانئەلى بىلەن ۋەلى مىرشاب يولدا كۆرگەن كۆك يەكتەكلىك يىگىت ئىدى. ئۇ ئېگىلىپ سالام بەردى، كېيىن مەخپىي خەۋەر يەتكۈزگەندەك قازىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. يىگىت پىچىرلىغانسېرى قازىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىدى. يىگىت قەددىنى رۇسلىغاندىن كېيىن، قازى ساقىلىنى يېنىككىنە سىيلاپ قويۇپ، مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پاتىھە ئوقىغان بولدى. يىگىت يەنە بىر قېتىم تەزىم بەجا ئەيلەپ، قانداق تېزلىكتە كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق چىقىپ كەتتى.

— سەن ھارامزادىنى دەپ بۇرادىرىمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشالمايدىغان بولدۇم مانا! — دېدى قازى سەپەر شاھچىغا ئالىيىپ.

— كىم ئۆلۈپتۇ، قازى جانابلىرى؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ۋەلى مىرشاب.

— شېرىبەك سىنچىدىن ئايرىلىپ قاپتىمىز، — دېدى قازى ۋە

ئەلەم بىلەن يەنە غودۇردى، ــــ سەن ئەبلەخنى دارغا ئاسقۇزمىسام!
ئەسلىدە قازى بۇ ئىشنى ئۆزىلا تېزلىكتە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ـ ۋەتسە ياخشى بولاتتى. ئەمما، قوشبېگىنىڭ غەزىپىدىن قورقتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىل چاقىرتتى. ئىنشائاللاھ، بۇ ئىشنى قوشبې- گىگە ياقىدۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ، مۇشۇ ئىش سەۋە- بىلىك قازىكالانلىقا كۆتۈرسە، ئەجەب ئەمەس.
پېشىندىن ئاز راق ۋاقىت ئۆتكەندە زامانئەلى ئوتتۇرا بويلۇق، كۆرۈنۈشى سېمىز بولسىمۇ، قاراشلىرى مۇلايىم، يېشى ئەللىك- لەردىن ئاشقان قازاق قىياپەتلىك بىر ۋەكىل بىلەن ئۈچ ياساۋۇلنى باشلاپ كەلدى. قازى ئالدىراپ ـ تېنەپ چوڭ قورسىقىنى چاڭگاللاپ ئورنىدىن تۇردى، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى، ئۆزى پەسكە چۈشۈپ كارىۋاتتىن ئورۇن كۆرسەتتى. ۋەكىل ئەتراپىتا تويلىشىپ تۇرغانلارغا قارىغاچ كارىۋاتقا چىقتى. ئاندىن قولى باغلاقلىق شاھىچىنى ئىشارە قىلىپ قازىدىن سورىدى:
ــــ شۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپتىمۇ؟
ــــ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۆلتۈرۈپتۇ! ــــ دېدى قازى.
ــــ تېخى كۆمۈۋېتىپتىمۇ؟ ئورنى ئېنىقمۇ؟
ــــ ئېنىق، ئېنىق! سىز كەلگىچە ئېنىقلاپ قويدۇق. ھۆرمە- تىڭىز بار ـ دە.
ــــ شۇنداقمۇ؟ ئاشۇ يەرنى ئېچىڭلار ئەمىسە!
يەر چوقۇلاپ ئۆلتۈرغان ئابدۇپەتتاھ گۆركار ئېرىنىپقىنا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، ۋەلى مىرشابقا ئەگەشتى ۋە ئۇ كۆرسەتكەن يەرنى كولاشقا باشلىدى. ئالامان گۆرىدە ئاشۇ تەرەپكە سىلجىدى. گۆركار «قەبرە» نى ئاۋايلاپ ئاچتى، «كېپەنلەنگەن مېيىت» نى چىقىرىپ تەھلىلچىلەر ئالدىغا كەلتۈردى. ئالامان ئەمدى گۆرىدە بۇ تەرەپكە يوپۇرۇلدى. ھەممە- نىڭ «مېيىت» نى كۆرگۈسى كېلەتتى، ئارقىسىدىكىلەر ئالدىدىكى- لەرنىڭ يەلكىسىگە چىقىپ كېتەي دەيتتى. قازى «مېيىت» نىڭ بەك

كىچىك ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدى. «نەسىردىن ئەپەندى شۇنچە-لىك كىچىك بولغىيمىتتى؟ يا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن شۇنداق كىچىكلەپ قالامدۇ؟»

قازى سەۋر قىلالماي گۆركارغا دېدى:

— يۈزىنى ئاچ!

گۆركار «مېيىت»نىڭ يۈزىنى ئاچقانىدى، ھەممە ئادام «ۋۇي!» دەپ سالدى. چۈنكى، كېپەنىنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ جەسىتى ئەمەس، ھايۋاننىڭ باشسىز تېنى ياتاتتى. ھەيرانلىقتا پاتقان ئالامانىنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى. قازىنىڭ غەزىپى قوزغالدى ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا تۇتقۇننىڭ ياقىسىغا چاڭ سالدى:

— بۇ نېمە؟! نەسىردىن ئەپەندى قېنى؟ ئۇنى قەيەرگە كۆمدۈڭ، ئىت ئەمگەن نائەھلى؟

— ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم، دېسەم پەرۋا قىلمىدىڭىز، — دېدى تۇتقۇن مېيىقىدا كۈلۈپ.

— ئۇنداقتا بۇ نېمە؟

— ئۆچكە.

— ئۆچكىنى نېمىشقا كۆمدۈڭ؟

— گۆش پۇراپ قالمىسۇن، دەپ نەم يەرگە كۆمگەنىدىم.

تۇتقۇننىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى، ئۆزىنى بىپەرۋا تۇتۇشى قازىنىڭ قېنىنى قىزىتىۋەتتى.

— بۇ يالغىنىڭنى پىشۇرۇپ يە! جەسەتنى ئالماشتۇرۇۋەتتىڭ چوقۇم! مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم بار! ھېلى بىكار شەرمەندەڭنى چىقىرىمەن!

— چاقىرىڭ ئاشۇ گۇۋاھچىلىرىڭىزنى! — دېدى تۇتقۇن پېتى-نى بۇزماي...

قازى ۋەكىلىنىڭ سورىغانلىرىغا مۇناسىپ جاۋاب بېرەلمىدى، گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك گەپ قىلالماي، خىجالەتتىن يۈزلىرى قىزاردى. بەلكىم، قازىغا قاراشتىن يىرگەنگەن بولسا

كىرەك، زامانئەلىمۇ بىشىنى تۆۋەن سالدى. دەل شۇ چاغدا ئالاماز-نىڭ يۈزى ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە ھەممىسى ياقا تۇتۇشتى. چۈنكى، نەسىردىن ئەپەندى قەدىردان ئىشىكنىڭ ئۈستىدە جىلمىيىپ ئولتۇراتتى.

— نەسىردىن، بۇ راست سىزمۇ ياكى ئەرۋاھىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا يىقىن تۇرغان كىشى.

— ئىشەك مىنگەن ئەرۋاھنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ — دىدى نەسىردىن ئىشەكتىن چۈشكەچ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — نىمە گەپ؟ توينى مىنىڭسىز باشلاپ بولدۇڭلارمۇ - نىمە؟

— توي ئەمەس، سىزنىڭ مىيىت نامىزىڭىزغا كەلگەندۇق.

— قىزىق، بىر كۈن بولمىسام مىيىت نامىزىمنى ئوقۇساڭلار، ئىككى كۈن بولمىسام، «يىل» نەزىرىمنى بىرىدىكەنسىلەر - دە؟ مەن تىرىك.

— نەسىردىن ئەپەندى تىرىك! ئۇ گەپ قىلدى! — خۇشاللىق بىلەن ۋارقىراپ تاشلىدى بىرسى...

نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تىرىكلىكى قازىنى ئۆلۈككە ئايلاندۇر-دى. رەڭگى ئاقاردى، قوللىرى تىترىدى:

— بۇ ئەرۋاھ! بۇ ئىبلىس!

— قانداق ئەرۋاھ، قانداق ئىبلىس ھەققىدە گەپ قىلىۋا-تىسىز، قازى؟ مەن نەسىردىن ئەپەندى، ئەرۋاھ ئەمەس، — دىدى نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭغا يىقىنلىشىپ. قازى شۇ ھامان ئىككى قولىنى ئالدىغا توسقۇن قىلىپ كەينىگە داجىدى:

— سەن دىگەن ئەرۋاھ، سەن دىگەن ئىبلىس!... يوقال! يوقال!...

نەسىردىن ئەپەندى ھىچ ئىشنى چۈشەنمەيتتى، ئادەملەر بولسا قازىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى.

— تەخسىر، — دىدى زامانئەلى قازىغا يىقىنلىشىپ، — ئۆزد-ڭىزنىڭ ھۇزۇرىنى دەپ رەئىيەتنىڭ ئۈستىدىن خالىغان ھۆكۈمد-

گىزنى ئۆتكۈزۈشكە، ئەلنىڭ لېۋىدىكى تەبەسسۇمنى سۇندۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندىڭىز! ھەممە يەرگە يېتىدىغان قولىڭىز بۇ قېتىم كالتىلىق قىلدى، مەقسىتىڭىزگە يېتەلمىدىڭىز! ئادالەت غالىب كەلدى! مانا، نەسىردىن ئەپەندى سالامەت، ئۇنىڭ خۇشال كۈلكىسى بۇخارادا داۋاملىق جاراڭلىغاي! نىيىتىڭىز، نەيرەڭلىرىڭىز بىلەن كۈلكىنى يوقاتماقچى ئىدىڭىز، ئەپسۇسكى، ئۆزىڭىز كۈلكىگە قالدىڭىز! نەسىردىن ئەپەندىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدىڭىز، ئەپسۇس-كى، ئۆزىڭىز تىرىك مۇردىغا ئايلاندىڭىز. بىراۋغا ئورا كولىساڭ، ئاشۇ ئورىغا ئۆزۈڭ چۈشىسەن، دېگەن توغرا گەپ ئىكەن. قوتاندىكى ئۆچكە پەقەت سىزدەك رىياكارلارغا قويۇلغان يەمچۈك ئىدى. يەمچۈك ئۇمىدىدە كېلىپ، تۇزاققا چۈشتىڭىز ... قازى جانابلىرى، سىز نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا تىك قاريالمايسىز، چۈنكى سىز پەقەت بىر كۆلەڭگە، نەسىردىن ئەپەندى بولسا چاقنىغان قۇياش! ئەنە شۇ قۇياشنىڭ يۈزىنى ياپماقچى بولغانىدىڭىز، ھەممىنى زۇلمەتكە چۆمكىمەكچى ئىدىڭىز، بۇلار خام خىيالغا ئايلاندى...

قازىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى پاش بولدى. «ساندۇق ۋەقەسى»نى ئاڭلاپ، بېشى كۆكرىكىگە ساڭگىلاپ قالدى. بىر ھازا شۇ ھالەتتە خىرىلداپ ئولتۇردى ـ دە، كېيىن يەلكىسى سىلكىنىپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۇنى يىغلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. بىراق، قازى كۈلۈۋا-تاتتى. چۈنكى، ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغانىدى.

※ ※ ※

يىلاننىڭ بېشى يانچىلدى، سىر ئېچىلدى. ئەتىسى قازىكالان ئوردىغا چاقىرىلىپ، سوراق قىلىندى. ئۇنىڭ ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن يىغىلىشقا قاتناشقانلار جازاغا تارتىلدى.

شەھەر قازىسىنىڭ ئورنى بوشاپ قالدى.

ـــ نامازخان تۆرە شۇنداق بولدى. ئەمدى قازىلىق ئىشلىرىنى كىم بېجىرىدۇ، مولла خۇسامىددىن؟ ـــ دەپ مەسلىھەت سالدى

قۇشبېگى ئۇدۇلىدا ئۆچكە ساقىلىنى سىيلاپ ئولتۇرغان ياردەمچىدىنگە، — ئويلىغىنىڭىز بارمۇ؟

— بار، — دېدى ياردەمچى، — ئېيتسام، سىز قانداق قارايسىزكىن؟

— ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياققان كىشى يامان بولماس.

— قازىنىڭ زامانئەلى ئىسىملىك بىر مۇلازىمى باردۇر، ئۇ زېھنى ئۆتكۈر، پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈدىغان يىگىتتەك قىلىدۇ. ھەربىر سۆزلىرى مەنالىق، تەدبىر ئىشلىرىدا دۇرۇس ئىكەن.

— مەكتەپ كۆرگەنمۇ؟

— مەدرىسەدە ئوقۇغان، پېقىتىن ساۋادى بار، ئۈچ يىلدىن بېرى نامازخان تۆرىگە مۇلازىم بولدى.

— ئۇنداقتا چاقىرىڭ! سىناپ باقاي، توغرا تاپساق ئىشقا قويۇرمىز، موللا.

موللا خۇسامىددىن قۇشبېگىگە ياردەمچى ئورنىدا بولۇپ، پەم - پاراستى، ئۆزىنى تۇتۇشى، ئەدەپ - ئەخلاقى بىلەن قۇشبېگىگە ياققان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھېكمەتلىك گەپلىرىنى، دانا مەسلىھەتلىرىنى قۇشبېگى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلايتتى، ئۇنىڭغا كاتتا ئېتىبار بېرەتتى.

— شۇ يىگىتنى ھۇزۇرىڭىزغا ھازىر قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي ئەمىسە، — دېدى موللا خۇسامىددىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇشبېگىگە تەزىم قىلغاچ.

ئۇ سىرتقا چىقىپلا چاپارمەننى شەھەر قازىخانىسىغا ماڭدۇردى.

زامانئەلى چاپارمەن بىلەن كېلىپ، موللا خۇسامىددىن بىلەن كۆرۈشتى.

— ئىنىم، سىزنى بىر نىيەت بىلەن بۇيەرگە چاقىردۇق، — دېدى موللا خۇسامىددىن زامانئەلى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن مۇددىئاغا ئۆتۈپ.

— نىيىتىڭىزگە يەتكەيسىز، تەخسىر! — دېدى زامانئەلى ئەدەپ

يۈزىسىدىن تەزىم قىلىپ، — ياخشى كىشىلەرنىڭ نىيىتى تېز ئىجابەت بولغاي.

— ئىنشائاللا! نىيىتىمىز سىزنىڭ بەخت - سائادىتىڭىزدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسى ئۇشبۇدۇر: سىزنى قازىلىق ماقامىغا لايىق كۆرمەكتىمىز، قانداق دەيسىز؟

زامانئەلى دۇدۇقلاپ قالدى:

— تېخى... تېخى خامدۇرمەن، تەخسىر!

— كەمتەرلىك قىلماڭ، زامانئەلى، — دېدى موللا خۇسا - مىددىن پېشانىسىنى قاشلاپ، — تەدبىرىڭىزنى كۆردۈم، ماڭا ياقتى.

— تەخسىر، مەن تەدبىرنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ هاياتى ئۈچۈن قوللاندىم.

— بىلىمەن، ئىنىم. قازىلارنىڭ ئىشى رەئىيەتنى قورقۇتماق ئەمەس، ئۇلارنى هىمايە قىلماقتۇر. سىز ئۆز بۇرچىڭىزنى ئادا قىلدىڭىز. يەنە بىر گەپ: قۇشبېگى جانابلىرى بىلەن سىز توغرۇ - لۇق گەپلىشىپ قويغانمىز، قاچالمايسىز!

زامانئەلى «قاچالمىدى». ئىچكىرىدىن تون كىيىپ چىققىنىدا سالامخانىدىكىلەر ئۇنى مۇبارەكلەشتى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇشبېگىنىڭ هۇزۇرىدىن چىققان موللا خۇسامىددىن:

— قازىلىق يارلىقى مۇبارەك! — دېۋىدى، زامانئەلى هاياجاندىنىپ كەتتى...

زامانئەلىنىڭ قازىلىق يارلىقى ئالغانلىقى هەققىدىكى خەۋەر سەپەر شاھچىنىڭ چايخانىسىغا ئۆزىدىن بۇرۇن يېتىپ باردى.

— سىزنى كۆرگەن كۆزلىرىمدىن ئايلىناي! — دېدى نەسىر - دىن ئەپەندى زامانئەلىنى باغرىغا بېسىپ، — قازىلىق يارلىقى مۇبارەك بولسۇن! مېنىڭ ئامان قالغان جېنىم ئەمدى سىزگە سەدد - قە! بۇخارا ئەهلى سىزدىن رازى بولغاي. مۇستاپا دېهقانىنىڭمۇ پېشا - نىسى ئوڭ ئىكەن، خۇدايىم ئۇنىڭغا شۇنداق ئەقىللىك كۈيئو - غۇلنى ئاتا قىلدى. ئەمدى ئويناپدىغىنىمىز توي!

# ئونتۆز ئۈچىنچى باب

## توي

كۈزنىڭ مول ھوسۇللۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بۇخارائى شەرىپنىڭ كوزىچى قىشلىقىدا توي باشلاندى. توي — ياخشىلىق، توي — خۇشاللىق، توي — بىرلىك، ئىناقلىق.

بۇرۇن ئېيتقىنىمىزدەك، كوزىچى قىشلىقى شەھەردىن بىرنەچچە چاقىرىملا يىراق بولۇپ، قارىسا، شەھەردىكى چوڭ جامەنىڭ مۇنارىنىڭ بېلى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ قىشلاقنىڭ ھاۋاسى ساپ، باغ – ۋارانلىرى قويۇق بولۇپ، ئوتتۇرىدىن بىر ئۆستەڭ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. كۆكلەم مەزگىلىدە سەل سىرتتىن قارىسىڭىز، بۇ قىشلاق بەئەينى گۈلدەستىگە ئوخشايدۇ. ئاخشاملىرى جانغا راھەت، كۈندۈزلىرى جانغا دەرمان. ئادەملىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كۈزدە باغلىرىدىكى سەرخىل مېۋىلەرنى شەھەر بازىرىدا سېتىپ، ئائىلىسىنىڭ چىقىمىنى قامدىشىدۇ. قىشلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر يۇمىلاق كۆل بولۇپ، ئەتراپى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان سالقىن جاي. ئاشۇ جايدا مەسچىت، مەسچىتكە يانداش قاسساپ دۇكىنى، ئۇنىڭ يېنىدا شاكىر توكۇرنىڭ كىچىكرەك ساتىراشخانىسى بار. شاكىر توكۇر بېلىدىن يۇقىرىسى ئىنچىكىلىشىپ كەتكەن، تاغار قورساق، مۇلايىم كۆرۈنۈشتىكى كىشى — ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىنى ياخشى بىلىدۇ: ھاۋا ئۆزگەرسە پاچىقى ئاغرىيدۇ، ھاۋا ئېچىلسا ئاغرىق پۈتۈنلەي توختايدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن:

— پاچاقىنىڭ مىجەزى قانداق؟ — دەپ ھاۋانى سورايدۇ. ئۇ

بولسا:

— يامغۇر ياغىمەن دەپ تۇرۇپتۇ، — دەيدۇ ئاقساق پۈتىنى سىلاپ...

تۆت يولنىڭ كېسىشمىسىدىن ئازراقلا ماڭسا چايخانىغا بارغىلى بولىدۇ. چايخانىنىڭ ئارقىسىدا كەڭ كەتكەن ئوچۇقچىلىق بار. دەل شۇ ئوچۇقچىلىقتا ئىلگىرىكى زاماندا كۆلالچىلىق خۇمدانلىرى بولغان، دېيىشىدۇ. شۇ يەردىكى خۇمدانلاردا تەييارلانغان ئىدىش - تاۋاق ۋە كوزىلار مۇستەھكەملىكى بىلەن نام چىقارغان ئىكەن. ئوردىدىمۇ شۇ يەردە ياسالغان بۇيۇملاردىن پايدىلىنىشقان، دېگەن تەخمىنلەر بار. خۇمدانلاردىن چىققان كوزىلاردا تومۇز كۈنلىرىمۇ سۇ مۇزدەك تۇراتتىكەن. قىشلاقنىڭ نامى شۇ سەۋەبلىك «كوزىچى» دەپ ئاتالغان دېيىلىدۇ. چايخانىدىن قىبلىگە قاراپ ماڭسا، بىر كوچا بار، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لايسۇۋاق تاملىق پەس ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۆگزىگە چىققان ئۆچكىنى قوغلىسا، يەرگە چۈشمەي يۇرتنىڭ ئايىغىغىچە كېتىۋېلەيدىكەن.

مانا شۇ كوچىدىكى بالىخانىسى بار دالانلىق ھويلىنىڭ تەنە-باينىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. مۇستاپا دېھقاننىڭ ئۇنىڭغا قوشنا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىسىز. يۈز تىللا ماجىراسى دەل شۇ ھويلىدا سادىر بولغان. قىشلاق ئەھلى ناھايىتى ئۆم بولۇپ، توي - مەرىكىلەردە بىر - بىرىگە يېپىشىپ، بىر ئائىلىدەك ئۆتۈشىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز قاراڭ، بۈگۈن قىشلاق ئەھلىنىڭ ھەممىسى مۇستاپا دېھقاننىڭكىدە جەم بولۇپ، ئالدىراش بولۇپ كەتكەن. خوتۇن - بالىلار ئىچكىرىدە، ئەرلەر تاشقىرىدا باشلانغان. چوڭ ياغاچ كارىۋاتتا سازەندىلەر چالغۇلىرىنى، كانايچى بىلەن سۇنايچى نەپىسىنى سازلاپ، توي‌بېشىنىڭ ئىشارىسىنى كۈتۈپ، كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە ئولتۇرۇشماقتا.

يىگىت تەرەپنىڭ تالڭ سەھەردە ۋەردانزىدىن يولغا چىققان مېھمانلىرى پېشىنگە ئاز قالغاندا يېتىپ كېلىدۇ. كوچىنىڭ بېشىدا سۆيۈنچە ئېلىش ئۈچۈن كۈيۈئوغۇلنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان باللار يىراقتىن مېھمانلار كۆرۈنۈشى بىلەن ئۆلارنىڭ ئالدىغا قاراپ چېپىشىدۇ.

كېلىن قىز زۇلپىيزەرمۇ ئۆزگىچە ھاياجانغا چۆمۈلگەن: ئىچىدە كۈلىدۇ، تېشىدا يىغلايدۇ. ئۇچۇق كۈلسە، ئۇيات: «ئەرسىراپ قالغانىكەن ـ دە»، دېيىشىدۇ. يىغلىمىسىمۇ ئۇيات: «شۇنىڭغا تېگەلمەي يۈرگەنىكەن ـ دە» دېيىشىدۇ. قىز بالىنىڭ توي كۈنى كۈلگىنىمۇ، يىغلىغىنىمۇ خۇرسەنچىلىكىدىن. مانا، زۇلپىيزەرمۇ دوستلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلىكىدەك ئولتۇرىدۇ. قىرىق تال ئۆرۈلگەن چاچلىرى پۇتۇن بەدىنىگە يۆرگىشىپ تۇرىدۇ. پېشانىسىدە زەرلىك تاج، بوينىدا ئالتۇن زەنجىر پارقىرايدۇ، ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان جىيەكلىرىگە ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەر بېسىلغان تون بېلىنى بىر بوغۇم كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. يۈزىدىكى ھاياسىنى يۆرگەپ تۇرغان، چەتلىرىگە زەر تۇتۇلغان رومالى كېلىنلىك لىباسىغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرىدۇ.

ـــ كۈيۈئوغۇلغا مانا مۇنداق سالام قىل، ـــ دەيدۇ ئامراق دوستى زۇلەيخا، بېشىدىكى رومالىنى ئازراققىنە كۆتۈرۈپ، ئۇچ قېتىم ئېگىلىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ، ـــ كۈيۈئوغۇلمۇ ئايدەكتۇر؟ قۇچىقىدا ئېرىپ كەتسەڭ كېرەك؟

گەپ ئۈستىگە كىرگەن موماي:

ـــ ھەي ئەپتىڭ قۇرغۇر زۇلەيخا، نېمىشقا كېلىنچەكنىڭ يۈزىنى ئاچىسەن؟ ـــ دېدى زۇلەيخانىڭ بىقىنىنى چىمدىپ قويۇپ، ـــ ئۆزۈڭمۇ كۈيۈ ئوغۇل سېغىنغان ئوخشىمامسەن؟ مۇشۇ ۋات ـ ۋاتلىقىڭ ئۈچۈن خۇدايىم ساڭا بىر بەغەرەز كۈيۈئوغۇل

بەرسە ئىدى!

— بۇنىڭكىمۇ تەييار، — گەپكە قوشۇلدى باشقا دوستى، — قوشنا قىشلاقتىن.

موماي ئۇنىمۇ چىمدىۋالدى:

— هە، بوينۇڭ ئۇزۇلگۇر، هەممە بالانى بىلىسەن - هە؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئويناپ بەر، بىزمۇ تاماشا قىلايلى.

— ئويۇنۇمنى كۆرمىگەنمىدىڭىز، موما؟ قىزىڭىز نارگۇلنىڭ قىز يىغىلىشىدا ئوت چىقىرىۋەتكىنىم ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ - نېمە؟

— كۆرگىنىم ئۇچۇن دەۋاتىمەن - دە، بەرنا قىزىم، — دېدى موماي، — زۇلپىزەرنىڭ تويىدىمۇ ئوينا!

قىزلارمۇ شۇنى ئارزۇلاپ تۇرۇشقاندەك چاۋاك چېلىشتى. بەرنا ئوتتۇرىدا پىرقىراپ ئايلىنىپ، يورغىلاپ كەتتى. زۇلەيخا «يار - يار» نى باشلىغاندا، خوتۇن - بالىلارنىڭ هەممىسى هەسەل هەردىسىدەك شۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە يوپۇرۇلدى...

ئەمدى بىز قىزلارنىڭ ئويۇن - كۈلكىسىگە دەخلى قىلماي، ئۇلارنى ئىچكىرىدە قالدۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىمىز.

تاشقىرىدا ئالدىراشلىق باشلىنىپ كەتكەنىدى. مېهمان شۇنچىلىك كۆپ يىغىلغان بولۇپ، مۇستاپا دېهقان بوسۇغىدا تۇرۇپ ئۇلارنى سەممىي ئېهتىرام بىلەن «قۇللۇق، قۇللۇق» دەپ كۈتۈۋالماقتا، خىزمەت قىلىپ يۈرگەن يىگىتلەرگە پات - پات «قۇيۇق - سۇيۇقتا قاراڭلار!» دەپ تەنبىه بېرىدۇ. يىگىتلەر بولسا «خوپ بولىدۇ» دەپ داستىخان يېيىلاپ، چاينى تولۇقلاپ، مېهمانلاردىن «خىزمەت» سورىشىدۇ.

تويبېشى قىشلاق چايخانىچىسى پەرماننى شەرەتلەپ يېنىغا چاقىردى:

— شەهەردىنمۇ مېهمانلار كېلىدۇ، ئۇلارنى نەگە باشلايمىز؟ ئۇلارغا داستىخان هازىرلاپ قويدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نەچچە كىشى كېلىدۇ؟

— تۆت تاۋاقلىق ئادەم چىقسا كېرەك.
— تۆت تاۋاقلىق بولسا، سازەندىلەر ئولتۇرغان كارىۋاتقا باشلىساقمۇ بولىدۇ. قۇدىلارغا بولسا داستىخان تەييار! — دېدى پەرمان چايخانىچى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزى ئەۋرىشىم تونلۇق، بېشىغا ھاجى دوپپا كىيىۋالغان تەنەبايغا چۈشتى - دە، تويبېشىنىڭ بىقىنىغا نوقۇدى، — ھەي، باي ئاتىغا قاراڭ!
مۇستاپا دېھقان تەنەباي بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى مېھمانلارنىڭ ئارىسىغا باشلاپ بېرىپ، جاي كۆرسەتتى.
باي ئاتا بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرگەن ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ ياخشى تەرەپكە ئۆزگەردى. ھازىر ھەممە ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ. قىشلاقتىكىلەرگە ئىللىق، سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ، دېھقانلارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، گىنە - ئاداۋەت قىلمايدۇ. سۇنىمۇ ئىنساپ بىلەن تەقسىملەيدۇ. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۆيىدىن چىقماي يۈرەتتى، كېيىن نەسىردىن ئەپەندى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆزى ئېيتىپ، ئادەملەرنى كۈلدۈرىدىغان بولدى: «نەسىردىن ئەپەندىگە رەھمەت، كۆزۈمنى ئاچتى. بولمىسا، ئاخىرەتىمنى كۆيدۈرەر ئىكەنمەن» دەپتۇ ئۇ كىمگىدۇر.
— نەسىردىنمۇ كەلسە كېرەك، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى تەنەباي تويبېشىدىن.
— ئۇ كىشىسىز توي ئۆتەمدۇ؟ — دېدى مۇستاپا دېھقان.
ئەمدى بىر قۇيۇق - سۇيۇق دېگەندەك، ئوچاق بېشىغىمۇ بىر نەزەر تاشلاپ، قازانغا كۆز يۈگۈرتمىسەك، «بىزنىڭ خىزمىتىمىز خىزمەت ئەمەسمۇ» دەپ ئاشپەزلەر خاپا بولىدۇ.
ئىككى يەردىكى ئوچاقتا ئىككى داشقازان ئېسىلغان: بىرىدە شورپا قاينىسا، بىرىدە پولونىڭ سەۋزە - گۆشلىرى. تائامنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئاللىقاچان مېھمانلارنىڭ دىمىقىغا بېرىپ يەتكەن.

گاھ مېھمانلارغا، گاھ ئاش ـ ئوقەتكە قاراپ يۈرگەن پەرمان چايخانىچىنىڭ قولى ـ قولىغا تەگمەيدۇ.

— زۇلپىزەر قىزىمدەك، زامانىئەلى ئوغلۇمدەك! شۇلارغا خىزمەت قىلمىسام، كىمگە خىزمەت قىلىمەن؟ — دەيدۇ ئۇ غۇلام ئاشپەزگە. ئاشپەز «توغرا» دېگەچ كۆزىنى قازاندىن ئۈزمەيدۇ...

كوچا بېشىدىكى خەۋەرچىلەرگە جان كىردى. ئۇلارنىڭ «كۈيۈئوغۇل كەلدى، كۈيۈئوغۇل كەلدى» دېگەن توۋلاشلىرىنى ئاڭلىغان توي ئىگىلىرى تېپىرلىشىپ كېتىشتى.

تاڭ سەھەردە يولغا چىققان قۇدىلار ئىككى ھارۋىدا — بىرىدە ئالتە خوتۇن، يەنە بىرىدە يەتتە ئەر، يەنە ئات مىنگەن كۈيۈئوغۇل بىلەن يىگىتلەر يېتىپ كېلىشتى. تېزلا گۈلخان يېقىلىپ، ئىنس ـ جىنسلار يىراق بولسۇن، دەپ كۈيۈئوغۇلنى ئوت ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇشتى. ئاندىن زەر تونلۇق، ئۈچى قايرىلما ئۆتۈك كىيمۇالغان، ئاق سەللىسىگە پەي قوندۇرغان كۈيۈئوغۇلنى ئىچكىرىگە باشلىدى.

بوسۇغىدىكى پاياندازغا قەدەم باسقان كۈيۈئوغۇلنىڭ يۈزىگە گۈلسۈم ئاچا ئەينەك تۇتۇپ:

— كۆرگەنلىرىڭ يورۇق كۈن بولسۇن! — دېدى. قىزلار بىلەن چىقىشىپ يۈرگەن موماي تاۋاقتىكى ئۇنغا سانچىلغان قوش شامنى يېقىپ:

— ئامبارلىرىڭ ئۇنغا، ئۆيلىرىڭ نۇرغا تولسۇن! — دېدى. بىر جۇۋان كۈيۈئوغۇلنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، چاپىنىنىڭ رەختىدىن يىڭنە ـ يىپنى ئۆتكۈزۈپ:

— بەختىڭلارغا تۇگۈن چۈشمىسۇن! — دېدى. ئۈچ ـ تۆت خوتۇن قوللىرىدىكى تاتلىق يېمەكلىكلەرنى چاچقۇ قىلىپ:

— تۇرمۇشۇڭلار تاتلىق بولسۇن! — دەپ دۇئا قىلىشتى.

مۇستاپا دېھقان بولسا بىر ئۇچۇم ئۇششاق تەڭگىنى كۈيۈئوغۇلنىڭ بېشىدىن چېچىپ:

— دۆلەتلىرىڭلار زىيادە، ئۆزۈڭلار ئۇۋۇلىق ـ جۇۋۇلىق

بولۇڭلار! — دەپ دۇئا قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆيۈئوغۇل ۋە باشقا يىگىتلەر ئالاھىدە تەييارلانغان ئۆيگە، قۇدا تەرەپتىكىلەر يەنە بىر ئۆيگە باشلىنىپ، تاماق تارتىلاي دېگەندە، ئات ھارۋا بىلەن نەسىردىن ئەپەندى، سەپەر شاھىچى، ئۇستا مەنسۇر، ئەشىم ۋە ئۇچ - تۆت بۇرادەرلەر ئۆزلىرىچە ناغرا - سۇناي چېلىشىپ كېلىشىۋېدى، تويغا تېخىمۇ قىزىقچىلىق بەخش ئەتتى.

«ئەسلىدە توي دېگەن بالىلارنىڭكى» دېيىشىدۇ ئادەملەر. بالىلار سەھەردىلا توي بولىدىغان ئۆيگە يىغىلىشىۋېلىپ، ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدا چېپىپ يۈرىشىدۇ. يېشى سەل چوڭراق قالغانلىرى سىرتتىكى ياغاچ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، توي ئەھلىنى تاماشا قىلىدۇ، بەزىلىرى كىمنىڭ قانداق تاماق يەيدىغانلىقىنى كۆزىتىدۇ ياكى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ مەسخىرە قىلىشىدۇ.

— قارا، ۋاسىم بوۋاينىڭ ئاغزىدا بىرمۇ چىشى يوق، نان كۆشىسە، بۇرنى ئىڭىكىنى سۆيىدۇ! — دەيدۇ بىر بالا بوۋاينىڭ ھەرىكىتىنى دورىغاچ خىرىلداپ كۈلۈپ.

— پايان تاغىچۇ؟ شالاپشىتىپ يەيدىكەن...

بالىلارنىڭ يەنە بەزىلىرى دادىسى ياكى ئانىسى ئوچاق بېشىدا تۇتقۇزۇپ قويغان سۆڭەك، ھالۋا ياكى بىر سىقىم - يېرىم سىقىم ئۈزۈمنى كۆرسىتىپ ماختىنىدۇ، يەنە بىرى ئاشپەزگە يېلىنىپ ئالغان ئېشىنى دوستى بىلەن تالىشىپ يەيدۇ.

— تالاشماستىن يېسەڭلەرچۇ، — دەيدۇ چوڭلاردىن بىرى بالىلارغا تەنبىھ بېرىپ، — يەپ بولساڭلار يەنە كاساڭلارغا ئۇستۇرۇپ بېرىمەن. بۇ توي سىلەرنىڭكى، ئالدىرىماي يەڭلار.

بىر ئايال كىچىك بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ھالدا چوڭراقىنى باشقا بالىلار بىلەن بىرگە ئويناشقا كۆندۈرەلمەي جىلە بولۇپ كەتكەن:

— بارە قوزام، ئاداشلىرىڭ بىلەن ئوينا، — دەيدۇ ئۇ بالىسىغا

يىلىنىپ، — ئايالنىڭ ئارىسىدا نېمە قىلىسەن؟ ئايالار «بۇ قىز بالا ئىكەن» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ بىكار سېنى!

— روشەننىڭ ئانىسى قازاندىن سۆڭەك ئېلىپ بەردى، سىزمۇ ماڭا سۆڭەك ئېلىپ بېرىڭ، ئاندىن ئاداشلىرىم بىلەن ئوينايمەن، — دەيدۇ بالا ئانىسىغا شەرت قويۇپ.

— ۋاي، ئايال كىشى تۇرۇپ ئاشپەزگە نېمە دەيمەن؟ بالامغا سۆڭەك بېرىڭلار، دەيمەنمۇ؟ ئاشپەز «بۇ بالا كۇچۇك ئىكەن ـ دە» دېمەمدۇ؟ سەن بېرىپ ئوينىغىن، سۆڭەكنى ئۆيدە غاجىلا، يەنە يانچۇقۇڭنى تولدۇرۇپ ئۈزۈم بېرىمەن. ماقۇل دەپ ئوينا.

بالا ئانىسىنىڭ ئېتىكىگە يېپىشىپ يەنە غىڭشىۋېرىدۇ. ئەمدى ياش ئانىنىڭ غەزىپى تۇتىدۇ.

— شۇنداق قىلىۋەرسەڭ، ئۆيگە كېتىمىز! تويدىن قۇرۇق قالىسەن. ئۆيگە كېتىمىزمۇ؟

— ياق، كەتمەيمىز، — دەيدۇ بالا يەرگە ئولتۇرۇۋېلىپ. دەل شۇ چاغدا ئىچكىرىدىن موماي چىقىدۇ.

— نېمە دەۋاتىدۇ بالىڭىز، قىزىم؟

— ئايالنىڭ ئالدىغا كىرىمەن، دەۋاتىدۇ، — ياش ئانا ئۇيۇلۇپقىنا جاۋاب بېرىدۇ، — ئاداشلىرىڭ بىلەن ئوينا دېسەم، ئۇنىمايۋاتىدۇ، موما.

— ئاچچىقلانماڭ بالىغا، قىزىم! — دەيدۇ موماي بالىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — ئىچكىرىگە ئەكىرىڭ، كېلىننى تاماشا قىلسۇن!

ئانا نائىلاج بالىسىنى يېتىلەپ ئىچكىرىگە كىرىدۇ. بىزمۇ بالىنىڭ نىگاھى بىلەن قىزلار سورۇنىغا نەزەر تاشلايمىز. قىزلارنىڭ گەپدىنى زۇلەيخا ئۆينى قىزىتىۋېتىپتۇ:

شايى كۆڭلەك يېڭىگە،
ئۇجمە قاقايلى، يار ـ يار.

كېلىن ـ كۆيۈئوغۇل كۆڭلىگە،
ئوت ياقايلى، يار ـ يار.

— ۋاھ، ئۆلمەڭ، زۇلەيخا! — دەيدۇ قىز ـ ئاياللار ئۇنى ئالقىشلاپ.

تاختا ـ تاختا كۆۋرۈكلەر،
تەختىڭ بولسۇن، يار ـ يار.
پەيغەمبەرنىڭ قىزىدەك،
بەختىڭ بولسۇن، يار ـ يار.

زۇلپىزەر يىغلاپ تاشلايدۇ.

— ۋاي، ئۆلەي، زۇلپىزەر، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورايدۇ ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان رەنا، — ئويناپ ـ كۈلسەڭ ـ چۇ، ئەتە خىيالىڭ كۆيۈئوغۇل تۆرە بىلەن بولۇپ، ئويناپ ـ كۈلۈشكە ۋاقتىڭ چىقامدۇ؟... زۇلەيخا، بۇنىڭغا قارا، يىغلاۋاتىدۇ.

زۇلەيخا كېلىننىڭ يىغىسىغا پەرۋا قىلمايدۇ، ناخشىسىنى ئوقۇۋېرىدۇ:

تەكچىدىكى قايچىنى،
ئەم بېسىپتۇ، يار ـ يار،
يېڭى چۈشكەن كېلىننى،
غەم بېسىپتۇ، يار ـ يار.

— مەن يىغلىغىنىم يوق، — دەيدۇ زۇلپىزەر دوق قىلغاندەك بېشىنى ئازراق كۆتۈرۈپ.

— يىغلىمىساڭ، يىغىغا ئوخشىتىپ كۈلۈۋاتامسەن؟ — دەپ سورايدۇ بەرنا.

— خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— خىجىل بولما، زۇلپى، ھەممە قىزلار سېنىڭكىدەك كۆيۈ - ئوغۇل تاپىسچۇ! — دەيدۇ ئېشىكتىن كىرگەن موماي، — كۆردۇم، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق كۆيۈئوغۇل ئىكەن. ئۆزۈم - نىڭ تەگكىم كېلىپ كەتتى... قېنى، ئەمدى قاپىقىڭنى ئېچىپ ئولتۇر، دوستلىرىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ.

قات - قات كۆرپە ئۈستىدە،
پىيالىمەن، يار - يار.
يارغا سالام بەرگىلى،
ئۈيىلىمەن، يار - يار.

زۇلپىنىزەر كۈلىدۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ.

تاشقىرىدا دۇتار نالە قىلىدۇ، غىجەك جور بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازى ئېچكىرىگىمۇ ئاڭلىنىدۇ. ئەتراپتىكىلەر سەنئەتكارنىڭ ناخشىسىغا «ھەق، دوست»، «ياشاپ كېتىڭ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئالقىش ياغدۇرىدۇ.

بىر نەچچە ناخشىدىن كېيىن ئاۋۋال سۇيۇق، ئاندىن قويۇق تائام تارتىلدى. شۇ كۈنى چوڭ - كىچىكنىڭ كۈنى تۇغدى: توي ئېشى — تويۇڭ ئېشى، دەپ تالىشىپ - تارتىشىپ يېيىشتى. داستىخان ئاۋات بولۇپ، قويۇق - سۇيۇق تاماقتىن تاشقىرى، ھالۋا، قېتىق، ئۈچۈم - ئۈچۈم تۆكۈلگەن گۈلە - قاق، ئۈزۈم - ياڭاقلارمۇ مېھمانلارنىڭ يېيىشىگە مۇنتەزىر ئىدى. ئويۇن - كۈلكىنىڭ ئەۋجى يەتتە قىشلاققا تارىلاتتى.

شاكىر ساتىراش تويغا كەچكە يېقىن كەلدى. ئۇ تەر ئىز قالدۇرغان ئاق كۆڭلىكى ئۈستىگە قىسقا چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، ھەر بىر قەدەم باسقاندا توكۇر ئايىغىغا قولىنى تىرەپ، چايقىلىپ ماڭاتتى. خىزمەتچىلەر ئۇنى تېزلا ئارىغا ئېلىۋېلىشتى.

— تېۋىپنىڭ ئالدىدىن كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بىرەرسى سورىمىغان بولسىمۇ، — مۇستاپانىڭ ئۆيىدە توي بولىدىغانلىقى خىيالىمدىمۇ يوق. ناغرا - سۇنايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىسىمگە كەلدى، دەرھال كەلدىم.

— قېنى، داستىخانغا بېقىڭ! — دېدى يېنىدىكى كىشى، — ھاۋا بىر ئاز سالقىن تۇرىدۇ، ئاغرىۋاتقاندۇ ھەقىچان؟

— نېمىسىنى ئېيتىسەن، ھۆلچىلىك باشلاندى، مېڭىشتىن قالىمەن - دە، — دەپ نالە قىلدى شاكىر ئاتا، — بىر سۇنغاندىن كېيىن، قايتا ئەسلىگە كەلمىدى - دە بۇ پۇت. تېڭىقچىمۇ ساقايتالمىدى.

— باشقىسىغا كۆرسەتمىدىڭىزمۇ؟ — گەپكە قوشۇلدى يېنىدىكى يەنە بىر كىشى.

— كۆرمىگىنى قالمىدى، — دېدى شاكىر ئاتا پاچىقىنى سىلىغاچ، — پايدىسى بولمىدى. ھازىرقى تېۋىپلار پەقەت ئاقچىنىڭلا كويىدا، قاسساپ بىلەن تېۋىپنىڭ پەرقى قالمىدى!

— توغرا دەيسىز، شاكىر ئاتا، ئاقچىڭىزنى ئالىدۇ، قان چىقىرىش كېرەك، دەپ توخۇ - قويىڭىزنى، ئاخىرىدا جېنىڭىزنى ئالىدۇ، پايدىسىنى كۆرمەيسىز. راست، قاسساپتىن پەرقى قالمىدى بۇلارنىڭ!

نەسىردىن ئەپەندى بۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغانىدى، ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تىلىنى يىغالمىدى:

— بىرلا پەرقى بار، — دېدى ئۇ ئازراق ئىڭىشىپ، — قاسساپ مالنى سويۇپ، كېيىن تېرىسىنى شىلىدۇ. تېۋىپچۇ؟ ئاۋۋال تېرىنى شىلىپ، ئاندىن كېيىن سويىدۇ. پەرقى مانا شۇدە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ئاغزىنى كالاچتەك ئېچىپ كۈلۈشتى.

ئىچكىرىگە قارايدىغان بولساق، «يار - يار» جىمىپ، تويلۇق مەسىلىسىنى كۆيۈئوغۇل ۋەكىللىرى بىلەن كېلىشىۋالغان ئىمام

نىكاھ قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ:

— مۇستاپا ئاخۇننىڭ قىزى زۇلپىزەرخان، بەرىكەنىڭ ئوغلى زامانىدىنلىگە ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن تەگدىڭىزمۇ؟

ئىچكىرىدىن جاۋاب بولمىدى. ئىمام باياتىنقى گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، يەنە جاۋاب يوق. زۇلپىزەر بىرىنچى سوراشتىلا «تەگدىم» دېگەندى. لېكىن، ھەممە ئاڭلىغىنىدەك ئېيتىشقا يەڭگىسىنىڭ «دەررۇ جاۋاب بەرمە، ئاران تۇرغان ئىكەن، دەپ ئويلىشىپ قالىدۇ» دېگەن تەنبىھى ئۇنى توسۇپ تۇراتتى. ئىمام ئۈچىنچى قېتىم سورىماي خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. زۇلپىزەر تىپىرلاپ كەتتى ۋە يەڭگىسىدىن، — يەنە سورىمايدىغۇ؟ — دەپ سورىدى پىچىرلاپ تۇرۇپ، — قورقما، سورايدۇ، — دېدى يەڭگە ئۇنى چىمدىپ، — سورىمايدۇ دەپ قورقتۇڭمۇ؟

— مۇستاپا ئاخۇننىڭ قىزى زۇلپىزەر...

ئىمام «تەگدىڭىزمۇ؟» دەپ پۈرسەت ئۆتمەي، ئىچكىرىدىن:

— تەگدىم! — دېگەن جاۋاب كەلدى.

— بارىكاللا! — دېدى ئىمام. ئاندىن زامانىدىنىمۇ مۇۋاپىق جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇپ، كېلىن، كۈيئوغۇل ئۈچۈن دۇئا قىلدى. قالغانلارمۇ ئىمامنىڭ دۇئاسىغا ئەگەشتى.

شۇ تاپتا مومايىنىڭ «ئۆزۈم تەگكۈم كەلدى» دېگەن گېپىنى ئېسىدىن چىقارمىغان قىزلار كۈيئوغۇلنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر - بىرىگە ئېگىشكەنچە پىچىرلىشىپ كېتىشتى:

— كېلىنشەكەن يىگىت ئىكەن!

— زۇلپىزەرمۇ تازا كېلىشكەن!

— مومايىنىڭ «تەگكۈم كەلدى» دېگەن سۆزىگە ئەرزىگىدەك ئىكەن!...

توي بەزمىسىنىڭ ئاخىرىدا مېھمان ھەمدە ساھىبخانىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، نەسىردىن ئەپەندى بىر ئىش قىلدى. ئۇ

تەنەباينىڭ ئالدىغا بىر ھەميان قويۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا شۇنداق دېدى:

— باي ئاتا، قەرزىڭىزنى ئېلىڭ!

— قەرز؟ — ھەيرانلىق بىلەن كۆزىنى چوڭ ئاچتى تەنەباي، — قايسى قەرز، نەسىردىن؟

— ماڭا يۈز تىللا بەرگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— قاچان، قەيەردە؟

— ئۆز ئېتىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ساتقان چاغدا.

تەنەباي ھەميانىنى يىراققا ئىتتەردى:

— ئۇ قەرز ئەمەس، مېنىڭ ئازغۇنلۇقۇم ئىدى. ئۇ تىللالارنىڭ بەھرىدىن كەچكەنمەن، شۇڭا بۇنى ئالالمايمەن!

— ئېلىڭ، باي ئاتا، — دېدى نەسىردىن ئەپەندى ھەميانىنى يەنە باي تەرەپكە سۈرۈپ، — ئاشۇ يۈز تىللا ناھايىتى كۆپ خەيرلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئەمدى بۇ تىللالار سىزگە ھالال بولىدۇ.

— ئالمايمەن، — دېدى باي قەتئىيلىك بىلەن. ئەمما باشقىلارمۇ «ئېلىڭ، ئېلىڭ» دەپ قىستاشقا چۈشكەندىن كېيىن، باي ھەميانىنى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى، — ئەي خالايىق، بۇ تىللالار سىلەرنىڭكى، بۇنى قىشلىقىمىزنىڭ خەير - ساخاۋەتلىرىگە سەرپ قىلىمىز، رازى بولامسىلەر؟

— ئۆمرىڭىز زىيادە بولسۇن! — دەپ ئۆز رازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى ئادەملەر قوللىرىنى دۇئاغا ئېچىپ.

مۇستاپا دېھقان نەسىردىن ئەپەندى بىلەن تەنەبايغا تون ياپتى.

— تويلار مۇبارەك، كويۇئوغۇل مۇبارەك! — دەپ مۇستاپا دېھقاننى تەبرىكلىدى نەسىردىن ئەپەندى. ئاندىن داپنى چېلىپ شوخ ئاھاڭدا ناخشا باشلىدى:

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
كەتكىلى قويمايمەن،

يوللىرىغا سىم تارتىپ،
ئۆتكىلى قويمايمەن...

شۇ چاغدا بۇ ناخشىنى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئالقىشلىغان، كۆيۈئوغۇل ۋە ئۇنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ناخشىنىڭ ئەۋجى ئالەمنى بىر ئېلىپ، دەرەختىكى ياپراقلار شىلدىرلاپ، شاخلارغا قونغان قۇشلار ۋىچىرلاپ جور بولغانىدى. ناخشىدا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تەبەسسۇمىنىڭ تەپتى بار ئىدى. بۇ ئۆلمەس ناخشا ئەسىرلەر ئۆتۈپ بىزنىڭ كۆڭلىمىزگىچە يېتىپ كەلدى، كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ يېتىپ بارغاي!

## خاتىمە

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، بۇخارانىڭ ئادالىتى ۋە بىگۇناھ خانى ئەمىر شاھمۇراد ئىبن دانىيالبىي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ خەيرلىك ئىشلىرىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن تەختكە خاننىڭ ئوغلى ھەيدەر ئولتۇردى. ئەمىر ھەيدەر دەۋرىدە بۇخارادا چوڭ غەلىيانلار يۈز بەردى. ھۆكۈمدارلار ئالماشتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تىنىمسىز ئۇرۇش ـ جاڭجاللار بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئۇرۇش ـ جاڭجاللار، ئەلۋەت-تە، رەئىيەتنىڭ زىممىسىگە يېڭى ـ يېڭى سىلىقلارنى سېلىپ، ئۇلارنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتتى. يۇرتتا باشباشتاقلىق، پاراكەندىلىك باشلاندى. ئوغرى ۋە قاراقچىلارنىڭ ئۇرۇقى كۆپەيدى، ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ يول توسىدى، كارۋانلاردىكى مۇساپىر ۋە سودىگەرلەرگە زەخمەت يەتكۈزدى. پەرىي چەپەنى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ جىنىغا قەست قىلىنغان كېچىدىن باشلاپ بىر مەزگىل بۇخارانىڭ چەت ـ ياقا جايلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇخارا ۋە خارەزم ئارىلى-قىدىكى سەھرادا ئابدۇل ئابباس دېگەن قۇربىشىنىڭ ھۆكمىگە ئۆزىنى تاپشۇردى. ئۇلار تالاي كارۋانلارنىڭ شورىنى قۇرۇتۇپ، كۆپلىگەن سودىگەرلەرنىڭ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جىنىغا زامىن بولدى. بۇ يولغا قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بۇخارا تەرەپتىن ئەمىر ھەيدەر، خارەزم تەرەپتىن خىۋە ھۆكۈمدارى ئەۋەز مۇھەممەد ئىناق لەشكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

قاراقچىلار بارا ـ بارا ھەددىدىن ئاشتى. ئاخىرى ئەمىر ھەيدەر بىر پىلان تۈزۈپ، ئۇلار تەرەپكە كارۋان ئەۋەتتى. كارۋاندا قىممەت باھالىق ماللار بىلەن بىرگە ناھايىتى كۆپ قوغۇن بولۇپ، ئۇلارغا ئادەمنى ھوشسىزلاندۇرىدىغان زەھەر سىڭدۈرۈلگەنىدى. خان كارۋان

قوغدىغۇچىلىرىغا:

ــ قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمى باشلىنىشى بىلەن تەڭ كارۋاننى تاشلاپ قېچىڭلار! ــ دەپ جېكىلىدى، ــ ئۇلار كارۋاننى تالىسۇن. چۆل ـ جەزىرىدە قوغۇن تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان نېمەت سانىلىدۇ، ئۇلار قوغۇنلارنى تالىشىپ يەيدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ھوشىدىن كېتىدۇ. سىلەر بىرئاز ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ كارۋان تۇرغان مەنزىلگە قايتىڭلار، ھوشىدىن كەتكەنلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، بۇياققا ئېلىپ كېلىڭلار!...

كارۋان يولغا چىقتى، نىشانلانغان مەنزىلگە يەتكەندە، قاراقـ چىلارنىڭ يىراقتىن چۇقان كۆتۈرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. كارۋاندىدـ كىلەرنىڭ ھەممىسى مال ـ مۈلۈك، ئات ـ تۆگىلەرنى تاشلاپ قۇملۇق ئىچىگە قاراپ قاچتى. بىھېساب بايلىقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تالاپەتسىز قولغا كىرگۈزگىنىدىن بېشى كۆككە يەتكەن قاراقچىلار چاڭقاقلىقنى بېسىش نىيىتىدە بىر نەچچە قوغۇننى تىلىپ يېدى. شۇ ھامان بىردىن ـ ئىككىدىن يىقىلىپ، ئېغىزلىدـ رىنى چوڭ ـ چوڭ ئېچىپ يېتىپ قېلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي تاشتەك قېتىپ كېتىشتى. شۇ ئەسنادا «قاچقۇنلار» قايتىپ كېلىپ، بۇ مەنزىرىنى كۆردى ۋە ھوشسىز ئوغرىلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ بۇخاراغا ئېلىپ كېلىپ، ئوردىغا تاپشۇردى.

تۇتقۇنلار ھوشىغا كېلىپ، جاللاتلارنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ تۇۋا ـ پۇشايمان قىلىشتى، لېكىن شەپقەت قىلىنمىدى. ھەممىسى ئىبرەت ئۈچۈن دارغا ئېسىلدى. دارغا ئېسىلغانلارنىڭ قاتارىدا پەرپى چەپەننىڭ بارلىقىنى زامانئەلى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

يەنە بىر قېتىم بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، بەدەل كاللا بىلەن شادىمان سىگارنىڭ كۆزىگە دۇچ كەلگەن زامانئەلى ئۇلاردىن:

ــ يەنە ئوغرىلىق قىلىپ يۈرەمسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ياق، تەخسىر، ــ دېيىشتى ھەر ئىككىسى تەڭلا، ــ ھالال مېھنەت بىلەن بالا ـ چاقىمىزنى بېقىۋاتىمىز. شېرىكلىشىپ،

دېھقانچىلىق قىلىۋاتىمىز. ھالال رىزقىنىڭ تەمى تاتلىق بولىدىكەن. يېتىشتۈرگەن ھوسۇلىمىزنى بازارغا ئېلىپ كەلگەنىدۇق.

— ئۇنداقتا، ئىشلىرىڭلارغا بەرىكەت بولغاي!

— رەھمەت، تەخسىر!... بىر ئىشنى سورىساق بولارمۇ؟

— سوراڭلار، — دېدى زامانئەلى.

— نەسىردىن ئەپەندى سالامەتمۇ؟

زامانئەلى سىخىنىش ئىچىدە دېدى:

— ئامان، ئامان...

— بىزنىڭ سالىمىمىزنى يەتكۈزگەيسىز.

— يەتكۈزىمەن، — دېدى زامانئەلى. ئۇ بۇ سۆزنى نېمىشقىدۇر ئالدىراپ ئېيتتى ۋە تېزلا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. سەۋەبى ئالتە ئايدىن بېرى، قەدىردان دوستىنىڭ كۆرگىنى يوق.

نەسىردىن ئەپەندى ئالتە ئاي بۇرۇن بۇخارادىن قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى. سەپەر شاھىچىمۇ شۇ ۋاقىتتىن بېرى ئىز - دېرەكسىزلا يوقالدى. مىش - مىش گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇ نەسىر - دىن ئەپەندى بىلەن بىرگە شەھەر - قىشلاقلارنى ئايلىنىپ يۈرەر - مىش...

زۇلپىزەر ئوغۇل تۇغدى، زامانئەلى ئۇنىڭغا نەسىردىن دەپ ئىسىم قويدى. بوۋاقنىڭ تېنى بوغماق، پېشانىسى كەڭ بولۇپ، ۋىلىق - ۋىلىق كۈلىدۇ، ئۇنىڭ كۆلكىسىدە نېمە كارامەت بار، نېسىپ بولسا، كۆرەرمىز.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5631-2852-5

9 787563 128525 >

定价：40.00 元